Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

ليۇ زىشياۋ

# ئۇيغۇر تارىخى

## بىرىنچى قىسىم

(1)

مىللەتلەر نەشرىياتى

# كىرىش سۆز ئورنىدا

يولداش لىيۇ زىشياۋ جاپالىق ئەمگەك سىڭدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ
نادىر ئەسىرى «ئۇيغۇر تارىخى»نى ئاخىر پۈتتۈردى. بۇ مەملى-
كىتىمىز بويىچە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان تۇنجى
ئەسەر، شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن
بۇيانقى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىدا قولغا كەلگەن مۇھىم مۇۋەپ-
پەقىيەتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشى ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر
مىللىتىگە بولغان چۈشەنچىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنى-
مىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا قوشقان ئۇلۇغ
تۆھپىسىگە بولغان چۈشەنچىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم رېئال
ئەھمىيەتكە ئىگە؛ ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىش، شىنجاڭ تارىخىنى
تەتقىق قىلىش، شۇنىڭدەك پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش
ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە مەلۇم ئىلمىي
قىممەتكە ئىگە.

يولداش لىيۇ زىشياۋ بۇ ئەسەرنى بۇنىڭدىن 17 يىل ئىلگىرى
يېزىشقا باشلىغان. 1976-يىلى، ماڭا بۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپتە يېزىلغان
سەككىز بابىنى ئەۋەتكەن ئىكەن. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى
ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ بىرقەدەر
ئەتراپلىق ۋە بىرقەدەر سىستېمىلىق يېزىلغان بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ

بەك خوشال بولدۇم ھەم قۇللاش كېرەك دېگەن ئىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭدىن داۋاملىق يېزىشنى، ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالماسلىقنى ئۈمىت قىلغان ئىدىم. ئۇ توختاپ قالمىدى. ئەمدىلىكتە ئەسىرى كىتاپخانىلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ كىشىنى خوشال قىلىدىغان ۋە تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى ئىش. مەن بۇ ئەسەرنىڭ نەشردىن چىقىشىنى قىزغىن قۇتلۇقلايمەن.

بىرەر ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانماق بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئەستايىدىل بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ئۆزى كۆزلىگەن ئىلمىي ئوبيېكت ئىچىگە چوڭقۇر كىرىشى، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشى، ھارماي ئىزدىنىشى، ئۇنى بېرىلىپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلالىساڭ، ئاندىن ئىشىڭدىن خەلققە يارىغۇدەك نەتىجە چىقىدۇ، ئەلمۇ رازى بولىدۇ، ئۆزەڭمۇ رازى بولىسەن. ئەلنىڭ رازىلىقى ۋە ئالقىشىدىن ئارتۇق ئالى مۇكاپات بولمايدۇ.

مېنىڭچە، يولداش ليۇ زىشياۋنىڭ بۇ ئەسىرى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغان. ئۇيغۇر تارىخىدىكى نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە تەھلىل قىلغان. شۇڭلاشقا، بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلار بىرقەدەر توغرا ۋە ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن.

2) بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئاساسىي ۋەقەلەر خېلى ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىق قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كەچۈرمىشلىرى ۋە پۈتۈن جۇڭخوا ئېلىنىڭ ھەم

ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى، قانداق تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنى قالدۇرغانلىقى... قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر خېلى ئېنىقچىلىك پاكىتلار بىلەن بايان قىلىنغان، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ئوبدان يېزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەسەردە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ تارىخى توغرىسىدا بىرمۇنچە تارىخىي مەلۇماتلار بېرىلگەن.

3) بۇ ئەسەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئۇزۇن تارىخىدا تۇتقان ئورنى، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى خېلى ئوبدان يېزىلغان. شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئېلىمىز ئۇزاقتىن بېرى كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كەلگەن. ئۇزاق زامانلاردىن باشلاپ ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىدا ياشىغان، ئەمگەك قىلغان ۋە ئاۋۇپ راۋاجلانغان. بۇ زېمىندا ھەر مىللەت خەلقىمىز بىرلىكتە ئېلىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىنى ۋە شەۋكەتلىك مەدەنىيىتىنى ياراتقان. بۇ ئامىل بولسا ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ رىشتىسى بولۇپ كەلمەكتە. مەيلى ھوقۇق مەركەزگە يىغىلغان ھاكىمىيەت شەكلىدە بولسۇن، ياكى بىرقانچە جايلار مەركەز قىلىنغان بۆلۈنمە ھاكىمىيەت شەكلىدە بولسۇن، ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئېچىش، باشقۇرۇش ۋە قوغداشقا باشتىن-ئاخىر ھەر مىللەت خەلقى قاتناشقان.

4) يولداش لىيۇ زىشياۋ بۇ ئەسەرنى يېزىش جەريانىدا، بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە قەدىمقى ئەسەرلەرنىڭ ئۆز نۇسخىلىرىدىن پايدىلانغان. شۇڭا ئۇ مۇشۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى بىرقەدەر ياخشى بايان قىلالىغان ھەمدە سۇڭ، يۈەن، مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىنىڭ

دەسلەپكى چاغلىرىدىكى غەربىي شىمال رايونىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتىدىكى چوڭ بىر بوشلۇقنى تولدۇرۇشتا مەلۇم دەرىجىدە ھەسسە قوشقان. مەن يولداش لىيۇ ژىشياۋنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى باشقا تارىخ ئالىملىرىنىڭ بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كۆپ ۋە ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىشىنى، ئۇيغۇرچە ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدا يېزىلغان تارىخىي مىراسلارنى، ئاسارە-ئەتىقىلەرنى جىددىي توپلاپ رەتلەشىنى، ئۇنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەر تارىخىنى ۋە بىر پۈتۈن جۇڭخۇا ئېلىنىڭ مۇكەممەل تارىخىنى يېزىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شۇنىمۇ دەپ ئۆتۈشنى خالايمەنكى، مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، ھازىر بىز ئىنگلىز، رۇس، ياپون، نېمىس، فرانسۇز تىللىرىنى بىلىدىغان ئالىملارغا مۇھتاج بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىدىغان ئالىملارغا تېخىمۇ مۇھتاج. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن بولغان ئالىملارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خەنزۇچە تىل ۋە يېزىقنى پىششىق ئىگىلەش ئىنتايىن زۆرۈر. يولداش لىيۇ ژىشياۋ خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى مۇكەممەل ئىگىللىگەن. بۇمۇ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»نى يېزىپ چىقالىشىدىكى شەرتلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىمۇ، خەنزۇچە نۇسخىسىنىمۇ يولداش لىيۇ ژىشياۋ ئۆزى يېزىپ چىققان.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، بۇ خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەر. ئەسەردە يېتەرسىزلىكلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق بىر چوڭ ھەجىمدىكى تارىخ ئەسىرىدە كەمچىلىك، ھەتتا ئايرىم خاتالىقلارنىڭ

بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. كىتاپخانىلار، بولۇپمۇ تارىخچىلارنىڭ يولداش ليۇ زىشياۋغا ياردەم قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي پائالىيىتىنى تېخىمۇ غەيرەت بىلەن داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ھەر خىل تېمىلاردا تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەر يارىتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

**سەيپىدىن ئەزىزى**

1984 - يىل ئاۋغۇست.

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ئورنىدا ........................ سەيپىدىن ئەزىزى ( 1 )
سۆز بېشى ........................................ ( 1 )
مۇقەددىمە ........................................ ( 6 )
بىرىنچى باپ ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمقى قەبىلىلەر ........................ ( 9 )
بىرىنچى بۆلۈم ھون ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار ........................ ( 9 )
ئىككىنچى بۆلۈم جوجان ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى تېلېلار ........................ ( 11 )
ئۈچىنچى بۆلۈم تۈرك خانىدانلىغى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ........................ ( 18 )
ئىككىنچى باپ ئۇيغۇر خانىدانلىغى ........................ ( 31 )
بىرىنچى بۆلۈم خانىدانلىقنىڭ شەكىللىنىشى ........................ ( 31 )
1. خانىدانلىق ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تارىخ ھەققىدە ئەسلىمە ........................ ( 32 )
2. خانىدانلىقنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ........................ ( 38 )
3. خانىدانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسى ........................ ( 59 )
ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر خانىدانلىغىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ........................ ( 64 )

1. ئۇيغۇر خانداىلىغىنىڭ ئىقتىسادى ........................ ( 64 )
2. ئۇيغۇر خانداىلىغىنىڭ مەدەنىيىتى ........................ ( 80 )
ئۈچىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر خانداىلىغىنىڭ تاڭ سۇلالىسى .
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى............... ( 92 )
1. خانداىلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسى، ھەربى
مۇناسىۋىتى.................................. ( 93 )
2. خانداىلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى..... ( 106 )
3. خانداىلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىق مۇناسىۋىتى...... ( 111 )
ئۈچىنچى باپ ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى............ ( 121 )
بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر خانداىلىغىنىڭ يىمىرىلىشى ......... ( 121 )
ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ................ ( 132 )
1. جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ........................... ( 132 )
2. غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ........................... ( 136 )
تۆتىنچى باپ خېشى ئۇيغۇرلىرى ........................ ( 147 )
بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ خېشى رايونىدا ئولتۇراق-
لىشىشى ........................ ( 147 )
ئىككىنچى بۆلۈم خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە
مەدەنىيىتى ........................ ( 156 )
1. خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ........................ ( 156 )
2. خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ........................ ( 161 )
ئۈچىنچى بۆلۈم خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ......... ( 163 )
بەشىنچى باپ شىجۇ (قوجۇ) ئۇيغۇرلىرى ................ ( 171 )
بىرىنچى بۆلۈم شىجۇدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ......... ( 171 )
1. تارىم ئويمانلىغىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ غەربىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەھۋالى ........................ ( 171 )

2. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرقىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەھۋالى ............................ ( 179 )
3. قوچو (گاۋچاڭ) دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى.............. ( 190 )
4. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوچو رايونى ................ ( 198 )
ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى
تەرەققىياتى.............................. ( 205 )
1. ئۇيغۇرلار تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا ئورۇنلىشىشتىن
ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخىي ئەھۋال .................. ( 205 )
2. شىجۇ (قوچو) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى...... ( 210 )
ئۈچىنچى بۆلۈم شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە
مەدەنىيىتى .......................... ( 222 )
1. شىجۇ (قوچو) ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ................ ( 224 )
2. شىجۇ (قوچو) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ................ ( 234 )
تۆتىنچى بۆلۈم بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا
بولغان تەسىرى ...................... ( 258 )
ئالتىنچى باپ غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى .................. ( 285 )
بىرىنچى بۆلۈم قاراخانىلار خاندانلىقى .................. ( 285 )
1. قاراخانىلار خاندانلىقى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى
ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىغىنىڭ تارىخىي شارائىتى .............. ( 285 )
2. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ روناق تېپىشى ................ ( 294 )
3. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يوقىلىشى...... ( 317 )
ئىككىنچى بۆلۈم قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ............ ( 326 )
1. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ سىياسى تۈزۈلمىسى ............ ( 326 )
2. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادى.................... ( 334 )
3. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى.................... ( 339 )

ئۈچىنچى بۆلۈم ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
تارقىلىشى ........................................ ( 356 )
**يەتتىنچى باپ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ
ئۇيغۇرلىششى ........................................ ( 378 )**
بىرىنچى بۆلۈم تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەر-
نىڭ ئۇيغۇرلىششى ........................................ ( 378 )
1. تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ........................................ ( 379 )
2. تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇر-
لىششى ........................................ ( 396 )
ئىككىنچى بۆلۈم غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇرلار
........................................ ( 404 )
1. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................................ ( 404 )
2. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائى
ئىگىلىك قۇرۇلمىسىغا قوللانغان تەدبىرلىرى ........................................ ( 424 )
3. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى
ئىگىلىگىنىڭ يۈكسىلىشى ........................................ ( 431 )
4. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يۈرگۈزگەن
دىنىي سىياسىتى ........................................ ( 438 )
5. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى
........................................ ( 446 )
6. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى ........................................ ( 458 )
**سەككىزىنچى باپ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن
سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر-
لار ........................................ ( 464 )**
بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنىڭ

يوقىلىشى ............................................ ( 464 )

1. ئۇيغۇر ئىدىقۇت هاكىمىيىتىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بېقىنىشى .......................................... ( 467 )

2. ئىدىقۇت هاكىمىيىتىنىڭ پەيدىن - پەي يوقىلىشى ......... ( 475 )

ئىككىنچى بۆلۈم ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ........................ ( 485 )

ئۈچىنچى بۆلۈم موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ........................ ( 498 )

1. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە تەسىرى......... ( 498 )

2. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ........................ ( 505 )

تۆتىنچى بۆلۈم ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرى .................... ( 512 )

توققۇزىنچى باب چاغاتاي خانىدانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ................................ ( 557 )

بىرىنچى بۆلۈم چاغاتاي خانىدانلىقى .................... ( 557 )

1. چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ................ ( 557 )

2. چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ................ ( 564 )

3. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ چاغاتاي خانىدانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى ................ ( 570 )

4. چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ قايتا پارچىلىنىشى ................ ( 575 )

ئىككىنچى بۆلۈم چاغاتاي خانىدانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ................................................ ( 580 )

1. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سىياسى ۋەزىيەتنى بەلگىلىگۈچى بولاجى جەمەتى ۋە ئەرشىدىن جەمەتى ......................... ( 580 )

2. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادى...... ( 586 )

3. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تامامەن
تىزگىنلىشى ........................................ ( 590 )
4. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ................. ( 592 )

**ئونىنچى باپ مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى
تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى............ ( 615 )**

**بىرىنچى بۆلۈم مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش
يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە
ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ........................ ( 615 )**

1. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھەربى ئىشلار
تەدبىرلىرى ................................ ( 616 )
2. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تىيانشاننىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ سىياسى ئەھۋالى.................. ( 628 )
3. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە قۇمۇلدا ئېلىپ بارغان
پائالىيەتلىرى ........................................ ( 644 )
4. تۇرپان بىلەن مىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇمۇلنى تالىشىش
يۈزىسىدىن بولغان كۈرەشلەر ........................ ( 657 )
5. مىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي
رايونلىرى بىلەن بولغان سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت
ئالاقىلىرى ............................................... ( 675 )

**ئىككىنچى بۆلۈم داۋالغۇش مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ
ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى .............. ( 684 )**

1. داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتىكى ئۇيغۇر ئىقتىسادى......... ( 685 )
2. داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان شارائىتتىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ...... ( 692 )

**ئون بىرىنچى باپ يەركەن خاندانلىقى ............ ( 717 )**

بىرىنچى بۆلۈم يەركەن خاندانلىغىنىڭ ۋۇجۇتقا
كېلىشى ........................ (717)
1. خاندانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ (717)
2. يەركەن خاندانلىغىدىكى ئۆزگىرىشلەر .................. (732)
3. قىسقا يەكۈن ........................ (751)
ئىككىنچى بۆلۈم يەركەن خاندانلىغىنىڭ سىياسىسى،
ئىقتىسادى ۋە مەدىنىيىتى .............. (754)
1. يەركەن خاندانلىغىنىڭ سىياسىسى .................. (754)
2. يەركەن خاندانلىغىنىڭ ئىقتىسادى.................. (759)
3. يەركەن خاندانلىغى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتى ...... (779)
ئون ئىككىنچى باپ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى بۆلۈ-
نۈش ........................ (798)
بىرىنچى بۆلۈم ئاق تاغلىقلار ۋە قارا تاغلىقلار ............ (798)
1. يەركەن خاندانلىغى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا
ئىشانلارنىڭ كاتتىۋېشىنى كەلتۈرۈشىدىكى سەۋەپ......... (800)
2. ئىشانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشى-
نىڭ سەۋەۋى ۋە جەريانى........................ (803)
3. دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى پۆت تېپىشىشىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى
بولۇپ قېلىشى ........................ (815)
4. دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دائىرىسىنىڭ
جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى تەبىقىلەرگە كېڭىيىشى ............ (821)
ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلار رايونىدا بۆلۈنۈش بولغان-
دىن كېيىنكى سىياسىي ۋەزىيەت ...... (822)
1. ئۇزاققا سوزۇلغان داۋالغۇشنىڭ مۇقەددىمىسى............ (823)
2. جايلاردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ھاكىم-

يەت يۇرگۈزۈشى ........................................ ( 826 )
3. جۇڭغار قوشۇننىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا كىرىشى...... ( 832 )
4. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئىقتىسادىي ئىمتىيازى ۋە قاتتىق
ئېكسپلاتاتسىيىسى .................................. ( 841 )
5. ئىشانلار مەزھىپىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت
ساھەسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ........................ ( 849 )
**ئون ئۈچىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ
جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشى** ....................... ( 856 )
بىرىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى
ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى
توغرىسىدا ئومۇمى بايان ............... ( 856 )
1. جۇرجىنلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ
قۇرۇلۇشى .................................. ( 856 )
2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جۇڭغارنى تىنجىتىشى ............ ( 866 )
3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشى............................................ ( 890 )
ئىككىنچى بۆلۈم بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭى
.............................................. ( 909 )
1. بۇرھانىدىن ـ خان خوجا توپىلىڭىنىڭ تىنجىتىلىش
جەريانى .............................................. ( 911 )
2. قىسقىچە يەكۈن ........................................ ( 930 )
**ئون تۆتىنچى باب چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار
رايونىدا يولغا قويغان
تەدبىرلىرى** ....................... ( 952 )

بىرىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان سىياسىي، ھەربىي تەدبىرلىرى ...... (952)

1. ھەربىي تەدبىرلەر ...... (953)

2. سىياسىي تەدبىرلەر ...... (973)

ئىككىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ۋە مەدەنىيەت تەدبىرلىرى ...... (995)

1. ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ...... (995)

2. مەدەنىيەت تەدبىرلىرى ...... (1019)

ئۈچىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ...... (1043)

1. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادى ...... (1044)

2. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ...... (1074)

**ئون بەشىنچى باب جاھانگىر خوجا توپىلىڭى ...... (1099)**

بىرىنچى بۆلۈم چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كونىسايىن زەئىپلىشىشى ...... (1099)

1. ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ...... (1099)

2. ئۇيغۇرلار رايونىدا ھۆكۈمرانلىق تۈزۈلمىسىدە قالايمىقانچىلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ...... (1109)

3. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دىنىي مەسىلىدىكى سەۋەنلىكى ...... (1122)

ئىككىنچى بۆلۈم جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ جەريانى ...... (1127)

1. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ...... (1128)

2. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنجىتىش
جەريانى...................................................... (1147)
3. جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنىڭ، مەغلۇپ بولۇش
سەۋەبلىرى ................................................ (1175)
4. جاھانگىر خوجا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن چىڭ
سۇلالىسى يولغا قويغان مۇھىم تەدبىرلەر ............ (1182)
خاتىمە.................................................................. (1205)

# سۆز بېشى

ئۇيغۇر مىللىتى ۋەتىنىمىزدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جوڭخۇا تارىخىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە، جوڭخۇا مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنىنى بەرپا قىلىشتا غايەت زور تۆھپە قوشقان.

1982-يىلدىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 5 مىليون 957 مىڭ 112 بولۇپ، ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 650 مىڭ كۇۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، مەملىكىتىمىز يەر كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن ئالتىدىن بىر قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. دېمەك، شىنجاڭ — مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ مەمۇرى بىرلىك.

شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئالتاي تاغ تىزمىلىرى جوڭگو-سوۋېت ئىتتىپاقى-موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىرچە ئېگىز. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا كۇئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى بار، ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 5000 مېتىرچە ئېگىز بولۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ تاغ

تىزمىلىرىنىڭ بىرى. شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان پامىر ئېگىزلىگى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۆت چوڭ تاغ تىزمىسىنى تۇتاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، ”دۇنىيانىڭ ئۆگزىسى“ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ”مۇز تاغلار ئاتىسى“ دەپ نام ئالغان مۇز تاغ چوققىسى پامىرنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 7500 مېتىر ئېگىز.

ھەيۋەتلىك تىيانشان تېغى غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ، شىنجاڭنى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ دېگەن ئىككى قىسىمغا ئايرىپ تۇرىدۇ. تىيانشان تېغى بىلەن كۇئېنلۇن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۇنياغا مەشھۇر تارىم ۋادىسى جايلاشقان. ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 810 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ۋادىسى ھېساپلىنىدۇ. داڭلىق تەكلىماكان قۇملۇقى تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. تىيانشان بىلەن ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەممىگە تونۇش جۇڭغار ئويمانلىقى بار بولۇپ، ئۇنىڭ يەر كۆلىمى تەخمىنەن 300 مىڭ كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى مانا مۇشۇ جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. تارىم ئويمانلىقى بىلەن جۇڭغار ئويمانلىقى دېڭىزدىن يىراق بولغاچقا، ئويمانلىقلاردىكى ھاۋا قۇرغاقلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلارنى تارىم دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، يەركەن دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قارىقاش دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، مۇزات دەرياسى، قايىدۇ دەرياسى، كۆنچى دەرياسى، ئىلى دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇنگۇر دەرياسى، ماناس دەرياسى ۋە بۆرتالا

دەرياسى سۇغىرىپ تۇرىدۇ.
تارىم دەرياسىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇغى 2300 كىلومېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريالىرىنىڭ بىرى.
شىنجاڭ دائىرىسىدە يەنە لوپنۇر كۆلى، باغراش كۆلى، بورۇلتوقاي كۆلى، ئېبىنۇر كۆلى، ماناس كۆلى، سايرام كۆلى ھەم بارىكۆل كۆلىدىن ئىبارەت كۆللەر بار.
شىنجاڭ — مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم چارۋىچىلىق رايونى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا جايلاشقان پايانسىز ئوتلاقلار چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئوبدان ئىمكانىيەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ يەردە چارۋاماللارنىڭ تۈرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ ياخشى قوي خىللىرىنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ. ئىلى ئېتى، قاراشەھەر ئېتى، كۇچار كۆپىسى قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر.
شىنجاڭ ئېلىمىز بويىچە مەشھۇر ئورمانچىلىق رايونلىرىنىڭ بىرى. تيەنشان ھەم ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنى قېلىن ئورمانلار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەرلەردە ئارچا، قارىغاي، قېيىن قاتارلىق دەرەخلەر ئۆسىدۇ، ياغاچلارنىڭ ئومۇمى زاپاس مىقدارى 150 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. تارىم ۋادىسىدا يەنە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان توغراق ئۆسىدۇ.
شىنجاڭ يەر ئاستى بايلىغى مول جاي، تېپىلغان كان بايلىقلىرى ئىچىدە كۆمۈر، تۆمۈر ۋە نېفت مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئالتۇن، تېتان، ئۇران، نېكىل قاتارلىق ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارغىمۇ باي. خوتەن قاشتېشى قەدىمدىن تارتىپ شىنجاڭ رايونىنىڭ سىمالىرىدىن بىرى دەپ تونۇلۇپ كەلمەكتە.
ئۇيغۇر خەلقى شىنجاڭدىكى باشقا مىللەتلەر خەلقى بىلەن بىللە

ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا مۇنبەتلىك ئېكىنزارلىقلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، بۇغداي، شال، كۆممە قوناق، ئاق قوناق ھەم كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى باغۋەنچىلىككە ماھىر. تۇرپان ئۈزۈمى، كورلا نەشپۈتى، ئىلى ئالمىسى، خوتەن ياڭىقى، شۇنىڭدەك قوغۇن، ئەنجۈر، ئانار، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر مەملىكىتىمىزگىمۇ، دۇنياغىمۇ مەشھۇر.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسىنىڭ تۈرك تىل گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئىشلىتىش تارىخى ئۇزۇن. ئۇيغۇرلار دەسلەپتە"ئورخون-رونىك يېزىغى"نى ئىشلەتكەن. كېيىن، سوغدى ھەرپلىرى ئاساسىدا خۇيگۇ يېزىغى (قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغى) دەپ ئاتالغان يېزىقنى ياراتقان. 11-ئەسىردىن كېيىن ئەرەبچە يېزىقنى قوللانغان.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ شانلىق مىللى مەدىنىيىتىنى ياراتقان. 11-ئەسىردە ۋۇجۇتقا كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك»، «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدىنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئىززەتلەنگەن «ئون ئىككى مۇقام» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدىنىيەت غەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراس.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي پائالىيىتى كۆركەم ھەم ھەيۋەتلىك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي تۆھپىسى سەلتەنەتلىك ھەم شەۋكەتلىك. قولىڭىزدىكى بۇ «ئۇيغۇر تارىخى»نىڭ بىرىنچى قىسمىدا پەقەت

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەدىمقى تارىخىلا سۆزلىنىدۇ، ئاپتور كېيىن بۇ ئەسەرنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىنى، يەنى يېقىنقى زامان تارىخى قىسمى بىلەن ھازىرقى زامان تارىخى قىسمىنىمۇ يېزىپ چىقىدۇ.

# مۇقەددىمە

ئاسيانىڭ شەرقىدە شىڭئەنلىڭ (ھىنگان) تاغ تىزمىلىرىدىن تارتىپ غەرپتە ئارال دېڭىزىغىچە، جەنۇپتا گوبى چۆللۈكىدىن تارتىپ شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىق گويا بىر تارىخ سەھنىسى بولۇپ، نۇرغۇن قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بۇ يەردە ياشاپ، تارىخ سەھىپىسىگە يېزىلدى. بۇ رايوندا مەشرىقتىن مەغرىپ-كىچە سوزۇلغان چوڭ شىڭئەنلىڭ (چوڭ ھىنگان)، كىچىك شىڭئەن-لىڭ (كىچىك ھىنگان)، قاڭغاي، داچىڭشەن، چىليەنشەن، تيانشان، ئالتاي قاتارلىق تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، بۇلارنى قويۇق ۋە قېلىن ئورمانلىقلار قاپلاپ تۇرىدۇ. بۇ جايلاردىن يەنە لياۋخې، كېرۇلۇن، تۇغلا، سېلېنگا، ئورخون، شۇلېخې، ئېرتىش، ئىلى، سىر دەرياسى قاتارلىق دەريالار ئېقىپ ئۆتىدۇ. بۇ تاغۇ-دەريالار نۇرغۇنلىغان ئوتلاق ۋە بوستانلىقلارنى ھاسىل قىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە سۈيى مول، ئوت-چۆپى ياخشى موڭغۇل دالاسى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى قەدىمقى چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ مال بېقىشىغا ۋە ئوۋچىلىق قىلىشىغا ناھايىتى باپ جايلار بولغان. ھونلار، جوجانلار①، سىئانبىلار②، تۈركلەر ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى قىتانلار

① جوجانلار — چەتئەل تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئاۋارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

② سىئانبىلار — بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە سىبىرلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

(خىتايلار)، موڭغۇللار مۇشۇ رايونلاردا بارلىققا كەلدى، زورايدى ۋە قۇدرەت تاپتى. ئۇيغۇرلارمۇ بۇ رايونلاردا ئۆسۈپ يېتىلىش، زورىيىش، قۇدرەت تېپىش جەريانلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. تەخمىنەن مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن سىبىرىيىنىڭ بايقال كۆلى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بالقاش كۆلى ئارىلىغىدىكى بىپايان ئوتلاقلاردا دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان چارۋىچى قەبىلىلەر ياشايتتى. ئېلىمىزنىڭ 4-ئەسىردىكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە بولسا ئۇلار تېلې① دەپ ئاتالغان، يەنە چىلې، دىلې دەپمۇ ئاتالغان، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھارۋىلىرىنىڭ چاقى ئېگىز بولغانلىقتىن، بەزىدە ئېگىز ھارۋىلىقلار دېگەن مەنىدە گاۋچې دەپمۇ ئاتالغان.

دىڭلىڭ ياكى تېلې دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر شۇ ۋاقىتلاردا شەرقىي تېلې ۋە غەربىي تېلې دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. غەربىي تېلېلار ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىغىدا چارۋى- چىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مىلادى 4-ئەسىر ئەتراپىدا شەرقىي تېلېلار تەدرىجى ھالدا ئورخون دەرياسى ۋادىسىغا كۆچتى. بۇ چاغدا ئۇلار ئالتە قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان. بۇلار ئىچىدە يۈەنخې دېگەن بىر قەبىلە بار ئىدى. يۈەنخې دېگەن نام ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خەنزۇچە ئاتىلىشى ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئۇيغۇر دېگەن نام ئاھاڭ بويىچە ئۇخې، ئۇخۇ، خۇيخې، خۇيگۇ، ۋېيۋۇر دەپ ئاتىلىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلار دىڭلىڭ ۋە تېلېلارنىڭ بىر

---

① تېلې — قەدىمقى تۈرك يازما تارىخىي ھۆججەتلىرىدە تولۇس دەپ ئاتىلىدۇ.

تەركىۋدي قىسمى ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي تەرەققىيات جەريانىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، بىز گەپنى هونلار هاكىمىيتى مەزگىلىدىكى دىڭلىڭلار، جوجانلار هاكىمىيتى مەزگىلىدىكى تيلېلار، تۈرك خاندانلىغى مەزگىلىدىكى خۇيخېلاردىن باشلايمىز.

# بىرىنچى باپ
# ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمقى قەبىلىلەر

## بىرىنچى بۆلۈم هون هاكىمىيتى دەۋرىدىكى دىڭلىڭلار

مىلادىيدىن تەخمىنەن 11 ئەسىر بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا هون دەپ ئاتالغان بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ياشايتتى. ئېلىمىزنىڭ بەزى تارىخىي هۆججەتلىرىدە ئۇلار "خۇ" دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلار شەرقتە شىڭئەنلىڭ تاغ تىزمىلىرىدىن تارتىپ غەرپتە تىيانشان تېغىنىڭ شەرقىغىچە، شىمالدا هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بايقال كۆلىدىن تارتىپ جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىغىچە بولغان ئارىلىقتا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى①.

مىلادىيدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن يەنى خەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 30 ـ 40 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، هونلارنىڭ باشلىقى باتۇر (مەتە) تەڭرىقۇت هون قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇلار شەرقتە تۇڭگوس قەبىلىسىنى يوقاتتى، شىمالدا خۇنيۇ، چۇشې قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. غەرپتە چوڭ ياۋچىلارنى قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭدەك هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چارقىلىق ناهىيىسى دائىرىسىدىكى قىرۇران (كىروراينا) دۆلىتى بىلەن ئىلى

دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيسۇن قەبىلىسىنى بويسۇندۇردى. جەنۇپتا بولسا سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا قىستاپ باردى، شۇنداق قىلىپ، ئاسىيانىڭ شەرقىدىكى موڭغۇل دالاسى بىلەن جوڭغار ئويمانلىقى تامامەن ئۇلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

شۇ ۋاقىتلاردا بايقال كۆلى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدا ياشاۋاتقان دىڭلىڭ قەبىلىلىرىمۇ ھونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى②. مىلادىدىن بۇرۇنقى 72-يىلى، دىڭلىڭ قەبىلىلىرى ئۇيسۇن ۋە ئۇرخون قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ھون قوشۇنلىرىدىن بىرقانچە ئون مىڭ لەشكەرنى يوقىتىپ، تارىخىي ھۆججەتلەردە دىڭلىڭلارغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات قالدۇرغان ئىدى. شۇنىڭدىن 11 يىل كېيىن يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 61-يىلى، دىڭلىڭلار ھونلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا جېدەل-ماجرالىرى كەسكىنلىشىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھون قۇلدارلىرىنىڭ قوشۇنلىرىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قوزغىدى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن، ھون قۇلدارلىرىنىڭ دىڭلىڭلار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى بىر مەھەل ئۈزۈلۈپ قالدى.

ھونلار ھاكىمىيىتى خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئاساسلىق تەھدىت ئىدى. دەسلەپتە خەن سۇلالىسى بىر مەھەل يول قويۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 133-يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ۋۇدى بۇرۇنقى پاسسىپ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، جازا يۈرۈشى خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشنى قوزغىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 89-يىلى خەن سۇلالىسى ھونلارغا قارشى يەنە بىر قېتىم ھەربى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، ئاتلىق، ھارۋىلىق لەشكەرلەرنىڭ سەركەر-

ۋىسى دۇشيەننى هونلارغا هۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بىرقانچە ئون قېتىملىق چوڭ-كىچىك ئۇرۇشلاردىن كېيىن، هونلارنىڭ ئاساسىي هەربى كۈچى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. بۇ چاغدا دىڭلىڭلار خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا ماسلىشىپ شىمالدىن جەنۇپقا، سىئانبىلار شەرقتىن غەرپكە، تىيانشاننىڭ شىمالدا ياشاۋاتقان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر غەرپتىن شەرققە قاراپ ئۈچ تەرەپتىن هون قوشۇنلىرىغا قىستاپ هۇجۇم قىلىپ، هونلار هاكىمىيىتىنىڭ گۇمران بولۇشىغا سەۋەپچى بولدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 60-يىلى هونلارنىڭ سەر-كەردىلىرىدىن رىزوۋاڭ خەن سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. خەن سۇلالىسى غەربىي دىياردا غەربىي دىيار دۇخۇ مەهكىمىسى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، هونلارنىڭ بۇ رايوندا قۇرغان تۇڭپۇ-دۇۋېي دىگەن مەمۇرى ئاپپاراتىنى بىكار قىلدى③.

بىرقانچە ئەسىر كۈرەش قىلىش، بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىغا ماسلىشىپ، هونلارغا قارشى ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، دىڭلىڭ قەبىلىلىرىنىڭ كۈچى بارغانسېرى زورايدى، لېكىن سىئانبى، جوجان قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، دىڭلىڭلارنىڭ كۈچى يەنىلا ئاجىز ئىدى. شۇڭا كېيىنكى ۋاقىتلاردا، دىڭلىڭ قەبىلىلىرى بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا قالدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم جوجان هاكىمىيىتى دەۋرىدىكى تېلېلار

جوجانلار بۇرۇن شىگەنلىڭ تاغ تىزمىلىرىدا ياشىغان ئېلىمىزنىڭ

شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مىلادى 4-ئەسىردىن كېيىن ئۇلار تەدرىجى ھالدا غەربىي شىمال تەرەپكە كۆچۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخون ۋە تۇغلا دەريالىرى ۋادىلىرىغا بېرىپ ئورۇنلاشتى[4].

ھونلار غەرپكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، پايانسىز ئوتلاقلاردا سىياسىي جەھەتتە بوشلۇق پەيدا بولدى. بۇ ھال جوجانلارنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلانغان كىشى شېلۇن* ئىدى. 5-ئەسىردە شېلۇن جوجان قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شۇ چاغدىكى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمى بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك ھەربىي ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنى ئۇيۇشتۇردى. شەرقتە چاۋشيەن يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ غەرپتە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كىنگىت (قاراشەھەر) رايونىغىچە، جەنۇپتا موڭغۇلىيە قۇملۇقىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە بولغان دائىرىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى[5].

بايان قىلىنىۋاتقان مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېرى شۇكى، بىرىنچىدىن، جوجانلار مىلادى 402-يىلى دىڭلىڭلارنى بويسۇندۇردى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ مەزگىلدىكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە دىڭلىڭ دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا تېلې دېگەن نام قوللىنىلىدىغان بولدى[6].

---

* شېلۇن — چەتئەل تارىخىي ھۆججەتلىرىدە زارون، تولۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

جوجانلار هاكىمىيىتى ئاساسەن هونلار هاكىمىيىتىنىڭ هۆكۆمراند-
لىق ئۇسۇللىرىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىگە
قارىتىۋالغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى ئەزسە، يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئۆزىگە خوشنا بولغان رايونلارغا هۇجۇم قىلىپ تۇراتتى.
بولۇپمۇ ئۇلار سىئانبىلار قۇرغان شىمالىي ۋېي پادىشالىغىغا قارىتا
ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئاهالىلىرى بىلەن مۈلۈك-
لىرىنى بۇلاپ-تالاپ، شىمالىي ۋېي پادىشالىغى ئۈچۈن ئېغىر تەهدىت
بولۇپ قالدى. جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇ سىياسەتلىرى، ئىچكى
جەھەتتە، قۇل قىلىنغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلى-
قىغا، تاشقى جەھەتتە، شىمالىي ۋېي پادىشالىغىنىڭ قايتۇرما زەربە
بېرىشىگە ئۇچرىدى.

مىلادى 429-يىلى، شىمالىي ۋېي پادىشالىغى جوجانلارغا كەڭ
كۆلەمدە هۇجۇم قوزغىدى، جوجانلار نائىلاج موڭغۇلىيە قۇملۇقىنىڭ
شىمالىغا چېكىنىپ كەتتى. تېلې قەبىلىلىرى خۇلۇي قەبىلىسىنىڭ
سەردارى پىخولىن باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، چېكىنىۋاتقان
جوجان قوشۇنلىرىغا ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم قىلدى⑦.

جوجان ئاقسۆڭەكلىرى هاكىمىيىتىنىڭ هەربىي كۈچى شىمالىي
ۋېي پادىشالىقىنىڭ دەككىسىدە ئېغىر زەخمە يېگەن بولسىمۇ، بىراق
تېلېلارنىڭكىدىن يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا تېلې قەبىلىلىرىنىڭ
بۇ قېتىمقى قوراللىق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولدى. قوزغىلاڭغا
قاتناشقان تېلې قەبىلىلىرى جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ۋەھشىيانە
قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى. بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان
خۇلۇي قەبىلىسىنىڭ 70-80 پىرسەنت ئاهالىسى قىرىپ تاشلاندى.
پىخولىن قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان ئادەملىرىنى باشلاپ پانا

ئىزدەپ شىمالىي ۋېي پادىشالىقىغا قېچىپ باردى⑧.

5 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە قۇل قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى تېخىمۇ كۆپلەپ يۈز بېرىشكە باشلىدى. مىلادى 482 ـ يىلى، جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى شىمالىي ۋېي پادىشالىقىغا قارشى سوقۇشقا سېلىش قەستىنى رەت قىلغان 100 نەچچە مىڭ تۈتۈن تېلې پۇقراسى پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ سەردارلىرى ئاپۇرغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى چۇڭچىنىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل دالاسىدىن ئوپچە ئايرىلىپ، ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) ئارقىلىق تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ باردى. غەرپكە كۆچكەن بۇ تېلې ئاھالىلىرى ئۆزلىرىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان جوجان قوشۇنىغا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاخىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ جوجان ئاقسۆڭەكلىرى يۆلەپ تۇرغۇزغان قوجۇ (تۇرپان) ۋاڭى كەن شۇگۇيىنى قەتلى قىلىپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى قوجۇغا ۋاڭ قىلىپ، جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بۇ رايوندىكى تەسىر كۈچىنى تازىلىدى. ئاپۇرغۇر ئۆزىنى "كۆل بىلگە"، ئىنىسىنى "كۆل بېي" دەپ جاكالىدى⑨.

مىلادى 490 ـ يىلى، ئاپۇرغۇر شىمالىي ۋېي پادىشالىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ سەۋەپ ـ جەريانلىرىنى ۋە شىمالىي ۋېي پادىشالىقى بىلەن بىرلىكتە جوجان ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى جەڭ قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. شىمالىي ۋېي پادىشالىقى ئەمەلدار ئەۋەتىپ، ئاپۇرغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىغا نۇرغۇن سوغا ئىنئام قىلدى⑩.

تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا تەرەققىي قىلىشى چاڭچياڭ

ۋادىسىدىكى چى پادىشالىغىنىڭمۇ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلارمۇ ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ ئاپۇرغۇر بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىپ، ئاپۇرغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنى مەركەز قىلىپ غەرپكە كۆچكەن تېلې قەبىلىلىرى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆز تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قولىدىن هازىرقى قۇمۇل بىلەن كىنگىت (قاراشەهەر) ئارىلىغىدىكى رايونلارغا بولغان تىزگىنلەش هوقۇقىنى تارتىۋالدى، كېيىن يەنە كىنگىت رايونىنىمۇ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈۋالدى⑪.

تېلې قەبىلىلىرى بىلەن جوجانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى كۈچلەرنىڭ تەڭپۇڭلۇغىنى بۇزۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر تارىخىي قىستۇرما پەيدا بولدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىفتالىتلار (ئاق هونلار) مۇشۇ پۇرسەتتە پامىر ئېگىزلىكىدىن هالقىپ ئۆتۈپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا كىرىش بىلەن، قەشقەر (سۇرگ) ۋە قاغىلىق (جوجىپ) قاتارلىق جايلارنى ئىگەللىۋالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىگە كېڭەيتكەندىن كېيىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كۇچار (كيۇجە) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋېلىپ، كىنگىتكە كەلگەندە تېلېلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى ۋە تېلېلارنى مەغلۇپ قىلىپ، كىنگىتنى بېسىۋالدى. چۇڭچىنى ئۆلتۈرۈپ، چۇڭچىنىڭ ئىككى ئوغلىنى بۇلاپ كەتتى. تىرىپىرەن بولغان تېلېلارنىڭ بىر قىسمى تۇرپان ئويمانلىقىغا قاراپ چېكىندى، يەنە بىر قىسمى تىيانشاندىن ئۆتۈپ جۇڭغار

ئويمانلىغىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى⑫.

ئىفتالىتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغانلىغى ۋەجىدىن، تېلېلار-نىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولدى. بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر ئاپۇرغۇرنى ئۆلتۈرۈپ، بالىيان ئىسىملىك بىر ئاقسۆڭەكنى ئۆزلىرىگە سەركەردە قىلدى ۋە شۇ يول بىلەن ئىفتالىت-لارغا ياخشىچاق بولماقچى بولدى. بىراق ئىفتالىتلار بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربى ھەركىتىنى داۋاملاشتۇ-رۇپ، تېلېلار مال باقىدىغان رايونغا كەينى-كەيىندىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ چارۋا مال ۋە ئادەملىرىنى بۇلاپ-تالىدى. تېلېلار ئىفتالىتلارنىڭ بېسىمى ئالدىدا تەمتىرەپ قالغان بىر ۋاقىتتا، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن، جوجانلارنىڭ كۈچى يېڭىۋاشتىن تۇرپان ئويمانلىغىغا بۆسۈپ كىردى، شۇنىڭ بىلەن تېلېلار ئىككى تەرەپنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم تېلې ئاھالىسى بالىيانىنى ئۆلتۈرۈپ، چۈگچىنىڭ ئوغلى مىئوتونى ئۆزلىرىگە سەردار قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن مىئوتو تېلې قەبىلىلىرىگە باشلامچىلىق قىلىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جىمسار ناھىيىسى (بېيتىڭ) ئەتراپىدا جوجان قوشۇنىغا كەڭ كۆلەمدە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، جوجان قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ سەردارى فوتونى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ تيانشان ئەتراپىدىكى تەسىر كۈچى ئاجىزلىشىپ، تېلې قەبىلىلىرى بىرئاز ئارام ئېلىش پۇرسى-تىگە ئىگە بولدى⑬. مىلادى 516-يىلغا كەلگەندىلا جوجان ئاقسۆ-ڭەكلىرى تۇرپان ئويمانلىغىدىكى تېلې قەبىلىلىرىگە يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇرۇشتا تېلېلارنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ

سەردارى مىڭوتونى ئەسىرگە ئالدى.

ئاقىۋەتتە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا دوست ـ دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتتە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىفتالىتلار تېلېلارنىڭ ئىتتىپاقىدىشى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىفتالىتلار تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرگەن چۈگچىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبىيىك شىمالىي ۋېي پادىشالىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن ئالاقە ئورناتتى. شىمالىي ۋېي پادىشالىقى ئۇنى غەربىي باساۋۇل، شىخەيجۈن ۋىلايىتىنىڭ تۇنجى بېگى، گاۋچې ۋاڭى قىلىپ تەيىنلىدى⑭.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ موڭغۇل دالاسىغىچە بولغان كەڭ رايوندىكى شۇ چاغدىكى ھەربىي ۋەزىيەتنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئىبىيىك ئىفتالىتلاردىن ئىبارەت يۆلەنچۈككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شىمالىي ۋېي پادىشالىقىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى بەنت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھال ـ ئەھۋالى خېلى ياخشىلانغان ئىدى.

ھالبۇكى، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان تۈرك قەبىلىسىمۇ جوجانلارغا قارشى تۇرغۇچىلار قاتارىغا قوشۇلغاندا، جوجانلارنىڭ تىيانشان بويىلىرىدىكى ھەربىي كۈچلىرى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولدى. جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سەردارى بولۇمىن تىيانشاندىن گەنسۇنىڭ لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋېي) دىگەن يېرىگە قېچىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا جوجان ئاقسۆڭەكلىرى تىيانشان بويى رايونلىرىدا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىيەلمىدى.

تېلې قەبىلىلىرى بىلەن جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش كۆك تۈرك خاندانلىقى ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن ئاياقلاشتى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم تۈرك خاندانلىغى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار*

تۈركلەر دەسلەپتە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدىكى ئالتاي تېغى بىلەن تيانشان تېغى ئارىلىغىدا ياشىدى. جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆچى جۇڭغار ئويمانلىغىغا كىرگەندىن كېيىن، تۈركلەر قۇل سۈپىتىدە جوجان ئاقسۆڭەكلىرىگە تۆمۈردىن ھەر خىل قورال-ياراق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ بېرىش بىلەن شۇغۇللاندى. تۈركلەر خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا تۆمۈردىن ئەسۋاپ ياساش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلەتتى. 5-ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ تۆمۈرچىلىك ھۈنىرى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى، ئۇلار ھەتتا ئالتۇن ئۇچلۇق ئوقيا قاتارلىق تېخنىكا تەلىۋى ئىنتايىن يۇقىرى سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

ئۇرۇش ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن ئەينى ۋاقىتلاردا، تۈركلەر ياسىغان كامالەك (يا)، ئوقيا، ئاۋازلىق ئوقيا، قىلىچ-خەنجەر قاتارلىقلار ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ ئاساسلىق قورال مەنبەسى بولدى[15]. 4-، 5-ئەسىرلەردە تۈركلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، بولۇپمۇ قورال-ياراق ئىشلەپچىقىرىشى ھەممىدىن ئاۋال جوجان قوشۇنلىرىنى

---

* بۇ باپنى يېزىشتا ئاساسەن ما چاڭشۇ ئەپەندىنىڭ «تۈركلەر ۋە تۈرك خاندانلىغى» ناملىق كىتاۋىدىن پايدىلاندىم.

قورالاندۇرۇشقا ئىشلىتىلدى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈركلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىگىنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى چەكلىك ئىدى.

جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، قۇل قىلىنغان قەبىلىلەرنىڭ كەينى-كەينىدىن قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، جوجانلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى، ئۇلار تۈركلەرنى بۇرۇنقىدەك تىزگىنلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تۈركلەرنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىگىنىڭ خىزمەت قىلىش ئوبيېكتى ئاستا-ئاستا ئۆزگىرىشكە، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى فېئودال سۇلالىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى قويۇقلىشىشقا باشلىدى. بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى نەتىجىسىدە، تۈرك قەبىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى كۈنسېرى ئۇلغىيىشقا يۈزلىنىپ، جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەبىلىلەر ئىچىدە خېلىلا قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى.

مىلادى 546-يىلى، تۈرك قەبىلىسىنىڭ سەردارى تۇمەن قاغان جۇڭغار ئويمانلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تېلې قەبىلىلىرىدىن 50 نەچچە مىڭ تۈتۈننى قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇپ، تۈركلەرنىڭ ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىشىغا ئاساس ياراتتى⑯.

مىلادى 552-يىلى، تۇمەن قاغان جوجان قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغاندا، جوجانلارنىڭ سەردارى ئاناگۇي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، بۇنىڭ بىلەن جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتى بەربات بولدى. تۇمەن قاغان ئۆزىگە ئىلىگ قاغان دەپ نام بەردى ۋە تۈرك خاندانلىقى تىكلەندى. نەتىجىدە يېڭى ھاكىمىيەت جوجان

ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئاسىيا ئوتلىغىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

تۈرك خانداندانلىقى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 200 يىل ھۆكۈم سۈردى. ئۇ ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغلاردا، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسى شەرقتە بوخەي دېڭىزىغىچە، غەربتە ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كاسپىي دېڭىزىغىچە (ئارال دېڭىزىغىچىمۇ دېيىلىدۇ)، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىگىچە يېتىپ، موڭغۇل دالاسى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى بىرىنچى بولۇپ بىر بىرى بىلەن تۇتاشتۇرغان چوڭ خاندانلىققا ئايلاندى⑰.

مىلادى 605-يىلى ئۇيغۇرلار — شۈبھىسىزكى، ئۇلار تېلې قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم ئەزاسى بولۇپ قالغان — قىبئار، تۇڭرا، بايىرقۇ، بارغۇت (بوغو)، سىر-تاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۈرك خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ئۇلار قىبئار قەبىلىسىنىڭ سەردارى قىبئار گالىنغا ئىل ئىتمىش باغا قاغان دىگەن نام بېرىپ، ئاقتارمال تېغى (شىنجاڭ دائىرىسىدىكى تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمى)دا بارگاھ تىكتى. سىر-تاردۇش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ئىشبەگ ئېركىنگە ئىلدىر قاغان دەپ نام بېرىپ، يەنمو (ئىبار) تېغى (شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبى)دا يەنە بىر بارگاھ تىكتى. ئۇيغۇر، تۇڭرا، بايىرقۇ، بارغۇت قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقاللىرى بولسا ئۆزلىرىنى ئېركىن دەپ ئاتايدىغان بولدى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بۈگۈنكى كۈندىكى تۇرپان ئويمانلىقى، قۇمۇل، كىنىگىت قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇردى ۋە

ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دائىرىسىدىكى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى كەڭ زېمىننى بېسىۋالدى[18].

ئۇيغۇر ھەم قىبىئار، سىر-تاردۇش قەبىلىلىرىنىڭ ئۇيۇتۇپ چىقىشىغا نۇرغۇن ئامىللار سەۋەپ بولدى، ھالبۇكى، شەرقىي تۈرك خاندانلىقى بىلەن غەربىي تۈرك خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇرغان توقۇنۇشلارنىڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۈچىنى زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنلىكى مۇھىم سەۋەپنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ئۇلار توقۇنۇشۇپ تۇرۇۋاتقان رايونلاردا بەزى كاۋاك-بوشلۇقلار پەيدا بولدى. قوزغىلاڭنىڭ غەلىبە قازىنىشىدا ئوبيېكتىپ ئامىللار سۇبيېكتىپ ئامىللاردىنمۇ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىدە تۈرك خاندانلىقى بىلەن تىركەشكۈدەك كۈچ يوق ئىدى، شۇڭا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئۇلار كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرغۇچى يۆلەنچۈكنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولدى. قوغدىنىش زۆرۈرىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قوزغىلاڭچىلار مىلادى 607-يىلى سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇلار سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، تۈرك خاندانلىقىنىڭ بېسىمىنى يەكلىمەكچى بولغان ئىدى.

شۇ يىلى سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى فېي جۈنى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئۇيغۇر، قىبىئار، تۇڭرا، بارغۇت قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن بىرلىكتە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى تۇيۇخۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بىرقانچە يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇرۇشتا سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخىرى تۇيۇخۇن قەبىلىسىنى

مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى شىكاڭ-شىزاڭ ئېگىزلىكىگە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلدى، بۇ چاغدا تېلې قەبىلىلىرىنىڭ كۈچىمۇ بارغانسېرى زورايدى[19]. بۇنىڭ ئەكسىچە، تۈرك خاندانلىغى توت يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جۇڭغار ئويمانلىغى بىلەن كېڭگىت ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ زېمىندىن مەھرۇم قېلىپ، بىردىنلا زەئىپلىشىپ كەتتى. نەتىجىدە غەربىي تۈرك خاندانلىغىنىڭ قاغانى قارا قاغان مىلادى 611-يىلى سۈي سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

7-ئەسىردە تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك خاندانلىغىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. ئۇلار تۈرك خاندانلىغىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغان ھۆكۈمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىللىدى.

لېكىن ۋەقەدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بەزى پاكىتلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر تىيانشاننىڭ بويلىرىدا سۈي سۇلالىسىنى يۆلەنچۈك قىلىپ تۇرۇپ، تۈرك خاندانلىغى بىلەن تىركەشكەن ئىدى. بۇ ھالەتنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدا ئۇنىڭ پايدىلىق تەرىپىنى كۆرگەن بولساق، كېيىنكى بايانلىرىمىزدا ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى كۆرىمىز.

ئېلىمىزدىكى فېئودال سۇلالىلەر ئىچىدە سۈي سۇلالىسى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلەرنىڭ بىرى. ئۇ ناھايىتى ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا يۈكسىلىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تېزلا زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە يولغا

قويغان ئىنتىلىشچان تەدبىرلىرى خۇددى لەيلىقازاقتەك پۈررىدە توزۇپ يوقالدى.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر تىيانشان بويىدىكى رايونلارغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. غەربىي تۈرك خاندانلىقى مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا ئون يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە قايتا قۇدرەت تېپىپ مەيدانغا چىقتى.

مىلادى 615-يىلى ياپقۇ غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ قاغانى بولدى. تۈرك خاندانلىقىنىڭ تارىخىدا ياپقۇ قاغان شەۋكەتلىك ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن قاغان دەپ قاراشقا تامامەن ھەقلىقتۇر، ئۇيغۇر، قىبئار، توڭرا، بارغۇت، سىر-تاردۇش قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى ئىدى.

ياپقۇ ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، ئىران، كەشمىر قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ھەم تاشكەنتنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان مىڭبۇلاق دېگەن يەردە بارگاھ تىكلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈردى.

مىلادى 627-يىلى ئۇيغۇر، بارغۇت، توڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق ئون نەچچە قەبىلە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ داچىڭشەن تېغى ئەتراپىدا قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن بوساتنى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ تەيىنلىدى. شەرقىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ تەختىگاھى ئىللىگ قاغان ئوغلى ئوقۇق شاتنى 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. بوسات بولسا 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى دائىرىسىدىكى مالىشەن تېغىدا شەرقىي

تۈرك خانداندىغنىڭ قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بەردى.

تاڭ سۇلالىسى تارىخ كىتاپلىرىدا بۇ قېتىمقى جەڭ تەپسىلى بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "بوسات 5 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلدى. ئۇنى مالېشەن تېغىدا مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەنە تىيانشانغىچە قوغلاپ بېرىپ، ھۇجۇمىغا ئۆتۈپ، قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. ئۇنىڭ پۇقرالىرىنى ئەسىرگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن خۇيخې (ئۇيغۇر)لارنىڭ داڭقى چىقتى"[20].

تاڭ سۇلالىسى تارىخ كىتاپلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى باھاسى مۇۋاپىق ئىدى. مالېشەن تېغى ئېتىكىدىكى جەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى ۋە ھەربى كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنى مۇقەددىمە قىلغان ھالدا ئۇيغۇر (خۇيخې)دىن ئىبارەت نام پەيدىن-پەي تېلې دىگەن نامنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۇ ئەلەم ئاستىغا بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ، قىبىار، باسمىل، ئىزگىل، غون، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەر ئۇيۇشتى[21].

تارىختا بولۇپ ئۆتكەن يېقى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاش، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ تېزدىن ئۆز ئېتتىپاقدىشى — تاڭ سۇلالىسىنى تاپتى. ئېنىقكى، بىرلىكتە تۈرك خاندانلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسىنى بىر بىرىگە باغلىغان رىشتە بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى تارىخىي پائالىيەتلىرىگە ئائىت ماتېرىياللار بىلەن ئۇچراشقان ھامان، ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، تۈرك خانداندىغىغا قارشى جەڭ قىلغانلىقىغا دائىر پاكىتلارنى كۆرگىلى

بولدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقىغا ئائىت تەپسىلاتلار ئۈستىدە كېيىنكى باپتا ئايرىم توختىلىمىز. بۇ يەردە پەقەت كىتاپخانلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققانىدىن تارتىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن كەڭ ئالاقىدە بولغانلىقى ۋە يېقىندىن ھەمكارلاشقانلىقىغا دائىر پاكىتلارغا دىققەت قىلىشقىلا تەۋسىيە قىلىمىز.

مىلادى 682-يىلدىن كېيىن تۈركلەر بىر مەھەل قايتا گۈللەنگەن ئىدى، ئۇلارنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئالدى بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى يېڭىۋاشتىن باش ئەگدۈرۈشتىن باشلاندى[22]. تۈركلەرنىڭ قايتا گۈللىنىشىگە تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىدىن قۇتلۇق قاغان رەھبەرلىك قىلغان ئىدى، شۇڭلاشقا تارىختا بۇ يېڭى خانلىق قۇتلۇق تۈرك خاندانلىقى ياكى ئىككىنچى تۈرك دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇتلۇق قاغاننىڭ قول ئاستىدا قارلۇق قەبىلىسىدىن چىققان تۇن ئۇقۇق (تۇنجۇ كۆك) ئىسىملىك بىر كىشى بار بولۇپ، تۈركلەرنىڭ قايتا گۈللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. قۇتلۇق قاغان تۇن ئۇقۇقنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، ھەممىدىن ئاۋال ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتۇكان تېغى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. تۈركلەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى غەرپكە سۈرۈلۈپ، ھازىرقى گەنسۇنىڭ ۋۇۋېي (قەدىمقى لياڭجۇ) رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. يەنە بىر قىسمى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى. كۆچۈپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالغانلىرى قايتا گۈللەنگەن تۈرك خاندانلىقىغا پۇقرا بولدى[23].

قۇتلۇق قاغان ئۆتۈكاندىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، شۇ يەردە بارگاھ تىكىپ، ئەسلىدە ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق قىلىدىغان بۇ رايوننى يېڭى خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. قايتا گۈللەنگەن تۈرك خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى 30 نەچچە يىل داۋام قىلدى. لېكىن بۇ جەرياندا تۈرك خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە كۆرۈلگەن يوچۇقنى ئېتىشكە ئەھمىيەت بەرمىدى، چۈنكى خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى قوراللىق باستۇرۇش ۋە قوراللىق تەھدىتنىڭ ئۈنۈمىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۈرك خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا ئىزچىل تەقەززا بولۇپ كەلگەن ئىدى.

مىلادى 714-يىلى، قارلۇق قەبىلىسى تۈرك خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا 715-يىلدىن 716-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن باسمىل، ئىزگىل، قىبىئار، غون ۋە تۇڭرالار قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتەردى. مىلادى 716-يىلدىن كېيىن تۈرك خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى زورايدى. ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان توققۇز ئوغۇز قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدىكى سەككىز قەبىلە تۈرك خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. باتۇرلۇقتا داڭقى چىققان بۇگۇكۇر قاغان ئاخىر قوزغىلاڭغا قاتناشقان بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى[24]. بىراق ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا تۈرك خاندانلىقى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا شەرت-شارائىت تېخى ھازىرلانمىغان ئىدى.

مىلادى 740 ـ يىلىدىن كېيىن تۈرك خانىدانلىقى ھۆكۈمىران تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غەلىيانلار كۆتىرىلدى، بۇ ھال ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ قايتا قوزغىلاڭ كۆتىرىشىگە ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. 743 ـ يىلى باسمىل، قارلۇق قەبىلىلىرى قوزغىلىپ، تۈركلەرنىڭ يېڭى قاغانى قۇتلۇق ياپغۇنى ئۆلتۈرۈپ، باسمىللارنىڭ ئاقساقىلى ئىلتىرىشنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. تۈركلەر بولسا ئۇزمىشنى قاغان قىلىپ تۇرغۇزدى.

مىلادى 744 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار بىلەن قارلۇقلارنىڭ قوشما قوشۇنلىرى بىر قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۇزمىش قاغاننى ئۆلتۈردى. تۈركلەر ئۇنىڭ ئىنىسى بولمىشنى قاغان قىلىپ تىكلىدى. بۇ، تۈرك خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئىدى.

مىلادى 745 ـ يىلى، تۈرك خانىدانلىقىنىڭ بولمىش قاغانى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدى ھەم ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلغان تۈرك خاندانلىقى شۇنىڭ بىلەن يوقالدى. تۈرك خاندانلىقى ئەڭ بۇرۇن تېلى قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇش زەپەر مارشى ئىچىدە ئۆزىنىڭ خاندانلىقىنى قۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى تاشلىغان بولسا، ئەمدى-لىكتە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ قوزغىلاڭلىرى دولقۇنىدا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مۇساپىسىنى تۈگەتتى.

## پايدىلىنىلغان كىتاپلار

① سىماچيەن: «تارىخنامە»، 110 ـ جىلد، «ھونلار شەجەرىسى»؛ «خەن سۇلالىسى تارىخى»، 94 ـ جىلد (بىرىنچى بۆلۈم)، «ھونلار شەجەرىسى»؛

ۋاڭ گوۋېي: «گۈەنتاڭ مەكتۇپلىرى توپلىمى»، 13 ـ جىلد.

② «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»، 103 ـ جىلد، «رون ـ رونلار شەجەرىسى»؛ «ۋېي پادىشالىغى تەزكىرىسى»، 30 ـ جىلد.

③ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى»، 119 ـ جىلد، «جەنۇبىي هونلار شەجەرىسى».

④ «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»، 91 ـ جىلد، «رون ـ رونلار شەجەرىسى».

⑤ «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى»، 56 ـ جىلد.

⑥ «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»، 103 ـ جىلد، «گاۋچېلار شەجەرىسى».

⑦ ⑧ ⑨ ⑩ ⑪ «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»، 103 ـ جىلد، «گاۋچېلار شەجەرىسى».

⑫ ⑬ «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، 98 ـ جىلد، «گاۋچېلار شەجەرىسى».

⑭ «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»، 91 ـ جىلد، «رون ـ رونلار شەجەرىسى».

⑮ «جىن پادىشالىغى تارىخى. شىمالىي دىلار ۋە هونلار شەجەرىسى»؛ «شىمالىي جۇ پادىشالىغى تارىخى»، 50 ـ جىلد، «تۈركلەر شەجەرىسى»؛

«سۈي سۇلالىسى تارىخى»، 84 ـ جىلد، «تۈركلەر شەجەرىسى»؛

سېن جۇڭمىيەن: «تۈركلەر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى كىتاب.

⑯ «سۈي سۇلالىسى تارىخى»، 84 ـ جىلد، «تۈركلەر شەجەرىسى»؛ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 215 ـ جىلد (بىرىنچى بۆلۈم)، «تۈركلەر شەجەرىسى».

⑰ «سۈي سۇلالىسى تارىخى»، 84 ـ جىلد، «تۈركلەر شەجەرىسى»؛ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛

«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر» (بىرىنچى بۆلۈم).

⑱ «سۈي سۇلالىسى»، 49 ـ جىلد، «تېلېلار شەجەرىسى»؛

«پەرمانلار توپلىمى»، 199 ـ جىلد، «تېلېلار ۋە سىر ـ تاردۇشلار»؛
«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 96 ـ جىلد، «تېلېلار»؛
«سۇي سۇلالىسى تارىخى»، 83 ـ جىلد، «گاۋچېلار شەجەرىسى».
⑲ «سۇي سۇلالىسى تارىخى»، 83 ـ جىلد، «توپيۇخۇنلار شەجەرىسى».
⑳ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 192 ـ جىلد، «تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرىدا»؛
ما چاڭشۇ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خاندانلىقى».
㉑ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 98 ـ جىلد.
㉒ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 203 ـ جىلد، «يۇڭچۇن 1 ـ يىلى».
㉓ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر» (ئىككىنچى بۆلۈم)؛
جۇ يەنفېڭ: «تۈرك تۇن ئوقۇق مەڭگۈ تېشىنىڭ تەرجىمىسى ۋە دەلىلى»، سابىق شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «تەزكىرىلەر توپلىمى»، 1943 ـ يىل، 4 ـ سان؛
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد، «يۇلۇن تىمۇر نەسەبنامىسى».
㉔ «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى». «پۈتۈكلەر جەۋھىرى. بېقىندى قەبىلەر. ياتلارغا مەدھىيە»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 194 ـ جىلد، «تۈركلەر» (بىرىنچى

بۆلۇم)؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 8 ـ جىلد، «پادىشا شۆھرىزۇگىنىڭ نەسەبنامىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 194 ـ جىلد، «تۈركلەر» (ئىككىنچى بۆلۇم).

# ئىككىنچى باپ
# ئۇيغۇر خاندانلىقى

## بىرىنچى بۆلۈم خاندانلىقنىڭ شەكىللىنىشى

ئەمدى بىز كىتاۋىمىزنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن كەڭ تۈردە تونۇشۇپ چىقىمىز. بۇ باپتا ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش مەزگىلىدە خاندانلىق قۇرۇش پائالىيىتى سۆزلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار قۇرغان خاندانلىق خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە خۇيخې خاندانلىقى يەنى ئۇيغۇر خاندانلىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەگەر، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ئۇزۇن بىر مۇساپىنى باشتىن كەچۈرگەن دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، كىتاۋىمىزنىڭ بىرىنچى بابىدا بۇ ئۇزۇن مۇساپىنىڭ مۇھىت-شارائىتى سۆزلىنىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى سازلىق ۋە كۆلگە، بەزىلىرىنى قۇملۇق ۋە جىلغىغا ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ مۇھىت توغرىسىدىكى يۇقۇرقى تونۇشتۇرۇشىمىزنى سەھنىنىڭ بىر ئومۇمى دېكوراتسىيىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. بىزنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىگە مەركەزلەشكەندە، بۇ دېكوراتسىيە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن تامامەن زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

ئېھتىمال، بۇ زۆرۈرىيەت بىزنى تونۇش بىر دۇنياغا ئېلىپ بېرىشىمۇ

مۇمكىن. چۈنكى، ئالدىنقى باپتا سۆزلەنگەن بەزى پاكىتلارنى يەنە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىيات يولى مۇشۇ سازلىق ۋە كۆللەر، قۇملۇق ۋە جىلغىلاردىن ئۆتكەن ئىكەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، بۇ مۇھىتقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ، بەزى تونۇش ۋەقەلەرنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزۈش ئەقىلغە مۇۋاپىق بولسا كېرەك.

## 1. خاندانلىق ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تارىخ ھەققىدە ئەسلىمە

يۇقۇرقى مۇقەددىمىمىزدىن كېيىن، ئەمدى ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن بۇ ئۇزاق مۇساپىنى ئازراق ئەسلەپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق مۇساپىنىڭ تارىخي ئېقىمىنىڭ قايسى بۆلەكتىن باشلانغانلىقىنى كېسىپ ئېيتىش تەس. ھازىرچە مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتنى بۇ مۇساپىنىڭ باشلىنىشى قىلىپ تۇرايلى.

خەرىتىگە قارىسىڭىز، بالقاش كۆلىدىن بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە موڭغۇل دالالىرىدىن تەركىب تاپقان پايانسىز زېمىن كۆزىڭىزگە تاش-لىنىدۇ، مانا بۇ زېمىن مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن يەنى بۇنىڭدىن 2200 يىل مۇقەددەم كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ ئۇجمىقى (جەننىتى) بولغان ئىدى، ئۇلار سۇ ۋە ئوت-گىيالارنى قوغلىشىپ، ئۇ ماكاندىن بۇ ماكانغا كۆچۈپ يۈرەتتى.

بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىچىدە تىل ۋە ئۆرپ-ئادەت-

لىرى ئاساسەن بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىرمۇنچە قەۋم ۋە قەبىلىلەر بار ئىدى. ئالىملار بۇ قەۋم ۋە قەبىلىلەرنىڭ تىلىغا "تۈرك تىلى" دەپ ئۇقۇم خاراكتېرلىق نام بەردى. تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر باشقا تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن بىللە غەرپتە بالقاش كۆلىدىن شەرقتە بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يايلاقلاردا ياشايتتى.

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بۇ قەبىلىلەر، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك، "دىڭلىڭ" دەپ ئاتالغان. "دىڭلىڭ" دىگەن نام ھەممىدىن بۇرۇن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردە ياشىغان سىماچيەن دىگەن كىشى يازغان «تارىخنامە»نىڭ «ھونلار شەجەرىسى»دە تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. ئۇ بۇ كىتاپتا: "ھونلار... شىمالدا خۇنيۈ، چۈشې، دىڭلىڭ، گېكۇن (قىرغىز)، شىنلى قاتارلىقلارنىڭ ئەللىرىنى بويسۇندۇردى" دەپ يازغان ئىدى.

«تارىخنامە»دىن كېيىن يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن «خەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 94-جىلد «ھونلار شەجەرىسى»دىمۇ دىڭلىڭ دىگەن نام تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دىيىلىدۇ: "دىڭلىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ھونلار ئارىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ بىرقانچە مىڭ پۇقرانى تالان-تاراج قىلىپ، ئات-ئۇلاغلارنى ھەيدەپ كەتكەن، ھونلار بىر تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى ئىشقا سېلىپمۇ ھىچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن." شۇنىڭدىن كېيىنكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ نام ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن.

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى فەن ۋېنلەن شۇ چاغدىكى دىڭلىڭلارنى قەبىلىلەر بىرلەشمىسى (قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن تۆۋەن

تۇرىدىغان بىر خىل بىرلىشىش شەكلى) باسقۇچىدا تۇرغان دەپ ھىساپلايدۇ①.

بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ قەبىلىلەر بىرلەشمىسى 40 نەچچە قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان دەپ يېزىلغان②. ۋاھالەنكى، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇنىڭدىنمۇ كۆپ قەبىلىلەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. بىراق ئادەتتە بۇ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئىچىدە كۆپرەك 15 قەبىلە كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇلار مۇنۇلار: يۈەنخې (ئۇيغۇر)، سىر-تاردۇش، قىبىار، تۇبا، قورىقان، تېلېنگىت، بارغۇت، بايىرقۇ، تۇڭرا، غون، ئىزگىل، قۇشۇر، چىگىل، ئادىز، بولشار③.

تىلنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىلمىي ساھەدىكىلەر بۇنىڭ ئىچىدىكى "يۈەنخې"نى "ئۇيغۇر" دىگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى دىگەن خۇلاسىگە كېلىشكەن ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراقلاشقان جايى توغرىسىدا «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»دا ھەممىدىن بۇرۇن مەلۇمات بېرىلگەن. ئۇنىڭدا: "پادىشا ئالىلىرى غەرپكە يۈرۈش قىلىپ لۇخۇنخەي (ئورخون دەرياسىنىڭ ئېغىزى)دە گاۋچې، يۈەنخې (ئۇيغۇر)لارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى" دەپ يېزىلغان. يەنە بىر يازما مەلۇماتتا مۇنداق دىيىلىدۇ: "لەشكەر بېشى يى ۋېي ئىككى تۈمەن ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، گاۋچې نەسەپلىرىدىن يۈەنخې، ۋۇپىنلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى."

بىر ئەسىردىن كېيىن «سۇي سۇلالىسى تارىخى»دىمۇ يۇقۇرقىغا ئوخشاش مەزمۇندا مەلۇمات بېرىلگەن.

يۈەنخې (ئۇيغۇر) قەبىلىسىنىڭ ۋېي پادىشالىغى ۋە سۇي

سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى سىياسى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېنىق پاكىت تېپىش قىيىن. يېتەرلىك ماتېرىيالغا ئىگە بولۇشتىن ئىلگىرى، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر قەبىلىستىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى دىڭلىڭلار كاتېگورىيىسىگە قوشۇۋېتىشكە توغرا كەلدى. هونلار هاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلەر دىڭلىڭلارنىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك پائالىيىتى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئېھتىمال ئۇيغۇرلارمۇ ئاشۇ يىللاردا ئوتلاقلاردا بولغان شۇ توقۇنۇش ۋە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان بولسا كېرەك.

مىلادى 3-ئەسىردىن كېيىن خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە دىڭلىڭ دېگەن نام "تېلې" دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. تېلې بەزىدە دىلې، چىلې دەپمۇ ئاتالغان. ئېنىقكى، بۇ ئوخشاش بىر ئىسمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى. بۇ يېڭى نام «جەنۇبىي چى سۇلالىسى تارىخى»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»، «ۋېي پادىشالىغى تارىخى» قاتارلىق تارىخ كىتاپلىرىدا تىلغا ئېلىنغان، بولۇپمۇ «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»دا تېلېلار ئۈچۈن ئايرىم شەجەرە تۈزۈلگەن. تېلېلارنىڭ تارىخىي ھۆججەتلەرگە يېزىلغان پائالىيەتلىرى ئاساسەن ئۇلارنىڭ جوجانلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن ئىبارەت. كىتاۋىمىزنىڭ بىرىنچى باپ، ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىدىن بىرى ئەنە شۇلاردىن تەركىپ تاپقان.

ئۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئاساسلىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى كۆچۈش ۋە ئۇيۇشۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) كۆچۈش:

ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى كۆچۈشلىرىنى ھازىرقى زامان خەرىتىسىگە قاراپ چۈشەنمەكچى بولساق، ئۇ ھالدا، كۆز ئالدىمىزدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈش جىلۋىلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن ئىككى تەرەپكە قاراپ ماڭىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى شەرققە يەنى تۇغلا دەرياسى تەرەپكە كۆچتى. يەنە بىر قىسمى غەرپكە يەنى يىراقتىكى تىيانشان بويلىرىغا يۆتكەلدى.

بۇ قېتىمقى كۆچۈش ھەققىدە «سۇي سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 84-جىلدىدە: "تېلېلار...نىڭ قەۋمى ئەڭ كۆپ، دۇلېخې دەرياسى (تۇغلا دەرياسى)نىڭ شىمالىدا بارغۇت، تۇڭرا، يۈەنخې (ئۇيغۇر)لار بار" دەپ يېزىلغان. بۇ كىتاپنىڭ يەنە شۇ جىلدىدە تىيانشان بويلىرىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ: "يىۋۇ (ئېۋىر-غول — ھازىرقى قۇمۇل)نىڭ غەربىدە، كىنگىتنىڭ شىمالىدا ئاقتاغ (تىيانشان)نى بويلاپ چىبى، بولوگ، چىگىل، ئۇخۇ (ئوغۇز)، خېگۇلار ياشايدۇ؛ ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى 20 مىڭدىن ئاشىدۇ" دەپ يېزىلغان.

چىبى، ئۇخۇ دىگەن قايسى قەبىلىلەر؟

«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»نىڭ 100-جىلدىدە: "سۇلالىمىزنىڭ تارىخي مەكتۇپلىرىدا تېلې قەبىلىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ 'يىۋۇنىڭ غەربىدە، كىنگىتنىڭ شىمالىدا ئاقتاغنى بويلاپ چىبى، ئۇخۇ، خېگۇلار ياشايدۇ' دىيىلىدۇ. كەمىنە پېقىرنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، چىبى دىگەن قىبچاق دىگەنلىك بولىدۇ. ئۇخۇ دىگەن ئۇخې دىگەنلىك بولىدۇ. كېيىن خۇيگۇ (ئۇيغۇر) دەپ ئاتالدى" دىيىلگەن.

ئوت-سۇ قوغلىشىش كۆچۈشىنىڭ بىر سەۋەبى بولسىمۇ، لېكىن

مۇھىم سەۋەپ ئۇرۇش ئىدى، پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىدىن 100 نەچچە مىڭ تۈتۈننىڭ غەرپكە ئۆپچە كۆچكەنلىكى بۇنىڭ روشەن دەلىلى بولالايدۇ.

(2) ئۇيۇشۇش:

نوپۇسنىڭ تەبىئى كۆپىيىشى ۋە ئەتراپتىكى قەبىلىلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش نەتىجىسىدە، تەخمىنەن جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا توققۇز ئۇرۇقداش قەۋم شەكىللەندى، ئۇلار ياغلاقار (ئوپۇرغۇر)، قۇرتارغار، دېرىمار، بايىرسىق، ئابدال، قاسار، قوغۇرسۇ (قۇلاس)، ئوۋۇغار، سابار (سارۇرغار) لاردىن ئىبارەت④. «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»دا بۇ توققۇز ئۇرۇقداش قەۋم توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان مەزمۇن «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دىمۇ بايان قىلىنغان.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن توققۇز ئۇرۇقداش قەۋم ئىچكى توققۇز قەۋم ۋە ياكى توققۇز ئۇيغۇر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ھاسىل قىلغۇچى ئاساسلىق تەركىپ ئىدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ خىل ئۇيۇشۇشلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئورنى كۆچەيدى. دەلىللەرنىڭ بىرى شۇكى، 498-يىلى سىئانبى ئاقسۆڭەكلىرى چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى چى پادىشالىقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، گاۋچېلارنى يەنى تېلې قەبىلىلىرىنى ئەسكەر بېرىشكە قىستىغاندا، گاۋچې قەبىلىلىرى ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭچىلار ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى شۇ ئىسىملىك كىشىنى ئۆزلىرىگە باشلىق سايلىدى. «ۋېي پادىشالىقى تارىخى»دا بۇ ۋەقە مۇنداق بايان قىلىنغان: "گاۋزۇ

(شياۋۋېن پادىشا) گاۋچېلارنى ئۆزى بىلەن بىللە جەنۇپقا يۆرۈش قىلىشقا چاقىرغاندا، گاۋچېلار جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشنى خالىماي، يۇەنخېلاردىن شۇ ئىسمىلىك كىشىنى سەركەردە قىلىپ سايلاپ ئىسيان كۆتىرىپ شىمالغا كەتتى. جىنلىك بېگى يۇ ۋېنخۇ جازا يۈرۈشى قىلىپ قوغلاپ بارغاندا، قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، قايتىپ كەلدى.»

بۇ كۆپ تەرەپلىمە تۇس ئالغان ۋەقە ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر قاتارلىق گاۋچې (تېلې) قەبىلىلىرىنىڭ شىمالىي ۋېي پادىشالىغى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، ئۇيغۇر قاتارلىق گاۋچې قەبىلىلىرىنىڭ شۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تەكىتلەيدىغىنىمىز شۇ ئىسمىلىك كىشىنىڭ قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ سايلانغانلىغىدۇر. بۇ ئىش شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇرلار كۆچىيىپ ئۆز قەبىلىداشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغۇدەك ھالغا يەتكەن.

## 2. خاندانلىقنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا تۈرك خاندانلىغى دەۋرى مۇھىم بىر دەۋر ھىساپلىنىدۇ. بۇ شۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى جەلپ قىلىدىغان كۈچ سۈپىتىدە ئېلىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدە پات-پات كۆرۈنۈپ تۇرغانلىغىدا ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دەل شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىۋالغانلىغىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

بىز مۇشۇ كىتاپنىڭ بىرىنچى باپ، ئۈچىنچى بۆلۈمىدە تۈرك خاندانلىغى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم بىر خىل كۈچ سۈپىتىدە

ئېلىمىزنىڭ تارىخ سەھنىسىدە كۆرۈنگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، ئەمدى كېيىنكى بايانلىرىمىزدا، ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە ئۆز پائالىيەت زېمىنىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغانلىقى ۋە ئۆز قەبىلىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىۋالغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئاۋال ئۇلارنىڭ ئۆز پائالىيەت زېمىنىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغانلىقىغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

مەيلى مەجبۇرىيەت ئاساسىدا بولسۇن ياكى ئىختىيارىيلىق بىلەن بولسۇن، تۈرك خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت زېمىنى سېلېنگا دەرياسى ۋادىسىغا سۈرۈلگەن. بۇ ھال تاڭ سۇلالىسى تارىخلىرىدىن ئېلىنغان مەلۇماتلار تەرىپىدىن دەلىللەنىدى. «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217-جىلد (بىرىنچى بۆلۈم)دە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ”خۇيخېلارنىڭ ئەسلى ئىسمى ياغلاقار ئىدى. ئۇلار سىر-تاردۇشلارنىڭ شىمالىدا، يەنى سېلېنگا دەرياسى بويىدا ياشايتتى.“ يەنەمۇ ئىلگىرىلىگەن مەلۇماتنى تۈرك يېزىقىدىكى «قەيسەر ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» تەمىنلىگەن، بۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”...ئۇلارنىڭ دۆلىتى، ئۇلارنىڭ (يۇرتىدىكى) دەرياسى سېلېنگا دەرياسى ئىدى. ئۇلارنىڭ خەلقى ...قەدىمدىن تارتىپلا بۇ جايدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى.“ نەقىل كەلتۈرۈلگەن بۇ مەلۇماتلاردىن ئايانكى، شۇ دەۋرلەردە موڭغۇل دالاسىدىكى ئورخۇن، تۇغلا ۋە سېلېنگا دەريالىرى بويلىرى ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دىيار بولۇپ قالغان. ئوت-چۆپ ۋە سۇ مەنبەلىرى مول بولغان بۇ دەريا ۋادىلىرىنىڭ ھەر بىر چارۋىچى قەبىلىنىڭ گۈللىنىشىدە كۆرسەت-

كەن رولىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، مۇبالىغىسىز ھالدا شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، جۇغراپىيە شارائىتىدىن ئېلىپ قارىغاندا، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۇچۇن ئاساس سېلىۋالغان. كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بەزىدە كېڭىيىپ، بەزىدە تارىيىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى يەنىلا ئىزچىل ھالدا ئورخون، تۇغلا، سېلىنگا دەريالىرى بويلىرىدا ياشاپ كەلدى.

ئەمدى بىز ئۇلارنىڭ ئۆز قەبىلىسىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بۇ جەھەتتىكى ئاساسلىق مەزمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى توققۇز قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان، ئۇلار خۇيخې (ئۇيغۇر)، بارغۇت، غون، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، قىبئار، باسمىل (ئابوس)، قارلۇقلاردىن ئىبارەت. مۇشۇ توققۇز قەبىلىدىن تەركىپ تاپقان ئىتتىپاق تاشقى توققۇز قەبىلە ۋە ياكى توققۇز ئوغۇز دەپمۇ ئاتىلىدۇ⑤.

فېڭ جياشېڭ، چېڭ شۇلو، مۇ گۇاڭۋېن ئەپەندىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتىرىياللار توپلىمى» (بىرىنچى كىتاپ)دا «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە» قاتارلىق ھۆججەتلەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى 41- بەتتىكى جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلگەن.

قارىماققا، بۇ خېلى مۇرەككەپ ئىككى سىستېمىدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما بۇلارنى بىر بىرىدىن پەرق ئېتىش ئانچە قىيىنمۇ ئەمەس.

| ئىچكى توققۇز قەۋم (توققۇز ئۇيغۇر) | تاشقى توققۇز قەبىلە (توقۇز ئوغۇز) |
| --- | --- |
| ياغلاقار (ئوپۇرغۇر) | خۇيخې (ئۇيغۇر) |
| قۇرتارغار | بارغۇت (بۇغۇ) |
| دېرىمار | غون |
| بايىرسىق | بايىرقۇ |
| ئابدال | تۇڭرا |
| قاسار | ئىزگىل |
| قوغۇرسۇ (قۇلاس) | قىبئار |
| ئوۋۇغار | باسمىل (ئابوس) |
| سابار (سارۇرغار) | قارلۇق |

توققۇز ئۇيغۇر دېيىلگىنى ياغلاقار قەۋمى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ، توققۇز ئوغۇز دېيىلگىنى ئۇيغۇر قەبىلىسى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى، توققۇز ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان قەۋملەر ئارىسىدا ئۇرۇقداشلىق رىشتە قىلىندۇ، توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتالغان قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسا سىياسى ۋە ھەربىي مۇناسىۋەت رىشتە قىلىندۇ.

ئۇيغۇر قەبىلىلەر بىرلەشمىسى (يەنى توققۇز ئوغۇز) ئەگرى-توقاي ۋە تەكرارلىنىش بىلەن تولغان مۇساپىنى بېسىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن:

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى 605-يىلى تىيانشان بويلىرىدا قوز

كۆتەرگەن چاغدا، قوزغىلاڭغا قىبىئار، تۇڭرا، بايىرقۇ، بارغۇتلاردىن باشقا، سىر-تاردۇش قەبىلىسىمۇ قاتناشقان ئىدى، بىراق غون، ئىزگىللار قاتناشمىغان. ۋاھالەنكى، 627-يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موڭغۇل ئوتلىغىدىكى داچىڭشەن بويلىرىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، قوزغىلاڭچىلار قاتارىغا پەقەت بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرىلا قوشۇلغان.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى بۇ ئەگرى-توقايلىق ۋە تەكرارلىنىشلار تاڭ سۇلالىسى تارىخلىرىنى يازغان ئاپتورلارنىڭمۇ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغان. «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»دا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىرلەشمىسى ھەققىدە مۇنداق بايان بار: ”ياغلاقار خۇيخېنىڭ قەۋمى، ئۇ بارغۇت، غون، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، قىبىئاردىن ئىبارەت ئالتە قەبىلىدىن پەرقلىنىدۇ، شۇڭلاشقا قەبىلىلەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. كېيىنكى يىللاردا باسمىل ۋە قارلۇقلارنى بويسۇندۇرۇپ، جەمئىي 11 قەۋم بولدى ھەم 11 تۇتۇقبەگ تىكلەپ، 11 قەبىلە دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.“

«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»دە بۇ جەريان ئۈستىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پىكىر يۈرگۈزۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: ”... يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان يەتتە قەبىلە سۇلالىمىز (تاڭ سۇلالىسى) بەرپا بولغاندىن بۇيان تارىخ مەلۇماتلىرىدا يېزىپ كېلىنگەن، سەككىزىنچىسى باسمىل، توققۇزىنچىسى قارلۇق دەپ ئاتىلىدۇ، ئېھتىمال بۇ ئىككى قەبىلە تيەنباۋ يىللىرىدىن كېيىن باشقا يەتتە قەبىلە بىلەن بىر قاتاردا تۇرالىغان بولسا كېرەك“.

يېڭى ئۇيۇشۇشتىن ھاسىل بولغان تۇنجى ئەھمىيەتلىك نەتىجە ئۇيۇشقان بۇ قەبىلەرنىڭ ئەملىي كۈچىنىڭ روشەن ھالدا كۈچەي-

گەنلىكى بولدى.

بۇ مەزگىلدە شىمالىي يايلاق-دالادىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سۈي سۇلالىسى ۋاقتىدىكى نوپۇسى ۋە ئەسكىرىي كۈچىنى تاڭ سۇلالىسى ۋاقتىدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى. «سۈي سۇلالىسى تارىخى. تېلېلار شەجەرىسى»دىن مەلۇم بولۇشىچە، سۈي سۇلالىسى مەزگىلىدە تۇغلا دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر، بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ، ئىزگىل قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئارانلا 20 مىڭ ئەسكىرى بولغان. يىۋۇنىڭ غەربى، كىنگىتنىڭ شىمالىدىكى قىبىئار، ئوغۇز (ئۇخۇ) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭمۇ 20 مىڭچە ئەسكىرى بولغان، دېمەك، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئەسكىرى 40 مىڭ چامىسىدا ئىدى.

لېكىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، يەنى كىتاۋىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقان مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدىكى بارغۇتلاردا 30 مىڭ تۈتۈن، 10 مىڭ ئەسكەر، تۇڭرالاردا 30 مىڭ ئەسكەر، ئۇيغۇرلاردا 100 مىڭ تۈتۈن، 50 مىڭ ئەسكەر، بايىرقۇلاردا 60 مىڭ تۈتۈن، 10 مىڭ ئەسكەر، ئىزگىللاردا 30 مىڭ ئەسكەر بولغان. بۇنىڭدىن باشقا غۇن، ئادىز، باسمىل، قىبىئار قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بولغان.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرۇپ شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، يېرىم ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئۈچ-تۆت ھەسسە ئېشىپ، 130

ملك چامىسغا يەتكەن.

باشقا قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ رولى تېخى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. بۇنى 605 ـ يىلدىكى تېلې قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلىڭىدىن ئوچۇق كۆرگىلى بولىدۇ. شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەردەكەرده بولۇپ سايلانمىغان، بەلكى قىبىئار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قىبىئار گالىن قاغان بولۇپ سايلانغان⑥.

ئۇيغۇر قەبىلىسى پەقەتلا 627 ـ يىلدىكى قوزغىلاڭدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى رولىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدا ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى بوسات قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلاندى⑦.

تارىخىي ھۆججەتلەردە بوساتنىڭ ئىقتىدارىغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: "بوسات قەيسەر، جەڭگەرلىك، تەدبىرلىك ئىدى. ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا، ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ھەممىدىن بۇرۇن جەڭگە ئاتلىناتتى. ئاز ئەسكەر بىلەن كۆپ دۈشمەننى يېڭەتتى. ئۇ ھەمىشە ئۇرۇش مەشقى قىلاتتى ۋە شىكارغا چىقاتتى"⑧.

تارىخىي ھۆججەتلەردە بوساتنىڭ ئانىسى ئورىقۇن تىلغا ئېلىنىغاندا، ئۇ مەدھىيىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇ دەۋا ـ سوراقلارغا ئارىلىشاتتى، ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ چىقاتتى، ئىچكى ئىشلارنى ناھايىتى ئىدىتلىق سەرەمجانلاشتۇراتتى"⑨. بۇلاردىن شۇ نەرسە ئايانكى، ئۇيغۇر قەبىلىسى ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچ جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى رەھبىرىي شەخسلەر جەھەتتىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان شەرتلەرنى ھازىرلىغان.

بوساتنىڭ 5000 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مالبىشەن ئېغىدا تۈركلەر-
نىڭ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى تارمار قىلغانلىقى تارىخىي ھۆج-
جەتلەرگە كەڭ پۈتۈلگەن. ئەلۋەتتە، بوساتنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا
قىلغان ئىشلىرى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بوساتنىڭ ئەڭ
مۇھىم ئىشى شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۆزىنى ئالپ ئېلتابىر
دەپ ئاتاپ، تۇغلا دەرياسى بويىدا بارگاھ تىككەنلىكىدىن
ئىبارەت⑩.

بوساتنىڭ تۇغلا دەرياسى بويىدا بارگاھ تىككەن ۋاقتى 627-
يىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە شەرقىي تۈرك خاندانلىقى گۇمران
بولۇشقا يۈزلەنگەن ئىدى. بۇ ھال ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پائالىيە-
تىدىكى بىر نامايەندە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت گەۋدىسىنى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىراق، تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى شۇنداق قىزىقارلىقكى، ئۇيغۇر
قەبىلىلىرى ئۆز كۈچىنى ئەمدىلا جارى قىلىشقا كىرىشكەن مەزگىلدە،
ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا باش كۆتەرگەن سىر-تاردۇش قەبىلىسى
شەرقىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكىدىن پايدىلى-
نىپ، ئۆز كۈچىنى شەرققە سۈرۈش بىلەن، موڭغۇل دالاسىغا يېتىپ
كەلدى. ئاقىۋەتتە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇل-
لىنىۋاتقان دائىرىدە قامىلىپ قېلىپ، بىرەر كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپە-
قىيەت قازىنىشقا ئامالسىز قالدى. بۇ مەزگىلدە، بوسات ئۆلۈپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا تۇمەت ئۇيغۇرلارغا ئاقساقال بولغان ئىدى.

646-يىلى سىر-تاردۇشلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ماجىرا تۇغۇلۇپ،
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە شىمال تەرەپتىن سىر-
تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلدى، بۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى

جەنۇپ تەرەپتىن سىر-تاردۇشلارغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشى ئارقىسىدا، سىر-تاردۇشلار تارمار بولدى. سىر-تاردۇشلارغا قارشى بۇ ئۇرۇش ئۇيغۇرلارغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىرمۇنچە پايدا كەلتۈردى.

ماددى جەھەتتىكى نەتىجە شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇيغۇرلار سىر-تاردۇشلارنىڭ ئاھالىسى ۋە زېمىنىغا ئىگە بولۇپ، موڭغۇل دالاسىدا بىردىن-بىر كۈچلۈك قوراللىق كۈچكە ئايلاندى.

مەنىۋى جەھەتتە بولسا، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقىنىغا 20 نەچچە يىل بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە يۈلىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇۋالدى. بۇ تونۇش كېيىنكى يىللاردا ئۇلارنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن كەڭ ۋە زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشىغا ئاساس سالدى.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئۇيغۇرلار قوللانغان تۈنجى ماھىيەتلىك تەدبىر شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، تۇمەت سىر-تاردۇشلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ قوغدىنىش ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ قوللىنىلغان ھەركەت بولۇپ، تۇمەتىنىڭ مەقسىدى ئېنىق ئىدى. دىمەك، ئۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى ۋە ئابرويىغا سۆيۈنۈپ، تۈركلەرگە تاقابىل تۇرماقچى بولغان ئىدى.

تاڭ سۇلالىسى تارىخلىرىدا بۇ ۋەقەنىڭ جەريانى ھەم تەپسىلاتى توغرىسىدا مەلۇمات يېزىلغان.

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 195-جىلدىدە مۇنداق

دېيىلىدۇ: "خۇيخېلارنىڭ ئاقساقىلى تۇمەت باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىللە سىر-تاردۇشلارنىڭ قاغانى ئىشتامى قاغاننى مەغلۇپ قىلىپ، پۇقرالىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، ئۇنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى. جېنگۇەن 20-يىلى (مىلادى 646-يىلى) خېلەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسى بويىغا كېلىپلا ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، سوغا-سالام كىرگۈزدى، سىر-تاردۇشلارنى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، پادىشا ئالىيلىرى ئۇلارغا ھۇزۇرىدا زىياپەت بەردى. تەيزۇڭ ئۆزى لىڭجۇغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ سوغا-سالام ۋە ئىززەت-ئىكرامىنى قوبۇل قىلدى."

«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217-جىلد (بىرىنچى بۆلۈم) دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇندا مەلۇمات خاتىرىلەنگەن: "بوسات ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاقساقىلى كۆلۈگ ئېلتابىر تۇمەت باشقا قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، سىر-تاردۇشلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋالدى، ئاندىن خېلەنشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسى بويىغا كېلىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ سوغا-سالام كىرگۈزدى. تەيزۇڭ ئۆزى بىۋاستە لىڭجۇغا، ئاندىن جىڭياڭغا بېرىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى. شۇ سەۋەپتىن تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدىكى 11 قەبىلە ئەلچىلەر كىرگۈزۈپ مۇنۇلارنى بايان قىلدى: 'سىر-تاردۇشلار بۈيۈك دۆلەتكە ئىتائەت قىلماي، ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلدى. ئۇنىڭ پۇقرالىرى تەرەپ-تەرەپكە تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئەمدى ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزگە تەئەللۇق زېمىنغا ئىگە بولدۇق، تەڭرى ئوغلى (تاڭ پادىشاسى)غا ئىتائەت قىلىشنى راۋا كۆردۇق. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئەمەلدار قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز.' پادىشا ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن،

ئۇلار شەرىپىگە كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ چوڭلىرى قوبۇل قىلىنىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەنسەپ ئۇنۋانى بېرىلگەنلەر بىرقانچە مىڭ كىشىگە يەتتى.»

ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ كۈچكە تاڭ سۇلالىسىنىڭ نەقەدەر ئېتىۋار بەرگەنلىكىنى تاڭ تەيزۇڭنىڭ لىڭۋۇ (هازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى)غا بېرىپ تۈمەتىنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى تولۇق دەلىللەپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى يىلى يەنى 647-يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان جايلاردا تۇتۇق بۇيرۇق ۋە ئايماقلارنى تەسىس قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر، بارغۇت، تېلېنگىت، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل قاتارلىق ئالتە قەبىلە ياشايدىغان رايونلاردا تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلدى.

ئۇيغۇر قەبىلىسىدە خەنخەي (دەشت) تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ مەركىزى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇرماتاي دەرياسى ۋادىسىدا.

بارغۇت قەبىلىسىدە جىنۋېي تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ مەركىزى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونا چەرچىنخان رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىدا.

تېلېنگىت قەبىلىسىدە يەنرەن تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ مەركىزى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتور شەھىرىنىڭ يېنىدا.

بايىرقۇ قەبىلىسىدە يۈلىڭ تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس

قىلىندى. ئۇنىڭ مەركىزى هازىرقى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ بېئېر كۆلى بويلىرىدا.

تۇڭرا قەبىلىسىدە گۇيلىن تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ مەركىزى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۇڭغۇلاق دەرياسى ۋادىسىدا.

ئىزگىل قەبىلىسىدە لۇشەن تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنى هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى بايدەرغى دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە.

تاڭ سۇلالىسى يەنە غون، قۇشۇر، چىگىل، ئادىز، قىبئار، بولشار قاتارلىق قەبىلىلەر ياشايدىغان رايونلاردا ئايماق تەسىس قىلدى.

غون قەبىلىسىدە گاۋلەن ئايمىغى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنى هازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

قۇشۇر قەبىلىسىدە گاۋچۈ ئايمىغى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنى هازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

چىگىل قەبىلىسىدە جىلۇ ئايمىغى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنى هازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

ئادىز قەبىلىسىدە جىتيەن ئايمىغى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنى هازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

قىبئار قەبىلىسىدە يۈشى ئايمىغى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ ئورنى هازىرغىچە ئېنىق ئەمەس.

بولشار قەبىلىسىدە تيەنيەن ئايمىغى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ مەركىزى چوڭ شىڭئەنلىڭ تاغ تىزمىسىدا.

تاڭ سۇلالىسى تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى دەرىجىلىك ئورگان-

لاردا تۇتۇق بۇيـرۇق، ئايـماق دەرـجلـك ئورگانـلاردا ئايـمان
(سشى) دىگەن مەنسەپلەرنى قويـدى، بۇ مەنسەپـلەرگە تامامەن شۇ
قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىـرى تەيىنلەنـدى. يەنە ئۇقۇرـدىكى تۇتۇق
بۇيرۇق مەھكىمىسى ۋە ئايماقـلارغا بىۋاسـتە رەھبەرلىـك قىلىـش
ئۈچۈن، هازىرقى كۆكخوت شەھـرىـنىڭ غەربـىدە يەنـرەن دۇخۇ
(سەرتاپلىق) مەھكىمىسى تەسىس قىلىنـدى. يەنـرەن دۇخۇ مەھكى-
مىسىنىڭ دۇخۇلىغـىغا تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى بىۋاسـتە ئۆزىـنىڭ
ئەمەلدارلىرىنى قويدى⑪.

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇمەتـكە "بېقىنـغان
سانغۇن" دىگەن ئۇنۋاننى بېرىپ، دەشت تۇتۇق بۇيـرۇق مەھكىمى-
سىنىڭ تۇتۇق بۇيرۇقلۇغىغا تەيىنلىدى. بۇ ئۇيغۇر سەركەردىسـنىڭ
تۇنجى قېتىم تاڭ سۇلالىسـنىڭ ئەمەل-مەنسۋىـنى قوبۇل قىلىـشى
ئىدى. ئارقىدىن ئۇيغۇر قەبىلـىرى تاڭ سۇلالـىسى هۆكۈمىتىـدىن
تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايىتەختى چاڭئەن (هازىرقى شىـئەن) گە بارىدى-
غان بىر يول ئېچىشـنى ئىلـتىماس قىلدى. ئىككىنـچى يىـلى، تاڭ
سۇلالىسى هۆكۈمىتى چاڭئەنگە تۇتاشتۇرۇلىدىغان قاتناش لىنىيىسىنى
بەرپا قىلىـپ، ئۇنىڭـغا تەڭـرى قاغـان يولـى دەپ نام بەردى، بۇ
يولـنىڭ 68 ئورنـىدا جام-ئۆـرتەڭ قۇرۇپ، سەپـەر ئۈسـتىدىكى
ئەلچىلەرنى ئات-ئۇلاق، يىمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ تۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەي قورىقان، تۇبا، قىرغىز ۋە ئۇيغـۇر قەبىلىسـنىڭ
يەنە بىر تارمىقى بولغان كۆلۈك بىي قەبىلىسىمۇ تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمى-
تىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى بۇ قەبىـلىلەرگىـمۇ تۇتۇق
بۇيرۇق ۋە ئايماق تەسىس قىلـدى. قورىـقان قەبىلىـسىدە شۇەنچۆ
ئايمىقى تەسـىس قىلىنـدى، ئۇنىڭ مەركـىزى هازىـرقـى سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ سىبىرىيە رايونىدىكى بايقال كۆلىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. قىرغىز قەبىلىسىدە جيەنكۇن (قىرغىز) تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. كۇلۇك بىي قەبىلىسىدە جولۇڭ ئايىمىغى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ مەركىزى بايقال كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئورنى قوش ياقلىمىلىق ئىدى. ئۇلار، بىر تەرەپتىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىتائەت قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇئەييەن دائىرىدە ئەمەلىي باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ تۇراتتى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۇ قوش ياقلىمىلىق سالاھىيىتى تۈمەتتە گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "...تۈمەتكە بېقىنغان سانغۇن، دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى دەپ ئۇنۋان بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆزىنى ئۆز ئالدىغا قاغان دەپ جاكالاپ، بۇرۇنقى تۈركلەرگە ئوخشاش ئۆز ئالدىغا ئەمەلدار تەسىس قىلدى، ئالتە نەپەر تاشقى ۋەزىر، ئۈچ نەپەر ئىچكى ۋەزىردىن باشقا، يەنە دۇدۇ (تۇتۇق بۇيرۇق)، سانغۇن، سىما قاتارلىق مەنسەپلەر بار."

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۈمەت تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارى دەپ ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزىنى قاغان دەپ جاكالىغان ھەم تۈرك خاندانلىقىنىڭ مەنسەپ تۈزۈمىگە ئوخشىتىپ ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلارنى تەسىس قىلىپ، ئەمەلىيەتتە، خاندانلىقنىڭ تۆرەلمىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تۇمەتنى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئاساس-
چىسى، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق دېيىشتە، ئاساسەن، ئۇنىڭ مۇنۇ
جەھەتلىرىنى كۆزدە تۇتتۇق:

1) تۇمەت ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، سىر-تاردۇشلار
ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇقرا ۋە زېمىنلىرىنى ئۆزىگە
قوشۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسىم جايلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى، دېمەك، ئۇ
كېيىنكى ئۇيغۇر خاندانلىقىغا زېمىن ئاساسىنى ئورنىتىپ بەردى.

2) تۇمەت هونلار، جوجانلار، تۈركلەر ۋە كېيىن گۇمران
بولغان سىر-تاردۇشلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشتىكى ئاساسىي ساۋاقلىرىنى
يەكۈنلەپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن ئىناق
ئۆتۈشنىڭ ئۇرۇشۇشقا قارىغاندا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.
شۇڭلاشقا، كېيىن قۇرۇلغان ئۇيغۇر خاندانلىقى 100 يىل
داۋامىدا تۇمەت تۇزۇپ چىققان بۇ سىياسەتلەرگە باشتىن-ئاياق
ئەمەل قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى هۆكۈمىتى بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتتە
بولدى. دېمەك، ئۇ كېيىنكى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ سىياسەت ئاسا-
سىنى ئورنىتىپ بەردى.

648-يىلى، تۇمەت ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئوغۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈ-
رۈلدى. ئوغۇر تۇمەتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى
مەجبۇرەن تۈرك قاغانى قاپىش قاغانغا بويسۇندۇرماقچى بولغان
ئىدى. لېكىن يەنىرەن دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن دۇخۇسى يۈەن
لىچېن ئوغۇرنى قەتلى قىلىپ، ئۇنىڭ شېرىكى كۇلۇك بېيىنى قولغا
ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇر توپىلىڭى تىنجىتىلدى.

ئوغۇرنى قەتلى قىلىش تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەشت تۇتۇق بۇيرۇ-

غىنىڭ نوپۇزىنى قوغداشتا زۆرۈر ئىدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپ-تىن، ئۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتە كونا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قايتا تىرىلىش قارا نىيىتىگە قاتتىق دەككە بولۇپ، ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ئۇيغۇر قەبىلىسىنى يوقىلىشتىن ساقلاپ قالدى.

ئوغۇر قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چېرىكچى ئامبال سۈي دۇنلىنى تۇمەتكە تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر قەبىلىسىگە ئەۋەتتى ھەمدە تۇمەتنى سول قانات قەيسەر مۇھا-پىزەتچى سانغۇن دەپ ئېتىراپ قىلدى. تۇمەتىنىڭ ئوغلى بايانىنى ئوڭ قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى سانغۇن، بۈيۈك ئېلتابىر، دەشت تۇتۇق بۇيرۇق قىلىپ تەيىنلىدى.

بايان توغرىسىدا تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇمات كۆپرەك پۈتۈلگەن. بايان 651-يىلى 50 مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە باشلامچى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدىكى غەربىي تۈرك خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. 656-يىلدىن 657-يىلغىچە، بايان ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا غەربىي تۈركلەردىن ئاشىنا قۇلىغا قارشى ئۇرۇش قىلدى. 661-يىلى بايان ئەسكەر باشلاپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ھەمدەمدە بولۇپ كورىيىدە ئۇرۇش قىلدى.

بۇ ۋەقەلەردىن شۇ نەرسە دىققەتىمىزنى تارتىدىكى، بايانىنىڭ بۇ پائالىيەتلىرى تامامەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ھەم ئۇ كۆرسەتكەن جەڭ تۆھپە-

لىرىگە تايىنىپ مەنسۇپنى ئۆستۈرگەن. ئۇ دادىسىنىڭ مەنسۇپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دەشت تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بۇيرۇقلۇغىغا تەيىنلەنگەندە، ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى ئوڭ قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى سانغۇن بولغان بولسا، ئاشىنا قۇلىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى ھەربىي ئۇنۋانى سول قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى سانغۇن بولۇپ ئۆستۈرۈلدى.

بىز بۇنىمۇ ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ قوش ياقلىمىلىق ئورنىنىڭ گەۋدىلىنىشى دەپ قارايمىز.

بايان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىي (بەگ) سوغۇردۇ ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ سىياسى ئىشلاردا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلمەيدىغان شەخس بولغانلىقتىن، بايانىنىڭ ۋاپاتىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنى تاڭ سۇلالىسىگە قارشى چىقىشقا زورلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن ئەسكەر چىقىرىپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە ھۇجۇم قوزغىدى. تەسلىكتە تىنچلانغان چېگرىدا ئۇرۇش چۇقان-سۈرەنلىرى قايتا كۆتىرىلدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭ رېنتەي، لىيۇ شېنلى، شۆ رېنگۈي قاتارلىق ئەمەلدارلىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەربى ھەركىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

شۇڭلاشقا، 663-يىلى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قىبئار قەبىلىسىنىڭ باشلىقى قاپىش ئالپنى ياراشتۇرغۇچى ئەلچى قىلىپ بەلگىلەپ، مەسىلىنى سىياسى ۋاستە ئارقىلىق ھەل قىلماقچى بولدى.

قاپىش ئالپ 500 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكەرلەر مۇھاپىزەتچى قوشۇ-

نى باشلاپ ئۇيغۇرلار رايونىغا كىرىش بىلەن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن قەبىلە ئاقساقاللىرىنىلا جازالاش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ئېلان قىلدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ سىياسى تەدبىرى ياخشى ئۈنۈم بەردى. مەجبۇرەن ئەگەشكەن قەبىلىلەر ۋە پۇقرالار توپىلاڭ كۆتەرگەن ئاقسۆڭەكلەردىن ئايرىلىپ چىقتى ھەمدە بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى قوزغاشقا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ياپقۇ، شات ۋە تېكىنلەردىن 200 نەچچە كىشىنى قولغا ئالدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ توپىلاڭچى ئاقسۆڭەكلەرنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قەتلى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھازىرقى ئۇلانباتورنىڭ يېنىدا تەسىس قىلغان يەنرەن دۇخۇمەھكىمىسىنى ئۇيغۇرلار رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىپ، موڭغۇل دالاسىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بىي سوغۇردۇدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تۇغۇچۇق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئاقساقىلى بولدى.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا يۈز بەرگەن ۋەقە تۈرك خانىدانلىقىنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئىدى. بۇ مەزگىلدە بولۇپ ئۆتكەن سان-ساناقسىز ئۇرۇشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى جەلپ قىلارلىق ئىش ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ مەجبۇرى كۆچۈشىدۇر. بۇ كۆچۈش 8-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ مۇقەددىمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان. بۇ مەجبۇرەن كۆچۈشنىڭ سەۋەپلىرى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

691-يىلى، تۈرك قاغانى قۇتلۇق ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنىسى قاباغان (بۆگۈكۈر) خانلىق تەختىگە چىقتى. قاباغان قاغان بولغان دەسلەپكى يىللىرىدا تۇغلا، سېلىنگا ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىد-

دىكى ئۇيغۇرلارغا توختىماي ھۇجۇم قىلىپ تۇردى. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر، قىبىار، ئىزگىل، غون قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بىر تۈركۈم پۇقرالىرى ئىلاجسىزلىقتىن خېشى كارىدورى رايونىدىكى گەنجۇ، لياڭجۇ ئەتراپلىرىغا كۆچۈپ باردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى خېشى جيېدۇشى ئامباللىغى تۇرۇشلۇق جاينىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇردى[12]. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشى ئىدى.

715-يىلى تۇغۇچۇق ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ۋۇدىبېربەگ ئۇيغۇرلارغا ئاقساقال بولدى. تۈرك قاغانى قاباغان مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى قاتتىق زىيانغا ئۇچراتتى. ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر، بايىرقۇ، تۇڭرا، بولشار ۋە بارغۇت قەبىلىلىرىنىڭ بىر تۈركۈم پۇقرالىرى سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتتى. تاڭ سۇلالىسى ئۇلارنى جېنۇۋجۇن لاگىرىنىڭ ئەتراپىغا سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويدى[13]. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشى ئىدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق كۆچۈش ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ئەھمىيىتى شۇكى، غەرپ بىلەن جەنۇپقا يۆزلىنىش بىر ئەسىردىن كېيىن يۈز بەرگەن يەنە بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. كېيىنكى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشتە ئۇيغۇر پۇقرالىرى مۇشۇ ئىككى يۆزلىنىشنى بويلاپ سەپەرگە ئاتلاندى.

722-يىلى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ خېشىدا تۇرۇشلۇق جيېدۇشى ئامبىلى ۋاڭ جۈنبى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر

پۇقرالىرى توپىلاڭ كۆتىرىشكە تەمشىلىۋاتىدۇ، دىگەن مەزمۇندا بىر تۆھمەت مەكتۇبىنى ئەۋەتىدۇ. تاڭ شۇەنزۇڭ بۇ پىتنە-پاساتقا ئىشىنىپ كىتىپ، خىشى رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى چىغزۇڭنى لىڭنەن رايونىغا سۈرگۈن قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. بۇ ئادالەتسىز قارار يەرلىك ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىۋىتىدۇ. ئۇلار قوزغىلىپ ۋاڭ جۈنبىنى ئۆلتۈرۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا بارىدىغان قاتناشنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھەربى قوشۇننى ئىشقا سىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ⑭.

تاڭ سۇلالىسى ھەربى كۈچىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، گەنجۇ ۋە لياڭجۇ ئەتراپىلىرىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ بىر قىسمى بۇ رايوندىن ئايرىلىپ، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىغا قايتىپ بارىدۇ. يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇر پۇقرالىرى بولسا ئۆز ئورنىدا قالىدۇ.

خىشى ۋەقەسىنىڭ تەسىرى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولدى. ئۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلدى؛ ئۇ يەنە چىغزۇڭ جەمەتىنىڭ ئىناۋەت-ئابرويىنى ئاشۇردى. دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەيلا، تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن لىڭنەن رايونىغا سۈرگۈن قىلىۋىتىلگەن چىغزۇڭنىڭ ئوغلى گۇربالا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلاندى ۋە قاغان دەپ ئىززەتلەندى. ئۇيغۇر خانداندىقىنىڭ تارىخىدا ئەنە شۇ گۇربالانىڭ پائالىيىتى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

742-يىلى، ئۇيغۇر، قارلۇق ۋە باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەر بىرلىشىپ، ئىچكى ماجرا ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتقان تۈرك خاندانلىقىغا ھۇجۇم قوزغاپ، تۈرك قاغانى قۇتلۇق ياپقۇنى ئۆلتۈرۈپ، باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقلى ئىلتىرىشنى قاغان قىلىپ سايلىغاندا، ئۇيغۇر

قاغانى گۇربالا سىرتقا قارىتا قاغان دېگەن نامنى بىكار قىلىپ، سول ياپغۇ دېگەن نام بىلەن ئۆزىنى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويدى⑮.

گۇربالانى باسمىل قەبىلىسى ئاقساقىلىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشقا مەجبۇر قىلغان ئاساسلىق سەۋەپ شۇكى، شۇ چاغدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدا گۇربالا پايدىسىز ئورۇندا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ ۋاقىتلاردا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قارلۇق قەبىلىسى باسمىل قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلىنى قوللايتتى.

745 ـ يىلىغا كەلگەندە، گۇربالا قارلۇق قەبىلىسى بىلەن بىرلىشىپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جىمسار ناھىيىسى يېنىدا باسمىل قەبىلىسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، بۇرۇن ئۆزلىرى سايلاپ چىققان ئېلتېرىش قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، گۇربالا ئۆزىنى "قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان" دەپ جاكالىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ تەيىنلەشنى ئىلتىجا قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەسلەپتە گۇربالانى "دىيانەتلىك ۋاڭ" قىلىپ تەيىنلىدى. لېكىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا گۇربالانى "قۇتلۇق بىلگە كۆل رەھىمدىل قاغان" قىلىپ رەسمىيلەشتۈردى. بۇ دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى بىر ئەسىردىن كۆپ ۋاقىت ئىچىدە ئېلىمىز-نىڭ شىمالىدىكى نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ نامى ئاستىدا جەم بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شەۋكەتلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتەك مۇقەددەس ئىشقا داۋاملىق قاتناشتى.

رەھىمدىل قاغان گۇربالانىڭ بارگاھى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق

جۇمھۇرىيىتىگە تەۋە ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىكى ئوتۈكان تېغى ئېتىگىگە تىكىلدى. ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ دائىرىسى شەرقتە شىڭئەن-لىڭ تاغ تىزمىلىرى، غەربتە ئالتاي تېغى، شىمالدا سىبىرىيىنىڭ بايقال كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، جەنۇبتا بولسا تاڭ سۇلالىسى زېمىنى بىلەن چېگرىلانغان ئىدى. دېمەك، بۇرۇنقى شەرقىي تۈرك خاندانلىقى ئىگىلىگەن زېمىنلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، سىبىرى-يىدىكى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقان تۇبا قەبىلىسى، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدە ئولتۇراقلاشقان قورىقان قەبىلىسى، يېنىسېي دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا ئولتۇراقلاشقان قىرغىز قەبىلىسى، ئالتاي تېغى بويىدا ئولتۇراقلاشقان قارلۇق قەبىلىسى، تىيانشاننىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان سارت قەبىلىسى، يىنشەن (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل دائىرىسىدە) تېغى ئېتىگىدە ئولتۇراقلاشقان تاڭغۇت قەبىلىسى بىلەن تۇيۇخۇن قەبىلىسى، شىڭئەنلىڭ تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان شىرۋى، شى ۋە قىتان (خىتاي) قەبىلىلىرى ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ تەۋەلىگىگە ئۆتتى[16].

## 3. خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى قاغان دەپ ئاتىلىدۇ. خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىككى كوللېكتىپتىن يەنى ئاقسۆ-ڭەكلەر كوللېكتىۋى ۋە ئەمەلدارلار كوللېكتىۋىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر كوللېكتىۋىنىڭ دەرىجە رېتى تېكىن (خانزا-دىلەر)، ياپقۇ (قاغاننىڭ نائىبى)، شات (ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن باشقا

قەبىلىلەرنىڭ قوشۇن سەركەردىلىرى)لاردىن ئىبارەت ئىدى. تېكىن، ياپقۇ، شات قاتارلىق مەنسەپلەرگە خانزادىلەر ۋە خان جەمەتىدىكە-لەرلا تەيىنلىنەتتى. ئۇلار يۈكسەك شان-شۆھرەت ۋە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولاتتى. لېكىن، ئۇلارغا ناھايىتى ئاز مەمۇرى مەسئۇلى-يەت يۈكلەنگەن ئىدى.

ئەمەلدارلار كوللېكتىۋىنىڭ دەرىجە رېتى ئاپار (قوشۇن سەركەر-دىسى)، چاغۇندا (دۆلەت ئىشلىرى مۇشاۋىرى)، تارخان (قوشۇن سەركەردىسى)، بۇيرۇق (باش ئىش بېجىرگۈچى) ۋە ئۈچ نەپەر ئىچكى ۋەزىر، ئالتە نەپەر تاشقى ۋەزىر، شۇنىڭدەك تامغاچى (تامغا تۇتىدىغان ئەمەلدار)لاردىن ئىبارەت.

سىياسى ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە مەمۇرى مەسئۇلىيەت ئۆتەش جەھەتلەردە، ئەمەلدارلار كوللېكتىۋى دەل ئاقسۆڭەكلەر كوللېكتىۋىنىڭ ئەكسى ئىدى. ئەمەلدارلار كوللېكتىۋى ئاقسۆڭەكلەر كوللېكتىۋىغا قارىغاندا ناھايىتى كۆپ مەمۇرى مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان بولسىمۇ، ئۇلار بەھرىمەن بولالايدىغان شان-شۆھرەت ۋە ئىمتىيازلار ئاقسۆڭەكلەر كوللېكتىۋىنىڭكىدىن كۆپ ئاز ئىدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەنسەپلەرنى تەسىس قىلغاندىن تاش-قىرى، خاندانلىق يەنە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، سانغۇن (جياڭجۈن)، سىما قاتارلىق مەنسەپلەرنى تەسىس قىلدى⑰.

ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ئوتلاقلىرىدا ھاكىمىيەت قۇرغان باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا، ئۇيغۇر خاندانلىقىمۇ باشقىلارنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىش ئاساسىغا قۇرۇلدى، گەرچە

بۇ خاندانلىقتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر گۇرۇھلىرى ئومۇمەن ئوخشاش جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تېخى كەڭرى ئالاقە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ ئۆز ئالدىغا قوراللىق كۈچلىرى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ھەمىشە مەلۇم دائىرىدە مۇستەقىل، ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ نىسپىي مۇستەقىل قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئاساسەن، دۈشمەنلىشىۋاتقان ھەرقايسى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ يۈرۈپ، بىرمۇنچە چارۋىچى قەبىلىلەر ھاكىمىيەتلىرىنىڭ گۇمران بولۇشىغا دەسلەپكى سەۋەپچى بولغان. ھون، جوجان، تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاندانلىقلىرىنىڭ تارىخىدا مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ.

ئۇيغۇر خاندانلىقىمۇ مۇستەسناسىز ھالدا بۇ تارىخىي شارائىتلارنىڭ چەكلىمىلىرىگە ئۇچراپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تۇراقسىز سىياسىي ئاساسقا قۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. مۇشۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇر خاندانلىقى ئۈچۈن بۇ شارائىتقا مۇناسىپ ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسىنى تىكلەشكە توغرا كەلگەن. بۇ ھۆكۈمرانلىق قۇرۇلمىسى كۆپ قاتلاملىق بولۇپ، ئۇنىڭ يادروسى توققۇز ئۇيغۇر (ئىچكى توققۇز قەۋم) ھەم توققۇز ئوغۇز (تاشقى توققۇز قەبىلە) ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بولسا بويسۇندۇرۇلغان غەيرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەۋجۇت ئىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىسىنى ھاسىل قىلغان ھەرقايسى ئۇرۇقداش قەۋملەر (توققۇز ئۇيغۇرلار) ئارىسىدا خاندانلىق بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. خاندانلىق بۇ ئۇرۇقداش قەۋملەرگە مەمۇرىي ھوقۇققا ئىگە تۇتۇق دەپ ئاتالغان ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ، بۇ تۇتۇقلارغا سىياسىي جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىگەندىن باشقا،

يەنە ئۇلارغا خاندانلىقنىڭ غەزنىسىگە ئولپان ماڭغۇزۇش مەسئۇلىيىتىنىمۇ يۈكلىگەن ئىدى. ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇقداش قەۋملىرى ياشاۋاتقان جايلار خاندانلىقنىڭ ئاساسلىق زېمىنى بولدى.

تاشقى توققۇز قەبىلە، يەنى توققۇز ئوغۇزلار ئۇزاق ۋاقىتلىق ئورتاق كۈرەشلەردە ئۆزئارا كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالاقىلەرنى ئورناتقان ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قۇرۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. بۇ، مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇكى، بۇ قەبىلىلەر باشتىن تارتىپ ئۆز ئالدىغا قوراللىق كۈچكە ۋە تەسىر دائىرىسىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارغا خاندانلىقتىن ئەۋەتىلگەن مەمۇرى ھوقۇقلۇق ئەمەلدارلارنى تەلتۆكۈس قوبۇل قىلىش تەلىۋىنى قويۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

خاندانلىقنىڭ بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرىغا تېكىن، ياپقۇ، ئېلتابىر قاتارلىق ئاقسۆڭەكلىك ئۇنۋانلارنى بېرىپ، ئۆز تەسىر دائىرىسىدە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشنى ھاۋالە قىلىشىنىڭ سەۋەپلىرى مانا مۇشۇ يەردە ئىدى.

بۇ تەدبىرنىڭ ماھىيىتى ھەم خاندانلىق قاغانىنىڭ ئالى نوپۇزىنى تىكلەش، ھەم ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بۇ گۇرۇھلار باشلىقلىرىنىڭ ھوقۇق تاماسىنى قاندۇرۇش ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە قەبىلە باشلىقلىرى سىياسى جەھەتتە خاندانلىق قاغانىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە خاندانلىقنىڭ غەزنىسىگە ئولپان تۆلەش، ھەربى جەھەتتە خاندانلىقنى ھەربى قوشۇن بىلەن تەمىنلەپ، بىرلىكتە ئۇرۇشقا ئاتلىنىش مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە

ئالدى. خاندانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە بۇ قەبىلىلەر خاندانلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان كۈچلىرى ئىدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ چەت-ياقا رايونلىرىدىكى قەبىلىلىرى قوراللىق كۈچ بىلەن ياكى مەجبۇرى بېسىۋېلىنغان قەبىلىلەر ئىدى. ئۇلار كۈچسىز بولغانلىقتىن، موڭغۇل دالاسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ماجىرالىرىغا يېتەرلىك قاتناشماي، ئۆزلىرىنى ئىمكان قەدەر بىتەرەپ تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر خاندانلىقىغا بېقىنغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئېرىشكەن مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن تامامەن بىخەۋەر ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش مەقسىتىدە خاندانلىقتا "تۇتۇن" (نازارەتچى) دېگەن مەنسەپ تەسىس قىلىندى⑱.

بىراق ياقا جايلاردىكى قەبىلىلەرگە ئەۋەتىلگەن تۇتۇنلار بۇ قەبىلىلەرنىڭ يۇقۇرى تەبىقىلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشتىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتىمۇ ئۇلارنىڭ خاندانلىققا ئۆز ۋاقتىدا سوغا-سالام ۋە ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۇردى. ئۇيغۇر خاندانلىقى گۈللىنىۋاتقان ۋاقىتلاردا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ خاندانلىققا ئىتائەت قىلىش دەرىجىسى پۈتكۈل سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلمىدى. لېكىن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر خاندانلىقى زەئىپلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەندە، ئۇلار خاندانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

ئۇيغۇر خاندانلىقى يۇقۇرىقىدەك بىر يۈرۈش ھۆكۈمرانلىق ئاپپا-

راتلىرى ئارقىلىق موڭغۇل دالاسىدا 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈم سۈردى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا بۇ مەزگىل ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

### 1. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادى

بۇ بۆلۈمدە ئاساسەن مۇنۇ ئىككى مەسىلە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. 1) ئۇيغۇر خاندانلىقىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت؛ 2) ئۇيغۇر خاندانلىقىدىكى ئىگىلىك تارماقلىرى.

بۇ تەرتىپ بويىچە، ئالدى بىلەن بىرىنچى مەسىلە، يەنى ئۇيغۇر خاندانلىقىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى، دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قەبىلە ئەزالىرى سىياسى پائالىيەتلەرگە ئورتاق قاتنىشاتتى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنى ئورتاق سايلاپ چىقاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى جەمئىيىتى توغرىسىدا ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە مەزمۇنى بىر بىرىگە ئاساسەن ئوخشايدىغان مەلۇماتلار خاتىرىلىنىپ قالغان.

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»دا مۇنداق دېيىلگەن: "...ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە باتۇرلۇق ۋە كۈچلۈكلۈك ئىززەتلىنىدۇ... پادىشا ۋە سەركەردىسى يوق، تۇراقلىق جايى يوق. سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ." «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئۇلار باتۇر، چەبدەس كېلىدۇ. دەسلەپتە

سەركەردىسى يوق ئىدى، سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرەتتى.»

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "دەسلەپتە ئۇيغۇرلار ساددىلىق ۋە ساداقەتلىكنى ئۆرپ-ئادەت قىلاتتى، پادىشا بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، ھەمىشە غالىپ ئورۇندا تۇرغان ئىدى."

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى جەمىيەتى توغرىسىدا ئۇيغۇر خەلقلىرى ئىچىدىمۇ مۇشۇ مەزمۇنغا يېقىن كېلىدىغان رىۋايەتلەر ساقلىنىپ كەلگەن. ئىرانلىق فەيزۇللىلا رەشىددىنىڭ 1300-يىلى يازغان «جامىئۇت تاۋارىخ» ناملىق كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: "يىللار بىر بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى، بىرەر پادىشا، بىرەر ئاقساقال پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىغە ئورتاق بەلگىلىمە چىقىرىپ بەرمىدى. پەقەت ھەر بىر مەزگىلدە مەلۇم بىر قەۋمدىن بىر زەبەردەس ئادەم سايلىنىپ تۇردى، ئۇ ئۆزىنى ئاقساقال دەپ ئاتىدى. كېيىن ھەرقايسى قەۋملەر ئورتاق مەنپەئەت ئۈچۈن كاتتا مەجلىس ئۆتكۈزۈپ... ئىسكول قەۋمىدىن بولغان ئەڭ دانىشمەن مونگو بېكنى بىردەك سايلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئەل ئېلتىر دەپ نام بەردى. كېيىن يەنە ئورقۇندۇر قەبىلىسىدىن بىر دانىشمەن كىشىنى سايلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا 'كۆل ئېركىن' دەپ نام بەردى. بۇ ئىككى پادىشانىڭ قەۋملىرى ئۇيغۇرلارغا 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ھۆكۈمرانلىق قىلدى"⑲.

13-ئەسىردە ئۆتكەن يەنە بىر ئىران ئالىمى ئالايىدىن ئەتتا مۇلۇك جۇۋەينىنىڭ «تاۋارىخى جاھانگۇشاي» ناملىق ئەسىرىگە

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى توغرىسىدا مەزمۇنى ئوخشاپراق كېتىدىغان يەنە بىر رىۋايەت پۈتۈلگەن: "ئۇيغۇرلار ئۆز ئەجداتلىرىنى ئورخون دەرياسى بويىدا ياشىغان دەپ قارايدۇ. بۇ دەريا قاراقۇرۇم تېغى ئېتىكىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. ئورخون دەرياسى بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئىككى بۆلەككە بۆلۈنەتتى. ئاھالىسى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئۇلار بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە ئاقساقال قىلىپ سايلاپ چىقتى"⑳.

بۇ رىۋايەتلەر بىزگە قەدىمقى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. مۇشۇ ئالامەتلەرگە ئاساسەن، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇرلار تېخى ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا تۇرغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىن.

جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بولۇپمۇ تۈرك خاندانلىقى ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئۇرۇقداشلىقتىن ئىبارەت ئىجتىمائى تۇرمۇش تەخمىنەن 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ، سىنىپتىن ئىبارەت رەھىمسىز غار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدىن-پەي ۋۇجۇتقا كەلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش جەريانى مۇشۇ باپنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە بايان قىلىنغان جەريان بىلەن بىردەك ئىدى. بۇ جەرياننىڭ سىياسى ساھەدىكى ئىنكاسى سەركەزدىسىزلىكتىن سەركەردىلىك بولۇشقا ئۆتۈش، قەبىلە ئەزالىرى قەبىلىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىگە ئورتاق قاتنىشىشتىن قەبىلىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى ئاز ساندىكى كىشىلەر بەلگىلەشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ جەريان يەنە قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ سايلىنىشتىن

بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆتكەنلىكىدە كەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن.

498-يىلى، تېلې قەبىلىلىرى ۋېي پادىشالىقىنىڭ پەرمانىغا بويسۇنماي، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى چى پادىشالىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە، ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ شۇ ئىسىملىك ئاقساقىلى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولۇپ سايلانغان. 605-يىلى ئۇيغۇر، بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق قەبىلىلەر تۈرك خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققاندا، ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن تېركىن دېگەن كىشى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ سايلاندى. تېركىندىن كېيىن بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىش ھادىسىسى بىر مەھەل كۆرۈلگەن ئىدى. بۇنىڭ كونكرېت شاھىدى شۇكى، تېركىننىڭ ئوغلى بوسات ئاتىسىنىڭ ئاقساقاللىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى.

لېكىن بوساتتىن باشلانغان بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تېخى تەلتۆكۈس تىكلەنمىگەن ئىدى. بوساتتىن كېيىن تۇمەتىنىڭ سايلام يولى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولغانلىقى بۇنىڭ بىر دەلىلى. ۋارىسلىق تۈزۈمى بىلەن سايلام تۈزۈمى ئالمىشىپ تۇرغان بۇ دەۋرنى بىر باسقۇچ دەپ قاراشقا توغرا كەلسە، بۇ دەۋرنى ۋارىسلىق تۈزۈمى بىلەن سايلام تۈزۈمى تەڭ مەۋجۇت دەۋر دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئاتىسىنىڭ مەنسىۋىگە بالىسى ۋارىسلىق قىلىدىغان تۈزۈم پەقەت تۇمەتىدىن كېيىن ئاندىن رەسمىي تىكلەندى. بۇ بۇرۇلۇشنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتى شۇكى، تاڭ سۇلالىسى تۇمەتىنى ئۆلتۈرگەن ئوغۇرنى قەتلى قىلىپ، تۇمەتىنىڭ ئوغلى بايانىنى دەشت تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بۇيرۇغى قىلىپ تەيىنلىگەن،

شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاتىسىنىڭ مەنسۇپگە بالىسى ۋارىسلىق قىلىش بىر خىل تۈزۈم بولۇپ شەكىللەندى.

يېڭى تۈزۈم بىرلا ۋاقىتتا ئىككى جەھەتتە تىكلەندى. بىرى، ئاقساقاللىق ئورنىغا چىقىشتا، بالا ئاتىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بولدى. يەنە بىرى، قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ جەزمەن توققۇز ئۇيغۇر (ئىچكى توققۇز ئۇرۇقداش قەۋم)نىڭ ياغلاقار ئۇرۇغىدىن ۋۇجۇتقا كېلىشمۇ تۈزۈم بولۇپ قالدى.

بىز بايان قىلىۋاتقان بۇ ھادىسىلەر پۈتۈن بىر جەرياننى ئەكس ئەتتۈردۇ. بۇ جەريان سايلام قىلىشتىن ۋارىسلىق قىلىشقا ئۆتۈش، كۆپچىلىك قەبىلىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىگە ئورتاق قاتنىشىشتىن ئاز ساندىكى كىشىلەر قەبىلىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىنى بەلگىلەشكە ئۆتۈشتىن ئىبارەت جەريان ئىدى.

ئىككىنچى، خۇسۇسى مۈلۈك ۋۇجۇتقا كېلىپ، سىنىپلار پەيدا بولدى.

تۈرك خاندانلىقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى يۇقۇرى تەبىقىدىكىلەر ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن ئولجىغا ئېرىشتى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تۈرك خاندانلىقى ئۇلارغا مۇكاپات تەرىقىسىدە بەرگەن بولسا، يەنە بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۇرۇشلاردا قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. بوسات ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئاقساقىلى بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى كۈنسايىن قۇدرەت تېپىشقا باشلاپ، كۆپ ئەھۋاللاردا ئۇرۇشلارنىڭ بىۋاستە ئىشتىراكچىلىرى بولدى. مانا بۇلار ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنى غەنىمەتلەرگە بىۋاستە ئىگە قىلدى.

بايلىقنىڭ تېزدىن كۆپىيىشى ۋە مەركەزلىشىشى ئۇيغۇر قەبىلە-

لىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىككى قۇتۇپنىڭ ئارىلىقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن قانداشلىق ۋە نەسەپلىك مۇناسىۋەتلەر رىشتە قىلىنغان ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسىنىڭ يىمىرىلىشى تېزلەشتى.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈلمىسىنىڭ يىمىرىلىشىدە ئۇرۇش يەنە بىر مۇھىم سەۋەپچى بولغان ئىدى.

ئۇرۇشلار ھەش-پەش دېگۈچە بىرمۇنچە قەبىلىلەرنى گۇمران قىلىپ، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراتتى، ئاھالىلىرىنى بولسا قىرغىنچىلىققا ياكى تەرەپ-تەرەپلەرگە قېچىشقا دۇچار قىلدى. ئاقىۋەتتە، بۇ ئۇرۇشلاردا نۇرغۇن ئاھالىلەر خانىۋەيران بولدى. بۇ ھال كۈچلۈك قەۋم ۋە قەبىلىلەرنىڭ بايلىرىنى تېخىمۇ كۆپ بايلىققا ئىگە قىلدى.

بۇ ئەھۋاللار مەلۇم بىر ئاقساقال ياكى قەبىلىگە يېڭىۋاشتىن بېقىنغان خانىۋەيران بولغانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپىنچە قانداشلىق ۋە نەسەپداشلىق ئالاقىسى بولماسلىقتەك ئاقىۋەتنى پەيدا قىلدى. ئانچە-مۇنچە قانۇنىيەت خاراكتېرىنى ئالغان مۇنداق ئۆزگىرىشلەر خېلى بۇرۇندىنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا دەۋر قىلىپ تۇرغان ئىدى.

شۇنداق دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى، تۆمەتتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قۇللار پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئائىلە ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئائىلە قۇللىرى دەپ ئاتىلاتتى، يەنە بىر قىسمى مال باقاتتى، بۇلار مالچى قۇللار دەپ ئاتىلاتتى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يانچى خاراكتېرىدىكى چارۋىچى قۇللار ئىدى. ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىدا ئۇزۇن تۇرمىدى، ئۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى شۇكى، ھۆكۈمە-

رانلار خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق ئىگىلىك تارمىقى بولغان چارۋىچىلىق
ئىشلەپچىقىرىشىدا كۆپلەپ قۇل ئىشلىتىشكە ئۆلگۈرەلمىدى.

بۇ ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەپلەر شۇكى، بىرىنچىدىن،
ئۇيغۇرلار سىنىپىي جەمىيەتكە قەدەم قويۇش بىلەنلا فېئوداللىق
ئىقتىسات يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان سۇي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى
بىلەن سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتتە قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ،
ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. ئىككىنچىدىن، قاتتىق نازارەت
قىلىش قۇللارنىڭ ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشتىكى زۆرۈر
شەرت ئىدى. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار جەمىيىتىگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا، بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. ئۈچىنـ
چىدىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا خاس بولغان تارقاقچىلىق ۋە
كۆچمەنچىلىكتىن باشقا، ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىـ
ۋاتقان رايونلارنى گويا قىيان سۇدەك بېسىۋالغان ئۇرۇش پاراكەنـ
دىچىلىكىمۇ بۇنداق قاتتىق نازارەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ
تۇردى.

فېئوداللىق تۈزۈمگە قەدەم باسقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار جەمىـ
يىتىدە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى سىنىپ ۋۇجۇتقا كەلدى. ئۇلار
ئاددى رەئىيە ۋە بەگلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئاددى رەئىيە (قارا بودون
دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەبىلە ئەزاسى بولۇپ، پۇقرالىق سالاھىيىتىگە ئىگە
ئىدى، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بەگلەر تەبىقىسىگە باج-ھاشار ھېساۋىدا
مەلۇم ساندا چارۋا تاپشۇراتتى، ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئۆزلىرى ئاتـ
ئۇلاق، قورال-ياراق تەييارلاپ بەگكە ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتنىـ
شاتتى، ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان غەنىمەتنىڭ كۆپ قىسمىنى بەگلەرگە
ئىئانە قىلاتتى. بەگلەر تەبىقىسى ئاساسەن قەبىلە-ئۇرۇق ئاقساـ

قاللىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن ھاسىل بولغان. ئۇلاردا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش خۇسۇسىيىتىدىن باشقا، يەنە قەبىلە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئىشلىرىنى زورۇر بىخەتەرلىك ۋاستىلىرى بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى.

بەگلەر بىلەن ئاددى رەئىيەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت روشەن ھالدا فېئوداللىق خاراكتېر ئالغان. ئالدىنقىسى خاندانلىقتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنى ھاسىل قىلغان، كېيىنكىسى خاندانلىقتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپنى ھاسىل قىلغان[21]. بۇنىڭدىن باشقا، خاندانلىقتا يەنە بىر خىل ئاسىراندىلىق تۈزۈمىمۇ كەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر بۇ ئاسىراندىلارنى ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن تەمىنلەيتتى، ئۇلار بولسا ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن ھەر خىل ئەمگەكلەرنى قىلاتتى. ئاسىراندىلىق تۈزۈمى ئاقسۆڭەكلەرنى نۇرغۇن ئەرزان ئەمگەك كۈچلىرىگە ئىگە قىلدى. بۇ ئاسىراندىلار ئاساسەن ئۇرۇش ۋە تەبىئىي ئاپەتلەردە خانىۋەيران بولغان ئاددى خەلقلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە فېئوداللىق يانچىلارنىڭ يەنە بىر شەكلى ئىدى، خالاس.

يۇقۇرىدا بىز ئۇيغۇر خاندانلىقى ئىقتىسادىدىكى بىرىنچى مەزمۇن يەنى خاندانلىقنىڭ سىنىپىي مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى خاندانلىق ئىقتىسادىنىڭ ئىككىنچى مەزمۇنى يەنى خاندانلىقنىڭ ئىقتىسادىي تارماقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، خاندانلىقنىڭ ئىقتىسادىي تارماقلىرى ئاساسەن چارۋىچىلىق، سودا، دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىكتىن تەركىپ تاپقان.

چارۋىچىلىق:

چارۋىچىلىقنى تەبىئەتنىڭ ئوتلاقتا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە قىلغان خاس ئىلتىپاتى دېيىشكە بولىدۇ.

دەۋر ئىچىمى موڭغۇل دالاسىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى پەيدىن-پەي سېلىنگا دەرياسى، تۇغلا دەرياسى ۋە ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىغا جۇغلىغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر پۇقرالىرىمۇ تەبىئەتنىڭ بۇ خاس ئىلتىپاتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدى. چۈنكى، سېلىنگا، ئورخۇن ۋە تۇغلا دەريا ۋادىلىرى موڭغۇل دالاسىنىڭ ئوت ۋە سۇغا ئەڭ مول، ئەڭ مۇنبەت جايلىرىدىن بىرى ئىدى.

سېلىنگا دەرياسى قاڭغاي (خاڭگاي) تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن باشلىنىپ، نۇرغۇن دەريا ۋە ئېقىنلاردىن ھاسىل بولغان. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1200 كىلومېتىر بولۇپ، 420 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىننى بېسىپ ئۆتىدۇ.

ئورخۇن دەرياسى قاڭغاي تاغ تىزمىسىدىن باشلانغان بولۇپ، سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى ئەڭ چوڭ دەريا. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 900 كىلومېتىر بولۇپ، ھازىرقى سۇخې باتور شەھىرىنىڭ شىمالىدا سېلىنگا دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا سىبىرىيىنىڭ بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

تۇغلا دەرياسى ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قانىتىدا بولۇپ، ئاۋۋال ئورخۇن دەرياسىغا، ئاندىن سېلىنگا دەرياسىغا قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

بىر بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن دەريا-ئېقىنلار ئېقىپ ئۆتىدىغان رايونلاردا سۇ كۆپ، مۇنبەت يايلاقلار ۋە قېلىن ئورمانلار بار بولۇپ، بۇ ھال چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئوۋچىلىق

قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەن.

قەدىمقى ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ چارۋا ماللىرى بىلەن سىنىپىي جەمىيەتكە كىرگەن، دېيىشكە بولىدۇ.

8-ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىگە پەيدىن-پەي يېڭى تارماقلار قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقانداق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتمايلى، بۇ تارماقلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدىكى ئورنىنى تولۇق ئىگەللەپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى مال بېقىشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى قىلغان. ئىككىنچىدىن، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۇيغۇرلارنى كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك قاتارلىق مۇھىم تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان 100 نەچچە يىللىق "يىپەك-ئات سودىسى" بىزگە خاندانلىق مەزگىلىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىنى چوڭقۇر تونۇتتى. شۇ مەزگىلدىكى سودا ئىشلىرىدا چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى خاندانلىقنىڭ سىرتقا سېتىلىدىغان ئەڭ مۇھىم تاۋارلىرى ئىدى. بۇ باپنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە سودىنىڭ كۆلىمى ئۈستىدە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرى يەنە خاندانلىقنىڭ تاشقى سىياسى پائالىيىتىنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. خاندانلىقنىڭ تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتكەن سوغا-سالاملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىدى.

بىز شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلدۇقكى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ماس

كېلىدىغان قەبىلىدىن ئىبارەت بۇ تەشكىلىي شەكىل ئۆز نۆۋىتىدە خاندانلىقنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈمىنىڭمۇ ئاساسى بولغان.

سودا:

سودا-تىجارەت ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن مۇھىم بىر ساھە. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا غايەت زور ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك تارمىقى قىلغاچقا، چارۋا مالنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بايلىقنىڭ ئاساسىي بەلگىسى قىلىنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى پۈتۈن كۈچى بىلەن چارۋا كۆپەيتىشنىڭلا كويىدا بولدى.

7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر ئۈستىدىن قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنى تېخىمۇ ئاچكۆز قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشقاندىن كېيىن، شۇ دەۋرنىڭ بايلىق بەلگىسى دەپ قارالغان ئالتۇن، كۈمۈش، مەرۋايىت، ياقۇت ۋە تاۋار-دۇردۇنلار ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ بايلىق توغرىسىدىكى ئۇقۇمىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئۇلار نەزەر دائىرىسىنى مۇشۇ مۈلۈكلەرگە قاراتتى ھەمدە ناھايىتى تېزلا ئارزۇ قىلغان پۇرسەتكە ئېرىشتى، بۇ پۇرسەت ئەن لۇشەن-شى سىمىڭ (ئۆڭلۈك-سۈيگۈن) توپىلىڭى ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ھەمدەملىشىپ، ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتىش داۋامىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن بايلىققا ئېرىشتى. لېكىن بۇ، بايلىق توپلاشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مەنبەسى ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇرۇش توختىغان ھامان، ئۇلارغا ئۆز مەيلىچە بايلىق تالان-تاراج قىلىدىغان پۇرسەتمۇ بولمايتتى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىگە سودا ئىگىلىگى — نىسپىي تىنچلىق مەزگىلىدە داۋاملىق بايلىققا ئېرىشىشنىڭ ئاساسىي يولى ئىدى — قىستىلىپ كىرىپ، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى. خانىدانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە سودا ئىگىلىگى ھەتتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولدى.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىگىلىك قۇرۇلمىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى تۆۋەندىكى شەرتلەر بارلىققا كەلتۈردى:

1) ئۇيغۇرلار قوشۇن چىقىرىپ، تاڭ سۇلالىسىگە ھەمدەملىشىپ، ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى 20 مىڭ توپ تاۋار-دۇردۇن بېرىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئات-يىپەك سودىسى كېلىشىمىنى تۈزدى. بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن، ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ھەر يىلى 100 مىڭ ئات سېتىپ بېرىدىغان، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھەر بىر ئاتنىڭ بەدىلىگە 40 توپ تاۋار-دۇردۇن تۆلەيدىغان بولدى[22].

روشەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ سودىسى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بۇ سان غايەت زور سان ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇ سان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي سودا كۈچىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن

ئىدى. نۇرغۇنلىغان تارىخىي ماتېرىياللار شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
كېيىنكى يىللاردا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى
بۇ ئات-يىپەك سودىسىنىڭ مىقدارى ئىككى تەرەپ كېلىشكەن
سانغا يېتەلمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ سودا قەرەل بويىچە بولۇپ
تۇرغان. بۇ سودىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ھەر ئىككى تەرەپنى
مۇقىم سودا يولى ۋە سودا تۈرىگە ئىگە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن،
تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تۆلىگەن ئات ھەققى شۇ ۋاقىتتىكى
ئەمەلىي ئات باھاسىدىن بىرنەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇيغۇر خاندانلىقىنى بۇ سودىدا غايەت زور مەنپە-
ئەتكە ئىگە قىلدى.

2) ئۆگىلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ئوبرازى ئېغىر دەرىجىدە خۇنۇكلەشتى، ئۇنىڭ سىياسى جەھەتتىكى
ئابرويى كۆپ چۈشۈپ كەتتى، تەسىر دائىرىسىدىمۇ زور دەرىجىدە
ئۆزگىرىش بولدى. خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ ۋە سەنشىلەر توپە-
لاڭچى قوشۇنلار تەرىپىدىن ئىگەللەپ كېتىلگەندىن باشقا، تۆبۈتلەر
خېشى رايونىنى بېسىۋالغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ
تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربى قوشۇنلىرى ئۆز جايلىرىدا
قامىلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ
تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى
پەقەت ئۇيغۇر خاندانلىقى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدىغان بولۇپ
قالدى.

بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇر خاندانلىقىنى شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇ-
رىسىدىكى قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش تۈگۈنىنى بىۋاستە تىزگىنلەپ
تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئۇيغۇر خاندانلىقى ئۆتكەن-

كەچكەن سودىگەرلەردىن نورمال باج ئالغاندىن تاشقىرى، شەرق-غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىمۇ كۆچىنىڭ بىرىچە ئىلكىگە ئېلىۋالدى[23].

يىپەك مال ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرى خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەرنىڭ سىرتقا ساتىدىغان ئەنئەنىۋى ماللىرىغا ئايلىنىپ، غەرپ مەملىكەتلىرىدە ئىنتايىن يۇكسەك شان-شۆھرەتكە ئىگە بولغان ئىدى. نەپ ئېلىشقا بولىدىغان بۇ ماللار تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرخانىدانلىقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ئۇلار ئاتقا يىپەك مال ئايرىۋاشلاشتىن تاشقىرى، يەنە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن بىۋاستە يىپەك مال، قول سانائەت بۇيۇملىرى ۋە چايلارنى سېتىۋالىدىغان بولدى. ئۇيغۇر خانىدانلىقى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى ئوتتۇرىسىدىكى سودا توغرىسىدا تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ”ھارۋىلىرى ئالتۇن ۋە يىپەك ماللارغا تولۇپ كېتەتتى، يوللاردا ئۇلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.“

ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ سودا پائالىيىتى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇلار ئۆز ئىلكىدىكى قولايلىق قاتناش شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇرلۇك يىپەك مال، چاي ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، خانىدانلىقتىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغىمۇ ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى، ئاندىن ئۇ يەرلەردىن تاڭ سۇلالىسىگە كېرەكلىك تېرە، يۇڭ، قاشتېشى ۋە دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىگە سېتىپ بېرەتتى.

سودا ئىگىلىگىنىڭ ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا

مۇھىملىغى سودىگەرلەرنىڭ خاندانلىقتىكى ئىجتىمائىي ئورنىدىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەنىدى. ئۆتۈلۈك ـ سۆيگۈن تويلىغىدىن كېيىن، سودىگەرلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىدا شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى خاندانلىقتا ناھايىتى يۇقۇرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولۇۋالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاغاننىڭ ئەلچىسى ياكى مەسلىھەتچىسى بولۇپ، خاندانلىقنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئىشلىرىغا بىۋاستە ئارىلىشىدىغان بولدى㉔.

دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك:

خاندانلىق مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەسىدە يۈز بەرگەن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىش دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىكنىڭ پەيدا بولغانلىغىدىن ئىبارەت.

يازما ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر خاندانلىغى مەزگىلىدىكى دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىك توغرىسىدا مەلۇمات تېپىلمايدۇ. ئۇنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپقانلىق ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ زور تۆھپىسى بولۇشقا تېگىشلىك. ئارخېئولوگلارنىڭ تىرىشىشى نەتىجىسىدە ئورخون، سېلىنگا ۋە تۇغلا دەرياسى ۋادىلىرىدىن دېخانچىلىق، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ئائىت نۇرغۇن پاكىت ئىزلىرى تېپىلدى. ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ پايتەختى ــ ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قارابالغاسۇن ــ خاندانلىقنىڭ سىياسى ۋە سودا مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنلىكنىڭمۇ مەركىزى ئىدى. ئارخېئولوگلار بۇ جايدىن نۇرغۇنلىغان دېۋىرقاي، مىس پارچىلىرىنى تاپتى. بۇلار قول ھۈنەرۋەنلىكنىڭ مەلۇم تەرەپلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان

ماتېرىياللار ئىدى. نۇرغۇن خارابىلىقلاردا يەنە يارغۇنچاقتا ئوخشاش ئەسۋاپلار تېپىلدى[25].

شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا دېخانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چەكلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆزگىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سان بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە تامامەن يېڭى بىر ئامىل ئېلىپ كەلدى. ئەگەر، بىز مۇشۇ مەزگىلدە دېخانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەيدا بولغانلىقىنى 9-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم بويلىرىدا دېخانچىلىق تۇرمۇشىغا ئومۇمىي يۈزلۈك كىرگەنلىكىگە باغلاپ قارايدىغان بولساق، شۇنى قىلچە مۇبالىغىسىز ئېيتالايمىزكى، خاندانلىق مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا دېخانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە.

بىز بايان قىلىۋاتقان خاندانلىق مەزگىلىدىكى ئىقتىسات دېگەن قىسىم مەزمۇنى مول ۋە كەڭ بىر تېما، يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بۇ مول ۋە كەڭ مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق يىللار داۋامىدا، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە باشتىن-ئاياق سۇ ۋە ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۆرۈپ چارۋىچىلىق قىلىشتەك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ساقلاپ كېلىپ، شىمالدىكى باشقا قەبىلە خەلقلىرىگە ئوخشاش دېخانچىلىقنى ئۆزلىرىگە يولاتمىغان ئىدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋۇجۇتقا كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ تەسىرى بىلەن، ئۇيغۇرلاردا ئىجتىمائى ئىگىلىك جەھەتتە نوقۇل چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن قۇتۇلۇش خاھىشى تۇغۇلدى. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي هاياتىدا سودا، دىخانچىلىق ۋە قول سانائەت بارلىققا كەلدى. ئەپسۇسكى، بۇ يۈزلىنىشنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بەك ئاستا بولدى، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىدە تاكى خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

## 2. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى

ئۇيغۇرلار قەدىمقى شەرقتە يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرىدىغان مۇشۇ قىسىمدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى، تىلى، بىناكارلىق سەنئىتى، دىنى، ئۇسۇلى ۋە مۇزىكىسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

يېزىق:

ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار قەدىمقى تۈرك يېزىقىنى قوللاندى.

قەدىمقى تۈرك يېزىقى ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلدى. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى قەدىمقى شىمالىي ياۋروپادىكى رونىك يېزىقىغا ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئورخون-رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورخون-رونىك يېزىقى بوغۇم بىلەن ھەرپ ئارىلىشىپ كەتكەن يېزىق. بىر تاۋۇش ئوخشاش بولمىغان تاۋۇشلارغا قوشۇلغاندا، ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە يېزىلىدۇ، شۇڭا 26 فونېمىغا

90 نەچچە بەلگە قويۇلغان، ھەرپلەر بىر بىرىگە قوشۇپ يېزىلمايدۇ. ھەرپلەر چېكىتلىك پەش بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھەممىسى 38 دىن 40 قىچە ھەرپ بولۇپ، بۇنىڭ تۆتى سوزۇق تاۋۇش، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشتىن ئىبارەت. ئوڭدىن-سولغا، بەزىدە يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدۇ. كېيىنكى يېزىلىش ئۇسۇلى، روشەنكى، خەنزۇچە خەتنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولغان بولسا كېرەك㉖.

بۇ مەزگىلگە مەنسۇپ بولغان مەدىنى يادىكارلىقلار ئاساسەن مەڭگۇ تاشلاردىن ئىبارەت. بۇ مەڭگۇ تاشلارنىڭ بەزىلىرى ئەڭ دەسلەپتە 1889-يىلى تېپىلدى. شۇ ۋاقىتتا روسىيىلىك ئالىم يادرىنىتسېۋ باشلىق كىشىلەر ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قارابالغاسۇنىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سەيدام كۆلى بويىدىن «كۆل تېكىن مەڭگۇ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ قاغان مەڭگۇ تېشى» قاتارلىق مەڭگۇ تاشلارنى تاپقان. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىن «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»، «تۇن ئوقۇق مەڭگۇ تېشى» تېپىلدى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش ئالپ قاغان مەڭگۇ تېشى» بىلەن «ئۇيغۇر بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى»دا ئۇيغۇر قاغانلىرىنىڭ ئىش پائالىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

دانىيىلىك ئالىم تومسون بىرىنچى بولۇپ بۇ يېزىقنى ئوقۇپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. تومسون ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى مۇھاكىمە نەتىجىسىنى 1893-يىلى جاھانغا ئېلان قىلدى. شۇ يىلى ئۇ يەنە

# تۈرك - رونىك يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | هەرپلەر | ئوقۇلۇشى | № | هەرپلەر | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 𐰀 𐰁 𐰂 | ئا، ئې | 21 | 𐰤 𐰥 | ن² |
| 2 | 𐰃 𐰄 𐰅 | ئە، ئى | 22 | 𐰺 𐰻 | ر¹ |
| 3 | 𐰆 | ئو، ئۇ | 23 | 𐰼 | ر² |
| 4 | 𐰇 𐰈 | ئۆ، ئۈ | 24 | 𐰞 𐰟 | ل¹ |
| 5 | 𐰴 𐰵 | ق (قاتتىق) | 25 | 𐰠 | ل² |
| 6 | 𐰶 𐰷 | ق (ئە بىلە) | 26 | 𐰽 𐰾 | س¹ |
| 7 | 𐰸 𐰹 | ق (ئو، ئۇ بىلە) | 27 | 𐰿 | س² |
| 8 | 𐰚 𐰛 | ك (يۇمشاق) | 28 | 𐰭 | دىماق تاۋۇشى |
| 9 | 𐰜 𐰝 | ك (ئۆ، ئۈ بىلەن) | 29 | 𐰯 | پ |
| 10 | 𐰍 𐰎 | غ (قاتتىق) | 30 | 𐰪 𐰫 | ڭ |
| 11 | 𐰏 𐰐 | گ | 31 | 𐰢 | م |
| 12 | 𐱃 𐱄 | ت¹ | 32 | 𐰲 𐰳 | چ |
| 13 | 𐱅 𐱆 | ت² | 33 | 𐰱 | ئىچ |
| 14 | 𐰑 𐰒 | د¹ | 34 | 𐱁 𐱀 𐱂 | ش |
| 15 | 𐰓 | د² | 35 | 𐰔 𐰕 | ز |
| 16 | 𐰉 𐰊 | ب¹ | 36 | 𐰡 | لت |
| 17 | 𐰋 𐰌 | ب² | 37 | 𐰦 𐰧 | نت |
| 18 | 𐰖 𐰗 | ي¹ | 38 | 𐱇 | ئوت |
| 19 | 𐰘 𐰙 | ي² | 39 | 𐱈 | رت |
| 20 | 𐰣 | ن¹ | 40 | : | ئايرىش بەلگىسى |

ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئەسىرى «ئورخوندىكى مەڭگۈ تاشلار يېزىغى»نى نەشر قىلدۇردى. روسىيىلىك ئالىم رادلوۋ بىلەن نېمىس ئالىمى خ.خ. شىندىر ئۇنى رۇسچە ۋە نېمىسچىغا تەرجىمە قىلدى، ئەنگلىيىلىك ئالىم ئې. د. لوس ئۇنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلدى. 1935 ـ يىلى ئېلىمىز ئالىمى خەن رۇلىن ئەپەندى نېمىسچە تەرجىمىسى بىلەن ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن، ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر تارىخى ۋە تىلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە.

تىل:

ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت مۇۋەپ-پەقىيەتلىرىدىن بىرى بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللەنگەن-لىكىدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر خاندانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي شەيئى يىراق ئۆتمۈش بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىل جەھەتتە ياراتقان نەتىجىسى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى ئۇلارنىڭ سىياسى تەسىر كۈچىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ شەكىللەندى ۋە راۋاجلاندى. ئۇيغۇر تىلى ئۇچۇن پائالىيەت دائىرىسى ھازىرلاۋاتقان ۋاقىت ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ يەنى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

دەسلەپتە، بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىغا ئەزا ھەرقايسى قەبىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تۇراقسىز بولغانلىقتىن، ئۇيغۇر تىلى باشقا قەبىلە تىللىرى قاتارىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ قۇرۇلۇشى بىر تۇتاش ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مىسلىسىز پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر تىلى خاندانلىق دائىرىسىدە باشقا قەبىلە تىللىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپ چۈشۈپ، ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىغا ئەزا قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشتە، ئۇيغۇر تىلى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ جەريان ئەينى زاماندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىناقلاردىن ئۆتۈپ تولۇقلىنىش ۋە تاكامۇللىشىش جەريانى بولدى.

بىزنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىمىزنى يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن مەڭگۈ تاشلار ئاساسلايدۇ، شۇنداقلا بۇ مەڭگۈ تاشلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ خېلى ئىخچام ۋە مۇكەممەل گرامماتىكا تۈزۈلۈشىگە ئىگە ئىكەنلىگىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭمۇ تەدرىجى مۇقىملىشىپ بارغانلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە سابىق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ئۆز نامىنى قالدۇرۇپ، "ئۇيغۇر"دىگەن نام ئاستىغا جەم بولدى. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تارىخىدا تۇنجى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك بىرلىشىشنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۆرسەتكەن تۈرتكىلىك رولى، شۈبھىسىزكى، ناھايىتى زور بولدى. شۇ قېتىمقى كەڭ قوشۇلۇش ئارقىسىدا نۇرغۇن قەبىلىلەر ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق تىلى قىلدى، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇيغۇر خاندانلىغى دەۋرىدە شەكىللىنىپ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر تىلى كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەۋرنىڭ قاتتىق سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق ھالدا بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنىڭ

ھۆددىسىدىن چىقىپ، ئۇيغۇرلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تۇرغان ئەڭ چىڭ رىشتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

بىناكارلىق سەنئىتى:

ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقى تەۋەسىدە بىر قاتار شەھەر - قەلئەلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇيغۇرلار سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق قەلئەسى، ئورخون دەرياسى بويىدا ھازىر قارابالغاسۇن دەپ ئاتالغان قەلئەگە ئوخشاش بىرمۇنچە شەھەر - قەلئەلەرنى بىنا قىلدى.

ئورخون دەرياسى بويىغا جايلاشقان قارابالغاسۇن ئەينى زاماندا ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ئىدى. شەھەردە كۆركەم قۇرۇلۇش كۆپ بولۇپ، بىنا ئىزلىرىنىڭ دائىرىسى 25 كۇۋادىرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ خارابىلىقتا سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى ۋە قەلئە ئىچىدىكى كۆلچەكلەرنىڭ تېگى ھېلىغىچە ساقلانماقتا، قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئالاھىدە سېلىنغان سېپىل قورشاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى بىر كۇۋادىرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا ئاھالىلەر رايونى جايلاشقان. قەلئەنىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خارابىلىققا ئايلانغان سېپىل قالدۇقلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئاشىدۇ. قەلئەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۇر (كۆزىتىش مۇنارىسى) نىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىردىن ئاشىدۇ. بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدىكى خارابىلىققا ئايلانغان خان ھەرەمخانىسىدىن نەپىس ھەيكەللەر، نەقىشلەنگەن خىش ساپاللار تېپىلدى. رەستە ۋە بىنا ئىزلىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ[27].

قارابالغاسۇندىكى بىنانىڭ كۆركەملىكى، قۇرۇلۇشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋاپىقلىقى، زىننەتلەرنىڭ نەپىسلىكى

خانـدانـلىق مەزگىلىدە ئۇيـغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ۋە قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ خېلى يېتىلگەنـلىكىنى ۋە مۇكەممەللەشكەنلىكىنى كۆرسـىتىپ بېرىـدۇ.

قارابالغاسۇن قەلئەسىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش خارابىلـىغىدا يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا مەنـسۇپ نۇرغۇن ئىزلار تېپىلدى. بۇ ھال ئۇيـغۇر خانـدانـلىغـىنىڭ تاڭ سۇلالـىسى بىلەن سىياسى، ئىقـتىسادىي، ھەربى جەھەتلەردە قويۇق ئالاقىدە بولغانلىـ غىنىڭ مۇقەررەر نەتـىجىسى.

ئۇيغۇر خاندانـلىغى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتى ۋە سەنئىتى جەھەتـتىكى بولۇپـمۇ بىناكارلىق سەنـئىتى توغـرىسىدىكى تەتـقىقات ئورخون ۋە سېلـىنـگا دەرياسى ۋادىلىرىدىكى قەلئە خارابـىلىرىـدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىشـقا باغـلىق. بىز كەلگۈسىدىكى كەڭ كۆلەملىك قېزىپ تەكشۈـ رۈشلەرنىڭ بىزنى تېخىمۇ مول ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغانلىغىغا ئىشىنـىمىز.

شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيـغۇرلار بۆرىنى توتېم قىلغان (بۇرۇنقى زاماندا كىشـلەر ئۆز ئۇرۇق-جەمەتى بىلەن سىرلىق مۇناسـىۋـىتى بار دەپ ھىساپـلىغان بەزى ھايـۋانـلار ۋە نەرسـلەرنى ئۆز قەبىلـىسـىنىڭ بەلگىسى قىـلاتتى، مانا بۇ توتېم دېيىلىدۇ). بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشـۈرۈلـگەن ئەلەم قاغانـىنىڭ بەلـگـىسى قىلىنـغان. بۇ ئەلەم ھەمىشە قاغاننىڭ بارگاھى ئالـدىـغا قاداپ قويۇلاتـتى. جايـلاردىن كەلـگەن ئەلـچـىلەر ياكى ھۆكۈمەت خادىمـلىرىـنىڭ قاغان قوبۇل قىلىشـتىن بۇرۇن ئەنە شۇ ئەلەمـگە بەيـئەت قىلىشى ئادەت ئىـدى، شۇنـداقـلا ئەلەمگە بەيئەت قىلىش مۇراسىمى ناھايىتى تەنـتەنىـلىك

ئۆتكۈزۈلەتتى[28].

دىن:

خانىدانلىق مەزگىلىدە ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئاساسلىق دىن شامان دىنى ئىدى[29].

شامان دىنى پىرىخونلۇقتىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان دىن بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى دىنى ئىدى.

شامان دىنىنىڭ قارىشىچە، ئالەم ئۈچ قەۋەت بولارمىش، ئۇنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى 17 قەۋىتى ئەرش بولۇپ، بۇ يورۇق زېمىنمىش، ئاستى قىسمىدىكى توققۇز قەۋىتى دوزاق بولۇپ، بۇ قاراڭغۇ زېمىنمىش، ئىنسانلار بولسا مانا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشارمىش. ئەرش، دوزاق، شۇنىڭدەك بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى تەڭرى ياراتقانمىش، تەڭرى ئەرشنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىدە تۇرۇپ پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز ئىلكىدە تۇتارمىش. كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان يالماۋۇزلار ئاستى قىسمىنىڭ ھەرقايسى قەۋەتلىرىدە تۇرارمىش، يامان ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ئاستى قىسمىغا تاشلىنارمىش. ئادەملەر ياشايدىغان جاي يەر-سۇ دەپ ئاتالغان ئۈرغۇن ئادەم قىياپىتىدىكى جىنلار تەرىپىدىن ھاسىل قىلىنغانمىش، شۇڭا كىشىلەر خەتەرلىك تاغ ئېغىزلىرىدىن ۋە دەريا ئېغىزلىرىدىن ئۆتكەندە، شۇ يەردىكى جىنلارغا سەجدە قىلىشى لازىممىش. كىشىلەر ئوچاققا كىرىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ ئوچاقتىكى ئەجداتلىرى گۇۋاچى بولۇشى، كىشىلەر بولسا ئوچاقتىكى ئەجداتلىرى بىلەن پەقەت شامان داخانلىرى ئارقىلىقلا ئالاقىلىشىشى كېرەكمىش[30].

شامان داخانلىرى ھەم سېھىرگەر، ھەم پالچى، ھەم تېۋىپ ئىدى. شامان داخانلىرى ئىشقا كىرىشكەندە داقا-دۇمباقلارنى داراڭلىتىپ، بارغانسېرى ئەدەپ، ئاخىر ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ، بۇ جىن چاپلىشىۋالغانلىقتىن بولارمىش. شامان دىنىغا ئادەتتىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئېتىقات قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر قاغانلىرىمۇ ئېتىقات قىلغان. شامان داخانلىرى ھەمىشە ئۇيغۇر قاغانلىرى ئۈچۈن پال ئېچىپ، قاغاننىڭ سىياسى ۋە ھەربى مەسلىھەتچىلىرىدىن بولۇۋېلىپ، خاندانلىقتا مۇئەييەن سىياسى ئورۇننى ئىگەللىۋالغان.

مىلادى 763-يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر خاندانلىقىدا مانى دىنى تارقىلىشقا باشلىدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا خاندانلىقتا تەسىر كۈچى ئەڭ زور دىن بولۇپ قالدى[31]. مانى دىنى ئەسلىدە پارسلاردا پەيدا بولغان ئىدى، ئۇنى پارس مانى دېگەن كىشى ئىجات قىلغان بولۇپ، پارسلاردىكى زەردەشت دىنى (ئوتقا چوقۇنغۇچىلار دىنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھىندىستاندىكى بۇددا دىنى ۋە غەربتىكى خىرىستىيان دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ مەزمۇنى مۇجەسسەملەنگەن دىن. مانى دىنى ئالەمنى يورۇق دۇنيا ۋە قاراڭغۇ دۇنيا دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ، يورۇقلۇق ياخشىلىقنىڭ، قاراڭغۇلۇق يامانلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ. مانىنى بولسا يورۇقلۇقنىڭ ئەلچىسى، ئەڭ ئالى پەيغەمبەر دەپ ھېساپلايدۇ.

مانى دىنىنىڭ پىرىنسىپلىرى شۇ ۋاقىتتا پېرسىيىنىڭ دۆلەت دىنى بولغان زەردەشت دىنى بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغانلىقتىن، پارس خاندانلىقى تەرىپىدىن باستۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. مانىنىڭ ئۆزىمۇ 277-يىلى پارس پادىشاسى تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. شۇنىڭدىن

كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى دىنىي كەمسىتىش ۋەجىدىن پېرسىيىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ۋە ھىندىستانغا قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالدى.

مانى دىنىنى بىرىنچى بولۇپ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئېلىپ كىرگەن كىشى ئۇيغۇر قاغانى تەڭرى قاغان ئىدى. تەڭرى قاغان ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن بىللە سۆيگۈن (شى سىمىڭ) توپىلىڭىنى باستۇرۇش جەريانىدا لوياڭغا كېلىپ، بۇ يەردە مانى مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇچراشتى. سۆيگۈن توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، تەڭرى قاغان مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن تۆت كىشىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر خاندانلىقىدا مانى دىنى تارقىلىشقا باشلىدى. تەڭرى قاغانىنىڭ ئۆزىمۇ مانى دىنىغا ئېتىقات قىلدى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئېتىقات قىلدى. شۇنداق قىلىپ مانى دىنى ئۇيغۇر خاندانلىقىدا ئەۋج ئېلىپ، ئاخىرى شامان دىنىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى.

مانى دىنىنىڭ خاندانلىقتا ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ سىياسى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. ئۇلار خاندانلىقنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بولدى، ھەتتا بەزىدە قاغانىنىڭ ئەلچىسى بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خاندانلىقنىڭ سودا ئىشلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن بىللە خاندانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان زور سىياسى كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. ھۆكۈمران سىنىپنىڭ قولىدىكى دىن خەلقنى ئەنە شۇ ھۆكۈمرانلارغا ئىتائەت قىلدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپ تەبىقىلىرىنىڭ

ئۆزئارا ھوقۇق تالىششىدا بىر خىل ۋاستە ئىدى.

مىلادى 780-يىلى ئۇيغۇر خانداىلىغىنىڭ ۋەزىرى تون باغا تارىخان قوشۇن تارتىپ چىقىپ، تەڭرى قاغاننى ۋە سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن مانى دىنى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى(32).

مىلادى 806-يىلدىن كېيىن، مانى دىنى ئۇيغۇر خاندانلىغىدا قايتىدىن باش كۆتىرىپ ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇيغۇرلار غەرپكە كۆچكەندىن كېيىنمۇ مانى دىنى ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ئېتىقات قىلىدىغان دىنى بولۇپ قېلىۋەردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا مانى دىنى بۇددا دىنى بىلەن بىللە تاكى 13-ئەسىرگىچە ساقلاندى.

ئۇسۇل ۋە مۇزىكا:

بىز تاڭ سۇلالىسى تارىخ كىتاپلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا يېزىلغان مەلۇماتلارنى ئۇچراتتۇق. لېكىن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇسۇللار كۆڭۈل ئېچىش خاراكتىرىدىمۇ، ياكى مۇراسىم خاراكتىرىدىمۇ، بۇنى ئايرىش تەس.

ئەگەر تاڭ سۇلالىسى تارىخ كىتاپلىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل مۇراسىم خاراكتىرىدا بولسا، بىز باشقا جەھەتلەردىنمۇ ئۇيغۇر ئۇسۇللىرىغا ئائىت يىپ ئۇچلىرىنى تاپالايمىز. ئۇ بولسىمۇ شامان داخانلىرىنىڭ پېرىخونلۇق مۇراسىملىرىدىن ئىبارەت.

پېرىخونلۇق مۇراسىمى ئۇيغۇرلار ۋە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى باشقا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئارىسىدا تاكى بىز ياشاۋاتقان زامانغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىزنىڭ كۆرگەنلىرىمىزگە قارىغاندا، داخانلارنىڭ پېرىخونلۇق مۇراسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئۇسۇل بىلەن

ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر بىز ھازىرقى زامان داخانىلىرىنىڭ پېرد-خونلۇغىنى بىرنەچچە ئەسىر بۇرۇنقى داخانىلارنىڭ پېرىخونلۇغى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ دەپ مۆلچەرلىسەك، ئۇ ۋاقىتتا، بىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق دەپ تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىمۇ رىتىمى كۈچلۈك بىر خىل مۇزىكا بولغان. چۈنكى ئېنىق ۋە كۈچلۈك رىتىم شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچى خەلققە خاس مىجەز-خۇلقى ۋە قەيسەر، ئىنتىلىشچان پسىخولوگىيىسىگە ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرى مۇھىم بىر دەۋر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرى ئەڭ مەركەزلەشكەن دەۋرلەرنىڭ بىرى، مەركەزلەشكەن بۇ سىياسى پائالىيەتلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىرمۇنچە غوللۇق ئامىللىرىنى ھاسىل قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە دەۋر ئېقىمىنىڭ چايقاشلىرىدىن ئۆتۈپ ئۆزىنى ساقلاپ قالغىنى ۋە تەرەققى تاپقىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. خاندانلىق مەزگىلىدە شەكىللەنگەن بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئېيتايلۇق، يېزىق، دىن قاتارلىقلار خاندانلىق گۇمران بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇزاق يىللارغىچە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىق ھالدا جانلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا روشەن بىر باسقۇچ بولۇپ قالدى. بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى بولسا، ئېيتايلۇق، مىللى نام، تىل قاتارلىقلار تاكى بىز ياشاۋاتقان دەۋردىمۇ داۋام قىلماقتا. كىشىلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۈستىدە تارىخىي يوسۇندا ئويلانغىنىدا، تەبىئى ھالدا، ئۆزىنىڭ پىكىر-خىيالىنى مۇشۇ باپتا بايان قىلىنغان ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىگە توغرىلايدۇ.

# ئۇچىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئىلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا قۇرۇلغان سۇلالىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەدھىيىلەشكە، كەڭ بايان قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىمىز.

ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرى قۇرغان ھاكىمىيەتلەر، مەيلى ئۇلار قورال‌لىق گۇرۇھ بولسۇن ياكى خاندانلىق بولسۇن، كۆپ چاغلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قۇرۇلغان سۇلالىلەر بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىغى مۇنۇ ئىككى ئامىلدىن ئىبارەت: بىرىنچى، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ھاكىمىيەتلىرى قۇدرەتلىك ھالەتتە تۇرغاندا، ھەمىشە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى ئاھالە ۋە بايلىق تالايدىغان سورۇن دەپ ھىساپلىدى. ئىككىنچى، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى فېئودال سۇلالىلەر ئۆزلىرى قۇدرەت تاپقاندا، بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى ھامان ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىدىغان ۋە زېمىن قوشۇۋالىدىغان نىشانى دەپ قارىدى. مۇشۇ ئامىللارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىپ رول ئوينىشى نەتىجىسىدە، چىن ۋە خەن

سۇلالىلىرى زامانىدىن كېيىن هون، جوجان، سىر-تاردۇش ۋە تۈركلەر ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى. بەزىدە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ كۆلىمى ناهايىتى زور، ۋاقتى ناهايىتى ئۇزۇن بولۇپ، هەر ئىككى تەرەپتىكى ئەمگەكچىلەرگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بالايى-ئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى شىمالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولدى. ئۇيغۇر خاندانلىقى ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىللاردا باشتىن-ئاياق تاڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق ۋە ئىناق مۇناسىۋەتتە بولدى.

## 1. خاندانلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسى، ھەربى مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن باشتىن-ئاخىر قويۇق ۋە ئىناق مۇناسىۋەتتە بولۇشىنىڭ تارىخىي مەنبەسى بار.

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىنى بويسۇندۇرۇلغان قەبىلە سۈپىتىدە باشلىدى. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى دىڭلىڭلاردىن باشلاپ تاكى ئۇيغۇرلار خاندانلىق قۇرغانغا قەدەر بولغان مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان هون قۇلدارلىرى، جوجان ئاقسۆڭەكلىرى، تۈرك قاغانلىرىغا قارشى ئۇزاق مۇددەت كۈرەش قىلغان. بۇ كۈرەشلەردە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ چەكلىك كۈچىگىلا سۆيۈنسە، كۈچلۈك رەقىپلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالمايتتى. تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن چارە تاشقى كۈچكە مۇراجىئەت قىلىش ۋە تايىنىش ئىدى. شۇ زاماندىكى ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىگە نەزەر تاشلىغاندا، مەيلى سىياسى كۈچ

جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتايلى ۋە مەيلى ماددى كۆچ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتايلى، پەقەت ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەرلا مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئەمەلىي ياردەم بېرەلەيتتى.

ئۇيغۇرلار ھون قۇلدارلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ھون قۇلدارلىرىغا قارشى كۆرەش قىلدى. جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جوجان ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى كۆرەش قىلدى.

ئۇيغۇرلار سىر-تاردۇش قەبىلىسىنى يوقىتىپ، موڭغۇل دالاسىدا ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىغاندا، تۈرك قاغانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قېلىپ، 100 يىلچە مەھكۇملۇق ھالىتىدە تۇرغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە تۈرك قاغانلىرىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇزاققىچە كۆرەش قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، پەقەت 628-يىلى تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈرك خاندانلىقىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە ھەربى ھەركەت قوللىنىپ، غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى يىمىرىپ تاشلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ تۈرك خاندانلىقىغا قارشى كۆرىشى غەلىبىگە ئېرىشتى.

سىر-تاردۇش قەبىلىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار گەرچە ئۆز تەسىر كۈچىنى موڭغۇل دالاسىنىڭ كۆپ جايلىرىغىچە كېڭەيتكەن ۋە بۇ رايوندا تەڭداشسىز كۈچلۈك ئورۇنغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، يىراق چاك-چېگرىدىن دەز كەتكەن تۈرك خاندانلىقى ئۆزىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى كۈچىگە سۆيۈنۈپ قايتىدىن ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بولغانلىقتىن، تېخى يېڭىلا سىياسى تارىخ

سەھنىسىدە ئورۇن ئالغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەقىـ
قەتەنمۇ ھايات-ماماتلىق پەيت ئىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق بىر
پەيتتە ھون، جوجان، تۈرك ۋە ئۆزلىرى تەرىپىدىن يوقىتىلغان
سىر-تاردۇش قەبىلىسىنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو
رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن دۈشمەنلىشىش كېرەكمۇ ياكى
ئۆزلىرىنىڭ مىڭ يىلدىن بۇيانقى مەھكۇملۇققا قارشى كۆرەشلىرىدە
ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن ئورناتقان ئىناق مۇناسىـ
ۋىتىنى ساقلاش كېرەكمۇ؟ — بۇ، ئۇيغۇرلار بىر سىياسىي كۈچ
سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن دۇچ كەلگەن مۇھىم
بىر مەسىلە ئىدى. ئۇزاق تارىخىي مەنبەدىن قارىغاندا، شۇنداقلا
تۈرك خاندانلىقى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئاللىق ئالدىدا،
ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە يېقىنلىشىشى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ
قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق تۈرك خاندانلىقىنىڭ
تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشى ياشاش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىنىڭ جان-جان مەنپەئەتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئۇنى شىمالدىن
كېلىدىغان تەھدىتتىن قۇتۇلدۇردى. شۇنداقمۇ بىر مەزگىل
بولغانكى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تۈرك
خاندانلىقى قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ قىستىشى
بىلەن غەربىي شىمال تەرەپتە بىر مەھەل ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى
بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى.

مۇشۇ مەنىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆر-
نەكلىرى»دە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتائەت قىلغانلىقى ئۈستىدە سۆز
بولغاندا مۇنۇلار ئالاھىدە تەكىتلەنگەن: "شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن

شىمالىي چېگرىدا خاتىرجەملىك بارلىققا كېلىپ، ئۇرۇش چۇقانلىرى جىمىقىپ قالغان."

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىتائەت قىلغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تاڭ تەيزۇڭنىڭ لىڭجۇغا بېرىپ تۇمەتنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن باشقا، بىز «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»نىڭ 217-جىلد (بىرىنچى بۆلۈم)ىدىكى مۇنۇ مەلۇماتتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بېقىنغانلىقىغا نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز: "...ئۇلارنىڭ تۇتۇق بۇيرۇق، ئايمان (سىشى) قاتارلىق ئەمەلدارلىرىغا ئالتۇن بېلىق تەمتەك ۋە ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان مەكتۇپلار بېرىلدى. شۇ چاغدا پادىشا ئالىلىرى چەت-ياقا يۇرت خەلقلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا يەنە ساغۇچ سۆسۈن رەڭلىك كىمخاپ تون، شەمشەر ۋە باشقا نەرسىلەرنى راسلاپ جولدا قىلدى. پادىشا ئالىلىرى ئۆز تەختىدە ئولتۇراتتى، ئون مۇقام نەغمىچىلىرى ھازىر بولدى. پادىشا تەختى ئالدىدا بىر ئېگىز سۇپا بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىل قۇلاقلىق كۆپلەر قويۇلغان ئىدى. مەي كۆلچىگىدىكى مەيلەر سۇل تەرەپتىكى كارىدوردىن ئېقىپ كېلىپ كۆپلەرگە چۈشەتتى، ئاندىن مېھمانلارنىڭ ئالدىدىكى قەدەھلەرگە قۇيۇلاتتى. نەچچە مىڭ ئۇيغۇر مېھمان بۇنى ئىچىپ تۈگىتەلمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 5-دەرىجىدىن يۇقۇرى ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارغا باش ۋەزىر مەھكىمىسىدە زىياپەت بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈلدى."

ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنىشى بىلەن ئاسىيا قۇرۇقلۇغىنىڭ شەرقىي قىسمىدا مىسلىسىز قۇدرەتلىك بىر كۈچ ھاسىل

بولدى. بۇ كۆچنىڭ يادروسى تاڭ سۇلالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلكىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ مول ئادەم كۈچى ۋە ماددى كۈچى تۇراتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇر باشلىق چارۋىچى قەبىلىلەر ياشايتتى. بۇ چارۋىچى قەبىلىلەر ياشايدىغان پايانسىز ئوتلاقلار ھەرقانداق ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇملاردىن دالدىلىنىدىغان ۋادىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يەنە ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارى ھەم ھەركەتچانلىق ئىقتىدارى ئىنتايىن كۈچلۈك ئاتلىق ئەسكەرلەرگە ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى يادرو قىلىنغان بۇ يېڭى قۇدرەتلىك كۈچ ھەم تۈرك خاندانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە قىلغان پاراكەندىچىلىكىنى توسۇغان، ھەم تۈرك خاندانلىقىنىڭ ئۇيغۇر قەبىلىرىگە بولغان بېسىمىنى يەڭگىللەتكەن ئىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مۇشۇ قۇدرەتلىك كۈچكە تايىنىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئوغۇز توپىلىكى ۋە بىي سوغۇردۇ توپىلاڭلىرىنى باستۇردى، يېڭىۋاشتىن باش كۆتىرىپ چىققان تۈرك خاندانلىغىنى تارمار قىلدى. بۇ غەلىبىلەر ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى، پات ئارىدا ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئاساس ئورناتتى، شۇنداقلا بۇ غەلىبىلەر يەنە ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنى تاڭ سۇلالىسىگە يېقىنلىشىشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ساقلاش باشتىن-ئاياق ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ئىچكى-تاشقى سىياسەتلىرىنىڭ غولى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا بۇ يەنە خاندانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئاساسىي شەرت بولۇپ قالدى.

بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ روشەن ئىپادىسى شۇكى، ئۇيغۇر قاغانـ
لىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىپ ئوتتۇغات بېرىشىنى (ۋەزىپىگە
تەيىنلىشىنى) ئۆزىنىڭ سىياسى ئورنىنىڭ قانۇن ئاساسى دەپ قارىدى.
تاڭ سۇلالىسى تۆمەتكە "بېقىنغان سانغۇن" دىگەن نامنى بېرىپ،
ئۇنى دەشت تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسىنىڭ تۇتۇق بۇيرۇغى قىلىپ
تەيىنلىگەندىن تارتىپ، قاغان ئۆلسە، تاڭ سۇلالىسىگە مۇسىبەت
خەۋىرىنى يەتكۈزىدىغان، يېڭى قاغان تىكلەنسە، ئۇنى تاڭ سۇلالىـ
سىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە سۇنىدىغان ئەھۋال پۈتكۈل خاندانلىق
مەزگىلىدە ئۆزگەرمەس قانۇن بولۇپ قالدى.
تۆمەتتىن تارتىپ گۇربالاغىچە توققۇز كىشى تاڭ سۇلالىسى
ئاتا قىلغان دەشت تۇتۇق بۇيرۇق دىگەن ئەمەل ئۇنۋانىنى قوبۇل
قىلغان. گۇربالا قاغاندىن تارتىپ ئاخىرقى قاغان ئوكىنېر قاغانغىچە
ئۇيغۇر خاندانلىقىدا جەمئى 15 قاغان ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
تەخت ئالمىشىش تېز بولۇپ كېتىپ تاڭ سۇلالىسىگە مەلۇم قىلىشقا
ئۇلگۈرەلمەي قالغان ئاخىرقى ئۈچ قاغاننى ھىساپقا ئالمىغاندا، 12
قاغاننىڭ ھەممىسى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇغات بېرىشى بىلەن قاغانلىق
مەنسىۋىدە ئولتۇردى.
تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ئوتتۇغات بېرىش ئىشىغا ناھايىتى
ئەستايىدىل ۋە جىددى مۇئامىلە قىلدى. ئوتتۇغات يەتكۈزۈش ئۆمىگـ
ىنىڭ باشلىقلىرى ئومۇمەن ئىنتايىن يۇكسەك ئىجتىمائى ئورۇنغا ۋە
ئىناۋەتكە ئىگە يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن بولۇپ، ئۇلار
پادىشانىڭ خۇسۇسى ۋەكىلى بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى.
ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىگى مەركىزى ھەربى ۋە مەمۇرى ئورگانـ
لارنىڭ ئاساسلىق خادىملىرىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. بۇ ئۆمەك

تاڭ سۇلالىسى پادىشاسىنىڭ تەيىنلەش پەرمانى، تۇرلۇك تامغا-بەلگىلەرنى ئېلىپ بارغاندىن تاشقىرى، يەنە نۇرغۇن سوغا-سالاملار-نىمۇ ئېلىپ باراتتى. «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»دا ئۇتۇغات يەتكۈزۈش ئۆمىگىنىڭ يولغا چىقىش مۇراسىمى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يېزىلغان: "تاشقى تەختى راۋاقىنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى تۇرغۇزۇلدى، باش مۇنشى ئۇتۇغات يەتكۈزۈش ئەلچە-سىگە پەرماننى تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئەلچى دىۋاندىن چىقىپ مەپىگە ئولتۇرۇپ، پادىشا ئوردىسىنىڭ دەرۋازىسىغا باردى، پادىشا ئوردىسى دەرۋازىسى ئالدىدا مەپىدىن چۈشۈپ، ئاتقا مىنىپ، تۇغ-ئەلەملەرنىڭ باشلامچىلىقىدا سەپەرگە چىقتى"㉝. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ئۇتۇغات بېرىشنىڭ تاڭ سۇلالىسى زامانىدا دۆلەت پائالىيىتىنىڭ سەلتەنەتلىك مۇراسىملىرىدىن بىرىگە ئايلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خاندانلىقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇتۇغاتىنى قوبۇل قىلىش سەلتەنەتلىك دۆلەت مۇراسىملىرىنىڭ بىرى ئىدى.

يېڭى قاغان ئۇتۇغات ئېلىشتىن بۇرۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قېتىم بېرىش-كېلىشلەر بولاتتى. ئالدى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدىن ئۇتۇغات بېرىش ئىلتىماس قىلىناتتى. ئاندىن ئۇتۇغات يەتكۈزۈش ئۆمىكى كۈتۈۋېلىنىپ، ئۇتۇغات پەرمانى تاپشۇرۇۋېلىناتتى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەھ-كەم مۇناسىۋىتى ھامان رېئال تۇرمۇشنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق

بېرىپ تۇردى. ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى بولارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر بىر سىناق ئىدى.

مىلادى 755 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پىكاۋ، فەنىياڭ، خېدۇڭ ھەربى رايونلىرىنىڭ جېيدۇشىسى ئەن لۇشەن (ئۆكلۈك) توپىلاڭ كۆتەردى. ئۇنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنى فەنياڭدىن جەنۇپقا قاراپ يۈرۈش قىلىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، تېزلا لوياڭنى ئىشغال قىلىۋالدى، ئاندىن تۇڭگۇەندىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە قىستاپ كەلدى. پادىشا شۈەنزۇڭ (لى لۇڭجى) ئالاقزادىلىكتە سىچۈەنگە قېچىپ كەتتى، شاھزادە لى خېڭ بولسا سۇفاڭ (شىمالىي ھەربى رايون) جېيدۇشىسى گو زىيىنىڭ ھوزۇرىغا قېچىپ بېرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى توپىلاڭچى قوشۇننىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇ دەھشەتلىك سىياسى بوراندا تاڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى لىڭشىپ قالدى[34].

756 ـ يىلى، شاھزادە لى خېڭ لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى)دە تەختكە چىقتى. ئۇ تارىختا تاڭ سۇزۇڭ دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى يىلى تاڭ سۇزۇڭ گو زىيىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنى ئۆكلۈك توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قاغانى قارا قاغان ئوغلى ياپقۇ ۋە دى دى سانغۇننىڭ باشچىلىقىدا 4000 ئاتلىق قوشۇننى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇيغۇر قوشۇنى فېڭشياڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېڭشياڭ ناھىيىسى)دا گوزىيى قوماندانلىقىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇچراشتى. تاڭ سۇزۇڭ ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىنى شەخسەن ئۆزى قوبۇل

قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ گۇاڭپىڭ بېگى شۇ ئىسمىلىك ئوغلىنى ياپقۇ بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقا دالالەت قىلدى[35].

ئۇزاق ئۆتمەي تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسى دائىرىسىدە ئۆكلۈك تويلاكچى قوشۇنىغا تۇنجى قېتىم قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇر قوشۇنىمۇ بۇ قېتىمقى قايتۇرما ھۇجۇمغا قاتناشتى.

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 120 ـ جىلدىدە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق بايان قىلىنغان: "...زىيى مارشالىنى (شاھزادە گۇاڭپىڭ بېگى شۇنى دىمەكچى) مۇھاپىزەت قىلىپ، ئوتتۇرا يول قوشۇن بولۇپ قاراقچىلارنىڭ سەركەردىلىرىدىن ئەن شۇجۇڭ، لى گۈيرېنلار بىلەن پايتەختنىڭ غەربىدىكى جىشياڭسى بۇتخانىسىنىڭ شىمالىدا ئۇرۇش قىلدى. پادىشالىق قوشۇنىنىڭ سېپى 30 چاقىرىم سوزۇلغان ئىدى. باندىتلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى شىمالدا سەپ تارتىپ تۇراتتى. لى گۈيرېن ئاۋال بىزنىڭ قوشۇنىمىزغا ھۇجۇم قىلدى. قوشۇنىمىز قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بۇ چاغدا لى سىيې دۈشمەن ئارىسىغا ئات چاپتۇرۇپ بۆسۈپ كىرىپ، ئون نەچچە دۈشمەننى ئاتتىن يۇلۇپ تىرىك تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بىزنىڭ قوشۇنىمىز بىرئاز تىنجىدى. ئۇيغۇر قوشۇنى تۇيۇقسىز ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ قاراقچىلار قوشۇنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. چۈشتىن تارتىپ قاراڭغۇ چۈشكىچە قاراقچىلاردىن 60 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلدى"[36]. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا تويلاكچى قوشۇنىنىڭ شەنشى تەۋەسىدىكى كۈچى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، تۇڭگۇەندىن چېكىندى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى قايتىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

تويلاكچى قوشۇنىنىڭ چاڭئەن ئەتراپىدىكى مەغلۇبىيىتى تويلاك ـ

چىلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا جېدەل-ماجىرا پەيدا قىلدى. ئۆگلۈك ئۆز ئوغلى ئەن چىڭشۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەن چىڭشۇ ئۆزىنى بۈيۈك يەن پادىشاسى دەپ ئاتىدى.

چاڭئەن قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، تۇڭگۇەندىن بۆسۈپ چىقىپ، خېنەن ئۆلكىسى تەۋەسىدە جەڭگە ئاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۆگلۈك توپىلىڭىنى تىنجىتىش بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق چوڭ جەڭ — شىڭدىيەن جېڭى باشلاندى. شىڭدىيەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەنجۇ تەۋەسىدە بولۇپ، لوياڭغا بېرىشتىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئىدى. ئەن چىڭشۇ بۇ يەردە 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغۇزۇپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشىنى توسۇماقچى بولدى. «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»نىڭ 220-جىلدىدە شىڭدىيەن ئۇرۇشى توغرىسىدا مۇنداق خاتىرە قالدۇرۇلغان: "گو زىيى سەردار-لىقىدىكى قوشۇن شىڭدىيەندە باندىتلار بىلەن ئۇچراشقاندا، باندىتلار تاغ بويىدا سەپ تۈزگەن ئىدى. گو زىيى دەسلەپكى ئۇرۇشتا ئوڭۇش-سىزلىققا ئۇچرىدى، باندىتلار تاغدىن چۈشۈپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇيغۇرلار تاغنىڭ جەنۇبىدىن باندىتلارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىپ، جاھاننى چاڭ-توزاڭ قاپلاپ كەتكەن ئەھۋالدا، باندىتلارغا قارىتىپ ئون نەچچە تال ئوقيا ئاتقاندىن كېيىن، باندىتلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ: 'ئۇيغۇرلار كەلدى' دەپ چۇقان سېلىشىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. پادىشالىق قوشۇن بىلەن ئۇيغۇرلار باندىتلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، ئۇلارنى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، دۈشمەن جەسەتلىرى پۈتۈن دالانى قاپلاپ كەتتى"㊲.

ئۇيغۇر قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا باتۇر ئىدى. تاڭ سۇلالىسى تارىخ-

لىرىدا بۇلارنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن: قالدى ئون مىڭ لى مۇساپە، قىلدى شىددەتلىك سەپەر، ھەر قەدەمدە جاسارىتى چىشلەتتى سانسىز ياۋنى يەر. ياندى قولغا ئىككى ئون كۈندە ئىككى پايتەختىمىز، لەرزىگە كەلتۈردى يەر-جاھاننى بۇ شانلىق زەپەر[38].

تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ئۆڭلۈك تۇپىلىڭىنى باستۇرۇش داۋامىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئۇلارنى مۇنداق تەرىپلىدى: ”خەۋپ-خەتەر چۈشكەندە باشقا بولدى ھەمدەم بىر نىيەت، جەڭدە كۆرسەتتى جاسارەت تۆھپىسى بولدى بىھەت. گەرچە تۇرساقمۇ يىراقتا كۆڭلىمىز رىشتى تۇتاش، تا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بۇنداق سۈپەت. بىز ئۇچۇن چەكتى جاپا شەرتسىز كېرىپ كۆكرەكىنى كەڭ، ئالمىدى ئارتۇق نېسىۋە خىزمىتى ئۇچۇن پەقەت. ئاي بىلەن كۈنگە ئۇلارنى بولدۇ تەڭلەشتۈرۈپ، ياشغاي پەزىلىتى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا ئەبەت“[39].

ئۆڭلۈك تۇپىلىڭى تىنجىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان سىياسى ۋەزىيىتى يەنىلا ئۇزۇل-كېسىل مۇقىملىشىپ كېتەلمىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا شى سىمىڭ (سۈيگۈن) يەنە تۇپىلاڭ كۆتەردى. ئۆڭلۈك ۋە سۈيگۈن تۇپىلاڭلىرى تارىختا ”ئۆڭلۈك-سۈيگۈن تۇپىلىڭى“ دەپ ئاتالدى.

مىلادى 758-يىلى، تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ فەنياڭ جىېدۇشىلىغىغا تەيىنلەنگەن سۈيگۈن ھازىرقى خېبېي رايونىدىن تۇپىلاڭچى قوشۇننى باشلاپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىش بىلەن، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا بېسىپ كىردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي پايتەختى لوياڭ تېز ئارىدىلا تۇپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خېياڭ،

خۇەيجۇ قاتارلىق جايلارمۇ قولدىن كېتىپ، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى شىددەت بىلەن كېڭىيىشكە باشلىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل سىياسى ۋە ھەربى ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئۆز رولىدىن قالدى.

مىلادى 762 ـ يىلى، لى يۇ دەيزۇڭ دىگەن نام بىلەن تاڭ سۇلا ـ لىسىگە پادىشا بولۇپ، ئۇيغۇر خاندانلىقى قوشۇنىنى يەنە بىر قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ مەزگىل قارا قاغان ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى تەڭرى قاغان ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قاغانى بولغان مەزگىل ئىدى. تەڭرى قاغان ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن بىللە ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

جەڭگىۋارلىقى ئىنتايىن ئۈستۈن بولغان ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇن ـ لىرى توپىلاڭچىلار قوشۇنى ئىچىدە قاتتىق ۋەھىمە پەيدا قىلدى. شۇ ۋاقىتتا توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان ئاشىنا چېڭچىڭ توپىلاڭچىلارنىڭ سەركەردىسى شى چاۋيى (شى چاۋيى 761 ـ يىلى ئاتىسى سۈيگۈننى ئۆلتۈرۈپ پادىشا بولىۋالغان ئىدى)غا تەكلىپ بېرىپ مۇنداق دىگەن: "ئەگەر تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئايرىم كەلسە، ئۇنىڭ بىلەن كۈچىمىزنى ئايىماي ئۇرۇش قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەردە ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە كەلسە، ئۇنىڭ جاسارەتلىك كۈچىنى توسۇش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن خېياڭغا چېكىنىپ ئۆزىمىزنى دالدىغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ." شى چاۋيى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ئۇيغۇر قوشۇنى لوياڭنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، توپىلاڭچى قوشۇنىنى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان قىلدى. شى چاۋيى بىرنەچچە يۈز مۇھاپىزەتچى ئەسكىرىنى باشلاپ قېچىپ كېتىشكە ئارانلا ئۈلگۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قوشۇنى تاڭ سۇلا ـ

لىسى قوشۇنى بىلەن بىللە خېبېي رايونىدا توپىلاڭچى قوشۇنلارغا قوغلاپ زەربە بېرىپ، پىڭجۇ ۋىلايىتىنىڭ شىچېڭ (هازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لۇەنشيەن ناھىيىسى ئەتراپىدا) دىگەن يېرىدە شى چاۋيىنى تىرىك تۇتۇپ قەتلى قىلىش بىلەن، ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن توپىلاڭلىرىنىڭ كونا ئۇۋىسى بولغان خېبېي رايونىنى تىنجىتتى.

خېبېي رايونى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ توپىلاڭنى تىنجىتىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تەقدىرلەپ، تەڭرى قاغانغا "دانىشمەن باتۇر، تۆھپىكار بىلگە قاغان" دەپ، ئۇنىڭ خوتۇنىغا "گۈزەل، لاتاپەتلىك بىلگە قاتۇن" دەپ نام بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ئوڭ ـ سول شاتلىرى، ھەرقايسى تۇتۇقلىرى ۋە ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىرلىرىگىمۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇنۋانىنى بەردى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ سول شادىغا "قەيسەر شىمال ۋاڭى" دەپ، ئوڭ شادىغا "شىمالنى ئەمىن قىلغۇچى ۋاڭ" دەپ، قۇتلۇق تۇتۇققا "جىنخې ۋاڭ" دەپ، بايغانا سانغۇنغا "دەشت تىنجىتقۇچى ۋاڭ" دەپ نام بەردى㊵.

ئۆكلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭىنى بۇرالما قىلغان ھالدا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرەتلىك ئوبرازى ئۆتكەن تارىخ بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، تاڭ سۇلالىسى تامامەن چۈشكۈنلۈك مۇھىتىغا مەھكۇم بولدى. بۇ پەۋقۇلئاددە شارائىتنىڭ ئۇيغۇر خاندانلىغى بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئىنكاسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىككى تەرەپنىڭ تارىخى ئورنى ئالماشتى، يەنى مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە بەرگەن ياردەملىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مەدىتىدىن ئېشىپ كەتتى.

مىلادى 763 ـ يىلىدىن كېيىن، خېشى كارىدورى رايونى ھەم

تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمى تامامەن تۈبۈتلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ تاشلاندى، بۇ ھالەت ئۈچ يىل داۋام قىلدى.

مىلادى 766 - يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يىشى (قۇمۇل)، بېيتىڭ (بېشبالىق) جىيدۇشىسى (ھەربى، مەمۇرى ئەمەلدارى) يۈەن جۇڭ ئۇيغۇر خاندانلىقى ئارقىلىق تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقە ئورناتقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تەسىس قىلغان ھەربى، مەمۇرى ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە غەرپ ئەللىرى بىلەن بولغان سودىسىنى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر خاندانلىقى ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان بولدى[41].

بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار مۇشۇ يولدا قاتنايدىغان سودىگەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش جاۋاپكارلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، يەنە تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ماسلىشىپ، تۈبۈتلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى ۋە بۇ جەرياندا نۇرغۇن چىقىم تارتتى.

## 2. خاندانلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئالاقىسى سىياسى ۋە ھەربى ئىشلار جەھەتتىكى ئالاقىسىدىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ تارىخى تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

5 - ئەسىردىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ قورال - ياراقلىرىدا تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىردىن

بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش ھارۋىلىرى تەدرىجىي ھالدا قاتاردىن قالدى، ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمغا ئۆتۈشىدە بارا-بارا ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى. تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان 7-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئۇرۇش قىلغۇچى تەرەپلەر ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلىشقا كۈچىنىڭ بېرىچە ئىنتىلىپ، ئۇنى ئۆز ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى قىلىشقا تىرىشىدىغان بولدى.

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا ئۇرۇش ئېھتىياجىنىڭ تەقەززاسى ئارقىسىدا، ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن كۆپلەپ ئات سېتىۋېلىشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتلاردا موڭغۇل دالاسىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىنى ئات بىلەن تەمىنلىگۈچى ئاساسلىق مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. بۇ ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى ئىدى.

مىلادى 647-يىلى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تاڭ سۇلالىسىگە قارايدىغان بولغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە بىرمۇنچە تۇتۇق بۇيرۇق، ئايماق قاتارلىق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، تامامەن سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار مەقسەت قىلىنغان، چاڭئەنگە بارىدىغان قاتناش يولى — "تەڭرى قاغان يولى"[42] ئېچىلدى. مۇشۇ يولنى ئېچىشتىكى ئەسلى مەقسەت سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئىدى. بىراق، بۇ يولنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن ئىككى

ئوتتۇرىدىكى مۇساپە قىسقىراپ، قاتناش راۋاجلانغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى، ھەربى ئالاقە كۈچەيگەندىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي ئالاقىمۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا قويۇقلىششقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلاندى.

سودا مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى ۋە سودا كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى بۇ باسقۇچنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە ھەمدەمدە بولۇپ "ئۆكلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى"نى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسى ئۈچقاندەك راۋاجلاندى.

بايانىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، كىتاپخانلارغا ئايان بولۇپ بولغان بەزى ۋەقەلەرنى قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

"ئۆكلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى"دىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا توختام بولغان، توختام بويىچە، ئۇيغۇر خاندانلىقى ھەر يىلى تاڭ سۇلالىسىگە 100 مىڭ ئات يەتكۈزۈشى، تاڭ سۇلالىسى ھەر بىر ئات ھەققى ئۈچۈن 40 توپ يىپەك تۆلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە، "ئۆكلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى" تۈپەيلىدىن ئىگىلىكى قاتتىق ۋەيران بولغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنچىلىك چىقىمنى ھەر يىلى تۆلەپ كېتىشى ۋە ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭمۇ مۇنچىلىك كۆپ ئاتنى ھەر يىلى بېرىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئات ۋە يىپەك مال ئالماشتۇرۇپ تۇرغاچقا، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ

تۇرغان㊸ .

ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ئالاقە ئاساسەن ئىككى تەرەپنىڭ ھۆكۈمىتى ئارقىلىق بولاتتى. ھۆكۈمەتلەر ئارىسىدا بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىلەرنىڭ شەكىللىرىمۇ خىلمۇ-خىل ئىدى. "يىپەك-ئات سودىسى" دەپ ئاتالغان سودا ئالاقىسىدىن باشقا، ھەر ئىككى تەرەپ سوغا ئىنئام قىلىش ۋە مۇكاپات بېرىش ئارقىلىقمۇ ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى ئېلىپ تۇردى. مەسىلەن، ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆكتۈك توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا ياردەملەشكەندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ كەلگەن ياپقۇغا بىر قېتىمدىلا 20 مىڭ توپ يىپەك مال مۇكاپات بەردى. مىلادى 764-يىلى ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەملىشىپ، ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى لىنتەي دىگەن يەردە تۆبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانىغا بىر قېتىمدىلا 100 مىڭ توپ يىپەك مال مۇكاپات بەردى.

سودا ئىشلىرى ئىككى تەرەپنىڭ ئەلچىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ بولۇپ تۇردى. «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى. جاۋجىڭ نەسەبنامىسى»دە بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مەلۇمات بار: "شۇ ۋاقىتلاردا ئەلچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئالدىغا قوشۇمچە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئات سودىسىدا ئالغان پايدىنى ئۆز چۆنتىكىگە سالاتتى، پەقەت جاۋجىڭلا ئۇنداق قىلمىدى." جاۋ جىڭ تاڭ سۇلالىسى مەلىكە شيەن ئەننى ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلغانىدا، تەپتىش ۋەزىرلىك ئۇنۋان بىلەن مۇئاۋىن ئەلچى بولۇپ مەلىكە شيەن ئەننى ئاپىرىپ

قويغان بىر ئەمەلدار ئىدى. بۇنىڭدىن مۇشۇ خىلدىكى سودىنىڭ نەقەدەر كەڭ بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنە بىر مىسال، مىلادى 634 - يىلى، ياغلاقار ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ئەمەلدارى ئۆز ئالدىغا بىر قېتىمدىلا 70 مىڭ توپ يىپەك مال سودىسى قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا دائىم قاتناپ تۇرىدىغان مانى دىنى مۇخلىسلىرىمۇ قوشۇمچە سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتقان.

سودا پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا ئىككى تەرەپ سودىگەرلىرى ئوتتۇرىسىدا بولىدى. پەقەت چاڭئەن شەھىرىدىكى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ سودىگەرلىرىلا بىرقانچە مىڭ كىشىگە يەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساراي ئاچتى، بەزىلىرى كارۋانچىلىق قىلدى، بەزىلىرى بولسا جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللاندى. چاڭ-ئەندە نۇرغۇن بەگزادىلەر ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن يات يۇرتنىڭ غەلىتە ۋە نادىر نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىش ياكى پۇل قەرز ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن قويۇق بېرىش-كېلىش قىلدى. ئاقىۋەتتە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئاخىر بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇيغۇر سودىگەر-لىرى بىلەن بىۋاستە سودا ۋە پۇل مۇئامىلىسى قىلىشىنى مەنئى قىلىشقا مەجبۇر بولىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇيغۇر خاندانلىقى سودىگەرلىرىنىڭ سودا پائالىيىتى چەكلەنگەن دائىرىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك دەپ بەلگىلىمە چىقاردى㊹.

خاندانلىق مەزگىلىدە ئىككى تەرەپ ئەمگەكچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىمۇ ناھايىتى قويۇق بولغان ئىدى. بۇنداق سودا

پائالىيەتلىرى كۆپىنچە ئىككى تەرەپ چېگرىلىنىدىغان جايلاردا تۇرۇشلۇق خەلقلەر ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلاتتى.

مەنبە، شارائىت، كۆلەم ھەم شەكىل قاتارلىقلار ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي باغلىنىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ھاسىل قىلدى. تۆۋەندە مۇشۇ مەزمۇنغا ئالاقىدار بىر ئىشنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ئۆكلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى تۇپەيلىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. دۆلەت غەزنىسى بوشاپ قېلىپ، تاڭ سۇلالىسى يىپەك مال-ئات سودىسىدا دائىم قەرزگە بوغۇلىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. لېكىن مەدھىيلەشكە تېگىشلىكى، مۇشۇنداق ھالەتلەر يۈز بەرگەندىمۇ، يەنىلا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا چوڭ ماجرا چىقمىدى، ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلىپ، مىلادى 841-يىلى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار جەنۇپقا كۆچۈپ يۇرۇپ سەددىچىن سېپىلىگە يېقىن جايغا بارغاندا، تاڭ سۇلالىسى يىپەك-ئات سودىسىدا بوغۇلغان قەرز ھساۋىغا ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن •تەمىنلەپ، قەرزىنى تۈگەتتى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ بارغان ئىقتىسادىي ئالاقىلەر ئۇلارنىڭ بىر بىرى بىلەن بولىدىغان ئالاقىسى ئۈچۈن تېخىمۇ چىڭ رىشتە ۋە پۇختا ئاساس ئىدى. بۇنداق ئالاقە ھەر ئىككى تەرەپكە غايەت زور مەنپەئەت كەلتۈردى.

## 3. خاندانلىق بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدىلىق مۇناسىۋىتى

سىياسى، ئىقتىسادىي، ھەربى جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتتىن باشقا، ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا قۇدىلىق

مۇناسىۋەتلەرمۇ بار ئىدى. بۇنداق قۇدىلىق مۇناسىۋەت مىلادى 756-يىلىدىن تارتىپ باشلاندى. شۇ يىلى تاڭ سۇزۇڭ لىڭۋۇدا خانلىق تەختكە چىقىپلا ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئەسكەرلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆگلۈك توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلىپ، پادىشا جەمەتىدىن بولغان چېڭ سەيىنى "دۇنخۇاڭ ۋاڭى" دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئۇيغۇر خاندانلىقىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر قاغانى قارا قاغان ئۆزىنىڭ قىزىنى («تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»دا خوتۇنىنىڭ سىڭلىسى دېيىلگەن) چېڭ سەيگە ياتلىق قىلماقچى بولدى. ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان تاڭ سۇزۇڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بەكمۇ شاتلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى، شۇڭا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دەرھال بۇ ئىشقا ماقۇل بولدى. ھەتتا تاڭ سۇزۇڭ ئۆزى بىۋاستە پىكىيۇەنگە بېرىپ كۆچۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان تويىنى كۈتۈۋالدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ ئۇيغۇر مەلىكىسىگە "بىلگە مەلىكە" دەپ نام بەردى. چېڭ سەيمۇ خوتۇنىنىڭ شۆھرىتىگە سۆيۈنۈپ تاڭ سۇلالىسىدە باش ۋەزىرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولدى. قارا قاغان بولسا چېڭ سەيگە ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە بېرىلىدىغان "ياپقۇ" دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى[45].

شۇنىڭدىن كېيىن تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ نەپەر مەلىكىسىنى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلدى[46]. مىلادى 756-يىلى تاڭ سۇزۇڭ مەلىكە نىڭگونى قارا قاغانغا ياتلىق قىلدى. مىلادى 788-يىلى تاڭ دېزۇڭ مەلىكە شيەن ئەننى تون باغا تارخان قاغانغا ياتلىق قىلدى. تاڭ مۇزۇڭ ۋاقتىدا مەلىكە تەيخې كۈن تەڭرىدە بولمىش كۈلۈك كۈچلۈك بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلىندى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالىسى مەلىكىلىرىنىڭ توي مەرىكە-
لىرىنى ئىنتايىن سەلتەنەتلىك ئىشلار قاتارىدا ئۆتكۈزەتتى.
مەلىكە شيەن ئەن ياتلىق قىلىنغاندا، ئۇيغۇر خاندانلىقى تاڭ سۇلالە-
سىگە 2000 ئات تويلۇق بەردى ھەمدە ۋەزىر دى دى باشچىلىقىدا
2000 كىشىلىك توي كۆچۈرگۈچى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ
ئەلچىلەر ئۆمىكى تەركىۋىدە قاغاننىڭ سىڭلىسى "مەلىكە قۇتلۇق
بىلگە" باشلىق قەبىلە مويسىپىتلىرىنىڭ 56 نەپەر رەپىقىسى ۋە قىزى
بار ئىدى.

ئوخشاشلا تاڭ سۇلالىسى پادىشالىرىمۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىغا
مەلىكە ياتلىق قىلىشنىڭ سەلتەنىتىنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى تەنتەنىلىك
مۇراسىملىرىنىڭ بىرى قىلاتتى. «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ
195-جىلدىدە مۇنداق بىر مەلۇمات بار: "ئۇ (مەلىكە نىڭگو) ياتلىق
قىلىنغان كۈنى بىر نەۋرە ئىنىسى خەنجۇڭ جۈنۋاڭ يۈنى پادىشانىڭ
ئالاھىدە مۇشاۋىرى، مۇۋەققەت تەيتىش ۋەزىرلىك ئۇنۋانى بىلەن
دانىشمەن-باتۇر كۆل قاغاننى رەسمىيلەشتۈرۈش ئەلچىسى، بىر
نەۋرە ئىنىسى سول ياندىش ئامبىلى سۈننى ھەربى ئىشلار ۋەزىرىنىڭ
ياندىش ئامبىلى، مۇۋەققەت نائىپ تەيتىش ۋەزىرى، شاقاۋۇللۇق
ئۇنۋانى بىلەن نائىپ ئەلچى ھەمدە مەلىكە نىڭگونىڭ توي مەرىكە-
سىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدى. داڭلىق ۋەزىرلەردىن سەر-
ۋەزىرگە قىلىنىدىغان مۇئامىلىلەردىن بەھرىمەن بولغۇچى مۇۋەققەت
ئوڭ قول ۋەزىر، جىگو بېگى فېي مىيەننى پاسىلغىچە ئۇزىتىپ
قويۇشقا ئەۋەتتى." قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەت ئىككى تەرەپ مۇناسى-
ۋىتى ئەڭ ئەۋج ئالغان مەزگىلدە يەنى "ئۆكتۈك-سۆيگۈن تويلىقى"
مەزگىلىدە باشلانغانلىقتىن، ئۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن تاڭ سۇلا-

لسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناق ۋە قويۇق مۇناسىۋەتنىڭ يەنە بىر سىماسى بولۇپ قالدى.

## پايدىلىنىلغان كىتاپلار


① فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 493 ـ بەت.
② «سۈي سۇلالىسى تارىخى»، 49 ـ جىلد، «تېلېلار شەجەرىسى».
③ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 494 ـ بەت.
④ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».
⑤ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).
⑥ «سۈي سۇلالىسى تارىخى»، 49 ـ جىلد، «تېلېلار شەجەرىسى».
⑦ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 215 ـ جىلد، «تۈركلەر» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 192 ـ جىلد، «تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن يىللىرى».
⑧ ⑨ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».
⑩ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).
⑪ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 90 ـ جىلد؛
«يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خۇشاۋ ناھىيىسىنىڭ تەزكىرىسى»؛

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 198 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىن 18 ـ »؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 2 ـ جىلد، «پادىشا تەيزۇڭنىڭ نەسەپنامىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

⑫ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 98 ـ جىلد؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

⑬ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 211 ـ جىلد، «شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 4 ـ يىلى».

⑭ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

⑮ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

⑯ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 215 ـ جىلد، «شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 3 ـ، 4 ـ يىللىرى».

⑰ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 503 ــ 504 ـ بەتلەر؛
«پۈتۈكلەر جەۋھىرى»، 992 ـ جىلد.

⑱ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 246 ـ جىلد؛
لى دېيۈ: «لى ۋېيگوڭ خۈيچاڭ يىللىرىدا پۈتكەن مەكتۇپلار»، 2 ـ جىلد.

⑲ فېڭ جياشېڭ، چېڭ شۇلو، مۇ گۇاڭۋېن: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى كىتاپنىڭ 16 ـ، 17 ـ بەتلىرى.

⑳ فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى: «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1962 ـ يىل 6 ـ ئاي نەشرى، 172 ـ بەت.

㉑ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى» (تۈزىتىلگەن

نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 516 ـــ 517 ـ بەتلەر.
㉒ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 51 ـ جىلد، «ئىگىلىك تەزكىرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 127 ـ جىلد، «يۈەن شيۇ نەسەپنامىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 156 ـ جىلد، «دۇڭ جىن نەسەپنامىسى»؛
لۇ جى: «لۇ شۈەنگۇڭ مەكتۇپلىرى. يارلىقلار»، 10 ـ جىلد، «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا مەكتۇپ»؛
بەي جۈيى: «بەي جۈيىنىڭ چاڭچىڭ يىللىرىدا پۈتكەن مەكتۇپلىرى»، 40 ـ جىلد، «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا مەكتۇپ».
㉓ «پۈتۈكلەر جەۋھىرى»، 994 ـ جىلد؛
«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 73 ـ جىلد؛
لۇ جى: «لۇشۈەنگۇڭ مەكتۇپلىرى.يارلىقلار»، 10 ـ جىلد، «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا مەكتۇپ»؛
لو جىنيۇ ئىزاھلاپ تولۇقلىغان «قاراقۇرۇمدىن تېپىلغان مىتال ۋە تاش پۈتۈكلەر. ئۇيغۇر بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس مەرىپەتتى ۋە ئۇلۇغۋار ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىسى مەڭگۈ تېشى».
㉔ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 226 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىن 43 ـ»؛
«دوكتور يۈ تيەننىڭ ماقالىلىرى توپلىمى. توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى».
㉕ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمى تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 520 ـ بەت.
㉖ خەن رۇلىن: «تۈرك يېزىقىدىكى بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنى چۈشەن-

دۇرۇش»، «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى كىتاب، 31 ـ بەت؛

مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىق فاكۇلتېتى تۈزگەن «قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن تاللانما»؛

فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاب، 521 ـ بەت؛

گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر يازما تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە»، «جۇڭگو تىل ـ يېزىقى» ژورنىلىنىڭ 1963 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن.

㉗ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 226 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىن 42 ـ »؛

لى دېيۇ: «لى ۋېيگۇڭ خۇيچاڭ يىللىرىدا پۈتكەن مەكتۇپلار»، 2 ـ جىلد؛

شى جيەن: «پىرى بۇد ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات»، 40 ـ جىلد؛

فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 519 ــ 520 ـ بەتلەر؛ (ياپونىيىلىك) چيەنداۋ شىنىسى بىلەن جاتىڭ جۇزو بىرلىشىپ ئىشلىگەن «يىپەك يولى ھەققىدە لۇغەت»، 253 ـ بەتتىكى «قاراباڵغاسۇن» دىگەن سۆزلەمگە قاراڭ.

㉘ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

㉙ فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى: «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»؛ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

㉚ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ قىسقىچە ئومۇمىي تارىخى» (تۈزىتىلگەن

نۇسخىسى)، ئۈچىنچى بۆلۈم، ئىككىنچى كىتاپ، 521 ـ بەت.

㉛ لو جيەنيۈ ئىزاھلاپ تولۇقلىغان «قاراقۇرۇمدىن تېپىلغان مىتال ۋە تاش پۈتۈكلەر. ئۇيغۇر بىلگە قاغانىنىڭ مۇقەددەس مەرىپىتى ۋە ئۇلۇغۋار ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىسى مەڭگۈ تېشى»؛

«بوگو قاغانىنىڭ دىنغا ئېتىقات قىلىش خاتىرىسىدىن يېڭى تېپىلغان پارچىلەر»، «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتىرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى كىتاپ، 35 ـ بەتتىن ئېلىندى؛

گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ھۆججەتلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى چۈشەندۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلىنىڭ 1978 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن؛

«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

㉜ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

㉝ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

㉞ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 9 ـ جىلد، «نەسەپنامە 9 ـ، شۈەنزۇڭ»؛

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 10 ـ جىلد، «نەسەپنامە 10 ـ، سۇزۇڭ»؛

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 200 ـ جىلد، «ئۆگلۈك»؛

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 120 ـ جىلد، «گو زىيى».

㉟ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 219 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىن 35 ـ، سۇزۇڭنىڭ جىدې 1 ـ، 2 ـ يىللىرى»؛

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 222 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدىن 38 ـ، سۇزۇڭنىڭ شاڭيۈەن 2 ـ يىلى، باۋيىڭ 1 ـ يىلى، دەيزۇڭنىڭ گۇاڭدې 1 ـ يىلى».

㊱ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»، بىرىنچى بۆلۈمدە ئوخشاش مەزمۇندا مەلۇمات قالدۇرۇلغان: "شاگجى جېڭىدە پادىشا قوشۇنلىرى سەپ تارتقاندا، باندىتلار پادىشا قوشۇنلىرىنىڭ سول تەرىپىگە ئاتلىق قوشۇن يوشۇرۇپ قويۇپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىماقچى بولىدى، بارغۇت خۇەيخې ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان باندىتلارنى تۈگەل تارمار قىلىپ، باندىتلار قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى، ئاندىن جىڭشى، بېيتىڭ جېيدۇشىسى لى سىيې بىلەن بىللە دۈشمەنلەرگە ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇم قوزغاپ، باندىتلارنى مەغلۇپ قىلدى ۋە چاڭئەننى قايتۇرۇۋالدى."

㊲ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» دىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا مەلۇمات قالدۇرۇلغان: "گو زىيى شىڭدىيەنگە يېتىپ بارغاندا باندىتلارغا ئۇچراپ قېلىپ، بىرقانچە ئون چاقىرىم ئارقىغا چېكىندى. ئۇيغۇرلار بۇنى كۆرۈپ تاغنىڭ غەربىدىكى ئىگىز چوققىغا چىقىپ ئاق ئەلەمنى پۇلاڭلىتىپ، باندىتلارغا ئارقا تەرەپتىن ھۇجۇم قىلدى. باندىتلار يەر بىلەن يەكسان بولۇپ قاچقاندا، پادىشا قوشۇنلىرى ئۇلارنى20 نەچچە چاقىرىم شىمالغا قوغلىۋەتتى، پاتپاراق ئىچىدە دەسسىلىپ ـ قاڭقىلىپ ئۆلگەن باندىتلار بىھىساپ ئىدى. 100 مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن كاللىسىدىن ئايرىلدى. جەسەتلەر 30 چاقىرىم ئارىلىقتا يېيىلىپ ياتتى."

㊳ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

㊴ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم).

㊵ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

㊶ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛

«مەكتۇپلار جەۋھىرى»، 99 ـ جىلد؛
«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 73 ـ جىلد؛
«لۇشۇەنگۇڭ. مەكتۇپلار توپلىمى. يارلىقلار»، 10 ـ جىلد، «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا مەكتۇپ».

㊷ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» نىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "پادىشا ئاللىرىنىڭ يارلىغى بىلەن چۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بېيتى بۇلىغىنىڭ جەنۇبىدا 68 ئورۇندا ئۆتەڭ سېلىپ، ئوزۇقلۇق ۋە گۆش تەييارلاپ، ئات ـ ئۇلاق تەق قىلىپ، ئەلچىلەر ۋە يولۇچىلارنى تەمىن ئەتتى."

㊸ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 51 ـ جىلد، «ئىگىلىك تەزكىرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 127 ـ جىلد، «يۈەن شيۇ نەسەبنامىسى».

㊹ «بەي جۈيىنىڭ چاۋچىڭ يىللىرىدا پۈتكەن مەكتۇپلىرى»، 40 ـ جىلد، «ئۇيغۇر قاغانلىرىغا مەكتۇپ»؛
«لى ۋېيگۇڭ خۇيچاڭ يىللىرىدا پۈتۈلگەن مەكتۇپلار»، 5 ـ جىلد، «ئۇيغۇر قاغانىغا مەكتۇپ ھەم مەلىكە، ۋەزىرلەرگە يارلىق».

㊺ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

㊻ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

# ئۈچىنچى باپ
# ئۇيغۇرلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى

## بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ يىمىرىلىشى

ئۇيغۇر جەمىيتى بۇرۇن چارۋىچىلىقنى ئۆزىنىڭ ئاساسي ئىگىلىك تارمىغى قىلغان ئىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئىقتىسادي ئالاقە كۈندىن-كۈنگە قويۇقلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردە، ئاسيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قۇرۇق-لۇقتىكى قاتناش لىنىيىسى — يىپەك يولى ئۇيغۇرلار رايونىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سودا ئىگىلىكى خاندانلىقتا قەدەممۇ-قەدەم مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىدى. نەتىجىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاقسۆ-ڭەكلىرى بىلەن سودا ئىگىلىكى ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدا دائىم توقۇنۇشلار بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. بۇ توقۇنۇشلار ئاخىر بېرىپ ئۇيغۇر خاندانلىغىنى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا يۈزلەندۈرگەن بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ ئاساسي سەۋەبچىسى بولۇپ قالدى. بۇ بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ بىرىنچى پەردىسى دەل تاڭ سۇلالىسى بىلەن "ئىناق ئۆتۈش" ياكى "ئۇرۇشۇش" مەسىلىسىدىن باشلاندى. ئۇ، ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىدىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك ۋەقە

بولدى.

ئۇيغۇر خاندانلىغى تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ "ئۆگلۈك سۆيگۈن تويىلىگى"نى تىنجىتىش داۋامىدا ھەربىي جەھەتتە غەلىبە قازاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سىياسى جەھەتتە ئىمتىيازغا، ئىقتىسادىي جەھەتتە بايلىققا ئىگە بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خاندانلىغىنى ھەم قۇدرەتلىك، ھەم باياشات دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى، بولۇپمۇ قوشۇن باشلاپ سۆيگۈن توپىلىگىنى باستۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان تەڭرى قاغان ناھايىتىمۇ تەكەببۇر بولۇپ كەتتى. لوياڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، تەڭرى قاغان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ قالايمىقان بىلەن خالىغانچە بۇلاڭ- تالاڭ قىلىشىغا ۋە قىرغىنچىلىق قىلىشىغا يول قويۇپ، ھەتتا كىشىنى يىرگىندۈرىدىغان بەيما بۇتخانىسى پاجىئەسىنىڭ سادىر بولۇشىغا سۈكۈت قىلدى. بۇ پاجىئە توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 195- جىلدىدە مۇنداق دەپ يېزىلغان: "شەرقىي پايتەخت (لوياڭ)كە بېرىپ باندىتلارنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەرباپلار ۋە خوتۇن- قىزلار قورقۇپ شېڭشەن ۋە بەيماسى بۇتخانىلىرىغا مۆكۈۋالدى، ئۇيغۇر ئەسكەرلىرى بۇ ئىككى بۇتخانىغا ئوت قويۇۋەتكەنلىكتىن، ئون مىڭلاپ ئادەم ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى، ئوت يالقۇنى ئون نەچچە كۈنگىچە لاۋۇلداپ تۇردى. پادىشانى مۇبارەكلەپ كەلگەندە، ئەمەلدارلارنى قاتتىق ھاقارەتلىدى. شەنجۇ جېيېدۇشىسى گو يىڭيى شەرقىي پايتەخت (لوياڭ)نىڭ مۇۋەققەت ئامبىلى بولۇپ تەيىنلەنگەندە، شەرقىي پايتەخت يەنە باندىتلارنىڭ قايتا دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچرىدى. شىمالىي مۇداپىئە ئارمىيىسى ۋە گو يىڭيى، يۈ چاۋئېن قوشۇن-

لىرى يۈز بېرىۋاتقان زوراۋانلىقلارنى چەكلىيەلمەي، ئاخىرى ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ شەرقىي پايتەخت بازارلىرىنى ۋە رۇجۇ، جېڭجۇ قاتارلىق جايلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ھەممە ئۆيلەر قۇرۇغدالدى، بەزى كىشىلەر قەغەزنى، بەزى كىشىلەر بولسا بۇددا دىنى كىتاپلىرىنى يېپىنچە قىلدى.»

مىلادى 780-يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى پادىشاسى تاڭ دېزۇڭ (لى كو) تەختكە چىقتى، ئۇنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى تېخى تامامەن مۇستەھكەملىنىپ كېتەلمىگەن بىر ۋاقىتتا، تەڭرى قاغان بەزى سودا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بولۇپمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن، تاڭ سۇلالىسىگە قارىتا تالان-تاراج خاراكتېرلىق ئۇرۇش قوزغىماقچى بولدى. ۋەزىر تون باغاتارخان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىماسلىق كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ، قوشۇن باشلاپ چىقىپ، تەڭرى قاغاننى ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەڭرى قاغاننى ئۇرۇشقا قۇترىتقان سوغدى سودىگەرلىرى ۋە مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئۆلتۈردى.

تون باغاتارخان ئۆزىنى «ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپ جاكالىدى ھەمدە تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئۇقتۇردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تون باغاتارخاننىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ئۇنىڭغا «باتۇر، رەھىمدىل خىزمەت كۆرسەتكەن قاغان» دەپ نام بەردى. كېيىنكى يىللاردا ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل-ماجرا تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە بۇ ھال ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئاساسىنى تەۋرەتتى.

مىلادى 789-يىلى تون باغاتارخان ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئوغلى تاراس قاغان بولدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا "سادىقەتمەن، پاك قاغان" دېگەن نام بەردى. تاراس قاغان تەختكە ئولتۇرۇپ بىر يىل ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىنىلىرى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. لېكىن توپىلاڭ تېزلا تىنجىتىلىپ، ئۇنىڭ ئىنىلىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە تاراسنىڭ ئوغلى ئېل كۈر تەختكە چىقتى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا "سادىقەتمەن قاغان" دېگەن نام بەردى①.

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر خاندانلىقىدا، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى ئىچكى جېدەل-غوۋغالاردىن باشقا، بىرمۇنچە سەلبىي ئامىللارمۇ بار ئىدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى ئەسلىدە قوراللىق بويسۇندۇرۇشقا تايىنىپ قۇرۇلغان. خاندانلىقنى پەقەت قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچ ۋە قاتتىق، مۇكەممەل مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسى يۆلەپ تۇراتتى. خاندانلىق يۈكسىلىش باسقۇچىدا تۇرغان مەزگىللەردە، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر خاندانلىقنىڭ قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچىدىن پەخەس بولۇپ، يولدىن چەتلەپ كېتىشتىن مۇمكىن قەدەر ساقلىنىشقا تىرىشاتتى.

خاندانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان شارائىتلار پەيدىن-پەي ئۆز رولىنى يوقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قاغانلارنىڭ پات-پات ئالمىشىپ تۇرۇشى خاندانلىق دائىرىسىدىكى قەبىلىلەرنى ھەمىشە ئۆز خاھىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا، ئۆز تەقدىرىنى بىرەر قاغاننىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا چېتىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى — ئىمتىياز، بايلىق ۋە مەرتىۋە — ئىشەنچلىك كاپالەتتىن مەھرۇم قالدى.

تېخىمۇ ئېغىرى شۇكى، قاغانلارنىڭ ئالمىشىشى ھەمىشە تۈرلۈك كۆلەمدىكى ئۇرۇشلارغا سەۋەبچى بولۇپ، نورمال تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى قاتتىق بۇزغۇنچىلىقلارغا ئۇچرىتىپ تۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خاندانلىق دائىرىسىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىش مەقسىدىدىكى قوزغىلاڭلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بېيتىڭنىڭ يېنىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سارت، ئاق تۈرك ۋە قارلۇق قەبىلىلىرى بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان ئىدى. مىلادى 790-يىلى ئۇلار تۆبۈتلەر تەرەپكە ئۆتۈپ، تۆبۈت قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ قوشۇنلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. خاندانلىقنىڭ قوشۇنى تۆبۈتلەرگە قارشى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قارلۇقلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر خاندانلىغى تەۋەلىگىدىكى فۇتۇچۇەن (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ جىمسار ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) نى بېسىۋالدى②.

سارت، قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ قوزغىلاڭلىرىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ چوڭى ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدا ئۇچرىغان مەنىۋى جەھەتتىكى مەغلۇبىيىتى ئىدى. بۇرۇن ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسىگە ماسلىشىپ، تىيانشاننىڭ شەرقىدە تۆبۈتلەرگە قارشى كۈرەش قىلغاندا، شىجۇ (ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىغى) خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. مىلادى 790-يىلى، ئۇيغۇر قوشۇنلىرى بىلەن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بېيتىڭدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى، ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ ۋەزىرى ئېل ئۇگاسى جاۋاپكارلىقنى باشقىلارغا دۆڭگەش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېيتىڭ جىيېدۇشىسى ياڭ شىگۇنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ

خىيانەتـكارانە ھەركـەت شۇ ۋاقىتـتا شىجۇ ئاھـالىلىرىنىڭ قاتـتىق
قارشىلىقى ۋە نارازىلىقىنى قوزغىدى. شۇنىڭـدىن ئېتىـۋارەن، ئۇلار
ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىشتىن باش تارتىدىغان
بولۇپ قالدى③.

ئۇيغۇر خانىدانلىقىنىڭ ئىچكى قىسىمدا جېدەل-غوۋغالار بېسىل-
مىدى، تاشقى قىسىمدا دوستلار دۈشمەنگە ئايلاندى، ئۇيغۇر خانىدان-
لىقىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى ھەممە جەھەتتىن بارغانسېرى ئاجىزلاپ،
ئۆز رولىنى يوقىتىشقا باشلىدى. خانىدانلىق ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن
دەۋرىنى تۈگىتىپ زەئىپلىششكە قاراپ يۈزلەندى.

مىلادى 795-يىلى ئېـل كۈر ئۆلـدى. ئادىز قەۋمىـدىن چىققان
ۋەزىـر قۇتـلۇق قاغان بولـدى، تاڭ سۇلالـىسى ئۇنىڭ قاغانـلىق
ئورنـىنى ئېتـىراپ قىلىـپ، ئۇنىڭـغا "دىـيانەتـمەن قاغان" دەپ
نام بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خانىدانلىق ھوقۇقى ياغلاقار قەۋمىدىن
ئادىز قەۋمىگە ئۆتتى.

مىلادى 808-يىلىغا كەلگەندە، ئۇيغۇر خانىدانلىقى غالىـپ بىلگە
قاغاننىڭ رەھبەرلىكىدە يەنە بىر مەزگىـل گۈللەنـدى. بۇ مەزگىلدە
ئۇيغۇر خانىدانلىقى بىر قاتار غەلىبىـلەرگە ئېرىشـتى. بۇ غەلىبىلەر،
بىر تەرەپتىن، تۈبۈتلەرنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىـپ كەتكەنـلىكىدىن
قولغا كەلگەن بولـسا، يەنە بىر تەرەپـتىن غالىـپ بىلـگە قاغانـنىڭ
شەخسى ئىقتىدارىغا مەنسۇپ ئىدى. بىراق، بۇ ئۆزگىرىشلەر خانىدان-
لىقنىڭ كۇنسايىن زەئىپلىشۋاتقان ھالىتـىنى توسۇشـتا ھىچـقانـداق
رول ئوينىيالمىدى.

غالىپ بىلگە قاغاندىن كېيىن ئۇيغۇر خانىدانلىقىنى ئىچـكى توپى-
لاڭ ۋە تاشقى بالايى-ئاپەت تېخىمۇ چىرمىۋالدى، مىلادى 816-يىلى

تۈبۈت قوشۇنلىرى ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى رايونىدىن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونىغا قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، خاندانلىقنىڭ پايتەختىگە ئۈچ كۈنلۈك كەلگۈدەك يەرگىچە قىستاپ كەلدى④. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خاندانلىققا قاراشلىق ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. جۈملىدىن قىرغىز قەبىلىسىنىڭ قوراللىق قوزغىلىڭى كۆلەم جەھەتتە ئەڭ زور، ۋاقىت جەھەتتە ئەڭ ئۇزۇن بولدى. بۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدا ئاساسلىق تاشقى ئامىل بولۇپ قالدى.

قىرغىزلار ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن ئىلگىرىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ”جيەنكۇن“، ”جيېگۇ“ دەپ ئاتالغان. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە بولسا ”شياجياسى“ دەپ ئاتالغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ”قىرغىز“ دىگەن نامنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى ئىدى. دەسلەپتە ئۇلارمۇ باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاشلا ھون قۇلدارلىرى، جوجان ئاقسۆڭەكلىرى ۋە تۈرك قاغانلىرى شۇنىڭدەك سىر-تاردۇش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان. مىلادى 647-يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قەبىلىرىدە تۇتۇق بۇيرۇق ۋە ئايماق قاتارلىقلارنى تەسىس قىلغاندا، قىرغىزلارمۇ تاڭ سۇلالىسى بىلەن سىياسى ئالاقە ئورناتقان. تاڭ سۇلالىسى قىرغىزلار قەبىلىسىدە ”قىرغىز تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى“ تەسىس قىلىپ، ئۇنى يەنىرەن دۇخۇ (سەرتاپلىق) مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا قويغان. ئۇيغۇر خاندانلىقى قۇدرەت تاپقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولۇپ كەلگەن⑤.

مىلادى 832-يىلى، ئۇيغۇر خانىدانلىقىدا يەنە بىر قېتىم ئىچكى قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن «ئەدەپمەن قاغان» دەپ نام بېرىلگەن قاغانى قازار تېكىن قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى قۇت تېكىن قاغان بولدى، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ئىناۋەتمەن قاغان» دېگەن نام بەردى. مىلادى 836-يىلى، خاندانلىقتا توپىلاڭ كۆتىرىش قەستىدە بولغان ۋەزىر ئىنەيون كۆل، تېكىن سايغالار قۇت تېكىن قاغان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، بۇ قېتىمقى ئىشقا ئاشمىغان توپىلاڭغا قاتنىشىپ باشقا جايلاردا قوشۇن باشلاپ يۈرگەن ۋەزىر قارا قوۋۇ ئۆز شېرىكلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا، سارت قەبىلىسىدىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ، ئۆز خاندانلىقىغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. ئۇرۇشتا قۇت تېكىن مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، قارا قوۋۇ تېكىننى قوشۇۋۇشات قاغان دەپ ئېلان قىلدى.

دەل شۇ مەزگىلدە، خاندانلىق تەۋەسىدە بىرقانچە يىل تەبىئى ئاپەت بولدى. بۇنىڭ كەينىدىنلا مىلادى 839-يىلى خاندانلىقتا يەنە ئېغىر ئاچارچىلىق بولدى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالدى، بۇنىڭغا جۇدۇن ئاپىتىمۇ قوشۇلدى. نەتىجىدە ئات-ئۇلاقلار كۆپلەپ قىرىلىپ كەتتى، خەلقلەر خانىۋەيران بولدى، جەمىيەت قالايمىقانلاشتى، خاندانلىقنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. بىراق پۈتۈن خاندانلىقنى قاپلاپ كەتكەن بۇ ئېغىر كىرىزىسمۇ ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جىدەل-غوۋغانى جىمىقتۇرالمىدى.

سانغۇن كۈلۈگ باغا قارا قوۋۇنىڭ مۇستەبىتلىك قىلىشىغا نارازى

## ئۇيغۇر خاندانلىقى قاغانلىرىنىڭ شەجەرىسى

| ئىسمى | ئۆزى ئاتىۋالغان ئۇنۋان | تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بەرگەن نام | مۇناسىۋىتى | تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| تېركىن | ئېركىن | | | سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى |
| بوسات | ئالپ ئېلتابىر | | بالىسى | سۈي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى |
| تۇمەت | قاغان | بېقىنغان سانغۇن، دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى | | ... — 648 |
| بايان | بۈيۈك ئېلتابىر | سول قانات قەيسەر مۇھاپىزەتچى سانغۇن، بۈيۈك ئېلتابىر، دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى | بالىسى | 648 — 661 |
| بىي سوغۇردۇ | | دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى | بالىسى | 661 — 680 |
| تۇغۇچۇق | | دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى | بالىسى | 681 — 715 |
| ۋودىبىربەگ | | دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى | بالىسى | 715 — 719 |
| چىپك زۇك | | دەشت تۇتۇق بۇيرۇغى | بالىسى | 719 — ... |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| گۆربالا | قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان | رەھمەدىل قاغان | بالىسى | 747 ــ 744 |
| مويۇنچۇر | قارا قاغان | دانىشمەن، باتۇر، بىلگە كۆل قاغان | بالىسى | 759 ــ 747 |
| ئېدىكىن | بوگو قاغان، تەڭرى قاغان | دانىشمەن، باتۇر، تۆھپىكار بىلگە قاغان | بالىسى | 780 ــ 759 |
| تون باغا تارخان | ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان | باتۇر، رەھمەدىل، خىزمەت كۆرسەتكەن قاغان | ۋەزىر | 789 ــ 780 |
| تاراس | ئاي تەڭرىدە بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان | ساداقەتمەن، پاك قاغان | بالىسى | 790 ــ 789 |
| ئىل كۆر | قۇتلۇق بىلگە قاغان | ساداقەتمەن قاغان | بالىسى | 795 ــ 790 |
| قۇتلۇق | تەڭرىدە قۇتلۇق بولمىش ئالپ قۇتلۇق كۆلۈگ بىلگە قاغان | دىيانەتمەن قاغان | ۋەزىر | 805 ــ 795 |
| | ئاي تەڭرىدە ئالپ بولمىش قۇتلۇق بىلگە قاغان | | | 808 ــ 805 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان | دىيانەتلىك قاغان | | 821 — 808 |
| | كۈن تەڭرىدە كۈلۈگ بولمىش كۈچلۈگ بىلگە قاغان | ئەخلاقمەن قاغان | | 824 — 821 |
| قازار تېكىن | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان | ئەدەپمەن قاغان | ئىنىسى | 832 — 824 |
| قۇت تېكىن | ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش ئالپ بىلگە قاغان | ئىناۋەتمەن قاغان | ئىنىسى | 839 — 832 |
| قوۋۇ تېكىن | قوشوۋۇشات قاغان | | | 840 — 839 |
| ئۇكا تېكىن | ئۇكا قاغان | | ئىنىسى | 845 — 841 |
| ئوكنېر تېكىن | ئوكنېر قاغان | | | ... — 845 |

بولۇپ، قىرغىز قەبىلىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قارا قوۋۇننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولدى. بۇ ئىش ئۇيغۇر خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇزۇندىن بۇيان كۈرەش قىلىپ كەلگەن قىرغىز قەبىلىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. نەتىجىدە كۆلۈگ باغانىڭ ياردىمى ئاستىدا 100 مىڭ كىشىلىك قىرغىز ئاتلىق قوشۇنى گويا ئۇشتۇمتۇت كۆتۈرۈلگەن قۇيۇندەك شىمالدىن جەنۇپقا قاراپ شىددەتلىك يۈرۈش قىلىپ، ئۇيغۇر خاندانلىقىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، خاندانلىقنىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ، قوشۇۋۇشات قاغاننى ئۆلتۈردى، خاندانلىقنىڭ پايتەختىنى ۋەيران قىلدى، مال-مۈلكىنى بۇلاپ-تالىدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى تەبىئىي ئاپەت ۋە سۇنئىي كۈلپەتنىڭ قوش زەربىسىدە ئاخىر يىمىرىلدى⑥. تۇمەت خاندانلىقىنى قۇرغاندىن باشلاپ تاكى قوشۇۋۇشات قاغان ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇيغۇر خاندانلىقى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ ئاز كەم 200 يىل ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ رەسمىي خاندانلىق بولۇپ تۇرغان ۋاقتى 100 يىلدىن ئاشىدۇ.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

مىلادى 840-يىلى قىرغىز قەبىلىسىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلدى، خاندانلىقنىڭ پۇقرالىرى جەنۇپ ۋە غەرپكە تىرىپىرەن بولۇپ كۆچۈشتى.

### 1. جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار

خاندانلىقنىڭ پايتەختى ئەتراپىدا ياشايدىغان 13 قەبىلە، تەخمى-

نەن 100 مىڭ تۇتۇن قاغاننىڭ ئىنىسى ئۇكا تېكىننىڭ باشچىلىقىدا موڭغۇل قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ جەنۇپقا قاراپ كۆچۈپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنۋۇ ۋە تيەندې قوشۇنلىرى تۇرۇشلۇق رايونلارغا كەلدى.

جېنۋۇ قوشۇنى جيېدۇشىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى جىنخې قەلئەسىدە ئىدى. بۇ قەلئەنىڭ ئىزى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى خورىنگىرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. تيەندې قوشۇنى جيېدۇشىسىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى تيەندې قەلئەسىدە ئىدى. بۇ قەلئەنىڭ ئىزى ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ئۇرات خوشۇنىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

جەنۇپقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار مىلادى 841-يىلى ئۇكا تېكىننى ئۇكا قاغان دەپ تىكلىدى. ئۇكا قاغان بىلەن بىللە جەنۇپقا كۆچكەنلەر ئىچىدە يەنە ئۇكانىڭ ئىنىسى ئۇنمىش، ۋەزىرلەردىن چىچەن، بۆكە ۋە ناياچۇر تېكىن قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەرمۇ بار ئىدى⑦.

جەنۇپقا كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار بۇ رايونلارغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ۋاڭ خۇيىنى پادىشانىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ جايدىكى ئۇيغۇرلاردىن ھال سوراشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلارغا 20 مىڭ دادەن ئۇزۇقلۇق ئاشلىق يەتكۈزۈپ بەردى.

چىچەن، بۆكە قاتارلىق بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان بۇ غەمخورلۇقلىرىغا قارىماي، تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىدىكى ۋىلايەت، ناھىيىلىرىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇندى. ئۇكا قاغاننىڭ ئىنىسى ئۇنمىش ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىغۋاگەرچىلىكىگە قەتئىي قارشى چىقىپ، ئۇكا قاغاننىڭ بارگاھىدا چىچەن، بۆكە قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنىلىرى بىلەن

بىللە باشقا تېكىن، ۋەزىر باشلىق 2200 ئاقسۆڭەك ۋە ئۆز قەبىلە-
سىنىڭ يۇقرالىرىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. تاڭ
سۇلالىسى ئۇنىڭغا «سول قانات مۇھاپىزەتچى سانغۇن» دېگەن
پەخرىي ھەربىي ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئۇنى ھەربىي ئىشلار بويىچە ئەلچى
قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى ھازىرقى
سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەيۈەن شەھىرى ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇردى.
تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتكەن
باشقا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگىمۇ ھەر خىل پەخرىي ئۇنۋانلارنى
بەردى⑧.

چىچەن قاتارلىقلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جەنۇپقا كۆچكەن
ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقۇرى تەبىقىسى ئىچىدە قاتتىق بۆلۈنۈشلەر بولدى.
ئاقسۆڭەك ناياچۇر چىچەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ،
چىچەننىڭ قول ئاستىدىكى 7000 تۈتۈن ئاھالىسىنى قورال‌لىق كۆچ
ئارقىلىق ئۆزىگە قوشۇۋالدى، ئاندىن ئۇكا قاغاندىن ئايرىلىپ
چىقىپ، سەددىچىن سېپىلىنى بويلاپ شەرقىقە كۆچۈپ، شىرۋى
قەبىلىسىگە قوشۇلۇپ، يۇجۇ (ھازىرقى بېيجىڭ) ئەتراپىدا داۋاملىق
قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئادەم ۋە مال-مۈلۈكلەرنى بۇلاپ-
تالىغانلىقتىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇجۇ جىېدۇشىسى جاڭ جۇڭۋۇ
تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئۇرۇشتا يارىدار بولغان ناياچۇر ئۇكا
قاغاننىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا ئەگەشكەن ئۇيغۇرلار-
نىڭ بىر قىسمى تاڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، يەنە بىر
قىسمى تەرەپ-تەرەپكە چېچىلىپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. شۇ
چاغدا ئۇكا قاغاننىڭ بارگاھى ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسى داتۇڭ
شەھىرىنىڭ يېنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىلكىدە 100 مىڭدىن ئارتۇق

ئاھالە بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، بۇنچىلىك ئادەمنى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلەش ناھايىتى ئېغىر يۈك ئىدى. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز ۋاقتىدا يىپەك-ئات سودىسىدا تېخى تۆلەپ بولالمىغان قەرزلىرىنى ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەك بىلەن تۆگەتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قاغانغا ئاشلىق ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئات بىلەن ئايرىۋاشلاش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، لېكىن ئۇيغۇر قاغان تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مۇۋاپىق تەكلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە ئارقىدىنلا ئەسكەر چىقىرىپ، تيەندې ۋە جېنۋۇ رايونلىرىنى تالان-تاراج قىلدى ھەمدە داتۇڭنىڭ ئەتراپىدىكى سارت، تاڭغۇت قەبىلىلىرىنىڭ جايىغا باستۇرۇپ كىرىپ، نەچچە ئون مىڭلىغان ئات-ئۇلاقلارنى بۇلاپ كەتتى، ھەتتا داتۇڭنى قورشىۋالدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا، تاڭ سۇلالىسى مىلادى 843-يىلى شى شيۇڭ، جاڭ جۇڭۋۇلارنىڭ قوماندانلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر قاغانغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇيغۇر قاغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قارا ھارۋىلىقلار قەبىلىسىگە پانا ئىزدەپ قېچىپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر قاغان قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىنىسى ئوكنېر قاغان قىلىپ تۇرغۇزۇلدى، بۇ چاغ جەنۇپقا كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، پاتىپاراق بولۇۋاتقان چاغ ئىدى. شۇڭا، ئوكنېرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى 5000 غا يەتمەيتتى.

ئوكنېر قاغان باشلاپ ماڭغان بۇ 5000 چە ئاھالە ئۆز ئالدىغا

مۇستەقىل ياشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ، شى قەبىلىسىگە پانا ئىزدەپ باردى. مىلادى 847 ـ يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇجۇ جيېدۇشىسى جاڭ جۇڭۋۇ شى قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يەنە تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. ئىككىنچى يىلى ئەتىيازغىچە ئوكنېر قاغاننىڭ يېنىدا پەقەت ئاقسۆڭەك، ۋەزىرلەردىن 500 چە ئادەم قالدى. ئاخىر ئۇلار شىرۋى قەبىلىسىگە پانا ئىزدەپ بارغاندا، شىرۋى قەبىلىسى ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋالماقچى ھەمدە ئوكنېر قاغاننى تۇتۇپ قالماقچى بولدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوكنېر قاغان بالا ـ چاقىلىرىنى ۋە يېقىن خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ، دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. قېلىپ قالغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى بولسا يەتتە تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە شىرۋى قەبىلىسىنىڭ يەتتە قەۋمىگە قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، قىرغىزلاردىن ۋەزىر ئايبۇغ قوشۇن باشلاپ شىرۋى قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، شىرۋى قەبىلىسى تەرىپىدىن بۆلۈۋېتىلگەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ياندۇرۇپ كەلدى. بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالغان بىر تۇركۇم ئۇيغۇرلار تاغ ۋە ئورمانلىقلارغا قېچىپ بېرىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلار توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرۇلمىغان⑨.

## 2. غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇر خاندانلىقى گۇمران بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئۈچكە بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى، بىر تۇركۇمى خېشى (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورى) رايونىغا، بىر تۇركۇمى شىجۇ (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقى) رايونىغا، يەنە بىر قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا ياي لاقلىرىغا

كۆچتى[10].

خېشى رايونىغا كۆچۈپ كىرگەن ئۇيغۇرلار دەسلەپتە تۆبۈتلەرنىڭ، كېيىن جاڭ يىچاۋ پادىشالىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدا بولدى. ئۇلار گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى جاڭيې)نى ئاساسىي تايانچ قىلىپ، چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى يىغىپ كۈچ توپلاش ئارقىسىدا تەدرىجى قۇدرەت تېپىپ، ئىلگىر-كېيىن بولۇپ تۆبۈتلەر بىلەن جاڭ يىچاۋ پادىشالىغىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خېشى رايونى بويىچە ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ، شەرقتە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى)دىن تارتىپ، غەرپتە دۇنخۇاڭ، يۈمېن، ئەنشىگىچە بولغان كەڭ رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. خەنزۇچە تارىخىي ماتىرىياللاردا ئۇلار "خېشى ئۇيغۇرلىرى" دەپ ئاتىلىدۇ[11].

خېشى ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەر بىلەن داۋاملىق ھالدا قويۇق، ئىناق ۋە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇردى. 11-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، تاڭغۇت پادىشالىغى (غەربىي شيا) ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە كۈچىيىپ، خېشى ئۇيغۇرلىرىنى مەغلۇپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇت پادىشالىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى. ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۈگۇ مىللىتى (بۇلار سېرىق ئۇيغۇرلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئەنە شۇ ۋاقىتتىكى خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى.

غەرپكە كۆچكەن يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن بېيتىڭدا تۆبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئاندىن شىجۇ (يەنى قوجۇ،

ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقى)،
لۈنتەي (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىچۈەن
ناھىيىسى دائىرىسىدە)نى ئۆزىگە قاراتتى. خەنزۇچە تارىخىي ھۆج-
جەتلەردە بۇ ئۇيغۇرلار "شىجۇ ئۇيغۇرلىرى" دەپ ئاتىلىدۇ.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق، تۆبۈتلەرنىڭ تىيانشان بويلىرىدىكى كۈچلىرىنى تازىلاپ، كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى. 10-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن كوسەن (ھازىرقى كۇچار)دە توقۇنۇشۇپ قېلىپ مەغلۇپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىنى بويلاپ جەنۇپقا قىلغان ھەربى يۈرۈشلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمىنى، شىمالدا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولۇپ، تاكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى[12].

غەرپكە كۆچكەن ئۈچىنچى تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىغا كىرىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى بۇ رايونغا كۆچۈپ بېرىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان، ئۇيغۇر قەبىلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ يەنە بىر بۆلىكى — قارلۇقلارغا قوشۇلدى، كېيىنكى يىللاردا، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن پامىرنىڭ غەربىدە بولغانلىقتىن، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلار "غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى" دەپ ئاتالغان.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى 10-ئەسىردە قۇدرەتلىك قاراخانىلار خاندانلىقىنى قۇردى، بۇ خاندانلىق 12-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ

تۇردى.

قاراخانىلار خاندانلىغى ئوتتۇرا ئاسيادا سامانىلار خاندانلىغىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ پايتەختى بۇخارا (هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا شەھىرى)نى بېسۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغىچە كېڭەيتتى، شەرقتە بولسا قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى يۇمېن، دۇنخۇاڭلارغىچە كېڭەيتىپ، شەرقتە يۇمېن، دۇنخۇاڭلاردىن تارتىپ، غەربتە بۇخاراغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىم ۋادىسى بويلىرى ھەم ئوتتۇرا ئاسيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونى قاراخانىلارنىڭ ئىلكىدە بولدى. قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ پايتەختى دەسلەپتە بالاساغۇن (هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستاننىڭ توقماق شەھىرى دائىرىسىدە) ئىدى، كېيىن ئېلىمىزنىڭ هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى قەشقەر شەھىرى بولدى.

قاراخانىلار خاندانلىغى غەربىي لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى⑬.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار

① «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (بىرىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 226 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 40 ـ، دەيزۇڭنىڭ دالى 14 ـ يىلىدىن دېزۇڭنىڭ

جيەنجۇڭ 1 ـ ۋە 2 ـ يىللىرىغىچە».
② «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 73 ـ جىلد؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».
③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 232 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 49 ـ ، دېزۇڭنىڭ جېنيۈەن 5 ـ ۋە 6 ـ يىللىرى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "كۆز كۆنلىرى ئىدى، ئېل ئۇگاسى نەچچە ئون مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، بېيتىڭنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغاندا، تۈبۈتلەر تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىنىپ، يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆلتۈرۈلدى. ياڭ شىگۇ قۇتۇلۇپ قالغان بىرەر يۈزچە كىشىنى يىغىپ، شىجۇغا قايتماقچى بولغاندا، ئېل ئۇگاسى ئۇنى 'بارگاھىمغا بارايلى' دەپ ئالداپ ئېلىپ بېرىپ، قويۇپ بەرمەي، ئاخىر ئۆلتۈرۈۋەتتى. نەتىجىدە ئەنشى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۇلاردىن خەۋەر ئالالمىدى. ھالبۇكى، شىجۇ تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن قوغداپ قېلىندى."
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».
④ لو جېنيۈ ئىزاھلاپ تولۇقلىغان «قاراقۇرۇمدىن تېپىلغان مېتال ۋە تاش پۈتۈكلەر. ئۇيغۇر بىلگە قاغاننىڭ مۇقەددەس مەرىپەتى ۋە ئۇلۇغۋار ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىسى مەڭگۈ تېشى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».
⑤ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار» (ئىككىنچى بۆلۈم).
سوۋېت ئىتتىپاقى قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تۈزگەن «قىرغىز تارىخى».
⑥ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 195 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

"كەييۇەن يىللىرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۇلارنىڭ ئىنەيون
كۆل ئىسمىلىك ۋەزىرى تېكىن سايىغا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،
قۇت تېكىن قاغاننىڭ ئورنىنى تالاشماقچى بولغاندا، قۇت
تېكىن قاغان بۇنى بىلىپ قېلىپ، سايىغا بىلەن ئىنەيون كۆلنى
قەتلى قىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ قارا قوۋۇ ئىسىملىك ۋەزىرى
چەت جايدا قوشۇنغا سەركەردە بولۇپ تۇرغان ئىدى. ئۇ سايىغا بىلەن
ئىنەيون كۆلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە نارازى بولۇپ، قۇت تېكىننى
ئۆلتۈرۈپ، قوۋۇ تېكىننى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. كۆلۈگ ئىسىملىك
بىر سانغۇن قارا قوۋۇدىن نارازى بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ
كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر قەلئەسىنى
بېسىۋېلىپ، قوشۇۋۇشات قاغان بىلەن قارا قوۋۇلارنى ئۆلتۈرۈپ،
ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۇيغۇرلارنى تىرىپىرەن
قىلىۋەتتى."

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 246 - جىلد، «تاڭ سۇلالىسى
خاتىرىسى 62 - ، ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 4 - يىلى»دا مۇنداق دېيىلدۇ:
"ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىرى ئىنەيون كۆل بىلەن تېكىن سايىغا توپىلاڭ
كۆتىرىش قەستىدە بولۇپ يۈرگەندە، ئىناۋەتمەن قاغان تەرىپىدىن
ئۆلتۈرۈلدى. ۋەزىر قارا قوۋۇ بۇ مۇاقىتتا چەت جايدا قوشۇن باشلاپ
يۈرەتتى. ئۇ سارت قەبىلىسىدىكى جۇ چىچەنگە 300 ئات سوغا قىلىپ،
ئۇنىڭدىن ئەسكەر ئارىيەت ئالغاندىن كېيىن قاغانغا ھۇجۇم
قىلدى. قاغان مەغلۇپ بولۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، پۇقرالار
قوۋۇ تېكىننى قاغان قىلدى."

شۇ كىتاپنىڭ «ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى»دا مۇنداق دېيىلدۇ:
"قارا قوۋۇ ئىناۋەتمەن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، قوۋۇنى قاغان قىلغاندا،
ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قوشۇن سەركەردىسى كۆلۈگ قىرغىزلاردىن 100
مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىش
بىلەن، قوۋۇ تېكىن ۋە قارا قوۋۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بارگاھىنى

ۋەيران قىلدى، ئۇيغۇر پۇقرالىرى تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كەتتى.»

«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 98-جىلد؛
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 جىلد، «بارچۇق ئارت تېكىن نەسەپنامىسى»؛
فېڭ چېڭجۈن تەرجىمىسى: «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»، جۇڭخۇا نەشرىياتى 1962-يىل نەشرى، 172-بەت.

⑦ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 195-جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قاغاننىڭ بارگاھىغا يېقىن جايلاشقان 13 قەبىلە تېكىن ئۇكانى قاغان قىلىپ، جەنۇپقا سۈرۈلۈپ بىزگە ئەل بولدى.»
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 246-جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 62-، ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 5-يىلى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «قاغاننىڭ ئىنىسى ئونمىش ۋە ۋەزىر چىچەن، بۆكە، تېكىن ناياچۇرلار ئۆز قەبىلىسىدىكىلەرنى باشلاپ تيەندې قورغىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ، باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە ئارىلىشىپ، ئوزۇق-تۈلۈك بويىچە سودىلىشىشنى ۋە يېقىنىشىنى تەلەپ قىلدى. قىش پەسلى، 10-ئاينىڭ بىگچەك كۈنى تيەندې قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ۋېن دېيى مەكتۇپ يوللاپ: ئۇيغۇرلارنىڭ تىرىپىرەن بولغان ئەسكەرلىرى قورغىنىمىزنىڭ غەربىي تەرىپىگە توپلاندى، ئۇلارنىڭ ئايىغىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چېگرا پۇقرالىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن قاتتىق بىئارام بولماقتا، دەپ مەلۇمات بەردى.»

⑧ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217-جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (ئىككىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 246-جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 62-، ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 3-يىلى».

⑨ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195-جىلد، «ئۇيغۇرلار

شەجەرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 180 ـ جىلد، «جاڭ جۇڭۋ»؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»
(ئىككىنچى بۆلۈم)؛
«لى ۋېيگۇڭ خۇيچاڭ يىللىرىدا پۈتكەن مەكتۇپلار»، 13 ـ جىلد،
«ئۇنىمشىنىڭ ئات باھاسىنى چۈشۈرۈشى ۋە قاغانغا ئىنئام بېرىشى
ھەققىدە مەكتۇپ»؛
يۇقۇرقى كىتاپ، 5 ـ جىلد، «قاغانغا مەكتۇپ»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 248 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى
خاتىرىسى 64 ـ، ۋۇزۇڭنىڭ خۇيچاڭ 6 ـ يىلى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 195 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:
"داجۇڭ 1 ـ يىلى ئەتىيازدا جاڭ جۇڭۋ شى قەبىلىسىنى تارمار
قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار تۇرمۇش مەنبەسىدىن ئايرىلىپ
قېلىپ، ھالى خاراپلىشىپ، چېچىلىپ كەتتى. 2 ـ يىلى ئەتىيازدا
خانزادە ۋە ۋەزىرلەر بولۇپ 500 دەك كىشى شىرۋى قەبىلىسىگە
بېقىنىپ كەتتى. شىرۋى قەبىلىسىنىڭ پادىشا ئائىلىرىنى تەبرىكلىگۈچى
ئەلچىلىرى يۇجۇدىن ئۆتكەندە، جاڭ جۇڭۋ ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپ،
قايتىپ بېرىپ ئوكنېر قاتارلىقلارنى يۇجۇغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.
ئوكنېر قورقۇپ، كېچىسى قارلۇق ناملىق خوتۇنى، بالىسى تېكىن،
دوس قاتارلىق توققۇز ئاتلىق كىشىنى ئېلىپ غەرپكە يۈرۈپ كەتتى.
قالغان ۋەزىرلەر، مۆتىۋەرلەر، قېرى ـ ياش پۇقرالار كېيىنچە
ئۆلگۈرەلمەي يىغلىشىپ قالدى. شىرۋى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى يەتتە قىسمغا
ئايرىپ، شىرۋىنىڭ يەتتە جەمەتىگە بۆلۈپ بەردى. ئۈچ كۈندىن
كېيىن، قىرغىزلارنىڭ ۋەزىرى ئايبۇغ 70 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ
كېلىپ، غەربىي جەنۇپتىن تيەندېنىڭ شىمالىي چېگرىسىنى داجىپ
ئۆتۈپ، ئوكنېر ۋە ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن شىرۋى
قەبىلىسىنى تارمار قىلدى. ئايبۇغ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئۇيغۇر

پۇقرالىرىنى تامامەن چۆلنىڭ شىمالىغا ئېلىپ كەتتى. تىرىپىرەن بولۇپ چەت جايلاردا قالغان بىرمۇنچە ئۇيغۇر پۇقرالىرى تاغلاردىكى قېلىن ئورمانلىقلارغا مۆكۈۋېلىپ، بەزىدە باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنشىدىكى پان تېكىننىڭ يېتىپ كېلىشىگە تەشنا ئىدى.“

⑩ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»نىڭ 195 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئۇيغۇرلارنىڭ ساغىنچى ئىسىملىك ۋەزىرى پان تېكىن ھەمدە ئىنانلى، ئىنى پان ئاكا ـ ئۇكا بەش كىشىنى ۋە 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ قارلۇقلارغا قوشۇلدى، بىر تارمىقى تۆبۈتلەرگە قوشۇلدى. يەنە بىر تارمىقى بولسا ئەنشىگە باردى. بۇنىڭدىن باشقا، قاغاننىڭ بارگاھى ئەتراپىدىكى 13 قەبىلە ئۇكا تېكىننى قاغان قىلىپ، جەنۇپقا سۈرۈلۈش بىلەن سۇلالىمىزگە ئەل بولدى.“

«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»نىڭ 217 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”...كېيىن كۈلۈگ ئىسىملىك بىر باشلىق قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر بالىق قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىپ، قاغاننى، قارا قوۋۇنى قەتلى قىلدى، قاغان ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. پۇقرالار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ۋەزىر ساغىنچى بىلەن پان تېكىن 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلارنىڭ يېنىغا بېرىپ پانا ئىزدىدى. باشقىلىرى تۆبۈتلەر ماكانىغا ۋە ئەنشىگە بېرىپ ئورۇنلاشتى.“

رادلوۋ «‹قۇتادغۇ بىلىك›كە مۇقەددىمە» ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: ”...بۇ ئۇيغۇر خەلقلىرى خانىۋەيران بولدى. ئاز بىر قىسمى ئۆز يۇرتىدا قالدى، قالغانلىرى ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ باردى ھەمدە ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ كەتتى. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر بېشبالىق قەلئەسىگە كېتىپ تېرىقچىلىق قىلدى. يەنە بىر گۇرۇپپا بېشبالىقنىڭ ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلدى. ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكىلەر ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى ئورمانلىقلاردا

ياشاپ... بېلىق تۇتۇش ۋە ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل بولىدى."
«ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» (بىرىنچى كىتاپ)، 44 ـ بەتكە قارالسۇن؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 246 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 62 ـ ، ۋېنزۇڭنىڭ كەيچېڭ 5 ـ يىلى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ:
"قارا قوۋۇ ئىناۋەتمەن قاغاننى ئۆلتۈرۈپ، قوشوۋۇشاتنى تىكلىگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆلۈگ ئىسمىلىك يەنە بىر سەركەردىسى 100 مىڭ ئاتلىق قىرغىزنى باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. قوشوۋۇشات بىلەن قارا قوۋۇنى ئۆلتۈرۈپ، خان بارگاھىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ۋەزىر ساغىنچى، پان تېكىنلار 15 قەبىلىنى باشلاپ قارلۇقلارنىڭ يېنىغا بېرىپ پانا ئىزدىدى. بىر تۈركۈمى تۆبۈتلەرگە قوشۇلدى، بىر تۈركۈمى ئەنشىگە كەتتى."
فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»نىڭ 175 ـ بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "بۇ قاغان ئۆلدى، باللىرىدىن بىرى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا قاغان بولدى. ئۇيغۇرلارغا ھەممە جانىۋارلار ۋە بوۋاقلاردىن 'كۆچ ـ كۆچ' دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇنىڭ مەنىسى كۆچۈش دېگەندىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇيغۇرلار بۇ ئاۋازغا ئەمەل قىلىپ، باشقا جايلارغا كۆچۈشكە باشلىدى. بىرەر مەنزىلگە بارغاندىن كېيىنمۇ ھىلىقى ئاۋازلار يەنىلا ئاڭلانغاندەك بولدى. كېيىن بىر تۈزلەڭلىككە يېتىپ بارغاندا، ئاندىن بۇ ئاۋازلار توختىغاندەك بولىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ يەرلەردە بەش قەلئە ياساپ، ئۇنى بېشبالىق دەپ ئاتىدى. بېشبالىق دېگەن سۆز بەش قەلئە دېگەن بولىدۇ."
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 ـ جىلد، «بارچۇق ئارت تېكىن نەسەپنامىسى».

⑪ «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 97 ـ جىلد؛

«بەش سۇلالىنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «تۆبۇتلەر شەجەرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 450 ـ جىلد، «تاڭغۇتلار شەجەرىسى»؛
«بەش سۇلالە تارىخى»، 74 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«مەكتۇپلار جەۋھىرى»، 965 ـ جىلد؛
ۋاڭ جۇڭمىن: «ئالتۇن تاغ ئېلىگە ئائىت ئىشلار»، «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، 45 ـ بەتكە قاراڭ.
⑫ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «قوچۇ تەزكىرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «كوسەن تەزكىرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى مەجمۇئەسىنىڭ كۆپىيىسى. بېقىندى چارۋىچىلار 7 ـ »؛
«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 ـ جىلد، «بارچۇق ئارت تېكىن شەجەرىسى»؛
تاۋ زۇڭيى: «ئېكىنزارلىقتىكى خاتىرە»، 26 ـ جىلد، «قوچۇدىكى جەمەتلەر».
⑬ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار. قارلۇقلار» (ئىككىنچى بۆلۈم)؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 195 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «ئۇدۇن (خوتەن) تەزكىرىسى»؛
«رەۋزە تۇسساپا»، 5 ـ توم، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائى تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرجىمە قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى؛
بېرشىنېدىر: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، 51 ـ بەتكە قاراڭ.

# تۆتىنچى باپ
# غەربىي ئۇيغۇرلىرى

## بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي رايوندا ئولتۇراقلىشىشى

ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنى-دىغان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار تۈرك قاغانلىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي رايو-نىغا كۆچۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ ئەجداتلىرىنىڭ ئىزىنى بويلاپ غەربىي رايونىغا كۆچۈپ كەلدى.

"ئۆگلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى"دىن كېيىن، غەربىي رايونىنى تۆبۈتلەر ئىگەللەپ كەلگەن ئىدى. ئىچكى توپىلاڭلار بىلەن پاتىپا-راق بولۇپ كەتكەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى قايتۇرۇۋېلىشقا ماغدۇرى يەتمىگەن ئىدى①. مىلادى 841-يىلى يەنى ئۇيغۇر خاندانلىقى گۇمران بولۇپ ئىككىنچى يىلى تۆبۈتلەرنىڭ ھۆكۈمە-رانلار تەبىقىسىدە قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. دەسلەپتە، تۆبۈت-لەرنىڭ سەركەردىسى دامو ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى بولمىغانلىق-تىن، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆز ئىنىسىنىڭ ئوغلىنى زانپۇ (ۋاڭ) قىلىپ

تىكلىدى. ئەمما بۇ ئىش تۆبۆت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئۇلار سابىق زانپۇنىڭ بىر تۇققىنىنى زانپۇ قىلىپ تۇرغۇزدى. نەتىجىدە تۆبۆتلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئىككى خىل كۈچكە ۋەكىللىك قىلغۇچى ئىككى زانپۇنىڭ پادىشالىق تەختىنى تالىشىشى بىلەن، پۈتكۈل تۆبۆت جەمىيىتى بۇ ھوقۇق تالىشىش ئۇرۇشىغا سۆرەپ كىرىلدى. تۆبۆتلەرنىڭ خېشى رايونىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىمۇ بۇ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلدى.

مىلادى 851-يىلى، شاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى دۇنخۇاڭ)لۇق جاڭ يىچاۋ تۆبۆتلەر ئىچكى ئۇرۇش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىش ئارقىلىق، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق تۆبۆت قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، شاجۇنى قولغا كىرگۈزدى. شاجۇ قوزغىلىڭى باشلاپ بەرگەن پۈتۈن خېشى رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى تۆبۆتلەرنىڭ خېشى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋەتتى②. شۇ يىلى، جاڭ يىچاۋ ئۆز ئاكىسىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىگە شاجۇ قاتارلىق // ۋىلايەتنىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى ۋە ئاھالىلەر مەلۇماتىنى سۇندى. شۇنىڭ بىلەن خېشى رايونى يېڭىۋاشتىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسىگە كىردى.

خېشى رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ئۇيغۇر پۇقرالىرى دەسلەپتە تۆبۆتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئۇلارغا تۈرلۈك باج. سېلىق ۋە ئالۋان-ياساق تۆلەپ كەلگەن ئىدى. خېشى رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ قوزغىلاڭلىرى تۆبۆتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، بۇ ئۇيغۇرلارمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، تەرەققىي تېپىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇيغۇرلار گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې رايونى)نى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، تەدرىجى ھالدا شاجۇ، لياڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي رايونى)، چىنجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ تيەنشۇي رايونى)، خېلوچۈەن (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى جاڭيې شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا)، سۇجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن رايونى) قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشتى. بۇنىڭ بىلەن، خېشى ئۇيغۇرلىرى ھەم ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان قاتناش تۈگۈنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇردى ھەم خېجۇ، لەنجۇ قاتارلىق جايلارنى ئىزگىنلەپ، خېشى رايونى بويىچە قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ شەكىللەندى③.

مىلادى 905 ـ يىلى، جاڭ يىچاۋنىڭ نەۋرىسى جاڭ چېڭفېڭ تاڭ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆزىنى "ئاق تونلۇق پادىشا" دەپ ئېلان قىلىپ، "ئالتۇنتاغ پادىشالىغى" دەپ ئاتالغان كىچىك بىر پادىشالىقنى قۇردى. جاڭ چېڭفېڭ ئۆزىنى پادىشا دەپ ئېلان قىلىـ غان ۋاقىت دەل ئۇيغۇرلار كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ۋاقىتلارغا توغرا كەلگەنلىكتىن، جاڭ چېڭفېڭنىڭ بۇ كىچىككىنە پادىشالىغى تەبىئى ھالدا خېشى ئۇيغۇرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغان ئىدى. مىلادى 906 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئالتۇنتاغ پادىشالىغى قوشۇنلىرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ تۇردى. مىلادى 910 ـ يىلى ئۇيغۇرلار ئالتۇنتاغ پادىشالىغىنىڭ مەركىزى شاجۇنى قورشىۋالدى. ئۆزىنى "ئاق تونلۇق پادىشا" دەپ ئاتىۋالـ غان ھىلىقى جاڭ چېڭفېڭ نائىلاج سۈلھ تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، جاڭ پەمىلىلىك ھۆكۈمرانلىغىدىكى بۇ "ئالتۇن تاغ پادىشالىغى" ئەمىلىيەتتە تۈگەشتى. خېشى ئۇيغۇرلىرى بولسا

شەرقتە لىڭجۇ (ھازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لىڭۋۇ ناھىيىسى) دىن تارتىپ غەرپتە يۇمېن، ئەنشىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى كەڭ رايونلارنى تىزگىنلەپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە ئۇزاق يىللارغىچە بۇ رايوننى داۋاملىق گۈللەندۈردى④.

خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ھۆكۈمدارى يەنىلا قاغان ئىدى. قاغاننىڭ قول ئاستىدا ئىككى يۇرۇش مەنسەپ سىستېمىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تۈرك خاندانلىقىدىن ئۆگىنىپ تەسىس قىلغان "تېكىن"، "بۇيرۇق"، "تۇتۇق"، "ساۋىن" قاتارلىق مەنسەپلىرى ئىدى. "تېكىن" ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگىلا بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان ئىدى. "بۇيرۇق" تۈرلۈك جېدەل-ماجرالارنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل ئەدلىيە ئەمەلدارى ئىدى. "تۇتۇق" ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدىكى توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقلىرىغىلا بېرىلگەن نام ئىدى. "ساۋىن" بىر خىل ھەربىي مەنسەپ ئىدى⑤. يەنە بىر مەنسەپ سىستېمىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەردىن ئۇدۇم ئالغان "ۋەزىر"، "باش دىۋان (باش مۇنشى)" قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت ئىدى⑥.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن مەنسەپلەرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدا ئېنىق بىرنەمە دېيىش ھازىرچە قىيىن. بىز پەقەت مۇشۇ مەنسەپلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ رولى ئۈستىدىلا تەھلىل يۈرگۈزەلەيمىز.

ۋەزىرلىك مەنسەپ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قۇرۇلغان سۇلالى-لەرنىڭ پۈتكۈل تۆرىچىلىك ئاپپاراتىدا ھەممىدىن يۇقۇرى تۇرىدىغان مەنسەپ بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پادىشاغا ياردەملىشىپ، پۈتۈن

مەملىكەتنىڭ مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. "ۋەزىر" دىگەن بۇ مەنسەپ ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خانىدانلىقىدا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئۈچ ئىچكى ۋەزىر، ئالتە تاشقى ۋەزىر بولغان ئىدى. بىراق، خانىدانلىقنىڭ شوتىسىمان ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدە دەسلەپتە 8-ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ۋەزىرلەر، خانىدانلىقنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە، تەدرىجى ھالدا ھەقىقى ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خانىدانلىقنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى كۈچ بولۇپ قالغان.

خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەزىرلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا قۇرۇلغان سۇلالىلەرنىڭ ۋەزىرلىرىدەك ئۇنداق چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنداقلا خانىدانلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكىدەك ھوقۇقلاردىن تامامەن مەھرۇم قىلىنغانمۇ ئەمەس. ئۇلارنىڭ پات-پات قاغاننىڭ ئەلچىسى بولۇپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنى يەنىلا مۇئەييەن ھوقۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى، دىيىشكە بولىدۇ. "باش دىۋان" تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تەسىس قىلىنغان مەنسەپ ئىدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى دۆلەتنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە پادىشانىڭ يارلىقلىرىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ مەنسەپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تەسىس قىلىنغانلىقتىن، ئۇيغۇر خانىدانلىقىدا تەسىس قىلىنمىغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ مەنسەپنى تەسىس قىلىشتا تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆگەنگەنلىكى ئېنىق.

مىلادى 1011-يىلى، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى ياغلاقارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى پايتەختىگە ئەۋەتكەن سوغا يەتكۈزۈش

ئەلچىلەر ئۆمگگە زەي فۇ ۋە سۇك رۇك ئىسىملىك ئىككى "باش دىۋان" باشچىلىق قىلغان. بۇنىڭدىن خېشى ئۇيغۇرلىرىدىمۇ باش دىۋان مەنسۇپىنىڭ بولغانلىقى بىزگە مەلۇم بولىدى. زەي فۇ بىلەن سۇك رۇك سۇك سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى بىللە بىلەن فېنياڭ دىگەن يەرگە بېرىپ، تەگرىگە سەجدە قىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقان. مۇراسىمدىن كېيىن سۇك سۇلالىسى زەي فۇ بىلەن سۇك رۇگغا "دانىشمەن ۋە قۇدرەتلىك بۈيۈك سەردار" دىگەن پەخرىي ئۇنۋانىنى بەرگەن. بۇنىڭدىن "باش دىۋان" دىگەن مەنسەپنىڭ خېشى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى يۇقۇرى مەنسەپ ئىكەنلىگىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

خېشى رايونىغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار قەبىلىلەر بويىچە ئولتۇراقلاشقان ئىدى. قانداشلىق مۇناسىۋەتتىن باشقا، زىمىن ئالاقىسى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىمۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. قەبىلە ئەزالىرى ئۆز قەبىلىلىرى دائىرىسىدە چارۋىچىلىق ياكى دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە قەبىلە باشلىقلىرى قاتارلىق ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسى بىر تەرەپ، ئادەتتىكى قەبىلە ئەزالىرى بىر تەرەپ بولغان هالدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ شەكىللەندى. قەبىلە ئەزالىرى ئۆز قەبىلە باشلىقلىرىغا تۈرلۈك ئالۋان-ياساق، باج-سېلىقلارنى تاپشۇراتتى، ياكى هاشار-سەيىسلەرگە باراتتى. ئۇرۇش بولۇپ قالسا، ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى.

قەبىلە باشلىقلىرىغا قاغان هەر خىل مەنسەپلەرنى بېرەتتى. شۇڭا، خېشى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى باشلىقلىرىنىڭ هوقۇقلىرى هەم قانداشلىق تۈسىنى ئالغان، هەم سىياسى تۈس ئالغان.

خېشى ئۇيغۇرلىرىنى ئەينى ۋاقىتتىكى خاندانلىق مەزگىلىدىكىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قاغان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ سۇس ئىكەنلىكىنى، قاغانىنىڭ هوقۇقى ئاجىز بولۇپ، ئەكسىچە، قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ هوقۇقى چوڭ ئىكەنلىكىنى هىس قىلالايمىز. بۇنىڭ ئالامەتلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى خاندانلىق مەزگىلىدىكىدەك هەرقايسى قەبىلىلەرگە ئۆز ئەمەلدارلىرىنى بىۋاستە ئەۋەتمەيدىغان بولىدى. قەبىلە ئەزالىرىمۇ قاغان بىلەن بىۋاستە بىرىش-كېلىش قىلمايدىغان بولدى. هەرقايسى قەبىلىلەر مۇئەييەن مۇستەقىللىقتىن بەهرىمەن بولدى.

مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا قۇرۇلغان خېشى ئۇيغۇرلىرى هاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتى سۇس بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى. قاغان پەقەت گەنجۇ ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەلىي هۆكۈمرانلىق هوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، شاجۇ، لياڭجۇ، چىنجۇ ۋە خېلوچۇەنىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ هوقۇقى سىمۋول خاراكتېرىنىلا ئالغان. بۇ ئەهۋالنى «چۇشەندۇرۇپ بېرىدىغان بىر دەلىل شۇكى، خېشى ئۇيغۇرلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 200 يىل داۋامىدا قاغان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىكى سۇلالىلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتىپ تۇرغاندىن تاشقىرى، شاجۇ، لياڭجۇ، خېلەنشەن، چىنجۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىمۇ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىكى سۇلالىلەرگە ئۆز ئەلچىلىرىنى بىۋاستە ئەۋەتىپ تۇرغان. مۇنداق ئەهۋال ئەينى ۋاقىتتىكى خاندانلىق مەزگىلىدە ئەسلا بولۇپ باقمىغان. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىكى سۇلالىلەرمۇ مەيلى ئۇيغۇر قاغانىدىن كەلگەن ئەلچىلەر بولسۇن ياكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن كەلگەن

ئەلچىلەر بولسۇن، ھەممىسىگە ئوخشاشلا تەڭ-باراۋەر مۇئامىلە قىلغان.
مەسىلەن، 1008-يىلى مەلىكە باۋۇۋ، مەلىكە ماگون ھەم ۋەزىر
بويۇننىڭ خۇسۇسى ئەلچىلىرى بىرلا ۋاقىتتا سۇڭ سۇلالىسىگە بىرىپ
سوغا-سالام يەتكۈزگەن. 980-يىلىدىن 1050-يىلىغىچە گەنجۇ،
شاجۇ، لياڭجۇ، چىنجۇ، خېلوچۇەن قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر
قەبىلە باشلىقلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە 11 قېتىم ئەلچىلەر ئۈمىكى ئەۋەت-
كەن. سۇڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر قاغانى ئەۋەتكەن ئەلچىلەرگە پەخرىي
ئۇنۋان بىرىپلا قالماستىن، بەلكى قەبىلە باشلىقلىرى ئەۋەتكەن
ئەلچىلەرگىمۇ پەخرىي ئۇنۋان بەرگەن. 1008-يىلى سۇڭ سۇلالىسى
قاغانىنىڭ ئەلچىسىگە يىراقنى تىنجىتقۇچى جياڭجۈن، مەلىكە باۋۇۋ-
نىڭ ئەلچىسىگە ئامانلىق ساقلىغۇچى ئوتتۇرانچى جياڭجۈن دەپ
پەخرىي نام بەرگەن. 1001-يىلى سۇڭ سۇلالىسى چىنجۇ ئۇيغۇر-
لىرى قەبىلە باشلىقىنىڭ ئەلچىسىگە دانىشمەن ۋە قۇدرەتلىك بۈيۈك
سول جياڭجۈن دەپ نام بەرگەن⑦.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرىش-كېلىش قىلىش خېشى ئۇيغۇرلىرى
ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسلىق سىياسى پائالىيىتى بولغان ئىدى. مىلادى
874-يىلى، تاڭ سۇلالىسى خېشى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ تەلىۋىگە
بىنائەن شى زۇڭلۇنى قاغاننى رەسمىيلەشتۈرۈش ئەلچىسى قىلىپ
تەيىنلەپ، خېشى ئۇيغۇرلىرى رايونىغا ئەۋەتكەن، ئەمما ئۇ يولدا
توسۇلۇپ قېلىپ، مەنزىلگە يېتىپ بارالمىغان. مىلادى 875-يىلى،
خېشى ئۇيغۇرلىرى تۈگرا يوللۇق ئىسمىلىك بىر كىشىنى سوغات
يەتكۈزۈش ئەلچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن،
تاڭ سۇلالىسى قاغانىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، خېشى ئۇيغۇرلىرىغا ئون
مىڭ توپ يىپەك مال ئەۋەتىپ بەرگەن⑧.

تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىكى ھاكىمىيەتلەر كۆپ يەڭگۈشلىنىپ كەتتى. ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە، بۇ مەزگىل "بەش دەۋر، ئون پادىشالىق" مەزگىلى دەپ ئاتىلىدۇ. خېشى ئۇيغۇرلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى خاندانلىق دەۋرىدىكى قائىدە-يوسۇن بويىچە ھەر قېتىم يېڭى قاغان تەختكە چىققاندا، ھامان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەرگە مەلۇم قىلىپ، ئۆزلىرىنى رەسمىيلەشتۈرۈپ تۇرغان. مىلادى 924-يىلى كېيىنكى تاڭ پادىشالىقى خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قاغانى رىنمېيغا "باتۇر، دىيانەتمەن قاغان" دىگەن نامنى بەرگەن. مىلادى 925-يىلى كېيىنكى تاڭ پادىشالىقى خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى بولغان رېنيۈگە "ئىنائەتمەن قاغان" دىگەن نامنى بەرگەن. كېيىنكى تاڭ پادىشالىقىدىن كېيىن قۇرۇلغان كېيىنكى جىن پادىشالىقى بولسا رېنيۈگە "ساداقەتمەن قاغان" دەپ نام بەرگەن⑨.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى ھاكىمىيەتلەرمۇ ئوخشاشلا خېشى ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بۇ جەھەتتىكى مىساللار مۇئامىلە دەرىجىسىدە ئېنىق ئىپادىلەندى. مەسىلەن، مىلادى 911-يىلى خېشى ئۇيغۇرلىرى جۇيىيەن ئىسىملىك كىشىنى كېيىنكى لياڭ پادىشالىقىغا سوغا-سالام يەتكۈزۈشكە ئەۋەتكەندە، كېيىنكى لياڭ پادىشالىقىنىڭ پادىشاسى جۇيىيەننى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭغا "ئوڭ قانات ئوردا دەرۋازا سەركەردىسىگە تەڭ مۇئامىلە قىلىنغۇچى" دەپ ئۇنۋان بەردى.

بەزى تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ بىزگە مۇشۇ مەزگىلدە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى كۆرسەتتى.

10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خېشى رايونىدا كۆچمەن چارۋ-

چىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشۋاتقان تاغلىق قەبىلىسى كۆچەيگەندىن كېيىن، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سوغات يەتكۈزۈش ئەلچىلىرىنى بۇلىغان ھەتتا ئەلچىلەرنى قۇل قىلىۋالغان. كېيىنكى تاڭ پادىشالىغى بۇ ئالاقە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، لىڭۋۇ ۋە فېڭجۇ دېگەن جايلاردىكى ھەربى قوشۇنلىرىنى ئىشقا سېلىپ، تاغلىقلارغا يۈرۈش قىلىشقا مەجبۇر بولغان.

مىلادى 960 ـ يىلى، جاۋ كۇاڭيىن ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسى كەيفېڭ شەھىرىنىڭ يېنىدا ھەربى ئۆزگىرىش قىلىپ، سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى. سۇڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، مىلادى 962 ـ ۋە 964 ـ يىللىرى سۇڭ سۇلالىسىگە ئىككى قېتىم سوغات يەتكۈزۈش ئەلچىلەر ئەۋەتكەن ئىدى. سۇڭ سۇلالىسىمۇ مىلادى 977 ـ يىلى جاڭ سەن باشلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى پادىشانىڭ يارلىغى ۋە شەخسەن قاغانغا ئاتالغان نۇرغۇن سوغا ـ سالاملار بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرىغا ئەۋەتكەن.

## ئىككىنچى بۆلۈم خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدىنىيىتى

### 1. خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى

قىرغىزلار ئۇيغۇر خاندانلىغىنى گۇمران قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ خارابىلىغىدا قىرغىزلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىمىدى. ئۇيغۇر پۇقرالىرىمۇ يا يېڭى بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلىنىپ، ئۆز جايىدا قېپقالمىدى، يا گۇمران بولغان

خاندانلىقنى قايتا تىكلەشكە ئاتلانمىدى، بەلكى بۇرۇنقى قان-قېرىنداشلىرىنى پانا تارتىپ، بىرقانچە تۇركۇمگە بۆلۈنۈپ كۆچۈپ كەتتى. ئۇلار كۆچۈش ۋاقتىدا نۇرغۇن بايلىق ۋە چارۋىلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپتە ھەم تۆبۈتلەرگە بويسۇنغان، ھەم تاڭ سۇلالىسىگە تايانغانلىقىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ ئىدى.

دەرۋەقە، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئۆز چارۋىلىرىنى ھەيدەپ خېشى رايونىغا كىرمىگەن، لېكىن، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسات قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ، ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىنمۇ ۋاز كەچمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېشى كارىدورى رايونىدا سۇ ۋە ئوت-چۆپكە مول نۇرغۇن ئوتلاقلار بولۇپ، بۇ رايون چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوبدان جاي بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى يەنىلا چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت بولغان.

تارىخىي ھۆججەتلەردە خېشى ئۇيغۇرلىرى شۇغۇللانغان چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ كۆلىمى ھەققىدە مەخسۇس يازما مەلۇماتلار قالدۇرۇلمىغان. بىراق بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللارنى قىياس قىلىشىمىز ئۈچۈن بەزى ئەھۋاللار تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر ئەھۋال ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەرنىڭ خېشى ئۇيغۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن قىلىشقان ئات سودىسىدىن ئىبارەت.

"بەش دەۋر، ئون پادىشالىق" دەۋرى دەپ ئاتالغان مەزگىل ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئۇرۇش ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىل ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا ھەرقايسى پادىشالىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەتراپتىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن بەس-بەستە ئات سودىسى قىلىشقا كىرىشكەن. مەسىلەن، كېيىنكى تاڭ پادىشالىقى ھەرقايسى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن چېگرىلىنىدىغان جايلاردا نۇرغۇن ئات بازارلىرى ئاچقان ھەمدە بۇ بازارلارغا كەلتۈرۈلگەن ئاتلارنىڭ قانداق بولۇ-شىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەتتىكى بازار باھاسىدىن يۇقۇرى باھادا سېتىۋالغان. خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېيىنكى تاڭ پادىشالىقىغا سېتىپ بەرگەن ئاتلىرىنىڭ سانى باشقا قەبىلىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئاۋۇن بولغان⑩.

بازار ئېھتىياجى خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقى-رىشىنى پەيدىن-پەي ئاتچىلىقنى ئاساس قىلىش تەرەپكە سىلجىتتى. ئات خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىرتقا ساتىدىغان مۇھىم سودا بۇيۇملىرىدىن بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاساسلىق سوغىلىق ۋە بايلىقنىڭ ئالامىتى بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە ئوۋچىلىق بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان.

خېشى ئۇيغۇرلىرىدا ئىقتىسادىي ساھەدە كۆرۈلگەن زور بۇرۇلۇش بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ تەدرىجى يوسۇندا دېخانچىلىق ئىشلەپچىقى-رىشىغا ئۆتكەنلىكىدىن ئىبارەت.

ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا تۇرغان مەزگىلدىلا، بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلار دېخانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ئىدى. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى كۆلەم جەھەتتە بولسۇن ياكى خاندانلىق ئىگىلىكىدە تۇتقان نىسبىتى

جەھەتتە بولسۇن، دىخانچىلىق ئانچە مۇھىم ئورۇنــدا ئەمەس ئىدى.

تەبىــئى شارائىت بىر قىسىم خىيشى ئۇيــغۇرلىرىنىڭ دىخانچىلىققا ئۆتۈشىگە مۇھىم سەۋەپچى بولغان. خىيشى رايونىدا، ئۇيغۇرلار كۆچۈپ كىرىشتىن بۇرۇنلا دىخانچىلىق خىيلى راۋاج تاپقان ئىدى. بۇ يەردە مۇنبەت يايلاقلار بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە دىخانچىلىقنى راۋاجــلان-دۇرۇشنىڭمۇ شەرت-شارائىتلىرى بار ئىدى، ئۇزۇنچاق كەلــگەن بۇ رايوندىن شەنــدەنــخې، بېيــداخــې، شۇلېخــې قاتارلــىق دەريالار ئېقــىپ ئۆتەتــتى. بۇ دەريالارنىڭ ســۇيى ئاساسەن چىليەنــشەن تېغىدىن كەلگەچكە، ھەر يىلى يازدا تاغ چوققىلىرىدىكى قار ئېرىــد-گەن ھامان دەريالار سۇغا لىق تولاتــتى. بەزى دەريالارنىڭ سۇيى شەرقىي شىمالغا، بەزىلىرىنىڭ بولسا غەربىي شىمالغا ئاققانــلىقــتىن، ئېتىزلارنى سۇغىرىش بەكمۇ ئاسانغا چۈشەتتى. تەبىــئى شارائىتــتىن باشقا، خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى سۇلالىلەر بولۇپمۇ ئىقتىــسادى ۋە مەدىنىيىتى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەقــقى تاپــقان تاڭ سۇلالــىسى بۇ جايدا نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش خاراكتىرلىق ئىشلارنى ئېلــىپ بارغان، مەسىلەن، سۇ ئىنىــشائاتــلــىرى قۇرۇلۇشى، يول ياساش قاتارلىقــلار. دىمەك، ئۇيغۇرلار بۇ رايونغا كۆچۈپ كىرگەن چاغلاردا، بۇ رايوندا دىخانچىلىق ئاللىقاچان خىيلى تەرەققى قىلــغان ئىدى.

خىيشى ئۇيغۇرلىرى دىخانچــلىقــقا نىســبەتەن كۆنۈش ۋە تونۇش ھاسىل قىلىش جەريانىنى باشــتىن كەچۈردى. بۇ جەريان ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا ئولتۇراقلىــشىشى بىلەن تەڭ باشلانغان. ئالدى بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلار گەنجۇ، شاجۇ، لياڭجۇ، چىنــجۇ قاتارلىق جايــلاردا يەرلىك دىخان ئاھالىلىرى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش ئارقىسىدا، مۇقىم دىخانچىلىق ئىگىلىگىنىڭ كۆچــمەن چارۋىــچىلىقــتىن ئەۋزەل

ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇزاققىچە مۇشۇ جەرياننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا كىرىشىپ كەتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئاساسەن بۇغداي، يالغاچ ئارپا قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى بىلەن سېرىق كەندىر قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىغان. ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئىش شۇكى، خېشى ئۇيغۇرلىرى دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تۆمۈر دېخانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى ۋە تۆگىگە ساپان سۆرىتىشنى بىلىۋالغان⑪.

خېشى كارىدورى رايونى شەرق بىلەن غەربنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش لىنىيىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن ئىدى. جۇغراپىيە شارائىتىدىكى پايدىلىق ئامىللار خېشى ئۇيغۇرلىرىغا ئىقتىسادىي مەنپەئەت كەلتۈردى. مىلادى 911-يىلى خېشى ئۇيغۇرلىرى جاڭ پەمىلىلىكىنىڭ ئالتۇنتاغ پادىشالىغىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، خېشى كارىدورى رايونىدا ئۇيغۇرلارغا تەڭ كەلگۈدەك كۈچ قالمىغان ئىدى. خېشى ئۇيغۇرلىرى ئەنە شۇ سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىغا پەيدىن-پەي ئارىلىشىشقا باشلىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن چىقىدىغان تۈرلۈك دورا ماتېرىياللىرى، تېرە-يۇڭ، قاشتېشى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادا چىقىدىغان مارجان، كەھرىۋا قاتارلىق ئېسىل ماللارنى ساتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن يەنە نۇرغۇن يىپەك ماللارنى سېتىۋېلىپ، غەرب تەرەپتىكى ئەللەرگە ساتتى ياكى

ئۆزلىرى ئىستىمال قىلدى⑫.

ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭىدىن كېيىن بىر مەزگىل ئۆزۈلۈپ قالغان يىپەك يولىنىڭ خېشى كارىدورى قىسمىدا كارۋان كولىدۇمە-لىرىنىڭ رىتىملىك ئاۋازى يەنە ياڭراشقا باشلىدى. يىپەك يولىنى راۋانلاشتۇرغانلىق خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇھىم تۆھپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## 2. خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى

بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىش خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا زور بىر ۋەقە بولدى. ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى خەن سۇلالىسى زامانىسىدىن كېيىن ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئارقىلىق شەرققە سۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايون-لىرىغا تارقالدى. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىگە كەلگەندە، بۇددا دىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئومۇمە-لاشتى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ، بىرمۇنچە بۇددا دىنى مەركەزلىرى يارىلىقا كەلدى. خېشى رايونىدىكى دۇنخۇاڭ ئەنە شۇ بۇددا دىنى مەركەز-لىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ شەۋكەتلىك گۈزەل سەنئىتى ۋە مۇكەممەل قائىدە-يوسۇنلىرى خېشى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى⑬.

بۇددا دىنى كىشىلەرنى ھەر خىل ئادالەتسىزلىكلەرگە تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا، ھاقارەت، زۇلۇم، ئاچ-يالىڭاچلىق، نامراتچىلىق-لارغا سۈكۈت قىلىشقا، شۇ يول بىلەن باقى دۇنيادىكى ئاتالمىش بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشكە دالالەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، خېشى

ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بۇ دىننى ئۆز پۇقرا-لىرىغا يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاستىسى دەپ قارىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ئۆز پۇقرالىرى ئىچىدە بۇددا دىننى ئومۇملاشتۇرۇشتا ئەڭ ئاكتىپلاردىن بولدى. مىلادى 1068-يىلى، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى سۇڭ سۇلالىسىدىن ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان "پراجىنا" ناملىق بۇددا دىنى كىتاۋىنى سېتىۋالدى. بۇ، خېشى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۇددا دىننىڭ تارقال-غانلىغا ئائىت مۇھىم بىر مەلۇمات. شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خېشى ئۇيغۇرلىرى يەنە بۇددا دىنى كىتاپلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ تەبىئى ھالدا بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىنى تېزلىتىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. 11-ئەسىردىن كېيىن، بۇددا دىنى ئاخىر خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسى ۋە مەدىنى-يەت تۇرمۇشىغا ئومۇمى يۈزلۈك سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق دىنىغا ئايلاندى. ئۇيغۇرلار بۇرۇندىن ئېتىقات قىلىپ كەلگەن شامان دىنى بىلەن مانى دىنى ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن خېشى رايونىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدىنىيىتى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان ھەم نابۇت قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش جەريانىنىڭ بۇ يەردە قالدۇرغان ئىزلىرىنى بىرەر كۈچ بىرەر مەزگىلدىلا يوقىتالمايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇرلار جايلاشقان خېشى رايونى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلان-دۇرۇشقا پايدىلىق شارائىتلىرى بولغان رايون بولۇپلا قالماستىن، شۇ دەۋرنىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىغىمۇ ئىگە رايون ئىدى، شۇڭا يېڭى مۇھىتتا ئۇيغۇرلار تەدرىجى ھالدا مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا ئۆتۈشكە باشلىدى.

دىخانچىلىق قىلىشقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەندى. ئۇيغۇر پۇقرالىرى كىسەك ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان، ھۆكۈمران تەبىقىدىكىلەر بولسا بالىخانىلىق سارايلاردا ئولتۇرىدىغان بولدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاش ۋە كىيىم-كېچەك تىكىش ئۇسۇللىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارغا ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللىرىمۇ ئۆزگىرىپ، ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىكى مەزگىلدىكىگە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئادەتلىرىمۇ ئۆزگەردى، مەسىلەن، قاغاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىدىغان چاغدا، باش كىيىملىرىنى ئېلىۋېتىپ، چاچلىرىنى قويىۋېتىدىغان، ئاياللار چاچلىرىنى بەش-ئالتە سۇڭ ئىگىز قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان، تۈرۈلگەن چاچلىرىنى قىزىل لېنتا بىلەن چىگىۋالىدىغان، قىز ياتلىق بولغاندىن كېيىن كۆلا كىيىدىغان ئادەتلەر بارلىققا كەلدى⑭.

## ئۈچىنچى بۆلۈم خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاقىۋىتى

خېشى رايونىغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار كۆپ يىللار كۆچ توپلاش ئارقىلىق سەرگەردانلاردىن بىراقلا.خېشى رايونىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا ئايلاندى. خېشى ئۇيغۇرلىرى زەئىپلىشىشتىن گۈللىنىشكە، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىدا غەربىي شيا خانىدانلىقى دەپ ئاتالغان بىر فېئودال خانىدانلىق بارلىققا كەلدى. بۇ خانىدانلىقنى ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى خېچۇ رايونىدا ھەم سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ سۇڭپەن دىگەن يېرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان

"تاڭغۇت" دەپ ئاتالغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە قۇرغان ئىدى. 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈبۈتلەر باش كۆتىرىپ چىققاندىن كېيىن، تۈبۈت قۇلدارلىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن تاڭغۇتلار ئۆز يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ، هازىرقى گەنسۇ، نىڭشىيا ۋە شىمالىي شەنشىنىڭ دائىرىسىگە كۆچۈپ كەتكەن ئىدى.

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خېشى رايونىدىكى خەلقلەر قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، تۈبۈت قۇلدارلىرىغا قارشى چىققاندا، ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان تۈبۈت قۇلدارلىرىنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرىغان تاڭغۇت قەبىلىسىمۇ قوزغىلاڭچىلار قاتارىغا قوشۇلغان ئىدى.

مىلادى 1004-يىلى دېمەك ئىسىملىك بىر ئاقسۆڭەك تاڭغۇت قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ هوقۇق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بۇ قەبىلە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن لياۋ سۇلالىسى تىركىشىپ تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز كۈچىنى ئۇلغايتىپ، غەربىي شىمال رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى سىياسى ۋەزىيىتىگە ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرەلەيدىغان مۇهىم كۈچلەردىن بىرى بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ هاكىمىيەت گەۋدىسى بولغان غەربىي شيا خاندانلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. تاڭغۇتلار قۇرغان بۇ هاكىمىيەت هازىرقى نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ قىسمى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى ۋە ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆزىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى[15].

تاڭغۇت قەبىلىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوخشاشلا تۈبۈت قۇلدارلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرغان ۋاقىتلاردا، ئۇلار تۈبۈت هۆكۈمرانلار سىنىپىغا قارشى ئورتاق كۈرەش قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار

خېشى رايونىنى، تاڭغۇتلار نىڭشىيا ۋە شىمالىي شەنشىنى تىزگىنلەپ تۇرغان چاغلاردىمۇ تاڭغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزۇنغىچە ئىناق ئۆتكەن ئىدى. لېكىن، ئىككىلا تەرەپنىڭ ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئۆز تەسىر كۈچىنى جېنىنىڭ بېرىچە كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغانلىقتىن، ئاخىر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ توقۇنۇشلار دەسلەپتە كىچىك دائىرىدە، ئاندا-ساندا بولۇپ تۇرغان بولسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاردىسىكى زىددىيەتلەر كۈچىيىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ تاڭغۇتلار خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسى ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنى ۋە سودا كارۋانلىرىنى توسۇپ بۇلاش ۋەقەلىرى ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولدى⑯.

بىۋاستە مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، شىمالىي رايوندىكى لياۋ سۇلالىسى بىلەن جەنۇبىي رايوندىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمۇ تاڭغۇتلار بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا بولۇشتىكى يەنە بىر سەۋەپ ئىدى. لياۋ ۋە سۇڭ سۇلالىلىرى ئىككى لاگېرنىڭ سەردارلىرى ئىدى، شۇ ۋاقىتتا پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدىكى سىياسى كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىككى لاگېرغا مەنسۇپ ئىدى. لياۋ سۇلالىسى سۇڭ سۇلالىسىنى غەرپتىن بەنت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، تاڭغۇتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. تاڭغۇتلارمۇ لياۋ سۇلالىسى تەرەپتە تۇرۇپ، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشتى. سۇڭ سۇلالىسى بولسا خېشى ئۇيغۇرلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تاڭغۇتلارنى شەرق ۋە غەرپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشتى. خېشى ئۇيغۇرلىرىمۇ سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ،

تاڭغۇتلارنىڭ ئۆزلىرىگە قاراتقان بېسىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، سۇڭ سۇلالىسىگە پائال يېقىنلاشتى. نەتىجىدە، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا ھەمدە غەربىي شىمال رايونىدا مۇرەككەپ سىياسى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تاڭغۇتلار ئۆزلىرى مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۈچ جەھەتتە سۇڭ سۇلالىسىدىن ئاجىز بولغان خېشى ئۇيغۇرلىرىغا ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئون نەچچە يىلغىچە داۋام قىلدى.

كىتاۋىمىزنىڭ بۇ قىسمىدا بايان قىلىنىۋاتقان ۋەقەلەرگە باغلىغاندىلا، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلەيمىز.

خېشى ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئاساسەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىگە تايانغان ئىدى. لېكىن مىلادى 1004-يىلى، سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پوياڭ قەلئەسىدە جەڭ قىلىپ مەغلۇپ بولۇپ، ”تەنيۈەن كېلىشىمى“نى ئىمزالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇڭ سۇلالىسى چاڭياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ كېتىپ، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تاڭغۇتلارغا قارشى كۈرىشىنى قوللاشقا ماغدۇرى يەتمىدى. سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قالغان خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ قالدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە لياۋ سۇلالىسىنىڭ داۋاملىق قوللىشىغا ئېرىشكەن تاڭغۇتلار كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىشقا

باشلىدى.

مىلادى 1009-يىلى، تاڭغۇت خاندانلىقىنىڭ قوشۇنلىرى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، توپ-توغرا خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسى مەركىزى بولغان گەنجۇغا يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچى ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ، تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا، خېشى ئۇيغۇرلىرى تاڭغۇتلارغا قارشى ئۇرۇشلاردا ئاز-تولا غەلىبە قىلىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن تامامەن بويسۇندۇرۇلۇش ئاقىۋىتىدىن خالى بولالمىدى.

مىلادى 1028-يىلى، تاڭغۇت قوشۇنلىرى يەنە بىر قېتىم گەنجۇنى قورشىۋالدى. كەسكىن ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە، گەنجۇ ئاخىر تاڭغۇتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. مىلادى 1032-يىلى تاڭغۇتلارنىڭ سەردارى لى يۈەنخاۋ ئۆزىنى "پادىشا" دەپ ئېلان قىلىپ، شىڭچىڭفۇ (هازىرقى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى يىنچۈەن شەھىرى)نى پايتەخت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭغۇتلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ، خېشى رايونىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى ۋە خېشى ئۇيغۇرلىرىنى تامامەن ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى⑰.

ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىن كۆچۈپ كەلگەن بۇ ئۇيغۇرلار شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۆز هاكىمىيىتىنى قايتا تىكلىيەلمىدى، لېكىن كەڭ ئۇيغۇر پۇقرالىرى بۇ يەردە داۋاملىق ئولتۇراقلىشىپ قېلىۋەردى.

11-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا ئۇدۇن (خوتەن) ۋە ئاپۇرۇم

(سۇرىيە) ئەلچىلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسىغا يول ئۈستىدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە، خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان ۋە شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنى "سېرىق تۇماقلىق ئۇيغۇرلار" دەپ ئاتىغان. 13 ـ ئەسىردىن كېيىن خېشى ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن تارىخىي يىللاردا ئۇلار موڭغۇل، خەنزۇ، زاڭزۇلار بىلەن بىللە ياشاپ، ئاخىر ھازىرقى يۈگۇ مىللىتىنى شەكىللەندۇردى.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار


① «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 196 ـ جىلد، «تۆبۈتلەر»، (ئىككىنچى بۆلۈم)؛
«تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 216 ـ جىلد، «تۆبۈتلەر» (ئىككىنچى بۆلۈم)؛
«بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «تۆبۈتلەر».
② «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 18 ـ جىلد، «پادىشا ۋۇزۇڭنىڭ نەسەپنامىسى»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 249 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 65 ـ ، شۈەنزۇڭنىڭ داجۇڭ 5 ـ يىلى»؛
لۇ جېنيۈ: «جاڭ يىچاۋ ھەققىدە دەلىل».
③ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. بېقىندى چارۋىچىلار»، 21 ـ جىلد؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. جۇغراپىيە»، 21 ـ جىلد.
④ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 252 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 68 ـ ، يىزۇڭنىڭ شيەنتۇڭ 13 ـ يىلى»؛

لو جېنيۇ: «جاڭ يېچاۋ ھەققىدە دەلىل»؛
ۋاڭ جۇڭمىن: «ئالتۇنتاغ پادىشالىقىغا ئائىت ئىشلار».

⑤ شاۋان: «مانى دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىشى ھەققىدە دەلىل»، «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى كىتاپ، 46 ـ بەت.

⑥ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى».

⑦ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى؛
«بەش دەۋر تارىخلىرىدىن خاتىرە»، 74 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «توبۇتلەر شەجەرىسى»؛
«بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»، 74 ـ جىلد، «يىقىندىكى قەبىلىلەر ھەققىدە قوشۇمچىلار. ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. يىقىندىكى قەبىلىلەر»، 4 ـ، 7 ـ جىلدلار.

⑧ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 252 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 68 ـ شىزۇڭنىڭ چيەنفۇ 1 ـ يىلى»، «2 ـ يىلى».

⑨ «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»؛ 74 ـ جىلد، «يىقىندىكى قەبىلىلەر ھەققىدە قوشۇمچىلار. ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 74 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «توبۇتلەر شەجەرىسى»؛
«بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»، 74 ـ جىلد، «يىقىندىكى قەبىلىلەر ھەققىدە قوشۇمچىلار. ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. يىقىندىكى چارۋىچىلار»، 4 ـ، 7 ـ جىلدلار.

⑩ «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار»؛
«بەش دەۋر تارىخىدىن مەجمۇئە»، 28 ـ جىلد؛

يۈۋېن ماۋجاۋ: «بۈيۈك جىن پادىشالىغى تەزكىرىسى»، 6 ـ جىلد.

⑪ «بەش دەۋرنىڭ يېڭى تارىخى»؛
«مەكتۇپلار جەۋھىرى»، 972 ـ جىلد.

⑫ «بەش دەۋر تارىخىغا ئائىت خاتىرىلەر»، 74 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار»؛
«مەكتۇپلار جەۋھىرى»، 972 ـ جىلد؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. بېقىندى چارۋىچىلار»، 4 ـ جىلد.

⑬ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. بېقىندى چارۋىچىلار»، 4 ـ جىلد؛
خۇڭ خاۋ: «شىمالدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاڭلىغانلىرىم».

⑭ «بەش دەۋر تارىخلىرىدىن خاتىرە»، 74 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار»؛
خۇڭ خاۋ: «شىمالدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاڭلىغانلىرىم».

⑮ «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «تۈبۈتلەر شەجەرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 450 ـ جىلد، «تاڭغۇتلار دۆلىتىنىڭ تەزكىرىسى».

⑯ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى. داۋامى»، 76 ـ، 88 ـ جىلدلار.

⑰ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى»؛
«تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە»، 97 ـ جىلد.
مالوۋ: «سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىلى».
گەنسۇ ئۆلكىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى يازغان «يۈگۈ مىللىتىنىڭ قىسقىچە تارىخى ۋە قىسقىچە تەزكىرىلىرى توپلىمى».

# بەشىنچى باپ
# شىجۇ (قوجۇ) ئۇيغۇرلىرى

## بىرىنچى بۆلۈم   شىجۇدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر

بۇ باپتا ئالدى بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ياشىغان تارىم ۋادىسى-نىڭ شىمالىي رايونىدا بولغان تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى بىر قۇر بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ جايدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر پۈتۈن تىيانشان-نىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 1. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەھۋالى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206-يىلى ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايو-نىدا ليۇ پەملىلىكلەر قۇرغان فېئودال-لىق سۇلالە خەن سۇلالىسى بارلىققا كەلدى.

خەن سۇلالىسى دەسلەپكى يىللاردا ھونلار ئۈزلۈكسىز قوزغىغان بۇلاڭچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇش تەھدىدىگە دۇچكەلدى. ليۇچې (ۋۇدى) پادىشا تەختتىكى چاغدا، خەن سۇلالىسى ھون قۇلدارلار ھاكىمىيىتىدىن كېلىۋاتقان بۇ تەھدىتنى ئۈزۈل-كېسىل تۈگىتىش

ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن، هونلارغا قارىتا بىر قاتار جازا يۈرۈشى
خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ-
تىن، هونلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلىۋاتقان غەربىي
دىيار (شىيۈي) دىكى دېخان ۋە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن
كەڭ كۆلەمدە مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئورتاق جەڭ قىلىش يولىنى
تۇتتى①.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 138-يىلى، خەن سۇلالىسى چوڭ ياۋچىلار
ۋە باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، هونلارنى
غەربىي تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىشنى قارار قىلدى.

چوڭ ياۋچىلار ئەسلىدە هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ
رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، كېيىن هونلار-
نىڭ هۇجۇمى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ جايدىن
ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ بارغان ئىدى.

چوڭ ياۋچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن، هازىرقى گەنسۇ
ئۆلكىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى كېسىپ ئۆتۈش لازىم
ئىدى. مۇشۇنچىۋالا يىراق جايغا بىۋاستە سەپەر قىلىش تېخى
مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. يول بويى هون قوشۇنلىرى-
نىڭ تەهدىتلىرىدىن باشقا، پايانسىز چۆل-جەزىرە ۋە دەشت-قۇم-
لۇقلارمۇ شۇ زاماندىكى كىشىلەرنى قاتتىق تەشۋىش ۋە ساراسىمىگە
سالاتتى.

مىلادىن بۇرۇنقى 138-يىلى، خەن سۇلالىسى شەنشى ئۆلكىسى-
نىڭ چېڭگۇ (هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ خەنجۇڭ رايونى) دىگەن
يېرىدىن چىققان جاڭ چيەن ئىسىملىك كىشىنى چوڭ ياۋچىلارغا
ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ 100 دىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ خەن

سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن سەپەرگە ئاتلاندى. خەن
سۇلالىسىنىڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خېشى كارىد-
دورىغا قەدەم قويۇش بىلەنلا، ھون قوشۇنلىرى ئۇلارنى قولغا
ئالدى. ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكىلەر ھون تەڭرىقۇتىنىڭ بارگاھىدا
(ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى كۆكخوت ئەتراپىدا)
نەزەربەنت قىلىپ قويۇلدى. ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولغان جاڭ
چيەن بۇ جايدىكى ئون نەچچە يىللىق تۇتقۇنلۇق ھاياتىدا ئۆز
بۇرچىنى ئېسىدىن چىقارمىدى. ئۇ ئاخىر پۇرسەت تېپىپ تۇتقۇن-
لۇقتىن قۇتۇلۇش بىلەن، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ھەمراھلىرىنى باشلاپ
يېڭىۋاشتىن سەپەرگە ئاتلاندى.

بىراق، خەن سۇلالىسىنىڭ چوڭ ياۋچىلار توغرىسىدا ئالغان
ئاخباراتى توغرا چىقماي قالدى. چۈنكى، جاڭ چيەن ۋەزىپە تاپ-
شۇرۇۋېلىشتىن 30 نەچچە يىل بۇرۇنلا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى
سىياسى ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولغان ئىدى. ئىلى دەرياسى
ۋادىسىغا بېرىپ ئورۇنلاشقان چوڭ ياۋچىلار دۈنخۇاڭ ئەتراپىدىن
كۆچۈپ كەلگەن ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ چېقىلىپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن
داشا (باكترىيە — ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالى) رايونىغا بېرىپ،
شۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىگەن ئىدى. شۇڭا، جاڭ
چيەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندا، چوڭ ياۋچىلار بىلەن
ئەمەس، ئۇيسۇن قەبىلىسى بىلەن ئۇچراشتى.

چوڭ ياۋچىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن، جاڭ چيەن داۋاملىق
غەرپكە سەپەر قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرى ئارقىلىق داشاغا
يېتىپ باردى. بىراق بۇ چاغدا چوڭ ياۋچىلار بۇ يېڭى مۇھىتتىن
مەمنۇن بولۇپ، شەرققە قايتىپ ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيە-

تىدىن ئاللىقاچان ۋازكەچكەن ئىدى. جاڭ چيەن چوڭ ياۋچىلار يۇرتىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماي قايتىپ كەلدى②.

جاڭ چيەن بۇ سەپەردە ئۆزىنىڭ كۆزلىگەن سياسى مەقسىدىگە يېتەلمىدى. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىي ھەم شىمالىي قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان ئالاقە-سىنى كۈچەيتىشتە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇھىم خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى.

جاڭ چيەن چاڭئەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن رايونلارنىڭ جۇغراپىيە، ئىجتىمائى ۋە تەبىئى بايلىق جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇردى، بۇنىڭغا ھۆكۈمەت ۋە جەمىيەت ئالاھىدە قىزىقتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 119 - يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلىككە تەيىنلەندى③. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى مەنزىلى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئۇيسۇن قەبىلىسى تۇرۇشلۇق جاي بولدى، ۋەزىپىسى ئۇيسۇن قەبىلىسىنى ھونلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. جاڭ چيەن باشچىلىقىدىكى بۇ قېتىمقى ئەلچىلەر ئۆمىكى ئۇنىڭ مۇئاۋىنلىرى ۋە قوراللىق مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بولۇپ 300 كىشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى-دىن چىقىدىغان يىپەك مال ۋە نۇرغۇن تىللا ئېلىپ، چۆل-جەزىرى-لەرنى كېزىپ، تيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئاخىر ئۇيسۇن قەبىلىسى ئورۇنلاشقان ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ باردى. بىراق، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇيسۇن قەبىلىسى كەسكىن ئىچكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە تۇرغانلىقتىن، جاڭ چيەن ئۇيسۇن قەبىلىسىنى ھون قۇلدارلىرىغا

قارشى كۆرەشكە ئاتلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالمىدى، لېكىن ئۇ خەن سۇلالىسى بىلەن ئۇيسۇن قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس ئورناتتى. جاڭ چيەننىڭ مۇئاۋىنلىرى مۇشۇ مەزگىلدە داۋەن (هازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فەرغانە رايونى)، باكتىرىيە، سىندۇ (هىندىستان)، ئارشاك (ئىران) ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى.

جاڭ چيەننىڭ غەربىي دىيارغا ئىككى قېتىم ئەلچى بولۇپ بېرىشى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن بولغان سىياسى، ئىقتىسادىي ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇردى.

خەن سۇلالىسى هۆكۈمىتى بىر قاتار دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن تەڭ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 127 ـ يىلدىن 119 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن تارتىپ غەرپتە خېشى كارىدورى رايونىغىچە بولغان جايلاردا هونلارغا قارشى ئۈچ قېتىم كەڭ كۆلەملىك هەربىي هەركەت قوللاندى. بۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىقى خېشى كارىدورىدا ئېلىپ بېرىلدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى ئەتىيازدا، خەن سۇلالىسىنىڭ هەربىي سەركەردىسى خو چۈبىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن گەنسۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن هۇجۇمغا ئاتلىنىپ، يەنجى تېغى (هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭچاڭ ناهىيىسىنىڭ غەربى، شەندەن ناهىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن ئۆتۈپ، مىڭ چاقىرىملاپ مۇساپىنى بېسىپ گاۋلەنگىچە ئۇرۇش قىلىپ بارغان ئىدى. شۇ يىلى يازدا، خەن سۇلالىسى قوشۇنى يەنە يەنجۇدىن ئۆتۈپ، چىلىيەنشەن تېغى بويلىرىدىكى هون قوشۇنلىرىغا هۇجۇم قىلدى.

خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۆز غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خېشى رايونىدا ۋۇۋېي، جيۇچۇەن دېگەن ئىككى ۋىلايەتنى تەسىس قىلىپ، بۇ جايدا نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزدى ھەمدە بوز يەر ئېچىپ، دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى قوشۇنلارنى تۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، خەن سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىغا بارىدىغان كارىدورنى راۋانلاشتۇردى ۋە ئۇنى مەھكەم ئىگەللەپ تۇردى④.

ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. خەن سۇلالىسى بىر قاتار غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى، ھونلار بولسا ئۇرۇشلاردا ئارقىمۇ-ئارقا يېڭىلىپ، كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىشكە باشلاپ، ئاخىر موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالىغا، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ھەم شىمالىدىكى رايونلارغا چېكىندى. ئاقىۋەتتە خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بارا-بارا تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىغا كۆچتى.

ھونلارنىڭ تەسىر كۈچى دائىرىسى تارايتىلغاندىن كېيىن، تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى، بولۇپمۇ تارىم ۋادىسى بويلىرىدىكى دېخانچىلىق رايونلىرى ھون قۇلدارلىرىنىڭ ئاساسلىق مالىيە مەنبەسى بولدى. بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھونلار ھاكىمىيتى كىنگىت، ۋېيشۇ (ھازىرقى كورلا تەۋەسىدە)، يۈلى (ھازىرقى قاراشەھەر دائىرىسىدە) قاتارلىق جايلاردا تۇڭپۇ دۇۋېي (قۇللارنى ئىدارە قىلىش مەھكىمىسى) دەپ ئاتالغان ھەربىي ئىشلار ئورگىنىنى تەسىس قىلدى، شۇنىڭدەك جۈشى (ھازىرقى تۇرپاندىكى يارغول)نى ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي قوشۇن تۇر-

غۇزىدىغان ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرىدىغان ھەربى بازىسى قىلدى⑤.

بۇ چاغدا خەن سۇلالىسىمۇ ئۆزىنىڭ خېشى رايونىدىكى ھەربى تەييارلىقلىرىنى تۈگىتىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 108-يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ، ھونلارغا بېقىنىدىغان لۇلان (كىرورايىنا) ۋە جۇشىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرگۈزدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 104-يىلى، خەن سۇلالىسى ئات سوراپ بارغان ئەلچىلىرىمىزنى ئۆلتۈردى دىگەننى بانا قىلىپ، ئېرشى جاڭجۇن باشچىلىغىدا 130 مىڭ ئەسكەرنى پامىردىن ھالقىپ ئۆتۈپ فەرغانىگە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. دەسلەپتە خەن سۇلالىسى قوشۇنى ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، بىر مەھەل دۇنخۇاڭغىچە چېكىنىپ كەلگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش مىلادىدىن بۇرۇنقى 101-يىلغا كەلگەندە، ئاندىن فەرغانىنىڭ تەسلىم بولۇشى، خەن سۇلالىسىنىڭ 3000 ئاتقا ئېرىششى بىلەن ئاياقلاشتى. شۇ يىلى خەن سۇلالىسى لۇنتەي، چۈلى قاتارلىق جايلارغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە قوشۇن ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا خەن سۇلالىسىنىڭ كۈچى ھونلارنىڭ كۈچى بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 90-يىلى، خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربى سەر-كەردىسى لى گۇاڭلى قوماندانلىغىدىكى 130 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ھونلارغا قارىتا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاپ، تارىم ۋادىسى بوييلىرىدىكى بەگلىكلەرنىڭ ياردىمى بىلەن، جۇشى قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئىستىراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ جاينى ئۆز ئىلكىگە ئالدى⑥.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 61-يىلى ھون ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ

ئىچكى قىسمىدا قاتتىق بۆلۈنۈش بولدى. نەتىجىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئەۋەتىلگەن ھۇن قوشۇنلىرى قىيىن ئىچكى-تاشقى ئەھۋالدا خەن سۇلالىسىگە تەسلىم بولدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 60-يىلى خەن سۇلالىسى جىلك جىنى غەربىي دىيار دۇخۇسى (سەرتابى) قىلىپ تەيىنلەپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالدا غەربىي دىيار دۇخۇ (سەرتاپلىق) مەھكىمىسى تەسىس قىلدى. غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ ئورنى ئۇرى قەلئەسىدە (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى ئەشمىنىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ) ئىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەمدە پامىرنىڭ ۋۇلىي رايونىمۇ كىرىدۇ⑦.

خەن سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا قازانغان بىر قاتار غەلىبىلىرى ئارقىسىدا، ئاسىيا بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقلىرىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان يىپەك يولى راۋانلاشتى، بۇنىڭ بىلەن شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشتا يېڭى ئەسىر باشلاندى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا زور بىر ۋەقە ئىدى.

مىلادى 9-يىلى، خەن سۇلالىسىدە ئوردا سىياسى ئۆزگىرىشى بولۇپ، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، يېڭى فېئودال سۇلالە — شىن سۇلالىسىنى قۇردى. ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈن دىققەت-ئېتىۋارى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشكە سەرپ قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولمىدى. ئاقىۋەتتە، بۇ رايونلاردا ھۇنلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى مەركەزنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇنلار بىلەن

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى تىركىشىشتە قازانغان غەلىبىلىرى
ۋە ئۇچرىغان مەغلۇبىيەتلىرى مۇشۇ مەزگىلدە ئىككى تەرەپنىڭ ئىس-
تىراتېگىيىلىك ئورنىدىكى ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئىدى.

خونلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارى-
لىدىن تارتىپ غەرپتە تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغىچە بولغان نەچچە
مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتا خەن سۇلالىسىگە بىر قاتار ھۇجۇملارنى
قوزغاپ، خەن سۇلالىسىنى ئۆز تەسىر دائىرىسىنى قايتا-قايتا تاراي-
تىشقا مەجبۇر قىلدى. غەربىي قىسىمدا، خون قۇلدارلىرىنىڭ كۈچى
بىۋاستە خېشى رايونىغا كىردى. بۇ ھال خەن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈم-
رانلىق مەركىزى — شەنشى ئۆلكىسىنىڭ گۈەنجۇڭ رايونىغا تەھدىت
بولۇپ قالدى⑧.

مىلادى 23-يىلى، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتى غۇلاپ چۈشتى.

## 2. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەھۋالى

ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش مىلادى 1-ئەسىردە
ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان كۆلىمى ئەڭ زور ئۇرۇش ئىدى. بۇ
قېتىمقى ئۇرۇشتا گەرچە ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ،
ليۇ پەمىلىلىكلەرنىڭ ھاكىمىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ،
بىراق زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن خەن سۇلالىسىنى دەر-
ھال ئۆز ھالىغا كەلتۈرەلمىدى. خونلارنىڭ كۈچىگە تاقابىل تۇرۇشقا
يېڭى ھاكىمىيەت تامامەن قادىرسىز ئىدى. بۇ ھال ئاخىر يېڭى
ھاكىمىيەتنى ئۆز پايتەختىنى ئەنئەنىۋى مەركەز بولۇپ كەلگەن
چاڭئەن شەھىرىدىن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ لوياڭ شەھىرىگە كۆچۈرۈپ

كېتىپ، شۇ يول بىلەن ھونلارنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشقا مەجبۇر قىلدى.

مىلادى 25-يىلى قۇرۇلغان يېڭى ھاكىمىيەت خەن سۇلالىسىنىڭ نامىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، ليۇ شيۇ ئۇنىڭ تۇنجى پادىشاسى بولدى. بۇ يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ نامى تارىختا كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. شەرق تەرەپتىكى لوياڭ ئۇنىڭ پايتەختى بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپمۇ ئاتالدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى چارەك ئەسىر داۋامىدا، شەرقىي خەن سۇلالىسى تامامەن ئىچكى مەسىلىلەر بىلەنلا بەنت بولۇپ كېتىپ، سىرتقى جەھەتتە قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كېلىۋاتقان ھونلارغا نىسبەتەن پەقەت قوغدىنىش سىياسىتىنىلا قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى.

مىلادىنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سىياسى ۋە ھەربى كۈچىمۇ پەيدىن-پەي زورايدى. شۇنىڭ بىلەن ھونلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش مەسىلىسى شەرقىي خەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنتەرتىۋىگە كىرگۈزۈلدى.

مىلادى 70-يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى پادىشاسى ليۇ جۇاڭ ۋەزىر گېڭ بىڭنىڭ ھونلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدى. مىلادى 73-يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ھونلارغا ھۇجۇم قىلدى، بۇلاردىن دۇ گۇ ۋە گېڭ جۇڭ قوماندانلىقىدىكى 12 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر جيۇچۈەندىن يولغا چىقىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يۈرۈش قىلدى.

بۇ قېتىمقى ھەربى يۈرۈشتە يەنە بىر تارىخىي شەخس — بەن

چاۋ تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى.

بەن چاۋ پىڭلىڭ (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىڭپىڭ ناھىيىسى)لىق بولۇپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىدا ھون قوشۇنلىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن ئېۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل رايونى)غا يۈرۈش قىلىپ، پۇلۇي (ھازىرقى بارىكۆل يايلىقى)دا ھون قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئېۋىرغولنى ئالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسى تيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىدىغان دەرۋازىنى ئاچتى. شۇ يىلى بەن چاۋ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى ھونلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، 36 كىشىنى باشلاپ ئالدى بىلەن پىشامشان (ھازىرقى چارقىلىق)غا باردى. دەسلەپتە ئۇلار پىشامشان كىنەزلىگى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىندى. لېكىن ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھونلارنىڭ ئەلچىلىرىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى.

شۇ ۋاقىتتا ھونلار تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئىدى. شۇڭا، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئېۋىرغول قاتارلىق جايلاردا قازانغان غەلىبىسى پىشامشان كىنەزىنىڭ كېلىچەككە بولغان ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرەلمەيتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئىسكەنجىگە ئېلىنغان پىشامشان كىنەزلىگىنىڭ كەلگۈسىدە كىمنىڭ بۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى. ئاخىر پىشامشان كىنەزى ھونلارنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىنى ئۇزۇن ئىلگىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھونلار تەرەپتە تۇرۇش قارارىغا كەلدى.

بەن چاۋ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 36 ئادەمنى باشلاپ، كېچىدە ھونلارنىڭ ئەلچىلىرى تۇرۇشلۇق جايغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھون ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈردى. بەن چاۋنىڭ بۇ ھەركىتى پىشامشان كىنىزىنىڭ ھونلار تەرەپكە ئۆتۈش خىيالىنى تامامەن بەربات قىلىۋەتتى. بۇ ئەھۋال ئەتراپتىكى بىرمۇنچە دۆلەتلەرنىمۇ ساراسىمىگە سېلىپ قويدى، ئاخىر ئۇلارمۇ ھونلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ھەممىدە دائىم تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ئەمەلدارلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. پىشامشان كىنەزلىكىدىن كېيىن، ئۇدۇن، سۇلې (قەشقەر) كىنەزلىكلىرىمۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى.

بەن چاۋ ئادەم سانى ئىنتايىن چەكلىك بولغان كىچىككىنە بىر قوشۇن بىلەن تومەن كىشىلىك قوشۇننىڭ رولىنى ئويناپ، كەڭ كۆلەمدە قان تۆكۈلۈش بولمىغان ئەھۋالدا، ھونلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تەسىر كۈچىنى تۈگىتىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى. بەن چاۋنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىدى⑨.

بەن چاۋ بۇ ئىنتايىن مۈشكۈل ۋە خەتەرلىك ئىشنى ئورۇنلاشتا ئالدى بىلەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى قۇدرىتىگە، ئاندىن قالسا، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇق-قەيسەرلىكىگە تاياندى. لېكىن بەن چاۋنىڭ مۇنداق زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى تۈپ سەۋەپ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى خەلقلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن تۇراقلىق ھاكىمىيەتنىڭ تىكلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىدىن

ئىبارەت ئىجتىمائى كەيپىيات ئىدى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھەربى يۈرۈشلىرى غەربىي دىياردىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەردە ئومۇملاشقان بۇ ئىجتىمائى كەيپىياتقا تامامەن ماس كەلگەن ئىدى.

بەن چاۋنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا، مىلادى 74-يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن ئالتۇنبالىغ (جىمسار)نى ئالدى، ئاندىن تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ جۇشى ۋە لىيۇجۇڭ (ھازىرقى پىچان ناھىيىسىدىكى لۈكچۈن)نى قولغا كىرگۈزدى.

ھەربىي جەھەتتىكى بۇ بىر قاتار غەلىبىلەر نەتىجىسىدە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلارغا تەكشى يېيىلدى. بۇ غەلىبىلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسى ۋە تۇرلۇك ھەربىي، مەمۇرى ئاپپاراتلارنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شۇنداق قىلىپ مۇشۇ رايون شەرقىي خەن سولالىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا ئۆتتى⑩.

مىلادى 75-يىلى هون قوشۇنلىرى تۇرپان ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقان شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى. ئۇرۇش ئاز كەم ئىككى يىل داۋام قىلىپ، شەرقىي خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاياقلاشتى. ھونلار تۇرپان ئويمانلىقىنى يېڭىۋاشتىن تىزگىنلىدى، ئارقىدىنلا شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئېۋىرغول قاتارلىق جايلارنى قايتا بېسىۋالدى. ئاقىۋەتتە شەرقىي خەن سۇلالىسى تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن مەھرۇم بولۇپ قالدى⑪. لېكىن تارىم ۋادىسىنىڭ

جەنۇبىي رايونىدا، بەن چاۋ جايلاردىكى يەرلىك قوشۇنلارنى باشلاپ، هونلارغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلدى. ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يەرلىك قوشۇنلار ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ كوسەن (كۇچار)، قۇمباش (هازىرقى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قۇمباش يېزىسى)، ئونسۇ (هازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسى) قاتارلىق جايلارنى هونلاردىن تارتىۋالدى. مىلادى 91-يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى بەن چاۋنى غەربىي دىيار دۇخۇسى قىلىپ تەيىنلىدى. غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسى بۇ قېتىم كۇچاردا تەسىس قىلىندى.

مىلادى 94-يىلى بەن چاۋ كۇچار قاتارلىق كىنەزلىكلەرنىڭ 70 مىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ، كىنگىت (قاراشەھەر)كە هۇجۇم قىلىپ، هونلارنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ مۇھىم بازىسى بولغان بۇ جاينى ئىگەللەپ، هونلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا بىر مەھەل خاتىمە بەردى. بۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 50 نەچچە كىنەزلىك تامامەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

مىلادى 102-يىل 8-ئايدا بەن چاۋ پادىشانىڭ پەرمانىغا بىنائەن شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭغا قايتتى ۋە شۇ يىلى 9-ئايدا 71 يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

بەن چاۋ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلاردا توپ-توغرا 30 يىل تۇردى. ئۇ خەۋپ-خەتەر ۋە مۈشكۈللەردىن قورقماي، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ بىر قاتار شانلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشتى، بىر بىرى بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ھەرقايسى كىنەزلىكلەرنى ئېرىنمەي، زېرىكمەي ياراشتۇرۇپ،

ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە نائىل بولدى. ئۇ ھەم پاراسەتلىك ۋە شىجائەتلىك ھەربى، ھەم يىراقنى كۆرەر سىياسەتچى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشتا كۆرسەتكەن ئاجايىپ زور تۆھپىسى خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىك.

بەن چاۋدىن كېيىن، رىن شاڭ غەربىي دىيار دۇخۇلىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭدا بەن چاۋنىڭكىدەك قەيسەرلىك، جاسارەتمۇ، سىياسىي قابىلىيەتمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بەزى ئىشلارنى نامۇۋاپىق بىر ياقلىق قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، ئاقىۋەتتە، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى ئابرويى كۈندىن-كۈنگە چۈشۈپ كەتتى.

مىلادى 106-يىلى ليۇ لۇڭ شەرقىي خەن سۇلالىسىگە پادىشا بولغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت ئاپپاراتىدا بىرمۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولدى، شۇ يىلى، شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي دىيار دۇخۇ مەھكىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، دۇخۇنى قايتۇرۇپ كەتتى. ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى كىنەزلىكلەرنى يېڭىۋاشتىن بويسۇندۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردىكى نەچچە ئون يىللىق ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈلۈپ قالدى⑫.

مىلادى 107-يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ليۇ لۇڭ ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇ خۇ پادىشا بولدى. لېكىن ئەمەلىي ھوقۇق خانىبانۇ دېڭنىڭ قولىدا بولدى. مىلادى 119-يىلى، خانىبانۇ دېڭ پادىشا نامىدىن ئوردىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ، بەن چاۋنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى بەن يۇڭنىڭ غەربىي دىيار مەسىلىسى توغرىسىدىكى پىكرىنى ئاڭلىدى. بەن يۇڭ بۇ يىغىندا غەربىي دىيار بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو

رايونى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى شەرھىلەپ ئۆتتى ۋە غەربىي دىيار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تەكلىپ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى بەن يۇڭنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىپ، ئاۋال دۇنخۇاڭدا غەربىي دىيار تىركەك چېرىكچى (ھەربىي ئىشلار مۇئاۋىن باش قوماندانلىق ئىشتاۋى)نى تەسىس قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا يۈرۈش قىلىشقا تەييارلاندى.

مىلادى 123-يىلى شەرقىي خەن سۇلالىسى بەن يۇڭنى غەربىي دىيار دورغاپى (جاڭشى) قىلىپ تەيىنلەپ، 500 ئەسكەر بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى لۈكچۈنگە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. شۇ ۋاقىتتا تۇرپان ۋادىسىدا ھونلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكىرى بار ئىدى، شەرقىي خەن سۇلالىسى بۇ يەرنى ھونلار بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بارىدىغان جاي قىلىپ تاللىغان ئىدى.

مىلادى 124-يىلى بەن يۇڭ 500 ئەسكەرنى باشلاپ تۇرپان ئويمانلىقىغا قاراپ يول ئېلىپ، كرورايىنا (ھازىرقى لوپنۇرنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ)نى بىرىنچى مەنزىل قىلدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يۈرۈشكە ئاتلانغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، پىشامشان، كوسەن، قۇمباش، ئونسۇ قاتارلىق كىنەزلىكلەر ئارقا-ئارقىدىن شەرقىي خەن سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. بۇ ئارىلىقتا پەقەت جەنۇبىي جۇشى (ئالدىنقى جۇشى)لا بەن يۇڭنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىغا قارشى چىقتى.

بەن يۇڭ يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىنەزلىكلەرنىڭ قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ، شەرق ۋە غەرپ تەرەپلەردىن تۇرپان ۋادىسىدىكى جەنۇبىي

جۇشگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇرۇش ئاخىر ھون قوشۇنلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياقلاشتى.

مىلادى 125 ـ يىلى بەن يۇڭ يەنە دۇنخۇاڭ، جاشىپ، جيۇچۇەن قاتارلىق جايلاردىن 5000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە كروراينا، سۇلې، جەنۇبىي جۇشى قاتارلىق جايلاردىن تۇمەنلىگەن ئەسكەر يۆتكەپ كېلىپ، جىمسار ئەتراپىدىكى شىمالىي جۇشى (ئارقا جۇشى)گە ھەم شەرقىي چېمى (ھازىرقى فۇكاڭ ناھىيىسى)گە ھۇجۇم قىلىپ، زور غەلىبە قازاندى. بۇنىڭ بىلەن تۇرپان ئويمانلىقى ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئالتە كىنەزلىك پۈتۈنلەي شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى⑬.

ھونلارغا قارشى ئۇزاق ئۇرۇشلاردا خەن سۇلالىسى خېشى رايونىنى تىزگىنلەپ، ھونلارنىڭ غەربىي چىيائىلار (چىڭخەيدە ياشايدىغان بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە) بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تىزگىنلەپ، ھونلارنىڭ مالىيە مەنبەسىنى قۇرۇتۇش، شۇ يول بىلەن شەرقىي ۋە شىمالىي رايونلاردا ھونلارغا ئۇنۇملۇك ھەربىي ھەركەت قوللىنىشنى تەمىن ئېتىش خەن سۇلالىسىنىڭ ھونلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتىكى ئومۇمى ئىستىراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، خېشى رايونىنى ئۆز ئىلكىدە مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، غەربىي چيائىلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش، تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ، مالىيە مەنبەسىنى قوغداش، خەن سۇلالىسىگە غەربىي قىسمىدىن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق خەن سۇلالىسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي رايونلاردا قوللىنىدىغان ھەربىي ھەركەتلىرىنى بەنت قىلىپ تۇرۇش ھونلارنىڭ خەن سۇلالىسىگە

قارشی ئۇرۇش قىلىشتىكى ئومۇمى ئىستىراتېگىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ مەركىزى ئىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى تاللىشىش يولىدىكى بۇ ئۇرۇشلاردا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

تۇرپان ئويمانلىقى تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ شىمالدا تىيانشاننىڭ ئاساسلىق چوققىسى — بوغدا چوققىسى، جەنۇپتا چۆل تاغ، شەرقتە خېمى كارىدورى رايونى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئالغان كۈچ، ئەلۋەتتە، غەرپتە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىغا بارىدىغان قاتناش يولىنىمۇ تىزگىنلەپ ئالالايتتى، شىمالدا بولسا تىيانشاننىڭ يول ئېغىزلىرىنى بوغۇپ تاشلىيالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەر ئەزەلدىن هونلارنىڭ غەربىي دىياردىكى ئاساسلىق هەربى بازىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپان ئويمانلىقى يەنە يىپەك يولىنىڭ مۇهىم تۈگۈنى ئىدى. يىپەك يولى غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن باشلىنىپ، خېشى كارىدورىدىن ئۆتۈپ، دۈنخۇاڭغا بارغاندا غەرپكە سوزۇلغان ئۈچ يولغا بۆلۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىككىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنى كېسىپ ئۆتەتتى. بىرىنچى يول دۈنخۇاڭدىن باشلىنىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ پىشامشان (هازىرقى چارقىلىق)، چەرچەن، جىڭجۆ (نىيە)، يۈمى (كىرىيە)، ئۇدۇن (خوتەن)، يەركەن قاتارلىق جايلار ئارقىلىق پامىردىن هالقىپ ئۆتۈپ، باكتىرىيە (هازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى)گە كىرىپ، ئارشاك (هازىرقى ئىران)قا باراتتى.

ئىككىنچى يول دۇنخۇاڭدىن باشلىنىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىنى بويلاپ غەرپكە سوزۇلۇپ، جەنۇبىي جۇشى، كىنگىت، يۈلى (هازىرقى قاراشەھەرنىڭ جەنۇبىدا)، ئۈرى (هازىرقى بۈگۈر)، كوسەن (كۈچار)، قۇمباش (هازىرقى ئاقسۇ)، سۇلىي (هازىرقى قەشقەر) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، پامىر ئىگىزلىكىدىن هالقىپ، چوڭ ياۋچىلار، قەنت (سەمەرقەنت)، ئائورسى رايونىغا باراتتى.

ئۈچىنچى يول تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ كەتكەن ئىدى.

قاقاس قۇملۇق ۋە چۆللەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ يىپەك يولى هەرگىزمۇ بەهۇزۇر سەيلە قىلىدىغان ماكان ئەمەس ئىدى. چۆللەردىكى دەهشەتلىك بوران-چاپقۇنلار، قۇملۇقلارنىڭ تومۇزدەك ئىسسىقلىرى، پامىر ئىگىزلىكىدىكى يىل بويى ئېرىمەيدىغان قار-مۇزلار ۋە جانغا تېگىدىغان شۇۋىرغانلار — مانا بۇلارنىڭ هەممىسى يولۇچىلار ئۈچۈن ۋەهىمىلىك تەهدىت ئىدى.

تۇرپان ئويمانلىقى بۇ قاتناش لىنىيىسىدىكى شىمالىي يولنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، گۇزۇن ۋە مۇشكۈل مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن كارۋانلار، هۆكۈمەت ئەلچىلىرى، قىسقىسى، شىمالىي يولدا ماڭغانلارنىڭ هەممىسى بۇ يەردە توختاپ هاردۇقىنى چىقىرىۋالاتتى ياكى ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلايتتى. شەرققە قاراپ ماڭغانلار باغايان قۇملۇقىدىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى، غەرپكە قاراپ ماڭغانلار پامىر ئىگىزلىكىدىن ئۆتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋالاتتى.

هون قۇلدارلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدىن يەنە بىر قېتىم ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى هۆكۈمرانلىقى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۈچى

ئاجىزلىشىپ، ھالى كۈندىن ـ كۈنگە خاراپلاشتى. بۇ، ھونلارنىڭ تارىخ سەھنىسىدىن ئاخىرقى ھېساپتا چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ يەنە بىر سەۋىۋى.

## 3. قوجۇ (گاۋچاڭ) دۆلىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى

قاتتىق داۋالغۇشلاردىن كېيىن، 5 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپان ئويمانلىغىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلدى. بۇ ئويمانلىقتا "قوجۇ دۆلىتى" ناملىق بىر ھاكىمىيەت پەيدا بولدى. بۇ ھاكىمىيەتنى كەن شۇاڭ ئىسىملىك بىر كىشى قۇرغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى "تەيشۇ" (ۋالى) دەپ ئاتىغان.

قوجۇ ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «ۋېي پادىشالىغى تارىخى»دا يېزىلغان. بۇ تارىخنىڭ 101 ـ جىلدىدە مۇنداق دېيىلگەن: "گاۋچاڭ بۇرۇنقى جەنۇبىي جۇشى كىنىزىنىڭ زېمىنى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي جۇشى قەبىلىلىرى بۇ يەردە ياشايتتى. بۇ زېمىن شەرقتىن غەرپكە 2000 چاقىرىم، جەنۇپتىن شىمالغا 500 چاقىرىم چوڭلۇقتا بولۇپ، ئەتراپىنى تاغلار قورشاپ تۇراتتى. ئېيتىشلارچە، خەن سۇلالىسى پادىشالىرىدىن خەن ۋۇدى غەرپكە يۈرۈش قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلار بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، قورشاۋدا قالغان. بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئىگىز، ئاھالىلىرى باياشات بولغانلىغى ئۈچۈن، "مەئىشەت مول زېمىن" دىگەن مەنىدە گاۋچاڭ دەپ ئاتالغان. يەنە بەزىلەر، بۇ يەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان گاۋچاڭ قورغىنى بولغان، كېيىن بۇ قورغاننىڭ نامى دۆلەت نامى قىلىنغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ چاڭئەنگە 4900 چاقىرىم كېلىدىكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىيار دورغاپى ۋە

تىركەك چېرىكچى ئەمەلدارلىرى بىرلا ۋاقىتتا بۇ يەردە تۇرغۇزۇلغان. جىن سۇلالىسى بۇ يەردە گاۋچاڭ ئايمىغىنى تەسىس قىلغان. جاڭ گۇي، لۇ گۇاڭ، جۇچۇ مېڭشۈن قاتارلىق كىشىلەر خېشى رايونلىرىنى تىزگىنلەپ تۇرغاندا، ۋالىلارنى ئەۋەتىپ، بۇ يەرنى باشقۇرغان. بۇ جايدىن 13 كۇندە دۇنخۇاڭغا بارغىلى بولىدۇ، گاۋچاڭدا سەككىز قەلئە بار، ھەممىسىدە خۇارېنلار (خەنزۇلار دېمەكچى) ياشايدۇ. چۆل-جەزىرە جىق، ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىغى مۇنبەت. دانلىق ئاشلىقلار يىلدا ئىككى قېتىم پىشىدۇ، پىلە بېقىشقا باپ، مۇۋە-چېۋە كۆپ، سىرىپغى مول، ياڭسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھەسەلدەك مەلھەم چىقىدۇ. ئۇنىڭ تەمى ناھايىتى ياخشى. سۇ باشلاپ كېلىنىپ ئېتىزلار سۇغىرىلىدۇ، قىزىل تۇز چىقىدۇ، ئۇ ناھايىتى تەملىك، ئاق تۇزمۇ چىقىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قاش تېشىغا ئوخشايدۇ، گاۋچاڭلىقلار ئۇنى ياستۇقمۇ قىلىدۇ ھەمدە جۇڭگوغا سوغا قىلىپ ئەۋەتىدۇ. ئۈزۈم ھارىغى كۆپ ياسىلىدۇ. پۇقرالار تەڭرىگە چوقۇنىدۇ، بۇددا دىنىغىمۇ ئېتىقات قىلىدۇ. بۇ دۆلەتتە قاراقچىلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئات-قويلار مەخپىي جايلاردا بېقىلىدۇ، مەرتىۋىلىكلەردىن باشقا ھېچكىم ئۇلارنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شىمالدا بىر قىزىل تاغ بار، ئۇنىڭدىن 70 چاقىرىم نېرىسىدا يەنە قارلىرى قىش-ياز ئېرىمەيدىغان تەڭخەن (ئاق تارمال)تېغى بار. بۇ تاغنىڭ شىمالى تېلې قەبىلىلىرى يۇرتى بىلەن چېگرىلىنىدۇ."

ھونلاردىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ شىمالدا ۋۇجۇتقا كەلگەن يەنە بىر قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچ جوجانلار ئىدى. جوجانلار ئۆز ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى پەيدىن-پەي ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىغا سۈرگەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي

رايونلىرى تەبئى هالدا ئۇلار تالىشىدىغان ئاساسلىق ئورۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. مىلادى 419 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىلى دەرياسى ۋادىسىنىڭ شەرقى، باركۆل ياپلىغىنىڭ غەربىي ئارىلىغىدىكى تيانشاننىڭ كەڭ شىمالىي رايونلىرىنى ۋە ئېرۋىرغول (قۇمۇل)، قوجۇ، كىنگىت، كوسەن، قۇمباش قاتارلىق كەڭ رايونلارنى ئۆزىگە قاراتتى.

بۇ بۆلۈمدە بىز بايان قىلىۋاتقان مەزگىل ئېلىمىزنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە بەك قالايمىقانچىلىق بولغان مەزگىل ئىدى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ئاتالمىش 16 پادىشالىق پەيدا بولغان، كېيىن يەنە شىمالىي ۋېي، شەرقىي ۋېي، غەربىي ۋېي، شىمالىي چى، شىمالىي جۇ قاتارلىق سۇلالىلەر قۇرۇلغان. جەنۇپتا بولسا، شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن كېيىن، سۇڭ، چى، لياڭ، چېن قاتارلىق سۇلالىلەر قۇرۇلغان. بىز بايانىمىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بايانىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى يەنە بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولغان سيانبىلار قۇرغان. ئۇنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىن تارتىپ موڭغۇل دالاسىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. هۆكۈمرانلىق مەركىزى بولسا هازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا ئىدى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەسىر كۈچى ئەتراپقا كېڭەيىشكە باشلىغاندا، غەرپتە تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ جوجانلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى.

مىلادى 439 ـ يىلى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىر قىسىم هونلار

خېشى رايونىدا قۇرغان شىمالىي لىياڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. شىمالىي لىياڭنىڭ ئاخىرقى پادىشاسىنىڭ ئىنىسى جۈچۈ ۋۇخۇي بىر تۈركۈم پۇقرالارنى باشلاپ تۇرپان ئويمانلىقىغا قېچىپ كەلدى. بۇ بىر قىسىم ھونلار سەرگەردان بولۇپ قېچىپ كەلگەن مۇساپىرلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەلۇم قوراللىق كۈچى بار ئىدى. ئۇلار قۇدرەتلىك شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە تاقابىل تۇرالمىسىمۇ، لېكىن قوچۇ دۆلىتىگە قارىغاندا كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئۇلار تېز ئارىدىلا قوچۇ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ھونلارغا تەڭ كېلەلمىگەن كەن شۇاڭ ئاخىر جوجانلار تەرەپكە قېچىپ كەتتى. نەتىجىدە، بۇ ھونلار پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىنى بېسىۋېلىپ، بۇ يەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى ۋە قوچۇ دۆلىتى دىگەن نامنى داۋاملىق قوللاندى⑭.

جۈچۈ پەمىلىلىكلەر قۇرغان لىياڭ پادىشالىقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغانلىقى ئۈچۈن، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغا قارشى تۇرۇشتا، جۈچۈ ۋۇخۇي قۇرغان قوچۇ دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جوجانلارنىڭ مەنپەئەتى بىردەك بولۇپ چىقتى. ئاقىۋەتتە قوچۇ دۆلىتى جوجانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئاساسلىق ئىتتىپاقدىشى ۋە تايانچى بولۇپ قالدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا قوچۇ دۆلىتىدىن باشقا كىنگىت قەلئەسىمۇ جوجانلار تەرەپتە تۇرۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلەشتى.

مىلادى 445-يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى پىشامشانغا كىرگەندە، جوجانلار تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇشقا زورلىدى. بۇ چاغدا قوچۇ دۆلىتى جوجانلار تەرەپتە تۇرۇپ، شىمالىي ۋېي

سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. لېكىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسى، بىر تەرەپتىن، جوجانلار بىلەن ئاداۋەتتە بولغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، جوجانلارنىڭ كۈچىنى پارچىلاشقا ۋە بەنت قىلىشقا كىرىشسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، جوجانلار تەرەپتە تۇرغان ھەرقايسى يەرلىك ھاكىمىيەتلەرگە زەربە بەردى.

مىلادى 448-يىلى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى كۆنچى دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، كىنگىتنى ئېلىش بىلەن، جوجانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇھىم ھەربىي تايانچ پونكىتىنى يوقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن جۈشىنى قوجۇ ھاكىمىيىتىگە ھۇجۇم قوزغاشقا ئۈندەپ، جوجانلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولدى. جۈشىنىڭ قوجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇشى ئىككى يىلغىچە داۋاملاشتى.

مىلادى 450-يىلى قوجۇ جوجانلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا جۈشىغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، قەلئەسىنى بېسىۋالدى. جۈشى كىنىزى بىر تۈركۈم پۇقرالىرىنى باشلاپ كىنگىتكە قېچىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىقى قوجۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن قوجۇ دۆلىتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

جۈچۈ ۋۇخۇي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئەنجۇ تەختكە چىقتى، لېكىن مىلادى 460-يىلى جوجانلار ئەنجۇنى بىكار قىلىپ، كەنبوجۇ ئىسىملىك كىشىنى قوجۇ ۋاڭى قىلىپ تىكلىدى. كەنبوجۇ

ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى يېچىك تەختكە چىقتى. مىلادى 478 ـ يىلى پادىشا جەمەتىدە سىياسى ئۆزگىرىش بولۇپ، يېچىكنىڭ ئاكىسى (كەن) شۇگۇي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى قوجۇ ۋاڭى دەپ جاكالىدى.

تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولغان پۇۋۇرغۇر قەبىلىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇق تۈتۈن غەرپكە ئۇپچە كۆچۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىش بىلەن، مىلادى 488 ـ يىلى بۇ يەردە ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. جوجانلار بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى جوجان ئاقسۆڭەكلىرى يۆلەيدىغان بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئۆز يېنىدا تۇرۇشىنى راۋا كۆرمەيتتى، ئەلۋەتتە. ئۇلار جوجان ئاقسۆڭەكلىرى يۆلەپ تۇرغان كەن شۇگۇينى ئۆلتۈرۈپ، دۇنخۇاڭلىق جاڭ مېڭمىڭنى قوجۇ ۋاڭى قىلىپ كۆتەردى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا گەرچە جوجانلار بىرقانچە نۆۋەت ئەسكەر چىقىرىپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، بىراق شۇ ۋاقىتتا ئاجىزلىشىپ كەتكەن جوجانلار ئۆز مەقسىدىگە يېتەلمىدى. پۇۋۇرغۇر قەبىلىسى تەرىپىدىن زورمۇ-زور قوجۇ ۋاڭى قىلىپ تىكلەنگەن جاڭ مېڭمىڭ قوجۇ ئاھالىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمىدى. شۇڭا ئۇ مىلادى 496 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مارۇ ئىسىملىك كىشى قوجۇ ۋاڭى بولدى.

بۇ چاغدا قوجۇ دۆلىتىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈرلۈك كۈچلەردە جىددى ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئالدى بىلەن تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە جىدەل چىقتى. ئاندىن ئېفتالىتلار تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا بۆسۈپ كىردى، جوجانلارمۇ قايتا باش كۆتىرىپ چىقتى. ئالتاي تاغلىرى بويلىرىدا بولسا تۈركلەر بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەتراپقا

كېڭىيىشكە باشلىدى. ئەنە شۇنداق جىددى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن سادىر بولغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى گويا قىيان سۇدەك تۇرپان ئويمانلىقىنى قاپلاپ كەتتى.

بۇ چاغدا، قوچۇ دۆلىتىگە تېخىمۇ پايدىسىز شارائىت شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇلار دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان ھەر خىل سىياسى كۈچلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە دوست ئىزدەش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان ئىدى. چۈنكى ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، قوچۇ دۆلىتى يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەر خىل سىياسى كۈچلەر بىلەن ئاداۋەتلىشىپ كەلگەن ئىدى.

تۈركلەرنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، مارۇ پۈتۈن قوچۇ ئاھالىسىنى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىگە كۆچۈرمەكچى بولدى. مۇنداق بولغاندا، نەچچە ئون مىڭلىغان ئاھالە خانىۋەيران بولۇپ، يات يۇرتلاردا مۇساپىرچىلىقتا قالاتتى. قوچۇ ئاھالىسى ئۆز ماكانىدىن ئايرىلىپ، شەرققە كۆچۈشنى رەت قىلدى. مارۇ ئاھالىنىڭ رايىغا قارىماي زورلۇق ئىشلەتكەندە، بىر تۈركۈم كىشىلەر قوزغىلاڭ قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، چۈجا دىگەن كىشىنى قوچۇ ۋاڭى قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن قوچۇ دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتى چۈ جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتتى⑮. ئۇزاق ئۆتمەيلا چۈ فەمىلىلىك ئادەم قۇرغان بۇ كىچىككىنە دۆلەت تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتكەن سىياسى بوران ئىچىدە قالدى.

بۇ ۋاقىتتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تەۋرىتىپ تۇرۇۋاتقان كۈچ تۈرك خانىدانلىقى ئىدى.

6-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا تۈركلەر ئۇلغىيىپ چىقتى. مىلادى 546-يىلى تۈركلەر جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى

تېلىپ قەبىلىلىرىنى قورالـلىق كۈچ بىلەن ئۆزىـگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىنى بېسىۋالـدى. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ دۆلىـتى ئۇنىڭ ھامىلىقىغا ئۆتتى. نەتىجىدە شەرق بىلەن غەرپنى تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى بۇ قاتناش تۈگۈنى تۈركلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

تۆۋەندە «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»غا پۈتۈلگەن قوچۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتنى نەقىل كەلتۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق تۇرپان ئويمانلىقىدا چۇجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن بولغان سىياسى ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى بىلەن بىر قۇر تونۇشۇپ چىقىمىز:

"گاۋچاڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي جۇشى كىنەزلىكىنىڭ زېمىنى ئىدى. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە تىركەك چېرىكچى تۇرغۇزۇلدى، بۇ جاي پايتەختكە 4300 چاقىرىم كېلىدۇ. بۇ ئەلدە 21 قەلئە بار. پايتەختى گاۋچاڭ قەلئەسىدە. جاۋخې (يارغول) دىگەن جاي جەنۇبىي جۇشىنىڭ تەختگاھى بولغان جاي ئىدى. تيەندى قەلئەسى تىركەك چېرىكچى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. گاۋچاڭدا ئەسكەر ئون مىڭدىن ئاشاتتى. بۇ زېمىنىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، دانلىق ئاشلىقتىن يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى، ئۈزۈم ھارىقى ۋە مىۋە-چىۋە كۆپ. كېۋەز دەپ ئاتالغان بىر خىل زىرائەت بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ پاختىسىدىن رەخت توقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ يېزىقى بار، يېزىقچىلىق، ھىساۋاتچىلىققا ئۇستا. تەسىس قىلىنغان ئەمەلدارلارنىڭ نامىلىرى جۇڭگونىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. پادىشانىڭ ئىسمى چۈ بويا. ئۇ كېيىنكى ۋېي سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۆتكەن گاۋچاڭ ۋاڭ چۈجانىڭ ئالتىنچى ئەۋلات نەۋرىسى. سۇي سۇلالىسى پادىشالىرىدىن سۇي ياڭدى

دەۋرىدە ئۇ پادىشا ئاللىرىغا ئىھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەندە، سول قانات ئىناۋەتلىك تۆرە، جۇشى ۋالىسى قىلىپ تەيىنلەندى ھەمدە ئۇنىڭغا بىيەنگو كىنىزى دىگەن پەخرىي ئۇنىۋان بىرىلدى، پادىشانىڭ ئۆز تۇققانلىرىدىن يۈۋېنشى (يۈۋېن جەمەتىنىڭ قىزى)غا 'مەلىكە خۇارۇڭ' دەپ نام بېرىلىپ، چۇ بوياغا ياتلىق قىلىندى."

## 4. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوجۇ رايونى

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»دا تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە قوجۇ دۆلىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دىيىلىدۇ: "ۋۇدېنىڭ ئىككىنچى يىلى (مىلادى 619-يىلى) چۇ بويا ئۆلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ۋېنتەي تەختكە چىقىپ، ئەلچى ئەۋەتىپ، قارىلىق يەتكۈزدى. پادىشا گاۋزۇ سابىق خىجۇ ۋىلايىتىنىڭ ئايىمانى جۇخۇيىنى تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئەۋەتتى. ۋۇدېنىڭ يەتتىنچى يىلى (مىلادى 624-يىلى) ۋېنتەي ئىگىزلىگى ئالتە سۇڭ، ئۇزۇنلۇغى بىر چىدىن سەل ئاشىدىغان بىر جۈپ ئىت كۈچۈگىنى سوغا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار ناھايىتى زىرەك بولۇپ، ئاغزىدا ئاتنى يېتىلەپ، شامنى كۆتىرىپ ماڭالايدۇ. بۇ كۈچۈكلەر ئاپۇرۇم (سۇرىيە)دىن ئېلىپ كېلىنگەن ئىكەن. مانا شۇ چاغدىن باشلاپ، جۇڭگودا ئاپۇرۇم ئىتى پەيدا بولدى. تەيزۇڭ (تاڭ تەيزۇڭ) تەختكە چىققاندا، چۇ ۋېنتەي قىزىل تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن بىر توننى سوغا قىلىپ ئەۋەتتى. (تاڭ تەيزۇڭ) چۇ ۋېنتەينىڭ خوتۇنى يۈ ۋېن خېنىمغا چاچ قىستۇرىدىغان گۈللۈك قىسقۇچ سوغا قىلدى. يۈ ۋېن خېنىم قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بىر تەخسە

سوغا قىلىپ ئەۋەتتى. (چۇ ۋېنتەي) غەربىي دىياردىكى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق خەۋەر قىلىپ تۇراتتى، جېنگۇەننىڭ تۆتىنچى يىلى (مىلادى 630 ـ يىلى) قىشتا چۇ ۋېنتەي ئۆزى كېلىپ، پادىشا ئالىللىرىغا ئېھتىرام بىلدۈردى. قايتىش ۋاقتىدا پادىشا ئۇنىڭغا جىق سوغا ـ سالام قىلدى. چۇ ۋېنتەينىڭ خوتۇنى يۈ ۋېن خېنىم پادىشا ئەۋلادى دەپ تونۇلۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا پادىشا ئەۋلادىنىڭ لى دېگەن پەمىلىسىنى ئاتا قىلدى ھەمدە ئۇنىڭغا مەلىكە چاڭلې (خۇش خۇي مەلىكە) دەپ نام بېرىش توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن ھال سورىدى.“

بۇ مەلۇماتلار بىزگە قوجۇ بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئىناق ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. لېكىن ھالقىلىق مەسىلە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تاڭ سۇلالىسى شۇ ۋاقىتلاردا بۇ رايونغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلالمىدى. قوجۇ دۆلىتى كىچىك ـ كىنە بىر سىياسى ھاكىمىيەت گەۋدىسى سۈپىتىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۈرك خاندانلىقى شۇ مەزگىللەردە قوجۇنىڭ بىخەتەرلى ـ گىگە كاپالەتلىك قىلىپ تۇردى. بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى قوجۇ دۆلىتى تۈرك خاندانلىقىنى مۇمكىن قەدەر قوللاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ تۇرۇش ئىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ شەرتلەرنى قوجۇ دۆلىتى ئورۇنلىدى.

قوجۇ دۆلىتى تۈرك خاندانلىقىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئۆز ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە كىچىك دۆلەتلەرگە دادىل ھۇجۇم قىلىپ تۇردى، 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ زېمىنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ كېڭىيىشكە باشلاپ، كىنگىتنىڭ

شىمالىدىكى تىيانشان بويى رايونلىرى بىلەن پۈتكۈل تۇرپان ئويمان-لىقى قوچۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىردى. بۇ چاغدا قوچۇ دۆلىتىنىڭ دائىرىسىدە 22 قەلئە بولۇپ، ئۇلار ئۈچ ۋىلايەت، بەش ناھىيىگە بۆلۈنگەن ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈرك خاندانلىقى ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسى ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تېلې قەبىلىلىرىنىڭ تۈرك خاندان-لىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قەبىلىلەرنىڭ كۆرەشلىرىگە زور مەدەت بولدى. مىلادى 630-يىلى، ئېۋىرغولدىكى يەتتە قەلئە غەربىي تۈرك خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ، تاڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا يولغا قويغان مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە ئېۋىر-غولدا يىجۇ (ئېۋىرغول ئايمىقى) تەسىس قىلىپ، بۇ رايوننى تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن تاڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىدىغان دەرۋازىنى ئىگەللىدى. ۋاھالەنكى، قوچۇ دۆلىتى بولسا ئالدىلاردىن مەھرۇم قېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى كۈچىگە بىۋاسىتە دۇچكەلدى.

«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»دا قوچۇ دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن دۈشمەنلىشىشكە ئۆزگەرگەنلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: "... شۇ چاغدا غەرپ دۆلەتلىرىنىڭ سۇلالىمىزگە سوغا-سالام ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىلىرى قوچۇدىن ئۆتەتتى. كېيىنكى يىللاردا (چۇ) ۋېنتەي ئۇلارنى توسۇيدىغان بولۇپ قالدى. ئېۋىرغول بۇرۇن غەربىي تۈرك خاندانلىقىغا قارايتتى. كېيىن سۇلالىمىزگە بېقىنغاندا، (چۇ) ۋېنتەي پاپقۇ بىلەن بىرلىشىپ، ئېۋىرغولغا ھۇجۇم

قىلماقچى بولىدى. تەيزۇڭ ئاللىرى (چۇ) ۋېيتەيىنىڭ خىيانەت-
كارلىقىنى ئەيپلەپ پەرمان چىقىرىپ، ئۇنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى.
ئاندىن ئۇنىڭ باش ۋەزىرى ئاشىنا كۈلنى پايتەختكە چاقىرتقاندا،
ۋېيتەي ئۇنى ئەۋەتمەي، دورغاپ چۈيۈگىنى كەچۈرۈم تىلەشكە
ئەۋەتتى. دايىم يىللىرىدا بولغان مالىمانچىلىقتا ئوتتۇرا جۇڭگو
رايونىدىن نۇرغۇن ئادەم تۈرك خاندانلىقى تەرەپكە قېچىپ بارغان
ئىدى. ئىلىگ قاغان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى
قوجۇغا قېچىپ بارغاندا، چۇ ۋېيتەي ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىپ
قايتۇرمىدى. كېيىنچە تەيزۇڭ ئاللىرى ئۇلارنى قايتۇرۇش
توغرىسىدا پەرمان چىقارغان بولسىمۇ، چۇ ۋېيتەي ئۇلارنىڭ شۇ
جايدا ئىكەنلىكىنى يوشۇردى. شۇنىڭدەك يەنە غەربىي تۈرك قاغانى
ئېل بىلگە شات بىلەن بىرلىشىپ كىنگتتىكى ئۈچ قەلئەنى تارتى-
ۋېلىپ، پۇقرالارنى بۇلاپ كەتتى." مۇشۇ جەرياندىن كېيىن،
قوجۇ دۆلىتى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ھەربىي جەھەتتە تامامەن
توقۇنۇشۇش يولىغا كىرىپ قالدى.

مىلادى 639-يىلى تاڭ تەيزۇڭ قوجۇ دۆلىتىنىڭ تاڭ سۇلالىسى
بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكى توغرىسىدا قوجۇ دۆلىتىنىڭ ئەلچىسىگە:
"قوجۇنىڭ يېقىندىن بۇيان سوغا-سالام ئەۋەتىشى ئازلاپ كەتتى.
ئۆزىنىڭ ھامى پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمىدى، دۆلىتىدە
ئەمەلدارلىرىمنىڭ مەنسەپ نامىدا مەنسەپلەر تەسىس قىلىندى.
مېنىڭ ھامىلىغىمغا ئۆتتۇپ تۇرۇپ مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ! بۇ
يىلىنىڭ بېشىدا پۈتۈن ئالەم كېلىپ مۇبارەكلەپ ماڭا ئېھتىرام
بىلدۈردى، پەقەت چۇ ۋېيتەيلا كەلمىدى، ئەكسىچە قەلئە سېپىل-
لىرىنى قېلىنلىتىپ، خەندەكنى چوڭقۇرلىتىپ، ماڭا قارشى ئۇرۇش

قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەندە مېنىڭ ئەلچىلىرىم بارغاندا، چۇ ۋېنتەي: لاچىنلار ئاسماندا پەرۋاز قىلىدۇ، قىرغاۋۇللار چاتقاللىقلاردا يۈرۈيدۇ، مۈشۈك ھۇجرا-سارايلاردا ئايلىنىدۇ، چاشقانلار ئۆز ئۇۋىلىرىدا ھۇزۇرلىنىدۇ، ھەممە نەرسە خالىغىنىنى قىلسا، ئۇمۇ چوڭ خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟ دەپتۇ؛ ئۇلار غەرپتىن كەلگەن ئەلچى-لەرنىمۇ تۇتۇپ قالدى، يەنە سىر-تاردۇشلارغا كىشى ئەۋەتىپ، قاغان بولغان كىشى پادىشالىرىنىڭ دۈشمىنىدۇر، ئۇنىڭ ئەلچىلىرىگە باش ئۇرۇپ، ئىھتىرام بىلدۈرۈشىنىڭ ھاجىتى نېمە، دېگەن گەپنى قىپتۇ. كىشىگە بېقىنىپ تۇرۇپ، ئەدەپ-قائىدىگە بويسۇنمىسا، خوشنىلار ئارا يىرىكچىلىك پەيدا قىلسا، مۇنداق يامانىڭ جاجىسىنى بەرمىگەندە، ياخشىلىقنى قانداق ئەۋج ئالدۇرغىلى بولىدۇ، كېلەر يىلى قوشۇن ئەۋەتىپ، سىلەرنى جازالايمەن" دېگەن.

تاڭ تەيزۇڭ ئۆز گېپىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. مىلادى 640-يىلى، تاڭ تەيزۇڭ چېرىكچى بەگ خۇ جۈنجىنى يارغول يولى قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى قىلىپ تەيىنلەپ، بىرقانچە ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇننى يولغا سالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ قوشۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، قوجۇ قەلئەسىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، جى شىڭ (ۋېنتەي ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى جى شىڭ يېڭىلا تەختكە چىقىپ، قوجۇ ۋاڭى بولغان ئىدى) تەسلىم بولدى. ئاندىن تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى پۈتكۈل قوجۇ زېمىنىغا يۈرۈش قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، بەش ناھىيە، 22 قەلئەسىنى قولغا كىرگۈزۈپ، 8000 ئائىلە، 37 مىڭ 700 نوپۇس، 4300 ئاتنى غەنىمەت ئالدى. غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ قوجۇغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قۇتۇ قەلئەسى

(جىمسار ناھىيىسى)دە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن قوشۇنلىرىمۇ ئەل بولدى. شۇنىڭ بىلەن قوچۇ دۆلىتى يىمىرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا يولغا قويغان مەمۇرى تۈزۈمى بويىچە قوچۇ دۆلىتىنى شىجۇ ئايمىغى قىلىپ ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ دائىرىسىدە يارغول، قوچۇ، لۈكچۈن، پىچان (پىچاننىڭ لەمجىن رايونى)، تىيانشان (ھازىرقى توقسۇن ناھىيىسى) قاتارلىق بەش ناھىيە تەسىس قىلدى. بۇلارنىڭ قارىمىغىدا يېزا، لى (بازار) قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرى قۇرۇلدى. مۇشۇنداق مەمۇرى تۈزۈملەر ئارقىلىق پۈتكۈل تۇرپان ئويمانلىغى تاڭ سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشى ئاستىغا ئۆتتى.

تاڭ سۇلالىسى تۇرپان ئويمانلىغىدا يەنە بىر قاتار سىياسى، ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. بۇلاردىن ئەڭ مۇھىملىرى «يەر تەڭشەش قانۇنى» بىلەن «ئىجارە، ھاشار، سېلىق قانۇنى» بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

«يەر تەڭشەش قانۇنى» بىلەن «ئىجارە، ھاشار، سېلىق قانۇنى» تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلۇپ دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە يۈرگۈزۈپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدۇرغان قانۇنلار ئىدى. ئۇ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگى تۈپەيلىدىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ئىجابى تەسىر كۆرسىتىپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پەيدىن-پەي قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ماددى ئاساس يارىتىپ بەرگەن ئىدى. «يەر تەڭشەش قانۇنى» ۋە «ئىجارە، ھاشار، سېلىق قانۇنى» توغرا نوپۇس مەلۇماتىنى ئاساس قىلغان. شۇڭا تاڭ سۇلالىسى تۇرپان

ۋادىسىدا نوپۇس قانۇنىنىمۇ يولغا قويغان. بۇ قانۇندا، ھەر يىلى بىر نۆۋەت نوپۇسنى ئىنىقلاش، ئۈچ يىلدا بىر نۆۋەت نوپۇس مەلۇماتىدىن يەكۇن چىقىرىش بەلگىلەنگەن.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر ئاساسەن، جوشىلار، خەنزۇلار ۋە تىلىپلاردىن ئىبارەت ئىدى. تۇرپان ئويمانلىقىدا دىخانچىلىق خېلىلا تەرەققى تاپقان بولۇپ، ئېتىزلار ئېقىن سۇدا سۇغىرىلاتتى، يىلدا ئىككى نۆۋەت ھوسۇل ئېلىناتتى، ئۈزۈم قاتارلىق مىۋە-چىۋىلەر كۆپ چىقاتتى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، تۇرپان ئويمانلىقى ئېلىمىز بويىچە ئەڭ بۇرۇن كېۋەز تېرىلغان رايون ئىدى.

چارۋىچىلىق بولۇپمۇ ئاتچىلىق قوجۇ دۆلىتىنىڭ ئىگىلىكىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان يەر ئاستىدىن نۇرغۇن يىپەك توقۇلما ماللىرى، يۇڭ ۋە پاختا توقۇلما ماللىرىنىڭ تېپىلغانلىقى شۇ ۋاقىتلاردا بۇ يەردە قول سانائەتنىڭمۇ خېلى تەرەققى قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ھىندىستاندا پەيدا بولغان بۇددا دىنى بۇ رايوندا ناھايىتى كەڭ تارقىلىپ، چوڭقۇر تارىخىي ئىز قالدۇرغان. ھازىرقى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يالقۇنتاغ ۋە بۇيلۇق يېزىلىرىدا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىدە سېلىنغان مىڭ ئۆيلەر بۇگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ رايوندا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا پەيدا بولغان داۋجىياۋ دىنى ۋە قەدىمقى ئىراندا پەيدا بولغان مانى دىنى قاتارلىق دىنلارمۇ تارقالغان.

ئۇيغۇر خانىدانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەرپكە كۆچكەن

ئىككىنچى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تەرەققىياتى

### 1. ئۇيغۇرلار تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا ئورۇنلىشىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخىي ئەھۋال

ئۇيغۇر خانداندىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەرپكە كۆچكەن ئىككىنچى تۈركۈم ئۇيغۇرلار قاڭغاي تېغىنى بويلاپ غەرپكە قاراپ مېڭىش داۋامىدا، بىرقانچە يىل سەرسانلىقتا يۈرۈپ، تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالتاي تېغىدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

بۇ يول ئۇيغۇرلار ئۈچۈن يات ئەمەس ئىدى. ئۇلار كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشتىن بۇرۇنلا، ئۇلارنىڭ ئەجداتلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كۆپ قېتىم كەلگەن ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇن سىبىرىيەدىن جەنۇپقا قاراپ كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى تۇغلا دەرياسى ۋادىسىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان چاغدىلا، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرى غەرپكە قاراپ يۆتكىلىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، غەربىي تېلېلارنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئۇيغۇرلار ئەينى زاماندىكى خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە "ئۇخۇ" ياكى "ئۇخې" دەپ ئاتىلاتتى. شۇ زامانلاردا

ئوتلاقلار كۆچمەنچى خەلقلەر ئۆز خاھىشى بويىچە ئەركىن كۆچە-
دىغان جەننەت ئىدى. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ
جۇڭغار ئويمانلىقىغا كۆچۈشى ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق
تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن بولغان ئىدى.

كېيىنكى يىللاردا ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇشلار ئۇيغۇر-
لارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا كىرىپ
تۇرۇشىغا يېڭى پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ھونلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار
دىڭلىڭ قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تەركىۋىي قىسمى سۈپىتىدە
بارىكۆل ئوتلىقىدا ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدا ھونلار بىلەن ئېلىشقان،
تۈرك خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر قوشۇنلىرى تاڭ سۇلالىسى
قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىكتە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۈرك
قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدە
بىرقانچە تۈمەن ئۇيغۇر چېرىكلىرى بېيتىڭغا ئىككى قېتىم يۈرۈش
قىلىپ، تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرەپتە تۇرۇپ تۆبۈتلەرگە قارشى
جەڭ قىلغان. 9-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر خاندان-
لىقىنىڭ قوشۇنلىرى ھەتتا فەرغانە ئويمانلىقىغىچە يۈرۈش قىلغان.
دېمەك، نۇرغۇن ئەسىردىن بۇرۇنلا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا
ئۇيغۇرلارنىڭ ئىزى قالغان ئىدى.

"ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى"دىن كېيىن، مەشھۇر يىپەك يولى
ئۇيغۇر خاندانلىقى دائىرىسىگە كىردى. شۇ چاغدا غەرپ بىلەن
شەرق ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان خاندان-
لىقنىڭ سودىگەرلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن تىيانشان ئەتراپى
رايونلىرى ئارىلىقىدا بېرىش-كېلىش قىلغاچقا، تىيانشاننىڭ
جەنۇبىدا تەرەققىي تاپقان يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ھەم پارلاق

مەدەنىيەت ئۇلاردا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مۇشۇ رايونغا ئائىت خەۋەرلەر توختىماي ئۇيغۇر خاندانلىقىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، تارىم ۋادىسى ئەتراپى، تەبىئىكى، شۇ مەزگىلدە كىشىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان جاي بولۇپ قالغان ئىدى.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى غەرپكە كۆچكەن يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىدە ئىچكى ئامىل بولغان.

غەرپكە كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا كەلگەندە، تارىخنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغىنى شۇ بولدىكى، مۇشۇ رايوندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىشىدىغان رەقىبى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى ئەمەس (تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر بۇرۇن تۈبۈتلەر تەرىپىدىن بۇ رايوندىن تازىلانغان ئىدى)، بەلكى تۈبۈتلەرنىڭ كۈچى ئىدى.

تۈبۈتلەر دەسلەپتە چىڭخەي ئەتراپىدا ياشايتتى. مىلادى 2-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بىر قىسىم تۈبۈتلەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بۈگۈنكى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى دائىرىسىگە كۆچۈپ كىرىپ ئورۇنلاشقان. 7-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈبۈتلەرنىڭ سەركەردىسى سوڭزەنگەنبۇ چىڭخەي ۋە شىزاڭ ئېگىزلىكىدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، قۇللۇق تۈزۈمدىكى سۇلالىنى قۇرۇپ، لوسا (بۈگۈنكى لاسا)نى پايتەخت قىلغان.

"ئۆكلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى"دىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتى. تۈبۈتلەر 756-يىلى تاڭ سۇلالىسىگە قاراشلىق لۇڭيۇ، خېشى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى. ئەملىيەتتە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان چاڭئەننىڭ غەربىدىكى

بىر قاتار قەلئە-شەھەرلەر ھەم پۇتكۇل خېشى كارىدورى رايونى تامامەن تۈبۈتلەرنىڭ ئىلكىدە ئىدى. كېيىنكى يىللاردا، تۈبۈت-لەرنىڭ كۈچى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا سۇرۇلۇپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالاشتى. 790-يىلىغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشان ئەتراپىدىكى مۇھىم ھەربى بازىلىرى بولغان بېيتىڭ، يىجۇ قاتارلىق قەلئەلەر ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تۈبۈتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. كېيىن، مەشھۇر ئەنشى تۆت بازىسىمۇ (كۇچار، قاراشەھەر، خوتەن، قەشقەر) تۈبۈتلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى⑯.

تۈبۈتلەر تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا كىرگەن تۆتىنچى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. تۈبۈتلەر تارىم ئەتراپىدىكى رايوندا 70 يىل ھۆكۈم سۈردى.

تىيانشاننىڭ شەرقىغە كۆچۈپ كەلگەن مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيىتى ئاساسەن ئۈزلىرى ئۇچۇن ياشاش مۇھىتى ئىزدەش ۋە بۇ يېڭى مۇھىتقا ئۇيغۇنلىشىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ سىياسى تەسىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەمىلىي كۈچى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى ئانچە قوزغىيالمىغان.

مۇشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىۋاتقانلىقى 866-يىلىغا كەلگەندە ئاندىن روشەن ئىپادىلەندى. شۇ يىلى تىيانشاننىڭ شەرقىغە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تۈبۈتلەر بىلەن بېيتىڭدا قاتتىق ئېلىشتى. جەڭدە تۈبۈتلەرنىڭ سەركەردىسى لۇنشاگرې ئۆلتۈرۈلدى، ئۇيغۇرلار بېيتىڭنى قولغا كىرگۈزدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇيغۇرلار ۋە تۈبۈتلەرنىڭ 9-ئەسىر تارىخىدىكى مۇھىم

ۋەقە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. دەل شۇ سەۋەپتىن، ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەردە ۋە تۆبۈتلەرگە ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ ۋەقە توغرىسىدا ئېنىق يازما مەلۇمات قالدۇرۇلغان⑰. بېيتىڭ تيانشاننىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەزەلدىنلا غەربىي دىيارنىڭ مۇھىم ھەربى ۋە سىياسى مەركىزى بولۇپ كەلگەن ئىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ بېيتىڭ باش دۇخۇ مەھكىمىسى مانا مۇشۇ يەرنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، مۇڭچىر (بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن قىرغىزىستاننىڭ شىمالىي قىسمى)، كۈنلىن (بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسى) دۇخۇ مەھكىمىلىرى بىلەن شۇاڭخې (ئىككى ئەگۈز، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئالتاي ئېغى بويى) قاتارلىق 20 نەچچە تۇتۇق مەھكىمىسىنى باشقۇرغان.

بېيتىڭ غەلىبىسى غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تيانشاننىڭ شىمالىي قىسمىدا قازانغان تۇنجى غەلىبىسى ئىدى. بۇ غەلىبە غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى مۇنداق نەتىجىلەرگە ئىگە قىلدى:

1) ئۇلار مۇقىم تۇرار جايغا ئىگە بولدى. سىياسى ۋە ھەربى ئىشلار زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەسىرلەپ سەرەمجانلاشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، بېيتىڭ قەلئەسى ئىنتايىن مۇستەھكەم، مۇكەممەل ھەربى ئەسلىھەلەرگە ئىگە بازىسقا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. دىمەك، ئۇيغۇرلار شۇ ۋاقىتلاردا گەرچە بىرەر نەتىجە ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ بېيتىڭدىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئىستىھكامغا تايىنىپ بىر مەزگىل

ئارام ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

2) ئۇيغۇرلار بېيتىڭنى قولغا كىرگۈزۈش بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشتىكى قاتناش تۈگۈنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بېيتىڭدىن باشلاپ غەرپتە پايانسىز كەتكەن جۇڭغار ئويمانلىقى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. جەنۇپتا بولسا تىيانشاندىن ھالقىپ تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن جىددى زۆرۈر بولغان ياشاش ماكانىغا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. مەيلى مەدىنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتىن قارايلى، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى جەھەتتىن قارايلى، تۇرپان ئويمانلىقى شۇ چاغدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى.

3) بېيتىڭنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇتقان ئىستراتېگىيىلىك ئورنى سەۋەبىدىن، مۇشۇ بازىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئۇيغۇرلارغا پسىخولوگىيە جەھەتتىن كۈچ-قۇۋۋەت قوشۇلدى. شۇنداق دەپ ئېيتىمىزكى، بېيتىڭدىكى ئۇرۇش شىنجاڭ تارىخىدا بىر يېڭى سەھىپە ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار بۇ رايوننىڭ تارىخىدا ئاساسلىق رول ئوينىغۇچى كۈچ بولۇپ قالدى.

## 2. شىجۇ (قوجۇ) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى

ئۇيغۇرلار بېيتىڭنى ئالغاندىن كېيىن داۋاملىق يۈرۈش قىلىپ، لۇنتەي (ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى دائىرىسى)نى ئالدى. ئاندىن تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ، شىجۇنى ئىگەللىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى دەۋر

بۆلگۈچ ۋەقە يۈز بەردى، يەنى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى دۇنياغا كەلدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، سەرسان-سەرگەردان بولۇپ كەتكەن بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئەمدى ياشاشتا يېڭى مۇھىتقا ئىگە بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۇيغۇر خاندانلىقىدىن كۆپ تەرەققى تاپقان بىر رايونغا ئورۇنلاشتى. بۇ زور ئۆزگىرىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا كۆچىيىشى ۋە راۋاج تېپىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. شۇ تاپتا ئۇيغۇرلار ئىنتايىن پايدىلىق سىياسى ۋەزىيەت ئاستىدا تۇراتتى. قىسقا قىلىپ ئېيتقاندا، تۆبۈتلەردىن باشقا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا سىياسى ھەم ھەربى جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن تىركەشكۈدەك ھېچقانداق كۈچ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاساسلىق تايانچ نۇقتىسىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك كۈچى بىلەن پۈتكۈل تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ۋاقىت نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىنى بازا قىلغان بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتى خېلى ئۇزاق ۋاقىتقا سوزۇلغان. لېكىن، نەتىجە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنتايىن روشەن بولدى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ كۈچلۈك شاھىدى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولغانكى، ئۇلار شەرقتە يىجۇ (ئېۋىرغول ئايمىغى)نى، ئاندىن غەربتە كىنگىت، كوسەن (كۇچار) قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇردى. ئۇلارغا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بېقىندى⑱.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆز تەسىر كۆچىنى كېڭەيتىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كىرگەن يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار يەنى غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى قۇرغان قاراخانىلار خاندانلىقىمۇ ئۆز تەسىر كۆچىنى شەرققە كېڭەيتتى. قاراخانىلار تىيانشاندىن ئۆتۈپ، هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا كىرىپ، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ كوسەن (كۇچار) گە يېتىپ كەلگەندە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. هەر ئىككى تەرەپ ئۆز رەقىبىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكتىن، كۇچار ئىككى تەرەپنىڭ پاسىل چېگىرىسى بولۇپ قالدى. كۇچاردىن تارتىپ قۇمۇلغىچە، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە شىمالىنى بويلاپ كەتكەن رايونلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا، كۇچارنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن تارتىپ خوتەنگىچە، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىنى بويلاپ كەتكەن رايون بولسا غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىغا يەنى قاراخانىلار خاندانلىقىغا تەئەللۇق بولدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى هۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىن ئەينى ۋاقىتتىكى خاندانلىقنىڭ زېمىنىدەك كەڭ بولمىسىمۇ، لېكىن ئاهالىسى مۇرەككەپ ئىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى هاكىمىيىتىگە تەئەللۇق پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىمۇ كۆرۈلدۇ. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ياشاۋاتقان ئاهالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاهالىلەر ئىدى. تىيانشاننىڭ شىمالىدا ياشاۋاتقان ئاهالىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بولسا ئوت-چۆپ، سۇ

قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرۈپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەر ئىدى.

مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىدىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى خاندانلىقنىڭكىگە قارىغاندا، تېگىشلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا، بىر خىل مۆتىدىل سىياسەت قوللاندى. قەبىلە باشلىقلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۆز قەبىلىلىرىدە چوڭ ھوقۇققا ۋە مەلۇم ساندا قوراللىق كۈچكىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەر بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەر ئاتا قىلغان تۈرلۈك پەخرىي ناملارنى قوبۇل قىلىپ تۇردى⑲.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى كۇچاردا يېرىم مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەتنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقىمۇ مەجبۇر بولدى. كۇچاردىكى بۇ يېرىم مۇستەقىل ھاكىمىيەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ سەركەردىسىمۇ قاغان دەپ ئاتىلاتتى. مىلادى 981-يىلى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى ئۆز نامىنى ئارسلان ۋاڭ دەپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، كۇچار قاغانىمۇ ئۆز نامىنى كۇچار ئارسلان ۋاڭى دەپ ئۆزگەرتكەن ئىدى. قاغانغا ياردەملىشىپ ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، قاغاننىڭ قول ئاستىدا توققۇز ۋەزىر قويۇلغان ئىدى، كۇچار قاغانى ئىچكى ئىشلارنى باشقۇرۇشتا تامامەن تولۇق ھوقۇققا ئىگە بولۇش بىلەن تەڭ، يەنە تاشقى ئىشلار جەھەتتىمۇ مەلۇم ئەركىنلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى لياۋ سۇلالىسى ۋە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بىۋاستە سىياسى ۋە سودا ئالاقىسى ئورناتقان. كۇچار قاغانى مىلادى 1010-، 1013-، 1020-يىللىرى بىۋاستە سۇڭ سۇلا-

لىسگە ئۈچ نۆۋەت سوغا يەتكۈزگۈچى ئەلچىلەر ئۆمىگىنى ئەۋەتكەن، بۇ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى خۇش بۇي ماتېرىياللار، ئېسىل ئات، تاق لوكلىق تۆگە، قاشتېشى، قاشتېشىدىن ياسالغان ئېگەر، كەھرىۋا قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى سوغا قىلىپ ئېلىپ بارغان ئىدى. مىلادى 1013-يىلى بارغان ئەلچىلەر ئۆمىگىنى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى ئۆزى قوبۇل قىلغان[20].

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملىق قوللاندى. ئۇلارنىڭ ئالى ھۆكۈمرانى يەنىلا قاغان دەپ ئاتالدى. قاغاندىن قالسا، ئاقسۆڭەكلەر، ئەمەلدارلاردىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بار ئىدى. ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغانلارغا "تېكىن"، "ئېلتابىر" قاتارلىق پەخرىي ئۇنۋانلار بېرىلەتتى. مۇشۇنداق پەخرىي ئۇنۋانلار يەنە تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغىمۇ بېرىلەتتى. ئۇلار ئۆز قەبىلىلىرىدىكى پۇقرالارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقانلىغى ئۈچۈن، مەمۇرى ھوقۇقلاردىنمۇ بەھرىمەن ئىدى. لېكىن پەخرىي ئۇنۋانلارغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بولسا بۇنداق مەمۇرى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالمىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرى ھوقۇقىنى ئۇنىڭ ئەمەلدارلار ئاپپاراتلىرى يۈرگۈزەتتى. بۇ ئەمەلدارلار گۇرۇھىنىڭ ئالى تەبىقىسى "ۋەزىر"، "تۇتۇق" دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار قاغانغا ياردەملىشىپ، تۈرلۈك مۇھىم سىياسى، ھەربى ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشقا مەسئۇل ئىدى.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش لازىمكى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەمۇرى سىستېمىسىدا "بەگ" دىگەن مەنسەپ پەيدا

بولدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى تەرەققىياتى پۈتكۈل بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتتى. بۇ جەريان شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدىن باشقا، تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار تولۇق تىلغا ئېلىنمىغاندا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن تولۇق خەۋەردار بولغىلى بولمايدۇ.

بىزگە ئايان بولغاندەك، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى تيانشاننىڭ شەرقىي قىسمىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان دەسلەپكى يىللاردا، تامامەن سەرسان ھالەتتە ئىدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى غەلىبىلىرى (تۈبۈتلەر ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبە) ئۆزلىرىنىڭ قۇدرىتى ئاساسىدا قولغا كەلگەن بولماستىن، بەلكى تۈبۈتلەرنىڭ زەئىپلىگىدىن پايدىلىنىش ئارقىسىدا قولغا كەلگەن. تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن ئىبارەت مۇشۇ چەكلىك دائىرىدىن قارىغاندا، تۈبۈتلەرنىڭ يېڭىلىشى ئارقىسىدا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى مۇشۇ رايوندىكى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغان ئىدى. لېكىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتقا نەزەر سالغىنىمىزدا، شۇ ئەھۋال كۆزىمىزگە چېلىقىدۇكى، ئاشۇ مەزگىلدە شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەمىلىي كۈچى (تۈبۈتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولسىمۇ) يەنىلا ئاجىز ئىدى. ھالبۇكى ئۇلار يولۇقۇۋاتقان دۈشمەن كۈچلەر بولسا خېلى كۈچلۈك ئىدى.

بۇ دۈشمەن كۈچلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئۇيغۇر خاندانلىقىنى غۇلىتىۋېتىپ موڭغۇل دالاسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان قىرغىز قەبىلىسى ئىدى. ئۇلار ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدە بىۋاستە سەۋەبچى ئىدى. ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدە،

ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى قىرغىز قەبىلىسىگە ئېغىر زۇلۇم سالغان-
لىقى ئۈچۈن، قىرغىز قەبىلىسى ئىچىدە ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە
نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان ئىدى. بۇنداق ئۆچمەن-
لىكتىن قىرغىز ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى پايدىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ
ئاخىر بېرىپ قەبىلىلەر ئارىسىدىكى قارغۇلارچە دۈشمەنلىشىشكە
ئايلىنىپ قالغان ئىدى[21]. ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن،
ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىن كۆچۈپ كېتىپ،
قىرغىزلارنىڭ بىۋاستە بېسىمىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلار
قىرغىزلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەن. قىرغىز
ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەرنىڭ نەزىرىدە سەرسان ئۇيغۇرلار
ھېلىھەم دۈشمەن ھېساپلىناتتى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن دۈشمەنلەشكۈچى ئىككىنچى كۈچ
تۆبۈتلەر ئىدى. تۆبۈتلەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىرقانچە ئون يىل
ھۆكۈم سۈرۈپ، مۇشۇ دائىرىسنى ئۆز بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىم
كاپالەتلىرىدىن بىرى دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى[22]. بولۇپمۇ، تۆبۈت-
لەر خېشى رايونىدىن مەھرۇم قالغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچى
مىلتارىستلارنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدا قاتتىق خوراپ كېتىۋاتقان ئاشۇ
تارىخىي شارائىتتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى تۆبۈتلەرنىڭ داۋام-
لىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەم قايتا روناق تاپىدىغان سورۇنى
بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى. تۆبۈتلەرنىڭ خېشى
رايونىدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى، ئەمىلىيەتتە، دەل مۇشۇنداق ئارزۇ-
تىلەكلەر بىلەن تىيانشان بويلىرىغا چېكىنگەن ئىدى. گەرچە دەسلەپكى
ئېلىشىشتا تۆبۈتلەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار
شۇنىڭلىق بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈستۈنلۈك ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ

كەتمىگەن. ئۇلار ئۆز قولىغا كىرگۈزگەن ھەممە مەنپەئەتنى ساقلاپ قېلىش كويىدا بولۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن بىۋاستە رىقابەتلەشكۈچى كۈچ بولۇپ قالغان.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنى بىر مەھەل ئۇخلىغۇسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى. ئەمىلىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن ۋە دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىدىن قارىغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقان مۇشۇ بىر توركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر ۋاقىت ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەر تەرىپىدىن يوقىتىلىشى مۇمكىن ئىدى.

بۇ چاغدا، 100 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىناق مۇناسىۋەتنىڭ رول ئوينىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم كۆرىمىز. تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرۇپ، سىياسى جەھەتتە ئۇلارغا مەدەت بەردى.

مىلادى 856-يىلى، تاڭ شۈەنزۇڭ پەرمانىدا مۇنداق دېگەن: "ئۇيغۇرلارنىڭ سۇلالىمىزگە قوشقان تۆھپىسى بار، ئۇلار بىز بىلەن ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە قۇدا-باجا بولۇپ كەلگەن، بىزگە ئىتائەت قىلىپ، سوغا-سالام يەتكۈزۈپ تۇرغان. شىمالنى ئورۇشتىن خالى قىلغان. ... يېقىندا تەسلىم بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سىتېكىن (پان تېكىن) قاغان بولۇپ ئەنشىگە ئورۇنلىشىپتۇ. ئۇ ئۆز بارگاھىغا قايتىپ بارغان ھامان، ئۇنىڭغا تاج-ئوتۇغات بېرىش كېرەك".

كېيىن تاڭ سۇلالىسى پان تېكىن (سىتېكىن)نىڭ قاغان بولغانلىقىدىن ئېنىق خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭ ئورنىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە 857-يىلى ۋاڭ رۇيجاڭنى نام بەرگۈچى ئەلچى قىلىپ تەيىنلەپ، پان تېكىنغا "ئۇلۇغ تەڭرىدە بولمىش ئالپ قۇتلۇق

بىلگە تۆھپىكار قاغان" دەپ نام بەردى.

863 - يىلى، قىرغىزلار ئەلچى ئەۋەتىپ، تاڭ سۇلالىسىدىن ئۆزلىرىنىڭ تىيانشان بويلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ بەدىلىگە قىرغىزلار ئەنشى (تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي شىجۇنى دېمەكچى)نىڭ شەرقىدىكى زېمىننى تاڭ سۇلالىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ سىياسى تەسىر كۈچىگە سۆيۈنۈپ، قىرغىز قەبىلىسىنىڭ بۇ ھەركىتىنى چەكلىدى㉓.

مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى بولغان تاڭ سۇلالىسى، شۈبھە- سىزكى، ئۆزى بىلەن يېقىنلىششقا تەشنا بولۇۋاتقان قىرغىز قەبىلە- سىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغان تۆبۈتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى گەرچە تىزگىنلەش رولىنى ئوينىيالمىسىمۇ، لېكىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەدەت بېرىشى، مۇقەررەر ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى كۈچىنى ئاشۇراتتى، بۇنىسى تۆبۈتلەرگىمۇ ئايان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پان تېكىننىڭ قاغانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ۋە قىرغىز قەبىلىسى- نىڭ ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلىش ھەركەتلىرىنى توسۇغانلىقى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىنى ئوڭلاپ، كۈچ جۇغلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇردى ھەم شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا زۆرۈر شەرت-شارائىت ياراتتى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەسلەپكى

يىللاردا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە جىددى ئۆزگىرىشلەر بولدى.

10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قىتانلار مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدىكى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتىنى تۈگىتىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈردى ۋە 947-يىلى لياۋ سۇلالىسىنى قۇردى. چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا جاۋ كۇاڭيىن جەنۇبىي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، 960-يىلى سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى ھاكىمىيەت يەنى لياۋ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى بارلىققا كەلدى.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر تىيانشانىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى سىياسى كۈچلەرنىڭ قايتا ئۇيۇشۇشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ سىياسى كۈچلەر ئۆز رەقىپلىرىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى لياۋ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى، ياكى سۇڭ سۇلالىسى تەرەپكە ئۆتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تىيانشانىنىڭ شىمالىي تەرىپى لياۋ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، لياۋ سۇلالىسى تىيانشانىنىڭ شىمالىدىكى چارۋىچى قەبىلىلەردە "قىرغىز ۋاڭ مەھكىمىسى"، "غەربىي تۈرك ۋاڭ مەھكىمىسى"، "ئۇيسۇن ۋاڭ مەھكىمىسى" قاتارلىق ئورگانلارنى تەسىس قىلدى.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرى بولسا سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسى مۇشۇ رايونلار بىلەن سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە كەڭ مۇناسىۋەت ئورناتتى، بولۇپمۇ خوتەن ھاكىمىيىتى بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى[24].

شجۇ ئۇيغۇرلىرى سىياسى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەرنى ھەم بىخەتەرلىك ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، لياۋ سۇلالىسى بىلەنمۇ، سۇڭ سۇلالىسى بىلەنمۇ قويۇق ئالاقە قىلىشقا ئىنتىلدى. شجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى لياۋ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدا باشقۇرۇش ھوقۇقى يۈرگۈزۈشىنى ئېتىراپ قىلدى ھەم لياۋ سۇلالىسىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا "بۈيۈك ئارسلان ۋاڭ مەھكىمىسى"، "بۈيۈك قوچۇ ۋاڭى مەھكىمىسى" تەسىس قىلىشىغا ماقۇل بولدى ۋە لياۋ سۇلالىسى ئاتا قىلغان بۈيۈك ۋاڭ دېگەن پەخرىي ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەربىي ئىشلار جەھەتتە لياۋ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى[25].

شۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە شجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى سۇڭ سۇلالىسى بىلەنمۇ كەڭ مۇناسىۋەت ئورناتتى. شجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى مىلادى 962-يىلدىن 1020-يىلغىچە سۇڭ سۇلالىسىگە بىۋاستە يەتتە نۆۋەت سوغا-سالام يەتكۈزۈش ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىنىڭ تەركىۋىدە ھەم ئەمەلدارلار، ھەم بۇددا دىنى راھىپلىرى بولۇپ، كۆلىمى ناھايىتى زور ئىدى. مەسىلەن، شجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىلادى 962-يىلى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى 42 كىشىدىن، مىلادى 983-يىلى ئەۋەتكەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئەلچىلەر ئۆمىكى 100 نەچچە كىشىدىن، مىلادى 1013-يىلى ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئۆمىكى 36 كىشىدىن تەركىب تاپقان[26]. شجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن بۇ ئەلچىلەر ئۆمەكلىرى ئىچىدە يەنە غەيرىي سىياسى خاراكتېردىكى ئەلچىلەر ئۆمەكلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن، مىلادى 965-يىلى، راھىپ

فايان باشچىلىغىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىگى پۈتۈنلەي دىنىي خاراكتېر ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسىگە تەقدىم قىلغان سوغاتلىرى ساكيامونىنىڭ چىشى، ئەينەكتىن ياسالغان ئەسۋاپلار ۋە كەھرىۋا-دىن ياسالغان پانۇس قاتارلىق ئىبادەتخانىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە-كېرەكلەردىن ئىبارەت بولغان.

سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مىلادى 981-يىلى سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ۋاڭ يەندې، بەي شۈن قاتارلىق كىشىلەرنى ئەلچىلىككە تەيىنلەپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا ئەۋەتتى. سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىگى بىر يىلدەك يول يۈرۈپ، مىلادى 982-يىلى قوچۇغا يېتىپ كەلگەندە، قوچۇ ۋاڭى ھازىرقى جىمسار (شۇ ۋاقىتتا جىمسار شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازلىق پايتەختى ئىدى)دا شەخسەن ئۆزى قوبۇل قىلدى.

ۋاڭ يەندې قوچۇدا بىر يىلدەك تۇرۇپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇردى. مىلادى 983-يىلى ۋاڭ يەندې قايتقاندا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى 100 نەچچە كىشىلىك بىر ئەلچىلەر ئۆمىگىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەۋەتىپ، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى㉗.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسىگە ئىككى ياقلىمىلىق پوزىتسىيە قوللىنىشى، بىر تەرەپتىن، لياۋ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى كۈچلىرىنىڭ ئۆزئارا تىركىشىشى نەتىجىسىدە ئاجىزلىشىپ كېتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ھوقۇق يۈرگۈزەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان بولسا،

يەنە بىر تەرەپتىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، كۆپ يىل راۋاجلىنىشلار ئارقىسىدا سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربى ئىشلار جەھەتتە قۇدرەتلىك بىر كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدىن بولدى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

9-ئەسىر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا جىددى سىياسى ۋەقەلەر بىلەن تولغان دەۋر بولدى. ئۇيغۇر خاندانلىقى داۋالغۇش ۋە ئىچكى ماجرالارغا پېتىپ، ئاخىر پارچىلىنىپ كەتتى. ئۇيغۇر پۇقرالىرى سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، بارا-بارا يېڭى رايوندا ئولتۇراقلىشىپ قالدى.

9-ئەسىردە ئۇيغۇر تارىخىدا يۈز بەرگەن جىددى سىياسى ۋەقەلەر، شۈبھىسىزكى، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە روشەن ھەم گەۋدىلىك ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، تارىخي ھۆججەتلەردە مۇشۇ سىياسى ۋەقەلەرگە ئائىت نۇرغۇن مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە، بۇ سىياسى ۋەقەلەرنىڭ مەنتىقلىق خۇلاسىلىرى يەنى بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسات، مەدەنىيەت ھەم ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ھازىر قارىغاندا، تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئىقتىسات، مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردە كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھازىرقى ھالەتلىرىنىڭ تارىخي مەنبەسى ئىدى.

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىشلەرنى مۇئەييەن بىر تارىخي شارائىت ياراتقان. بۇ

تارىخىي شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئوبيېكتىپ ئامىللار ۋە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىچكى ئامىللاردىن تەركىب تاپقان ئىدى. مول ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش مەنبەلىرى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تارماقلار، بىرقەدەر يۇقۇرى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى، كەڭ تارقالغان قاتناش ئالاقىسى، قاتتىق تىركىشىۋاتقان دىنىي مەزھەپلەر، گىرەلىشىپ كەتكەن سەنئەت ئېقىملىرى — مانا بۇلار بىز دەۋاتقان ئوبيېكتىپ ئامىللاردۇر. قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە سۇسلىشىپ بېرىشى، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خاس تۇراقسىزلىق، يېڭى ياشاش مۇھىتىغا بولغان ئومۇمى يۈزلۈك تەقەززالىق، شانلىق بۇددا دىنى سەنئىتى قوزغىغان يېڭىلىق تۇيغۇسى ۋە ئىزدىنىش ئىنتىزارلىغى ھەم ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى مۇستەھكەملەشكە قاتتىق ئىنتىلىشى — مانا بۇلار بىز دەۋاتقان ئىچكى ئامىللاردۇر.

مۇشۇ ئوبيېكتىپ ئامىللار بىلەن ئىچكى ئامىللارنىڭ تۆرتكىسى ئارقىسىدا، 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدە يېڭى يۈزلىنىش بارلىققا كېلىپ، يېڭى تەرەققىيات بولدى. بۇ يېڭى يۈزلىنىش ۋە يېڭى تەرەققىيات كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەتىجە شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، ئۇيغۇرلار ئاخىرقى ھېساپتا ئىقتىسات، ئىدېئولوگىيە ھەم مەدەنىيەت ئالامەتلىرىدە يەرلىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بىلەن بىرلىكنى ھاسىل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىدە زامان ھەم ماكان جەھەتتە ئاساس سېلىپ بەردى. شۇڭا، بۇ بۆلۈمدە ئاساسلىق قىلىپ بۇ مەزگىلدىكى شىجۇ ئۇيغۇرلى-

رىنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىياتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. شىجۇ (قوجۇ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىقتىسادى

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى — قوجۇ (شىجۇ) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى — باشقۇرغان تارىم ئەتراپى بوستانلىقلىرى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دائىرىنىڭ جەنۇبىدا كوئىنلۇن تاغ تىزمىلىرى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى، شەرقىدە خېشى كارىدورى بار ئىدى. جاھانغا مەشھۇر تارىم ئويمانلىقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى جايلاشقان.

كوئىنلۇن تېغى، پامىر ئېگىزلىكى ۋە تىيانشاننىڭ قارلىق چوققىلىرىدا سۇ مەنبەسى مول ئىدى. كوئىنلۇن تېغىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان چەرچەن دەرياسى، كېرىيە دەرياسى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قارىقاش دەرياسى؛ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان يەركەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى؛ تىيانشان تېغىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان ئاقسۇ دەرياسى، مۇزات دەرياسى، قاراشەھەر دەرياسى قاتارلىقلار بۇ پايانسىز زېمىندا ئېقىپ يۈرۈپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بىرمۇنچە مۇنبەت بوستانلىقلارنى ھاسىل قىلغان.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى دېڭىز-ئوكيانلاردىن يىراق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپى تاغلار بىلەن قورشىلىپ تۇرغاچقا، دېڭىز شامىلىدىن خالى ئىدى. شۇڭا بۇ رايوننىڭ ھاۋا كىلىماتى روشەن ھالدا قۇرۇقلۇق كىلىماتى خاراكتېرىنى ئالغان. بۇ رايوننىڭ ئوتت-

تۇرىچە يىللىق تېمپېراتۇرىسى 3 ــ 14 گىرادۇس ئارىلىقىدا بولۇپ، قىروسىز مەزگىلى خېلى ئۇزۇن. تۇرپان ئويمانلىقىدا قىروسىز مەزگىل ھەتتا 250 نەچچە كۈنگە يېتىدۇ. بۇ رايوننىڭ يېرى، كۆپىنچە، قىزغۇچ كۈلرەڭ تۇپراق، قىزغۇچ تۇپراق ۋە كالىيلىق كۈلرەڭ تۇپراق بولغاچقا، ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ئېكىنزارلىق قىلىشقا ئاسان بولۇپ، دېخانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق ئىدى. دېمەك، تەبىئەت بۇ رايوننىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئوخشۇشلۇق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەچكە، بۇ رايون ئاسىيا بويىچە يېزا ئىگىلىكى ئەڭ بالدۇر روناق تاپقان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدى[28].

دېخانچىلىق:

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ھەم يازما مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھازىرقى يەركەن، قەشقەر، كۇچار، بۈگۈر، قاراشەھەر ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا مىلادىدىن بۇرۇنلا دېخانچىلىق بار ئىدى. غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقاندا، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردا دېخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، مەيلى كۆلىمى بويىچە ئېيتايلۇق، ياكى تۈر ـ خىللىرى بويىچە ئېيتايلۇق، ۋەياكى ئۇنىڭغا مۇناسىپ سۇ قۇرۇلۇش ئىنشائاتلىرى بويىچە ئېيتايلۇق، خېلى كۆرۈنەرلىك راۋاجلىنىشلارغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرىپىدىن جىپسىلاشتۇرۇلغان ھەم ئالغا سىلجىتىلغان ئىدى.

ئېنىقكى، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار بويسۇندۇرغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى تامامەن بىر يېڭى مۇھىت ئىدى. مۇشۇنداق يېڭى مۇھىتتا، ئۇيغۇرلار ياكى ھەممىنى ئۆزگەرتىۋېلىش، ياكى ھەممىگە ئۇيغۇنلىشىش دېگەن

قارار چىقىرىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇنلىششقا مايىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىنى يەرلىك قىلىپ بويىچە قايتا تەشكىللەپ، يەرلىك دېخانچىلىق ئىگىلىگىگە بويسۇندۇردى.

بۇ ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلەندى. زېمىنغا ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپتا ــ ھەممىدىن ئاۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىدە ــ زور قىزىقىش قوزغىدى. زېمىنغا بولغان قىزىقىش ھەتتا ئۇيغۇرلار جەمىيىتىدە بىر مەھەل ئېغىر ئىختىلاپنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. «قۇتادغۇ بىلىك»دىن بىزگە شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، دېخانچىلىقنىڭ ئىجتىمائى ئورنى مەسىلىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرە تاكى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاپتورى ياشاۋاتقان 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە داۋام قىلدى. بۇ مۇنازىرىلەر شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، دېخانچىلىق ئىگىلىكى يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ جەمىيەت قۇرۇلمىسىدىلا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ قالماستىن، سىياسى نۇقتىئىنەزەردىمۇ ئىختىلاپ كەلتۈرۈپ چىقارغان.

گەرچە دېخانچىلىقنىڭ ئىجتىمائى ئورنى مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرە خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مۇنازىرىلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ زېمىن تاماسىنى توسۇۋالالمىدى. تەخمىنەن 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ دائىرىسىدە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولدى. كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرىغا سۆيىنىپ نۇرغۇن ئېتىزلىقلارغا ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ سۇ ئىنشائاتلىرىغا ئىگە بولۇۋېلىپ، فېئودال پومېشچىك بولۇپ

ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى زېمىنىدا ئەڭ چوڭ زېمىندارلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ قاغانى ھەم ئۇنىڭ جەمەتى ئىدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنى زىيارەت قىلغان ئەلچىسى ۋاڭ يەندې قاغان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا تۇرپان ئويمانلىقىدا ۋە تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدە نۇرغۇن ئېتىز-ئېرىق ۋە چارۋا ماللارغا ئىگە بولۇۋالغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار قالدۇرغان㉙.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىدا، فېئودال‌لىق يەر مۈلۈكچىلىكى پومېشچىكلارنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكىنى ئاساسىي شەكىل قىلدى. چۈنكى، بۇنداق مۈلۈكچىلىك تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى فېئودال‌لىق مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ ئاساسىي تەركىۋىي قىسمى ئىدى. بۇ جەھەتتە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى قاراخانىلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

قاراخانىلارنىڭ يەر مۈلۈكچىلىكى توغرىسىدا كېيىنكى باپتا مەخسۇس توختىلىمىز.

فېئودال‌لىق تۈزۈمنىڭ تىكلىنىشى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر ئىلگىرىلەش بولدى. فېئودال‌لىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىگە ئاساسىي جەھەتتىن ماس كەلگەنلىكتىن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى زېمىنىدا، دېھقانچىلىقتا يېڭى يۈكسىلىش بولدى. ئاشلىق زىرائىتى، ئىقتىسادىي زىرائەت، بولۇپمۇ باغۋەنچىلىك ناھايىتى

زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول سانا-ئىتى ھەم سودا ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن مول، تولۇق ماددى ئاساس ھازىرلىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى دائىرىسىدە دىخانچىلىق ئىگىلىگە-نىڭ يۈكسەلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر شاھىدى شۇكى، تۆمۈردىن ئىشلەن-گەن دىخانچىلىق سايمانلىرى كەڭ قوللىنىلدى. تۆمۈر ئەسۋاپلار ئۇي-غۇرلارغا يات ئەمەس ئىدى. ئۇرۇش-سوقۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئارقىسىدا، تۆمۈر ئەسۋاپلار خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا كىرگەن ئىدى، لېكىن، تۆمۈر ئەسۋاپلارنى دىخانچىلىقتا ئىشلىتىش پەقەت بىر توختىلىۋاتقان مۇشۇ دەۋرنىڭ مۇھىم بەلگە-سىدۇر. تۆمۈر ئېرىتىشكە قويۇلىدىغان تەلەپ مىسنىڭكىگە قارىغاندا ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىس ئەسۋاپلارغا قارىغاندا تۆمۈر ئەسۋاپلار پۇختا ۋە چىڭ بولغاچقا، تۆمۈر ساپان ۋە گۈر-جەك-كەتمەنلەرنىڭ كۆپىيىشى كىشىلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئېكىنزارلىقنى كېڭەيتىش، سۇ ئىنشائاتلىرىنى كۆپەيتىش ھەم تۇجۇ-پىلەپ ئىشلەش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ، دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈشتە زور رول ئوينىدى.

قول سانائەت:

قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملىشىشى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىك تۇرمۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئۆزگىرىش ئىدى. ئورخۇن دەۋرىدىكىگە سېلىشتۇر-غاندا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول سانائىتى ھەقىقى تۈردە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولغان ئىدى. نۇرغۇن ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول سانائىتى

توغرىسىدا مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان.

«ۋاڭ يەندېنىڭ قوچۇغا ساياھىتى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: "قوچۇدىن بولغۇن، پاختا، كەشتىلىك رەخت چىقىدۇ. ئادەملىرى سۇمباتلىق، قولى چېۋەر، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈرلەر بىلەن ئەسۋاپ ياساشقا ۋە قاشتېشىدىن ئەسۋاپلار ياساشقا ئۇستا".

خۇڭ خاۋنىڭ «چۆل-جەزىرىلەردە ئاڭلىغانلىرىم. ئۇيغۇرلار» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: "مارجان كۆپ چىقىدۇ، كىمخاپ-دۇردۇن، يۇڭ رەخت، يىپەك رەخت، دۇخاۋا چىقىدۇ."

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول سانائىتىدە، كۆن-خۇرۇم ئىشلەش خېلى راۋاجلانغان ئىدى. چېڭ داچاڭنىڭ «ۋەقەلەر» دىگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: "...شىمالغا ئەلچى بولۇپ بارغانلار مۇيەسسەر بولغان سوغاتلار ئىچىدە قىزغۇچ، يۇمشاق، پارقىراق تېرە بار. ئۇنىڭ تېگى-تەكتى سۈرۈشتە قىلىنغاندا، ياۋا ئاتنىڭ تېرىسى دەيدىكەن، بۇنىڭدىن تىكىلگەن ئۆتۈك بىلەن سۇ كەچكەندە، سۇ ئۆتمەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى قىممەتلىك ئىكەن. قىزىل يولۋاس تېرىسى دەپ ئاتالغىنى ئاق،قۇيرۇقنىڭ تېرىسى بولۇپ، ئۇ دۆشۈدۈر بىلەن ئەيلىنىدىكەن. شۇڭا ئۇ يۇمشاق بولۇپ، ئۆتۈك تىكىشكە ناھايىتى باپ كېلىدىكەن."

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قول سانائىتى تاۋار خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئىدى. ئۇنىڭ راۋاجلىنىشى، كۆپ ھاللاردا، بازار ئەھۋالىغا باغلىق ئىدى. شۇڭا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىغۇچىلار سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كەسىپلەر، مەسىلەن، قورال-ياراق ياساش، ئوردا ئىمارەتلىرى، قەۋرە سېلىش، تۈرلۈك زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەش كەسىپلىرى بەكلا تەرەققى قىلغان.

«چۆل-جەزىرىلەردە ئاڭلىغانلىرىم» دىگەن ئەسەردە ئۇيغۇرلارنىڭ زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ياساش تېخنىكىسى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: "ئۇلار ئالتۇندىن زىننەتلەر ئىشلەشكە ماھىر، مەسىلەن، ئەگرىلىگى بىر-ئىككى سۇڭ كېلىدىغان قەدىمقى چاچ قىستۇرغۇچ شەكلىدىكى تۆرگۈچلەرنى ياساشقا، كالۋۇتۇندىن تۆگۈچ تۆگۈشكە، باربىت شەكلىدە ئايخاڭزا ياساشقا ۋە رومال تىكىشكە، كىمخاپ، دارايىلارنى توقۇشقا، كاتان يىپلىرىنى تەييارلاش، مەشۇت چىقىرىش، يىپ ھىلھىلە قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىشلەشكە، بەش خىل يىپەكتىن كۆرۈنۈشى ھەشەمەتلىك كېيىم دەپ ئاتىلىدىغان تون توقۇشقا، كالۋۇتۇن يىپ ئېشىشكە ناھايىتى ماھىر ئىدى. يەنە رەختلەرنى تېگىدىن گۈل-گىيا چىقىرىپ توقۇپ، ئۈستىدىن پات بېرىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ھۈنىرىمۇ بار ئىدى."

بۇ مەزگىلدە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلىگەن تۆرلۈك ئالتۇن-كۈمۈش زىبۇ-زىننەتلىرى، نەپىس قاشتېشى ئويما بۇيۇملىرى سودا ۋە سوغا-سالام ئىشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەرسىلەرگە، شۇنداقلا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ھۆكۈمرانلار سىنىپى بەس-بەستە تالىشىدىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. بۇنىڭدىن باشقا، يېزا ئىگىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش، ئېيتايلۇق، ھاراق چىقىرىش، ياغ تارتىشمۇ مەلۇم كۆلەمدە راۋاجلاندى.

سودا ئىشلىرى:

دېخانچىلىق ۋە قول سانائەتنىڭ تەرەققىياتى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سودا پائالىيىتى ئۈچۈن يېڭى شارائىت ياراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى سودا پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يازما مەلۇ-

ماتلار ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنىڭ خاتىرىلىرى ئىدى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن سودا قىلىشقانلىقىغا توغرىسىدىكى مەلۇمات مىلادى 924-يىلى پۈتۈلگەن. شۇ يىلى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئات، نۈشۈدۈر، بۆكەن، ئاق قاشتېشى سودىسى قىلىشقان. بۇ دەل غەرپكە كۆچكەن مۇشۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىغا ئورۇنلىشىپ، يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت كۈچ جۇغلىغان مەزگىلى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىجۇ ئۇيغۇر-لىرىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن سودا قىلىشقانلىقى توغرىسى-دىكى مەلۇماتلار تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەتلەردە ھەر يىلى دىگۈدەك يېزىلىپ كەلگەن. بۇنداق سودا بەزى يىللىرى ھەتتا بىرقانچە قېتىمغا يەتكەن㉚.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا، ئاساسەن، ئات، تۆگە، خام-بۆز، نۈشۈدۈر، كەھرىۋا، تۈرلۈك دورا ماتىرىياللىرى، خۇش پۇراق ماتىرىياللار، سۆسەر تېرىسى قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى چىقىراتتى، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنى يىپەك مال، چاي ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا خەجلىنىدىغان ئالتۇن-كۈمۈش پۇللار بىلەن تەمىنلەيتتى.

مىلادى 951-يىلى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى جۇ پادىشالىقى بىلەن قىلىشقان بىر قېتىملىق سودىدا 1329 توپ خام-بۆز، 280 توپ ئاق يۇڭ رەخت، 2633 دانە ئاق سۆسەر تېرىسى، 250 دانە قارا سۆسەر تېرىسى، 350 توپ پاختا رەخت، 218 قارامتۇل سۆسەر تېرىسى، 77 دانە قاشتېشى سودىسى قىلىنغان㉛.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىسىنىڭ

كۆلىمىمۇ خېلى كەڭ بولغان. مەسىلەن، مىلادى 965-يىلى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە مىڭ ئات، 500 تۆگە، 500 دانە قاشتېشى، 1000 توپ يۇڭ رەخت ۋە نۇرغۇن مىقداردا نۆشۈدۈر سېتىپ بەرگەن. 1031-يىلىغا كەلگەندە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە بىراقلا 853 ئات سېتىپ بەرگەن[31].

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان سودىسى سۇڭ سۇلالىسىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغان ئىدى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى لياۋ سۇلالىسىگە، ئاسسەن، قاشتېشى، مەرۋايىت، خۇش پۇراق ماتېرىياللار، كەھرىۋا، نۆشۈدۈر، ھەر خىل پاختا، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە قىسمەن ھالدا قورال-ياراق سېتىپ بېرىپ تۇرغان، لياۋ سۇلالىسى بۇلارغا مېتال پۇل تۆلەپ تۇرغان[32]. 11-ئەسىردىن كېيىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ھۆكۈمەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. لياۋ سۇلالىسى زېمىنىغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان شىجۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. ھەتتا لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شاڭجىڭ (ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ بارىن ئوڭ خوشۇنى)دا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى توپلىشىپ ئولتۇرىدىغان جاي بارلىققا كەلگەن، بۇ جاي شۇ ۋاقىتتا "خۇيگۇ يىڭ" (ئۇيغۇر مەھەللىسى) دەپ ئاتالغان، «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 37-جىلد، «جۇغراپىيە» بابىدا شاڭجىڭنىڭ جەنۇبىي سېپىل دەرۋازىسىنىڭ شەرقىدە ئۇيغۇر مەھەللىسى جايلاشقانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

شەھەر-قەلئەلەرنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى مۇھىم رولى سودا ئىشلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىك سىستېمىسىدىكى

ئورنىنى باشقا بىر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۇردى. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ئىلكىدىكى قوجۇ، كۇچار ھەم بېيتىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسى مەركەزلىرى بولۇپ قالغان ئىدى. مۇشۇ شەھەرقەلئەلەرنى تايانچ قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قاتمۇ-قات ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى ھەم باج ئېلىش ۋە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش يوللىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۇقرالىرىغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى.

سودىدىن كەلتۈرۈلگەن مەنپەئەتلەردىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن سودا ئىشلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش تامامەن ئىككى گەپ، شۇڭا، سودا ئىشلىرىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇنازىرە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تاكى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋۇجۇتقا كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. كېيىنكى يىللاردا بىرمۇنچە ئالىملار ھەتتا بۇ خىل ھادىسىنى جۇڭگونىڭ سودا ئىشلىرىغا ئېتىۋارسىز قارايدىغان ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزىرىدىن چۈشەندۈرىدىغان سەۋەپلەرنى ئىزدەشكە تىرىشقان ئىدى.

بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن دىخانچىلىق، قول سانائەت، سودا قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇش بويىچە كۆرۈلگەن پەرقلەرنى زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، ئۇلارنى جەمىيەت تەرەققىياتى باسقۇچلىرىدا بىر بىرىگە يېقىنلاشتۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى كۈنلەردە ئورتاق ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە شەرت-شارائىت ھازىرلىدى. بۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالايتەن تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر.

## 2. شىجۇ (قوچۇ) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى

بۇ مەزگىل ئۇيغۇرلار نۇرغۇن بۇرۇلۇشلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. بەزى ساھەلەردە ئۇلار نەتىجە بولۇپ كۆرۈنىدۇ، بەزى ساھەلەردە جەريان بولۇپ كۆرۈنىدۇ، يەنە بەزى ساھەلەردە بولسا بىشارەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. لېكىن، مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن بۇرۇلۇشلار كۆپىنچە جەريان ۋە بىشارەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

تىل:

ئەگەر ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي ساھەدە تارىخى ئۇزاق، كۆلىمى كەڭ ھەم فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە سىلجىتىلىۋاتقان مۇكەممەل دىخانچىلىق ئىگىلىكىگە يولۇققان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تىل ساھەسىدە، ئۇيغۇرلار مۇرەككەپ، چېچىلاڭغۇ ھەم سىياسىي يۆلەنچۈكسىدىن ئايرىلغان سىستېمىغا يولۇقتى، تۈرك خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا 200 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان ھۆكۈمرانلىقى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى تىل ئايرىمچىلىقىنى ئاللىقاچان بۇزۇۋېتىپ، تۈرك تىلى، ساكئان تىلى، كۇسەن تىلى ھەم كىنگىت تىلى قوللىنىلىدىغان رايونلارغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ، ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە تىل بولۇپ قالغان. شىجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن يۈز يىل بۇرۇن تۈبۈت تىلى بۇ رايوندا بىر مەھەل قوللىنىلغان. لېكىن يەرلىك ئاھالىلەر تەركىۋىدە تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ نوپۇسى تېزدىن كۆپىيىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، تۈبۈت تىلى كەڭلىك ۋە چوڭ-

قۇرلۇق جەھەتتە تۈرك تىلى ئىرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئىرىشەل-
مىدى. بۇلار تۈركى تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ
راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ياراتتى. ئەلۋەتتە، مۇشۇ
جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قولغا كەلتۈرگەن
سىياسى ئۈستۈنلۈكىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن مۇھىم
تايانچى ۋە يۆلەنچۈك ئىدى. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا تەسۋىر-
لىنىشىچە، 11-ئەسىرگە كەلگەندە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىرلىككە
كەلگەن ئۇيغۇر تىلى شەكىللىنىپ بولغان ھەم شەرقتە خېشى كارد-
دورى رايونىدىن باشلاپ، غەربتە بۇخارا بوستانلىغىچە بولغان
رايوندا ھۆكۈمەت تىلى بولغان. بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن، ئۇي-
غۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىش دائىرىسى تاراي-
غان بولسىمۇ — ئالدى بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسى
ئورنىدىن مەھرۇم قالغان —، بىراق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىيانشاننىڭ
جەنۇبىدىكى ئورنى كۈچەيدى. بىر مىليون كۋادرات كىلومېتىر
چامىسىدىكى بۇ زېمىندا شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قارا-
خانىلار خاندانلىقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى بولدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەم-
لىنىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلى ئىجتىمائى تۇرمۇش دائىرىسىدىن
ھالقىپ، دىنىي كىلاسسىك كىتاپلار ساھەسىدىمۇ ئىشلىتىلىشكە باش-
لىدى. نەتىجىدە بۇددا دىنى كىتاپلىرى ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ تەر-
جىمە قىلىنىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «مائىترى سامادى
سوترا» ناملىق كىتاپ ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە.
بۇ كىتاپنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇمۇل ناھىيىسىدىكى
سابىق تىيانشان گۇڭشېسىغا قاراشلىق تۆمۈرتە دىگەن يېرىدىكى

دىخانىلار 1959 ـ يىلى ئۇغۇت توپلاۋېتىپ، ئاغىزى كېسەك بىلەن ئېتىپ تاشلانغان بىر كىچىك ئۆڭكۈردىن تاپقان. بۇ كىتاپ 608 بەت بولۇپ، توخار تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. تارىخشۇناس فېڭ جياشېڭ بۇ كىتاپ ئۈستىدە ئومۇمىي يۈزلۈك تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، تەتقىقات نەتىجىسىنى «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىل 7 ـ 8 ـ بىرلەشمە سانىدا ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە «لىنخۇا چەچەك ئۈزەكى ئۈستىگى ياراتىغى ئاتلىغى سۇ دۇرنوم بىتىگ»، «ئامىتايۇر دىيانا سوترا»، «ئالتۇن يارۇق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئابىدارام كوشاۋاردى شاستىرغا ئەن خۇيىنىڭ بەرگەن شەرھى»، «خۇئاستو ئانىفت» («مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى»)، «ئىنجىل»غا ئوخشاش كىتاپلارمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

«ئالتۇن يارۇق» بىلەن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى بېشبالىقلىق سىڭقۇسالى تۇتۇڭ دىگەن كىشى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تىلى تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ياقىسىدا ”تۈرك تىلى“، ”تۈرك ئۇيغۇر تىلى“ دەپ ئاتىلاتتى، سىڭقۇسالى تۇتۇڭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى تەرجىمە قىلىپ بولۇپ يازغان خاتىمىسىدە مۇنداق دىگەن: ”يەنە تاۋغاچ تىلىنىن بېشبالىقلىق سىڭقۇسالى تۇتۇڭ ياڭىرىتى تۈرك تىلىنغا ئەۋرمىش.“ (بېشبالىقلىق سىڭقۇسالى تۇتۇڭ يەنە تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدى.) بۇ يەردە سىڭقۇسالى تۇتۇڭ ئۇيغۇر تىلىنى ”تۈرك تىلى“ دەپ ئاتىغان. سىڭقۇسالى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق»نى تەرجىمە قىلغاندا يازغان خاتىمىسىدە بولسا، ”كېيىنكى بوشقۇتلۇق بېشبالىقلىق سىڭقۇسالى

تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىغا ئىككىلەيۇ ئەۋىرمىش" (بېشبالىقلىق ئەھلى ئاخىر سېنقۇسالى تۇتۇڭ تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىدىن تۈرك-ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى) دىگەن. سېنقۇسالى تۇتۇڭ بۇ يەردە ئۇيغۇر تىلىنى "تۈرك-ئۇيغۇر تىلى" دەپ ئاتىغان.

12-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان ئۇيغۇر دىداكتىك شائىرى ئەخمەت يۈكنەكى قاراخانىلار خاندانلىقى دائىرىسىدىكى ئۇيغۇر تىلىنى قەشقەرى تىل دەپ ئاتىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىداكتىك داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تا مۇنداق دەپ يازغان: "تىلىم چۈچۈك، پاكىز قەشقەرى تىل بولۇپ، بەكمۇ ئۇز ۋە گۈزەل ئىدى." ئۇ بۇ داستانىنىڭ خاتىمە قىسمىدا يەنە: "تامامى ئەرۇر قەشقەرى تىل بىلەن" دەپ يازغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئىنزاھات خاراكتىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى شۇ زاماندا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ھەم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قوللىنىلۋاتقان ئۇيغۇر تىلىغا قەشقەرى تىل دىگەن باشقىچە نام بېرىلگەنلىگىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيگەنلىگىنى «چەشتانى ئېلىگبەگ» دىگەن كىتاپنىڭ ساقلىنىپ قالغان پارچىلىرىمۇ تولۇق دەلىللەپ بەردى.

«چەشتانى ئېلىگبەگ» قەھرىمانىنى تەسۋىرلەيدىغان رىۋايەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: "قەھرىمان چەشتانى ئېلىگبەگ "چايانىبالىق" دەپ ئاتىلىدىغان شەھەردىن ئۆتكەندە، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ۋابا كېسىلى تارقىتىدىغان راكشاس باشچىلغىدىكى يېكلەر (ئالۋاستىلار) تەرىپىدىن خورلىنىۋاتقانلىغىنى كۆرىدۇ. ئەسەردە يېكلەر مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

"ئۇلار قورقۇنچلۇق تەلەتىنى دەھشەتلەشتۈرۈپ، يامان قاتتىق

ئۇن بىلەن چىرقىرىشاتتى، قوللىرىدا ئۈچ ئاچىلىق نەيزىلىرىنى، بايراقلىرىنى كۆتىرىشۋالغان ئىدى. قاپ-قارا (ۋە) ناھايىتى زور تاغدەك گەۋدىسى ھەيۋەت ئىدى. قىزىل چاچلىرىنى مۈرىلىرىگە چۇشۇرۇۋالغان بولۇپ، زەھەرلىك ئىلانلار تاغ قاپتاللىرىدا كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى...“

يېكلەرنىڭ باشلىقى راكشاش مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: ”ئۇنىڭ يوغان ئۈچ كۆزى ئوت رەڭلىك چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. كۆزىنىڭ قارىسى ياندۇرغان چىراق يالقۇنىدەك يالقۇنجاپ تۇرىدۇ.“ بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن باتۇر، شىجائەتلىك چەشتانى قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، يېكلەرنى يېڭىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى راكشاشنى ئۆلتۈرۈپ، چايانبالىق ئاھالىلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ[33]. بۇ رىۋايەتتە، ئۇيغۇرلارنىڭ مول تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ۋە كۈچلۈك ھەققانىيەت تۇيغۇسى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بىز تەتقىق قىلىۋاتقان تېمىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «چەشتانى ئېلىگبەگ» رىۋايىتىدىكى لىرىكىلىق بايانلار، يېقىملىق تەسۋىرلەر، مۇكەممەل شېئىرىيەتلىك قاپىيىلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتە ئۆزىگە يېڭى سەھىپە ئاچقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يېزىق:

يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەنلىكى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى مۇھىم مۆۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقى ئېلىمىز بويىچە ئېيتقاندا، ھەقىقەتەنمۇ يېزىق گۈلزارى دەپ ئاتاشقا مۇناسىپ جاي. نۇرغۇن يازما ماتېرىياللار ۋە

مەدىنىي يادىكارلىقلار شۇنى كۆرسەتتىكى، شۇ ۋاقىتلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا بىرلا ۋاقىتتا تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، پارس يېزىقى، براخما يېزىقى ۋە يۇنان يېزىقى قاتارلىق 16 خىل يېزىق قوللىنىلغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلىۋاتقان بۇ نۇرغۇن يېزىقلار ئۇيغۇرلارنى تاللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھەقىقەتەنمۇ مۇشۇنداق تاللىۋېلىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى، ئۇلار ھەر خىل يېزىقلار بىلەن ئۆز تىلىنى خاتىرىلىۋېلىشقا تىرىشتى.

ئۇزاق بىر مەزگىللىك خىللاشتىن كېيىن (ئاز كەم بىر ئەسىر داۋام قىلغان)، 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئاخىر بۇ رايوندا بىرقەدەر ئومۇملاشقان سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئۆزىنىڭ يېڭى يېزىقىنى ئىجات قىلدى.

يۈەن سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن تاۋ زۇڭيى ئۆزىنىڭ «تارىخ مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسىرىدە، يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە مۇنداق دەپ مەلۇمات بەرگەن: "ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى 20 نەچچىگە يېتىدۇ، لېكىن تەكرارلىرىنى چىقىرىپ تاشلىغاندا، 15چە ھەرپ قالىدۇ، شۇڭا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان." تاۋ زۇڭيىدىن بۇرۇنراق ئۆتكەن پېڭ دايا دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ «قارا تاتارلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان» ناملىق ئەسىرىدە: "ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ھەرپى بار، قالغانلىرى قوشۇمچە ئالامەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدىغان" دەپ يازغان.

ئەمەلىيەتتە يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىدا 26 ھەرپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سوغدى يېزىقىدىن پەيدا بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن يازما مەدىنىي يادىكارلىقلىرى مۇشۇ يېزىق بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكى

ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ بۇ يېزىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ھەم تەھلىل يۈرگۈزۈشكە يېتەرلىك ئىمكانىيەت بار.

ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئايرىم ھەرپلەر ئازايتىلغان ياكى كۆپەيتىلگەن. ھەر بىر ھەرپىنىڭ باشتا يېزىلىش شەكلى، ئوتتۇرىدا يېزىلىش شەكلى ۋە ئاخىرىدا يېزىلىش شەكلى بار ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوزۇق تاۋۇشى ئىنتايىن مول، ھالبۇكى سوغدى يېزىقىدا ئۇنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھەرپلەر يوق ئىدى. بۇ كەمچىلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقىنى قوللانغاندا، بەزى تولۇقلاش چارىلىرىنى قوللانغان، يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى دەسلەپتە ئوڭدىن سولغا يېزىلغان، كېيىن يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدىغان بولغان، روشەنكى، بۇ خەنزۇ يېزىقىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىدىن بولغان.

بۇ يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى ھەممىدىن ئاۋال شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دائىرىدىلا قوللىنىلغان ئىدى؛ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قاراخانىلارنىڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدىن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقلىرىغا سوزۇلغاندىن كېيىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بۇ بىر يۈرۈش ھەرپلەر قاراخانىلار خاندانلىقىنى قۇرغان غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئارقىلىق تارىمنىڭ جەنۇبىغا تارقالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدىن كەلگەن غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىجات قىلغان بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلىشى تۇرمۇش مەنتىقىغە تامامەن ئۇيغۇن. چۈنكى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى

# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى



بىلەن قاراخانىلارنىڭ سىياسى جەھەتتىكى دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى "ئۇيغۇر" دەپ ئېتىراپ قىلىپ بىر تىلدا يەنى ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشەتتى.

بۇ يېزىق تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسى بويىچە ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى ــ كەڭ تەتبىقلانغانلىقىدا. ئەگەر ئورخون دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار مەڭگۈ تاشلاردىن ئىبارەت چەكلىك دائىرىدە ئىپادىلەنگەن دېيىلسە، يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بىزگە ھازىر مەلۇم بولغان 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر يازما ھۆججەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان. جۈملىدىن بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئابىدارام كوشاۋاردى شاستىرغا ئەن خۇيىنىڭ بەرگەن شەرھىسى»، «مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەنە شۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

بۇ يېزىق يەنە ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى، پۇقرالار ئارىسىدىكى توختام، تىلخەتلەر، سودا كېلىشىملىرى قاتارلىق ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان. بۇ ھال يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ مەلۇم بىر زىمىن دائىرىسىدە جەمىيەت ئېتىراپ قىلغان، نوپۇزلۇق يېزىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ㉞.

13 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقى چىڭگىزخان

موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆچىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق يېزىق بولۇپ قالدى. بۇ ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئەڭ روناق تاپقان مەزگىلى ئىدى.

يېڭى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئىجات قىلىنغانلىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مۇشۇ يېزىقنىڭ ۋاستىسى بىلەن تارىم بويلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا شەرقىي ئىران ئىگىزلىگىدىكى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى داۋاملاشتۇرالىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ھەم پاراسەت نەتىجىلىرىنى خاتىرىلەپ ساقلىيالىدى. 13 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھىر رايونىدا ھەم شەرقىي ئىران ئىگىزلىگىدە مۇشۇ يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىدا بىرمۇنچە نادىر يىرىك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىپ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىگى تارىخنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ يېڭى ئۇيغۇر يېزىغىنى ئىجات قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ تۆھپىسىگە بەرگەن ئادىل باھاسىدۇر[35].

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلەشلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يېڭى ئۇيغۇر يېزىغى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بۇ ئاخىر بېرىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇشى ۋە بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتلىك تۆھپە بولۇپ قالدى.

شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، يېڭى ئۇيغۇر يېزىغى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئەڭ بالدۇر باسما ئىشلىرىغا

ئىشلىتىلگەن يېزىق بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

15 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى ئارقا تىرەك قىلغان ئەرەب يېزىقى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ يېزىقىنى قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچراتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ موڭغۇللار ۋە كېيىنكى مانجۇلار ئارقىلىق ئۈزاققىچە دۇنيا تارىخى سەھنىسىدە ساقلىنىپ كەلدى.

مەتبەئە ئىشلىرى:

مەتبەئە تېخنىكىسى ـــ جۇڭخۇا مىللىتىمىزنىڭ قەغەز، مىلتىق دورىسى، كومپاس قاتارلىق تۆت چوڭ كەشپىياتىنىڭ بىرى.

ئەگەر ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بىۋاستە باشلىنىشى دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، باسما ئىشلىرىنىڭ تارىخى مىلادىدىن 200 يىل بۇرۇن يەنى ئېلىمىزدىكى تۇنجى بىرلىككە كەلگەن فېئودال سۇلالە ــ چىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتتىن باشلانغان بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ باسما تېخنىكىسى ئىككى قېتىملىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئويما مەتبەئە باسقۇچى، ئىككىنچىسى مىخ مەتبەئە باسقۇچى. مىخ مەتبەئە باسقۇچى 12 ـ ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كەلدى. بىز ھازىر توختىلىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇ مەزگىل مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن 200 يىل بۇرۇنقى مەزگىل بولغانلىقتىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ باسما ئىشلىرى دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئويما مەتبەئە ئىشلىرى تاش رىسالىلەرنى بېسىشتىن باشلانغان. تاشقا ئويۇلغان دىنىي مەكتۇپلار تاش رىسالە دەپ ئاتىلىدۇ. تاش رىسالىنىڭ باسما كۆچۈرۈلمىسى ئېلىمىزدە مىلادى 2 ـ ئەسىردە

كەڭ ئەۋج ئالغان. 6 ـ ئەسىردە، بىشيې ئىسىملىك بىر رايىش تۇنجى قېتىم ياغاچتىن يوغان بىر تامغا ئويغان. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ياغاچ ماتېرىيالىنى باسمىغا ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات ئىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئېلىمىز چوڭ بۆلۈنۈش مەزگىلىدە تۇراتتى.

400 يىل داۋام قىلغان چوڭ بۆلۈنۈش ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ، قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىشنى مىلادى 618 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئورۇنلىدى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە، ئېلىمىزنىڭ مەمۇرىيەتتە بىرلىككە كەلگەن، سىياسى ۋەزىيىتى مۇقىملاشقان، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە تەرەققى تاپقان، ئۇنىڭ ھەربى ئىشلار جەھەتتە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى سىياسى تەسىر كۈچىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەن. بۇلا ئەمەس، تاڭ سۇلالىسى شېئىرىيەت، رەسىمچىلىك، دىن قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئېلىمىز تارىخىدا يېڭى پەللىگە يەتكەن. شۇ زاماندا، ئېلىمىز دۇنيا بويىچە ئەڭ جۇشقۇن، قۇدرەتلىك دۆلەت ئىدى.

ئويما باسما تېخنىكىسى مانا مۇشۇنداق تارىخىي مۇھىتتا شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇ تېخنىكىنى ئەڭ كەڭ تەجرىبە سورۇنى بىلەن تەمىنلىگەن جاي بۇتخانىلار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى مەزگىلى بۇددا دىنى ئېلىمىزدە ئەڭ ئەۋج ئالغان مەزگىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، جايلاردىكى بۇتخانىلاردا تۇرلۇك قايتا ئىشلەش ئۇسۇللىرى سىنالماقتا ئىدى. مەسىلەن، تامغا ئويۇش، بۇتلارنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرۈش ۋە تۇرلۇك دىنىي بېزەكلەرنى ئىشلەش قاتارلىقلار. بۇ پايدىلىق پائالىيەتلەر ئاخىر كېلىپ ھەققى ئويما باسما تېخنىكىسىنى ۋۇجۇتقا

كەلتۈردى.

7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەر ئۇيما باسما تېخنىكىسى راسا گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. ئېلىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىدا نۇرغۇن باسما مەركەزلىرى پەيدا بولدى، تۇرپان ئويمانلىقى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

مىلادى 755 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئەنلۇشەن ـ سۇيسۈن توپىلىڭى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ سىياسى تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، ئىقتىساتنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. شۇ قاتاردا باسما ئىشلىرىمۇ قاتتىق دەپسەندە قىلىندى. لېكىن بۇ پاراكەندىچىلىكلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئورنىنى گەۋ-دىلەندۈردى ۋە كۈچەيتتى. چۈنكى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى باش-تىن ـ ئاخىر تۇرپان ئويمانلىقىغا يېقىن يولىمىغان ئىدى. بۇ ۋەزىيەت تاكى ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلاشقانغا قەدەر داۋام قىلدى.

ئايانكى، تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائى تۇرمۇش ساھەلىرى ــ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى، تۇرمۇش شەك-لى، تىل ـ يېزىق، دىن ۋاھاكازالار ــ جىددى رىقابەتلىشىشكە يۈز-لىنىپ، غەيرى قوراللىق تىركىشىش ۋە دوقۇرۇشۇشلار كۆرۈلگەن. تىركىشىش ۋە دوقۇرۇشۇش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان بىر قاتار ۋەقەلەر بارلىققا كەلگەن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۈستىدە يۇقۇرىدا توختىلىپ ئۆتتۇق، بەزىلىرى ئۈستىدە ئەمدى توختىلىمىز.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى پۈتكۈل مەدىنىيەت ساھەسىدە پەقەت باسما ئىشىنىلا تىركىشىشتىن خالى، دوقۇرۇشىسىز، شۇ پېتى قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئورخون ۋادىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار شۇ كەمگىچە

باسما ئىشلىرى بىلەن تامامەن تونۇشسىز ئىدى. ئۇلارنىڭ 9 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى پۈتكۈل مەدەنىيەت ھاياتىدا، پەقەت مۇشۇلا بىردىن ـ بىر بوشلۇق ئىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىر ـ لىرىغا كەلگەندە، ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوز ـ غىدى. لېكىن، شۇ كەمگىچە، مەيلى مۇشۇ مەدەنىيەت مۇۋەپپەق ـ قىيەتلىرى ھاسىل بولغان سورۇنلار بولسۇن، مەيلى تاكامۇل مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بولسۇن، دىنىي قۇسۇمەتچىلىك ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن تامامەن دىگۈدەك ۋەھشىيانە نابۇت قىلىنىۋېتىلگەن ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كىشىلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خارابىلىقلاردا قالايمىقان تاشلىنىۋېتىلگەن پارچە ـ پۇرات مەتبەئە بۇيۇملىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. مەسىلەن، ئىدىقۇت قەلئەسىدىكى بىر بۇتخانىدا چېچىلىپ ياتقان ”قەغەزلەر“ ئادەمنىڭ تىزىغىچە كەل ـ گەن. كېيىنكى يىللاردا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇرتۇق دىگەن يېرى ـ دىكى بىر بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۇركۇم ئويما باسما ئەسەرلەر تېپىلدى㉖. بۇ پاكىتلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرىدا باسما ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر ئەۋج ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ باسما ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى ھەر خىل تىللار ـ دىكى باسما بۇيۇملىرىنىڭ بولغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان خەنزۇچە، تاڭغۇتچە ۋە زاڭزۇچە ئويما باسما ئەسەرلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ. ئەلۋەتتە، ئويما باسما ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يېزىقلار ئىچىدە يېگى ئۇيغۇر يېزىغى يەنىلا ئاساسىي

ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇيما باسما ئەسەرلەردە ئۇيغۇرچىدىن قالسا خەن-
زۇچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن،
خەنزۇچە يېزىقنىڭ بۇ رايوندىكى باسما ئەسەرلەردە داۋاملىق كۆرۈ-
لۈشى تارىخ تەرەققىياتىغا تامامەن ئۇيغۇن. ۋاڭ يەندېنىڭ قالدۇرغان
مەلۇماتىغا قارىغاندا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى "يەنىلا كەييۈەن يىلنامىسى
كالىندارىنى قوللانغان. 50 نەچچە ئورۇندا بۇتخانىسى بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاڭ سۇلالىسىدىن تەقدىم قىلىنغان دەرۋازا
لەۋھەلىرى ئېسىلغان. بۇتخانىلاردا «ماخارا گاربا»، «تاڭ نەزمە-
لىرى»، «كىتاپلار جەۋھىرى»، «سوتراسۋادا» قاتارلىق كىتاپلار
ساقلانغان. پادىشا يارلىقلىرى ساقلىنىدىغان بىنادا تاڭ تەيزۇڭنىڭ
ۋە تاڭ مىڭخۇاڭنىڭ يارلىق-پەرمانلىرى ساقلانغان، ئىشىك-دەرۋا-
زىلار مەھكەم قۇلۇپلانغان."
بۇلارنىڭ ھەممىسى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى مەزگىلىدىمۇ خەنزۇ مەدە-
نىيىتىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدا زور تەسىر كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى
چۈشەندۈرىدۇ.
تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە باسما ئەسەرلەرنى بىۋاستە كۆرگەن
ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، بۇ ئەسەرلەر بەتلەرنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇلۇشى ۋە ھەرپلەرنىڭ يېسىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوتتۇرا
جۇڭگو رايونىدا تېپىلغان سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى كىتاپلارغا
ئوپمۇ-ئوخشاش ئىكەن. تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ خەنزۇچە باسما
ئەسەرلەر بېسىلىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقۇرىلىقى، ئوقۇشقا قولايلىق
بولۇشى جەھەتتە سۇڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا بېسىلغان باسما ئەسەر-
لەردىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن.
باشقا يېزىقلارنىڭ باسما ئىشلىرىدا قوللىنىلىشى پۈتۈنلەي دىنىي

پائالىيەتلەر ئارقىسىدا بولغان.

تۇپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى شۇ مەزگىللەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن ھەممە ئۇسۇلىنى، ئېپتايلۇق، تۇرمەل شەكلى، قاتلىما شەكلى، ياپراق شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلغان.

تۇرمەل شەكلى — ئېلىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كىتاپ شەكلى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كىتاپ شەكىللىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك مۇشۇنىڭدىن تۆرەلگەن. قاتلىما شەكلى تۇرمەل شەكلىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۇچۇن ئىجات قىلىنغان. ياپراق شەكلى ئەڭ بۇرۇن ھىندىستاندا پەيدا بولغان. قەدىمقى ھىندىستاندا، بۇددا دىنى كىتاپلىرى شۇ جايدا چىقىدىغان كوكۇس يوپۇرمىقىغا يېزىلغانلىقتىن، ياپراق شەكىل دەپ ئاتالغان، ياپراق شەكىللىك كىتاپ يوپۇرماقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر كىچىك تۆشۈك تېشىلىپ، يىپ ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن بىر بىرىگە چېتىپ قويۇش ئارقىلىق تۇپلىنىدۇ.

10 ـ ئەسىردىن كېيىن، تۇرپان، ئويمانلىقىدا ياپراق شەكلىدە بېسىلغان كىتاپلارنىڭ بەتلىرى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۈستى ۋە ئاستى تەرەپلىرى تاختاي بىلەن قىسىپ قويۇلغان. شۇ دەۋرلەردە قەغەز باسما ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىدىغان دىنىنىڭ كىتاپلىرىنى مۇقەددەس، سەلتەنەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۇچۇن، ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە قەدىمقى شەكلىنى ساقلاپ قالغان. گەرچە شۇ زامانلاردا يىپ ئۆتكۈزۈپ بەتلەرنى بىر بىرىگە چېتىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولسىمۇ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى كىتاپ بەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنىلا

تۆشۈكىنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرگەن.

كىتاپ شەكىللىرى ۋە تۈپلەش تېخنىكىسى جەھەتتىكى بۇ ھەر خىل-ھەر ياڭزا ھادىسىلەر ھەرگىز سەۋەپسىز بولغان ئەمەس. بۇ شىنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت سىستېمىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن تۇرپان ئويمانلىقىدا ھەر خىل مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە كىرگۈزۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ مەزگىلدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باسما تېخنىكىسىنىڭ تاكامۇللىقى ۋە نەپىسلىكى شۇنى نامايان قىلىدۇكى، ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باسما ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆستۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئىلگىرىلىگەن. بولۇپمۇ باسما ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن تىل ۋە يېزىقنىڭ كۆپلۈكى 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن شىنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ باسما ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېنىقكى، شۇنچىۋالا كۆپ تىللىق باسما ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن غايەت زور بىر كەسپىي قوشۇن بولۇشى لازىم. بۇ غايەت زور كەسپىي قوشۇننىڭ باسما تېخنىكىسىنى پىششىق ئىگەللىگەن قول ھۈنەرۋەنلىرىنىمۇ، ھەر خىل تىل-يېزىقنى پىششىق بىلىدىغان كەسپىي خادىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى تەبىئىي. بۇ پاكىتلاردىن بىز شىنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى شۇ دەۋردە ئېلىمىز بويىچە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ يۇقۇرى رايونلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئاسىيا رايونىنىڭ غايەت زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان دىگەن خۇلاسىگە كېلىمىز.

باسما تېخنىكىسىنىڭ كېيىنكى يىللاردا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باسما ئىشلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرغانلىقىنىڭ ئەھمىيىتى بىرەر مىللەت ۋە بىرەر رايون دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن. 13-ئەسىردە باسما تېخنىكىسى ئىران ۋە مىسىر رايونلىرىغا تارقالغان، 15-ئەسىردە يەنى مىلادى 1433-يىلى ياۋروپادا ئويما باسما كىتاب بارلىققا كەلگەن. ئاسيانىڭ غەربىي قىسىم رايونىغا ۋە ئافرىقا، ياۋروپاغا باسما تېخنىكىسىنى تارقىتىشتا تۇرپان ئويمانلىقى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇ ئىشتا كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە قىلچە شەك چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

سەنئەت:

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئىتى پۈتكۈل ئۇيغۇر سەنئەت ئىلھاملىرىنىڭ بۇلىقى بولغان ئىدى.

تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئېرىشكەن سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارنىڭ بۇ رايوندا ئېرىشكەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن باراۋەر قىممەتكە ھەم تەسىرگە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، بىز كۆرەلىگەن شۇ دەۋرنىڭ سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە گەرچە دەۋر ۋە يىللارنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى قونۇپ، تەبىئىي ھەم سۈنئىي ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، ئىسكەتىنى خېلى يوقاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى كۆركەم

مەنزىرە، خىسلەتلىك تەسەۋۋۇر ۋە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب يەنىلا كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدە رەسىم، ھەيكەلتاراشلىق ۋە نەققاشلىق مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى رېئالىزىم بىلەن غايىۋىلاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئوتلاقتىكى ئاھالىلەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتكە ھېرىسمەن ئېستېتىكا قارىشىنى دىنىي ھېسسىياتقا قوشۇپ، ھەم خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە، ھەم بېزەش ئەھمىيىتىگە ئىگە سەنئەت ئۇسلۇبىنى ياراتتى. رەسىملەر، كۆپىنچە، بۇتخانىلارنىڭ تام ۋە تورۇسلىرىغا سىزىلغان ياكى بۇددا دىنىغا ئائىت ھېكايىلەرنى تەسۋىرلەشكە قوللىنىلغان. بۇ رەسىملەردە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ساكيامونى ۋە ساكيامونى مەركەز قىلىنغان بۇددا دىنى ھېكايىلىرى ئىدى، ئاندىن قالسا، راھىب ۋە ساخاۋەتچىلەرنىڭ ئوبرازلىرى ئىدى. بۇ رەسىملەردە چىرايلىق رەڭلەر ۋە نەپىس فىگۇرا سىزىقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان بولۇپ، كىشىلەرگە ئېنىق ھەركەتچان تۇيغۇ بېرىدۇ. رەسىمدىكى ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىدە لاتاپەتلىك، تەمەن ھەم سالتەنەتلىك، سۈرلۈك سىياق جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ.

يېقىنقى بىر ئەسىردىن بۇيان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاستانە، بېزەكلىك، مۇرتۇق، تۇيۇق، سىڭگىم، يارغول ھەم تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جىمسار قاتارلىق جايلاردا شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ نۇرغۇن سەنئەت بۇيۇملىرى تېپىلدى.

بىر يىپەك رەخت پارچىسىغا چۈشۈرۈلگەن رەسىم شۇنى كۆرسەت-تىكى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدە ساخاۋەتلىك مەزمۇنلار ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يامانلىقمۇ ئىپادىلەنگەن. ئالدىنقىسىنىڭ مەقسىدى رىغبەتلەندۈرۈش بولسا، كېيىنكىسىنىڭ

مەقسىدى ئىبرەت قىلىشتىن ئىبارەت.

بۇددا دىنىنىڭ مۇكەممەل تۇۋقىتىئىنەزىرىدە بۇ ئىككى خاھىش تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدە مۇشۇ ئىككى مەزمۇنىنىڭ تەڭ ئىپادىلەنگەنلىكى ئۇلاردا مۇكەممەل بۇددا دىنى تۇۋقىتىئىنەزىرىنىڭ شەكىللىنىپ بولغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

بۇ يىپەككە ئاغزى يوغان ئىچىلغان، ئىككى قولى ئالدىغا سوزۇلغان، ئالقىنىدىن ئوت چىقىپ تۇرغان، بېشى يوغان، بوينى ئىنچىكە، ئاۋاق، پۇتۇن بەدىنىدە ئوت لاۋۇلداپ تۇرغان، ئىككى كۆزى چەكچىيىپ، چاچلىرى تىك تۇرغان، قوشۇمىلىرى ئارىسىدا بىر كۆزى كۆرۈنۈپ تۇرغان، يۈزى سولغا قىيشايغان ئىبلىسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قارا سىزىق بىلەن بۇلۇتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن㊲. بۇ ئىبلىسنىڭ ئومۇمى كۆرۈنۈشى كىشلەرگە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانە كىتاۋى «چەشتانى ئىلىگبەگ»دىكى يىكلەر (ئالۋاستىلار)نىڭ ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەقىشلىقى ئاساسەن ياغاچ نەقىشلىقى بولۇپ، بۇنىڭدا تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرى نەقىشلىنىپ، ئىمارەتلەر بېزىلىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، ياغاچ نەقىشلىقى ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە تارقالغان، كۆركەم ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك ياغاچقا ئويۇلغان نەقىشلىك بېزەكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھەيكەلتاراشلىق ئۈستىدە توختالغاندا، شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يارامىلىق تاش كەمچىل بولغانلىقتىن، ھەيكەلتاراشلىقتا تاشتىن ھەيكەل ياساش ئاز، لايدىن ھەيكەل ياساش كۆپ بولغان. بۇ لاي ھەيكەللەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى

ئويۇق ياكى تاملارغا چاپلانغان بولۇپ، يىرىم مۇئەللەق شەكىل ئالغان، كېيىنكى يىللاردا كىشىلەر تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا تېپىلغان لاي ھەيكەل قېلىپلىرىدىن شۇ دەۋردىكى لاي ھەيكەللەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يىرىم مۇئەللەق شەكىلدە بولغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. بۇ قېلىپلار يىرىم گەۋدىلىك ھەيكەللەرنى قۇيۇش ئۈچۈنلا ياسالغان. چۈنكى بۇ قېلىپلاردا قۇيۇلغان يىرىم گەۋدىلىك ھەيكەللەر ئويۇق ئىچىگە ياكى تاملارغا چاپلاشقا مۇۋاپىق ئىدى. پۈتۈن گەۋدىلىك ھەيكەللەرنى قۇيۇشقا توغرا كەلگەندە، ئىككى قېلىپ جۈپلەپ ئىشلىتىلگەن، تۇرپان ۋادىسى شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا مەنسۇپ لاي ھەيكەللەر مەركەزلەشكەن جاي ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، كىنگىت، كۇچار قاتارلىق جايلاردىن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ نۇرغۇن لاي ھەيكەللەرنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلدى.

مەيلى رەسساملىقتا بولسۇن، مەيلى نەققاشلىقتا بولسۇن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدىكى سەنئەتچىلەر سىزىقلىرىنى كۆپتۈرمە قىلىپ كۆرسىتىش، كاۋاك قىلىپ كۆرسىتىش، ئېنىق ۋە تۇتۇق قىلىپ سىزىش قاتارلىق گۈزەل سەنئەت ۋاسىتىلىرىنى تەتبىقلاپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ماھارىتىنى نامايان قىلغان. بولۇپمۇ ساكيامونىغا تەقلىت قىلىپ سىزىلغان رەسىم ۋە ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ كۆرۈنۈشى ئىنتايىن نەپىس بولغان. بۇ ھال مۇئەللىپلەرنىڭ ئۆزلىرى ئېتىقات قىلغان ساكيامونىنىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتىنى ئىپادىلەش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سەنئىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بىز سەنئەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگىلا ئەھمىيەت بېرىپ قالماستىن،

بەلكى ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە ئاساسى توغرىسىدا بىرئاز ئىزدىنىشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ئىلكىدىكى بۇ رايوننىڭ جۇغراپىيىۋى ئامىللىرى ئۈستىدە بىرئاز توختىلىشىمىزغا توغرا كەلدى.

نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، پايانسىز چۆل-جەزىرە ۋە قاتمۇ-قات تاغ داۋانلاردىن ئۆتكەن پېيەك يولىدا، چاڭ-توزاڭغا مىلەنگەن سودا كارۋانلىرى، ئېتىقادى چىڭ دىندارلار، چۇقان-سۈرەن بىلەن يۈرۈش قىلغان قوشۇنلار ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان. بايلىق تاماسى، دىنىي ئەسەبىلىك، ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسىدىن ھاسىل بولغان بۇ شەخس ۋە گۇرۇھلارنىڭ پائالىيەتلىرى، شۈبھىسىزكى، مۇشۇ رايونغا گۈللىنىش ۋە تەرەققىياتمۇ ئېلىپ كەلدى، ۋەيرانچىلىق ۋە زاۋاللىقنىمۇ ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، دۇنيادىكى ھەرقايسى چوڭ سەنئەت ئېقىملىرىنىمۇ باشلاپ كىردى. گاندارا ئۇسلۇبى، ساسانىلار ئۇسلۇبى ھەم ئوتتۇرا جۇڭگو ئۇسلۇبى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، بۇ رايوننى دۇنيا سەنئىتىنىڭ جەم بولىدىغان سورۇنىغا ئايلاندۇردى.

ئۇيغۇرلار تىيانشاندىن ئۆتۈپ تۇرپان ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقاندا، گەرچە تارىخنىڭ چاقى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئالتۇن دەۋرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان سەنئەت ئۇسلۇبلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان تۇرپان مەدىنىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاقنىتىپ، سۆلەتلىك ھەيكەللەر، كۆركەم رەسىملەر، سەلتەنەتلىك ئىمارەتلەر ئۆز شەۋكەتلىرىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

ئوخشاش بولمىغان سەنئەت ئۇسلۇبلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق-

لەر كۆرۈنگەن ئىدى. بۇ پەرقلەرنىڭ ئەكس ئەتتۈرگىنى، ئەملىيەتتە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تىركىشىش ھالىتى ئىدى، بۇ تىركىشىش ھالىتىگە باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرى، مەسىلەن، تىل، يېزىق، دىن قاتارلىقلار تىرەك بولغان ئىدى. شىمالىي ئوتلاقلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى سەنئەت ئۇسلۇبلىرى بىلەن چېتىشلىقى ئانچە يوق بولۇپ، ئۇلاردا مۇقىم يېقىن كۆرۈش ياكى يەكلەش تۇيغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، مۇشۇ رايوندىكى ھەر خىل سەنئەت ئۇسلۇبلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ۋەزىپىسى تارىخىي يوسۇندا شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تاللىۋالدى، بەزىلىرىنى قالدۇردى، بەزىلىرىنى تەكشىلەپ كۈچەيتتى، بەزىلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر شۇ مەزگىلنىڭ يەكۈن خاراكتېرلىق ئۇيغۇر سەنئىتى شەكىللەندى، بۇ ھەم جاپالىق ئىجادىيەت ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى، ھەم تارىخىي جەرياننىڭ جۇغلانمىسى.

كالىندار:

1904-يىلى، گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئەترىدى ئىدىقۇت قەلئەسى يېنىدىن شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر كالىندارىنى تاپتى. ياپونىيىلىك ئالىم يۇتىيەنخېڭ «غەربىي دىيارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» دېگەن ئەسىرىدە، بۇ كالىندار ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ كالىندارىدىكى كۈنلەر سوغدىچە، خەنزۇچە، تۈركچە ئاتالغان، يەنى ھەر بىر كۈن ئاۋال سوغدى تىلى بىلەن يېزىلغان، ئاندىن خەنزۇچىدىكى جيا، يى، بىڭ، دىڭ

بورچى ئاھاڭى بويىچە يېزىلغان، ئاخىردا چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان قاتارلىق 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىلىرى قوشۇمچە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر ئىككىنچى كۈننىڭ ئاستىغا خەنزۇچە ئاتالغان مېتال، ياغاچ، سۇ، ئوت ۋە توپا سوغدى تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، قىزىل ھەرپلەر بىلەن بېرىلگەن." يۈتيەنخېڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرىدا كالىندار قائىدىسىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ مۇنداق دىگەن: "جۇڭگو (ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى دىمەكچى) دا ئاز دىگەندە 10-ئەسىردىلا، ھەپتە، ئون تۈپ، 12 شاخ، بەش ئېلېمېنت، 12 خىل ئىسىم بويىچە ھىساپلىنىدىغان كالىندار ۋۇجۇتقا كەلگەن. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ سوغدى تىلىدىكى كالىندار جۇڭگو كالىندارىنىڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، 12 شاخنى ھايۋانلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش — يەرلىك تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئۆز ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئېتىۋار بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، بۇنىڭدىنمۇ بىرىكىش يۈزلىنىشىنى كۆرگىلى بولىدۇ."

شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيەسىنىڭ بەرپا بولۇشىغا ئەگىشىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلار پەيدىن-پەي شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرپ مەدەنىيىتى ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان رايونلارغا ئايلانغان، ۋاھالەنكى، قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيەسىنىڭ تۈگۈنى بولغان تۇرپان ئويمانلىقى شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرپ مەدەنىيىتى جۇغلىنىدىغان نۇقتا بولۇپ قالغان ئىدى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بۇ رايوندىكى مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىرىكىش خاراكتېرىنى ئالغان، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە مەدەنىيەت قىلىپ راۋاجلاندۇردى. بىرىكىش خاراكتېرىنى

ئالغان، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بۇ مەدەنىيەت ئۇيغۇر تارىخىدا شانلىق سەھىپە بولۇپلا قالماستىن، پۈتكۈل ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ ئۆزىنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك نۇرىنى چاچقان ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس قەدىر-قىممەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي قىممەتكىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## ئۈچىنچى بۆلۈم بۇددا دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرى

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى تىيانشانىنىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، يېڭى مۇھىت ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتتىمۇ زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. خىېشى ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلدى.

بۇددا دىنى دۇنيادىكى چوڭ دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىدىن بەش-ئالتە ئەسىر بۇرۇن ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى سىددخارتاگا ئۇتاما. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇ قەدىمقى ھىندىستان كاپىلاۋاستۇ (ھازىرقى نېپال دائىرىسىدە)نىڭ پادىشاسى سۇدد ھودانانىڭ ئوغلى ئىكەن. ئۇ ساكيا قەۋمىگە مەنسۇپ بولغانلىقتىن، بۇددىستلار ئادەتتە ئۇنى ئىززەتلەپ "ساكيامونى" يەنى "ساكيا قەۋمىدىن چىققان پەيغەمبەر" دەپ ئاتىغان[39].

مىلادىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن، ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدا

مائۇريا خاندانلىغى دىگەن بىر خاندانلىق باش كۆتىرىپ چىققان ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 273 ـ يىلى ئاسوكا ئىسىملىك بىر كىشى مائۇريا خاندانلىغىنىڭ كىنىزى بولدى. ئۇ قوراللىق كۈچكە سۆيۈنۈپ، ئەجداتلىرى ئىگەللىۋالغان زىمىندىنمۇ كەڭ زىمىن دائىرىسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ ئىمپىرىيە قۇردى. ئۇ كەڭ كۆلەمدە بۇتخانىلارنى سالدۇرۇپ، مەڭگۈ تاش ۋە تاش تۈۋرۈكلەرنى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇددا دىنىنى ئەۋج ئالدۇرۇش توغرىسىدىكى پەرمانلىرىنى ئويدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلارغا بۇددا دىنىنى تارقىتىش ۋە تەرغىپ قىلىشقا نۇرغۇن راھىپلارنى ئەۋەتتى.

بۇددا دىنى مائۇريا خاندانلىغىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە سۆيۈنۈپ، گويا يەلكەنلىرى شامالغا لىق تولغان كىمىلەردەك دولقۇن يىرىپ، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىپ، رايون خاراكتىرلىق دىنىدىن دۇنياۋى خاراكتىرلىق دىنغا ئايلاندى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخىدا بىرىنچى قېتىم كەڭ تارقىلىش مەزگىلىنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئاردىن 300 يىلچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى مىلادىدىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇن بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ تارىخىدا ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ تارقىلىش مەزگىلىنى بېشىدىن كەچۈردى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇددا دىنى بۇ قېتىمقى كەڭ تارقىلىشتا، ھىندىستانلىقلارنىڭ رولىغا ئەمەس، بەلكى ئېلىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ بارغان چوڭ ياۋچىلارنىڭ سىياسى كۈچىگە تاياندى.

چوڭ ياۋچىلار يۇنانلىق ئالېكساندىر ماكىدونىسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) دىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا دولقۇنلارنى داۋالغۇ-

توپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىم كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشىگە سەۋەبچى بولغان ئاساسىي خەلق ئىدى.

چوڭ ياۋچىلار ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا ياشايدىغان قەدىمىي كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن دۇنخۇاڭ، تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە چىليەنشەن تېغى ئارىلىقىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئىدى.

ھونلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پەيدىن-پەي غەرپكە سۈرۈلۈپ كەلگەندە، چوڭ ياۋچىلار ھونلارنىڭ ھۇجۇم قىلىش نىشانىسىغا ئايلىنىپ قالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 175-يىلى، ئاخىر ئۇلار ھونلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، نائىلاج ئۆز ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، بىرقانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى چىليەنشەن تاغلىرىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، شۇ يەردىكى چياڭلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇلار كېيىنكى يىللاردا "كىچىك ياۋچىلار" دەپ ئاتالدى. يەنە بىر تۈركۈمى تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كىردى. ئۇلار ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا "چوڭ ياۋچىلار" دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ساك قەبىلىلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ رايوننىڭ يېڭى ھۆكۈمرانىغا ئايلاندى. چارەك ئەسىردىن كېيىن، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 150-يىلى چوڭ ياۋچىلار كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە بولغان ئۇيسۇن قەبىلىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈپ كەتتى. چوڭ ياۋچىلار بۇ يەردە غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، يۇنانلىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان باكتىرىيىنى

بويسۇندۇردى.

ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياۋچىلار قەبىلە-لىرى ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىق قەبىلە توخار قەبىلىسى ئىدى. ئۇلار چوڭ ياۋچىلار قەبىلىلىرىدە رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرغانلىقتىن، چوڭ ياۋچىلار ئولتۇراقلىشىپ قالغان بۇ رايون ئۇزاق ئۆتمەيلا، "توخا-رىستان" دەپ ئاتالدى㊵. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەۋرىدە قويۇل-غان باكتىرىيە (داشا) دىگەن نام شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر تەرىپە-دىن ئانچە تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تاجىكىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى شۇ ۋاقىتتا توخارلارنىڭ ئاساسلىق زىمىنى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، چوڭ ياۋچىلارنىڭ تارىخىي پائالىيىتى، ئايرىم ۋاقىتلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇغىغا مەركەزلىشىپ، بۇ رايوندىكى بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئاساسلىق رولچىسى بولۇپ قالدى.

جيۇجۇچۆ (جەنئەل تارىخىي ماتىرىياللىرىدا كوجۇرا كادفىسېس دەپ ئاتىلىدۇ) 1-ئەسىردە، چوڭ ياۋچىلار قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئاساس قىلغان ھالدا كوشان خاندانلىغىنى قۇرۇش بىلەن، ئۆزىنى كوشان شاھى دەپ ئاتىدى. روناق تېپىۋات-قان كوشان خاندانلىغى ئارشاك (ئىران) بىلەن كابىسا (كەشمىر)نى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. جيۇجۇچۆنىڭ ئوغلى يەن گاۋجېن (چەتئەل تارىخىي ماتىرىياللىرىدا ۋىما كادفىسېس دەپ ئاتىلىدۇ) شاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، كوشان خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، بۈگۈنكى ھىندىستاننىڭ پەنجاپ ئىشتاتى بىلەن

شىمالىي ئىشتاتىغىچە كېڭەيدى.

2 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، مەشھۇر كانىشكا كوشان خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى بولدى، ئۇنىڭ پايتەختى بوروسىپىرى (بۈگۈنكى پاكىستاننىڭ پىشاۋور رايونى) ئىدى. كانىشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا كوشان خاندانلىقى راسا روناق تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىن دائىرىسى بۈگۈنكى ئافغانىستان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى ۋادىسى ۋە پۈتكۈل ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئاسىيا بويىچە كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلانغان.

لېكىن ھەربى جەھەتتە ھىندىستاننىڭ كۆپ جايلىرىنى بويسۇندۇرغان كوشان خاندانلىقى ھىندىستاننىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ بۇ رايوندا تارقىلىپ يۈرگەن بۇددا دىنى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى.

كوشان خاندانلىقىنىڭ بىرىنچى پادىشاسى بولغان چيۇجۇچۆ ئۆزىنى ساكيامونىنىڭ قەتئىي ئىخلاسمەن مۇرىتى دەپ ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئوغلى يەن گاۋجېن بۇددا دىنىنى تارقىتىشنى ئۆزىنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكىنىڭ بانىسى قىلدى. كانىشكا ئۇلاردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن تەقۋادار بۇددىست ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، كانىشكانىڭ ئەڭ چوڭ تۆھپىسى شۇكى، ئۇ بۇددىستلارنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىددىخارتاگائۇتاما (ساكيامونى) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تالاش ـ تارتىشتا قالغان بۇددا دىنىغا ئائىت مەسىلەلەرنى بىر قۇر رەتلەپ، ئۇنى 360 مىڭ مەدھىيە، 6 مىليون 600 مىڭ ئىبارە قىلىپ يىغىنچاقلاپ چىققان. بۇ بۇددا دىنىنىڭ پىرىنسىپقائىدىلىرىگە بېرىلگەن كەڭ دائىرىلىك ئىزاھات ئىدى.

كانىشكا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، بۇددا دىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ تارقىلىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس سەنئەتنىمۇ شەكىللەندۈرگەن. بۇددا دىنى سەنئەت ئۆرنەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى گاندارادا تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە ئۇ گاندارا سەنئىتى دەپ ئاتالغان.

سىياسى كۈچ بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدا ئارقا تىرەك بولغان ئىدى. كوشان خاندانلىقىنىڭ غەرپكە ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئىنتىلىشى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، كوشان خاندانلىقىنىڭ چېگرا پاسىلى ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنى تەسىر دائىرىسىنىڭمۇ چېگرا پاسىلى بولىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەرپكە سىلجىيالمىغان بۇددا دىنى شەرققە يۈزلىنىپ، ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا بۆسۈپ كىرىشكە باشلىغان. ئۇنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تارقىلىشىدا "يىپەك يولى" ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، لېكىن بۇ بۇددا دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىشىدە بىردىن-بىر يول ئەمەس ئىدى. بۇددا دىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئاساسەن مۇنۇ تۆت يولدىن كىرگەن[41]:

1. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىن باشلىنىپ بەدەخشان ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئاخىرقى مەنزىل قىلغان يول، بۇ يول "جەنۇبىي يول" دەپ ئاتىلىدۇ.

2. ھىندىستاننى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ئافغانىستان ۋە ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەمەرقەنت، توقماق رايونلىرى ئارقىلىق ئىسسىق كۆلنى بويلاپ شەرققە سۈرۈلۈپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىغا،

ئاندىن يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىگىنى بويلاپ كۇچار ۋە تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىدىغان يول، بۇ يول "شىمالىي يول" دەپ ئاتىلىدۇ.

3. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال قىسمىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، ۋاقان تاغلىق رايونى ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ تاشقورغان ۋە قەشقەر رايونىغا كىرىدىغان يول.

4. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال رايونىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، كەشمىر ۋە لاداخ ئارقىلىق كوئىنلۇن تېغىدىن ئۆتۈپ، خوتەنگە كىرىدىغان يول.

2 ـ ئەسىردە ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بۇددا دىنى ئىشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇنغا ئايلانغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە، پامىرنىڭ غەربىدىكى توخارىستان، كاڭجۇ (سوغدى) قاتارلىق جايلار بىلەن پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خوتەن، كۇچار، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلار ئاساسلىق بۇددا دىنى مەركەزلىرىدىن بولۇپ قالغان.

بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرگە كەلگەندە، بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش دولقۇنىنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن شۇ دەۋرنىڭ ئىقىمى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار ھېلىھەم كىشىلەرگە شۇ ۋاقىتتىكى جۇشقۇن تارىخىي يىللارنى ئەسلىتىدۇ.

ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ باي ناھىيىسىدىكى قىزىل مىڭ ئۆيى مۇشۇ كەمگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ ئۆڭكۈر بۇتخانىلار توركۇمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، قىزىل مىڭ ئۆيى قىزىل بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىي

قىرغىغىغا جايلاشقان بولۇپ، قىزىل بازىرىغا يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ. يارنىڭ قاپتىلىغا ئىلان باغرى تارقالغان بۇ ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمىدە، 1953-يىلى قويۇلغان نومۇر بويىچە ھېساپلىغاندا، 235 ئۆڭكۈر بار. كۈچاردىكى ئۆڭكۈر-بۇتخانىلار تۈركۈمى قىزىل ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ناھىيىدىكى قۇم تۇرا ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمىدە 72 ئۆڭكۈر، سىم-سىم ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمىدە 52 ئۆڭكۈر، قىز قالغان ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمىدە بولسا 46 ئۆڭكۈر بار㊷. تۇرپان ئويمانلىقىدا ئاساسەن بېزەكلىك ئۆڭكۈر بۇتخانىلىرى بار. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىكى مۇرتۇق ئېقىنىنىڭ غەربىي قانتىدىكى غارلارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇلاردا 57 ئۆڭكۈر بار. بۇنىڭدىن باشقا تۇرپاندىكى يارغولدىمۇ ئۆڭكۈر بۇتخانىلىرى بار.

بۇددا دىنىنىڭ تەخمىنەن مىلادى 1-ئەسىردە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىغا تارقىلىشى كوشان خاندانلىقى دەۋرىدىن كېيىن بۇددا دىنى تارىخىدا مۇھىم ۋەقە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

بۇددا دىنى ئۆزىگە يېڭى تەرەققىيات ماكانىنى تاپقان ھامان ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە ئېلىمىزدىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى راھىبلار تۈركۈملەپ شەرققە قاراپ ئېقىش بىلەن، ئۇ يەرلەردە بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلىش، بولۇپمۇ بۇددا دىنى كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بۇددا دىنىنىڭ پىرىنسىپ-قائىدىلىرىنى كەڭ تۈردە تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا رايونلىرىغا مۇنداق كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشى جۇڭگونىڭ چەتئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن غايەت زور

تۆھپە قوشتى. بۇ جەھەتتە تۆھپە قوشقانلار ئىچىدە كۇماراجىۋا، فوتۇدېڭ، خۇيلىن قاتارلىق كىشىلەر ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى.

كۇماراجىۋا (344 ــ 413) كۇچاردا تۇغۇلغان، بالا چېغىدىلا راھىپ بولۇپ، بۇددا كىتاپلىرىنى پىششىق ئوقۇغان. ئۇ خەنزۇچىغا مۇكەممەل ئىدى. مىلادى 401 ـ يىلى كېيىنكى چىن پادىشالىقىنىڭ پادىشاسى ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى چاڭئەنگە تەكلىپ قىلىپ ئەكەل ـ تۈرگەن. ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ 800 شاگىرتى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ مىزان، قائىدە ۋە باياناتلىرىغا ئائىت 300 دىن ئارتۇق كىتاپىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇ تەرجىمە قىلغان بۇددا دىنى كىلاسسىكلىرىنىڭ مەنىسى توغرا، بەدىئىلىكى كۈچلۈك، جۈملىلەر تۈزۈلۈشى راۋان بولغان. شۇڭا ئۇ ھىندىستانلىق پارامارتھا (ئېلىمىز ـ نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا جېن دى دەپ ئاتىلىدۇ) ۋە شۈەنزاڭ بىلەن بىللە، بۇددا دىنىنىڭ جۇڭگودىكى ئۈچ چوڭ تەرجىمە ئالىمى دەپ ئاتىلىپ، شۆھرەت قازانغان⑬.

فوتۇدېڭ (232 ــ 348) كۇچاردا تۇغۇلغان. مىلادى 310 ـ يىلى لوياڭغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمدارلىرى شى لې، شى خۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شى لې ۋە شى خۇلار ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دائىرىدە 800 نەچچە بۇتخانا سالدۇرغان. چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىن ھەتتا ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلاردىن راھىپلار كېلىپ، ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىپ تۇرغان⑭.

خۇيلىن (736 ــ 803) قەشقەرلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇددا دىنى ۋە ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى توغرىسىدىكى بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. ئۇ يازغان 100 جىلدلىق «بۇددا ئىبارىلىرىنىڭ تەلەپ ـ

پۇزى ۋە مەنىلىرى» ناملىق ئەسىرى ئىبلىمىز بويىچە بۇددا دىنى ۋە
قەدىمىي خەنزۇ تىلىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان مۇھىم ئەسەرلەر-
نىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا
ھەتتا چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگىمۇ تارقالغان[45].

بۇددا دىنى كىلاسسىكلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنىڭ ئوتتۇرا
جۇڭگو رايونلىرىدا گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، يىڭىچە بولغان بىر خىل
يات يۇرت مەدىنىيىتى كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارى ۋە زوقىنى
قوزغىغان. مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرى-
دىكى راھىپلارنىڭ غەرپكە بېرىپ، بۇددا دىنى بىلىمىنى ئۆگىنىش
ھەركىتى ئەۋج ئالغان. بۇ ئىشنى جۇشىشىڭ بىرىنچى بولۇپ باشلى-
غان. ئۇ مىلادى 260-يىلى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، چۆل-جەزىرى-
لەرنى كېزىپ ئۆتۈپ، چاشتانا (خوتەن)غا بېرىپ، بىراخمان يېزىغىدا
يېزىلغان «پراجانا» دىگەن كىتاپنى قولغا چۈشۈرۈپ، شاگىرتلىرى
ئارقىلىق لوياڭغا ئەۋەتكەن[46].

4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، يەنە فا شيەن (مىلادى
399-يىلى)، جى مېڭ (مىلادى 404-يىلى)، سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ
(مىلادى 518-يىلى)، شۈەنزاڭ (مىلادى 629-يىلى)، جاڭ تاۋشى-
يەن، ۋۇكۇڭ (مىلادى 750-يىلى) قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرا ئەسىر-
دىكى دىنىي مۇخلىسلارغا خاس قەتئىي دىنىي ئېتىقادىنىڭ تۈرتكى-
سىدە، خېيىم-خەتەرلەرگە پىسەنت قىلماي، قەتئىي ئىرادە بىلەن، يىراق
دىنىي بىلىم ئېلىش يولىدا ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، غەرپكە
قاراپ سەپەر قىلىپ، جۇڭگو بىلەن چەتئەللەرنىڭ مەدىنىيەت ئالماش-
تۇرۇشىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئۇلار يەنە شۇ چاغدىكى
شىنجاڭنىڭ تارىخىي ئەھۋالىغا ئائىت قىممەتلىك ماتىرىياللارنى

قالدۇرۇپ كەتكەن.

فا شيەن ئۆزىنىڭ غەرپكە بېرىپ بۇددا دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش جەريانى توغرىسىدا «فا شيەنىنىڭ تەرجىمىھالى» («بۇددا مەملىكىتى ھەققىدە») ناملىق بىر ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەر بىزنى شۇ ۋاقىتلاردىكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى توغرىسىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى[47].

فا شيەندىن كېيىن، جى مېڭ، سۇڭ يۈن، خۇي شېڭ قاتارلىق كىشىلەرمۇ تارىم ۋادىسىدىن ئۆتۈپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان. ئۇلاردىن كېيىن بۇددا دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن غەرپكە كەلگەن كىشى شۈەنزاڭ ئىدى.

شۈەنزاڭ (602 — 664) تاڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن راھىپ بولۇپ، ئادەتتە تاڭ سۇلالىسى راھىبى دېگەن مەنىدە تاڭ سېڭ دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مىلادى 629-يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىن يولغا چىقىپ، خېشى كارىدورى، گۇاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى) ئارقىلىق ئىۋىرغول (ھازىرقى قۇمۇل ناھىيىسى)دىن ئۆتۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ قوچۇغا كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا قوچۇدا بۇددا دىنى ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ، پادىشادىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى دېگۈدەك بۇددا دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى ئىدى. شۇڭا شۈەنزاڭ بۇ يەردە تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىنغان. شۈەنزاڭنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، قوچۇدا 30 نەچچە مىڭ ئاھالە بولۇپ، بۇنىڭ بىرقانچە مىڭى بۇددا دىنى راھىبى ئىكەن. قوچۇ ۋاڭى جۇ ۋېنتەي شۈەنزاڭنى ئىززەتلەپ ئۇنىڭ قوچۇدا تۇرۇپ، قوچۇ دۆلىتىنىڭ بۇددا دىنى ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. شۈەنزاڭ غەرپكە بېرىپ

بۇددا دىنى بىلىملىرىنى ئۆگىنىش نىيىتىدىن يانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، قوجۇ ۋاڭى نائىلاج ئۇنىڭ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا قوشۇلغان ۋە ئۇ يولغا چىقىش ۋاقتىدا نۇرغۇن سوغا تەقدىم قىلغان ھەمدە ئۇنى غەربىي تۈرك قاغانىنىڭ بارگاھىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇپ قويغان. شۈەنزاڭ قوجۇدىن يولغا چىقىپ، ئاگنى (ھازىرقى قاراشەھەر)، كۇچار، بارقۇئان (ھازىرقى ئاقسۇ شەھىرى) ئارقىلىق تىيانشاندىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئىسسىق كۆل (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىسسىق كۆل)نىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ، سۇياپ قەلئەسى (ھازىرقى سوۋېت قازاقىستاننىڭ توقماق شەھىرى)گە بېرىپ، غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ قاغانى ياپقۇنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن. شۈەنزاڭ سۇياپ قەلئەسىدىن ئايرىلىپ، چەش (ھازىرقى سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى)دىن ئۆتۈپ، قىزىل قۇمنى كېسىپ ئۆتۈپ، يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم تۈگۈنى بولغان سەمەرقەنتتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، كارۋان يولىنى بويلاپ جەنۇپقا قاراپ ئىلگىرىلەپ، تېرمىز (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئافغانىستاننىڭ چېگرىسى) دېگەن يەردە ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ھازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان ئارقىلىق ھىندىستانغا بارغان. شۈەنزاڭ ھىندىستاندا نۇرغۇن مەشھۇر راھىپلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن بۇددا دىنى بىلىملىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەن ھەم بۇددا دىنىنىڭ ماخايانا مەزھىپى توغرىسىدا مۇستەقىل يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ داڭ چىقارغان. شۈەنزاڭ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا، بۇددا دىنى كىلاسسىكلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش بويىچە 18 كۈن داۋام قىلغان يىغىندا ئۆزىنىڭ كۆز قاراش-

لىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ھېچكىم رەت قىلالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھىندىستاندىكى بۇددا ئالىملىرى ئارىسىدا يۈكسەك شۆھرەت قازانغان.

مىلادى 644-يىلى، شۈەنزاڭ ھىندى دەرياسىدىن ئۆتۈپ، كەشمىر، ۋاقان ۋە پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ، گاپاندىرا (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى) ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، بىر مەزگىل دەم ئالغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى بويلاپ، يەركەن، خوتەن، نىيە ئارقىلىق دۇنخۇاڭدىن ئۆتۈپ، 645-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى چاڭئەن شەھىرىگە كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى لى شىمىن چاڭئەن قەلئەسىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەن⑱.

شۈەنزاڭ غەرپتە 17 يىل ساياھەت قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تارىم ۋادىسى ئەتراپى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقىدا 50 مىڭ چاقىرىم مۇساپىنى بېسىپ ئۆزىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇردى. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشى بىلەن يېزىلغان «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى غەربىي دىيار توغرىسىدا خاتىرە» ناملىق ئەسەردە، ئۆزىنىڭ ھىندىستانغا بېرىش ۋە قايتىش سەپىرىدە بېسىپ ئۆتكەن جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈشى، تاغ تىزمىلىرى، دەريا ئېقىنلىرى، ھاۋا كىلىماتى، ھايۋاناتلىرى، كان بايلىقلىرى، ئاھالىلىرى، تارىخى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىق ئەھۋاللىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ ئەسەر ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئارخېئولوگىيە خىزمىتى ئۈچۈن قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

شۇەنزاڭنىڭ ئاجايىپ كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۆپەيلى-دىن، كىشلەر ئارىسىدا ئۇنىڭغا ئائىت رىۋايەتلەر كەڭ تارقالغان، ھەممىمىزگە ئايان بولغان «غەرپكە ساياھەت» دىگەن مەشھۇر رومان ئەنە شۇ شۇەنزاڭ ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا يېزىلغان.

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يولۇققان بۇددا دىنى ھەممىلا يەردە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدىغان يۇرت كېزەرلەر گۇرۇھلىرىنىڭ دىنى بولۇشتىن ئالىقاچان قېلىپ، ئېنىق پىرىنسىپقا، مۇكەممەل تەشكىلاتقا، قاتتىق ئىنتىزامغا ۋە روشەن دىني دەرىجە تۈزۈمىگە ئىگە دىن بولۇپ قالغان ئىدى. مەيلى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا بولسۇن، مەيلى ئۇيغۇرلار يېڭىدىن كىرىپ ئورۇنلاشقان خېشى كارىدورى ۋە تۇرپان ئويمانلىغىدا بولسۇن، بۇددا دىنى كەڭ ئىجتىمائى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، تارىم ۋادىسىدىن تارتىپ شەرقىي دېڭىز قىرغىغىچە ئېلىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا يېيىلغان ئىدى. بۇددا دىنى كەڭ جەمىيەت تەبىقىلىرىنى تىزگىنلەپلا قالماستىن، دۆلەتنىڭ سىياسى ھاياتىغىمۇ كەڭ ئارىلاشماقتا ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇيغۇرلار ئورۇنلاشقان رايونلار دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇھىم بۇددا دىنى مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. دۇنخۇاڭدىكى مىسلىسىز كۆركەم ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمى (مىڭ ئۆي) شەرقنىڭ مەدىنىيەت غەزنىسى دەپ تونۇلغان. بۇ ئۆڭكۈر بۇتخانىلار تۈركۈمىدىكى سەلتەنەتلىك بىنا-ئىمارەتلەر، بۇت (ساكىيامونى) ئاساسي تېما قىلىنغان رەڭگا-رەڭ سۈرەت ۋە ھەيكەللەر نۇرغۇن ئەسىرلەردىن كېيىنمۇ كىشلەرنى ئۆزلۈكسىز جەلپ قىلىپ ۋە ھەيران قالدۇرۇپ تۇرغان. تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بولسا بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ئاساسلىق كۆۋرۈك بولۇپ، "بۇددا

دىنىنىڭ ئىككىنچى ماكانى" دەپ مەدھىيىلىنىپ كەلگەن.

گەرچە بۇددا دىنى بۇ رايونلاردا كەڭ يىلتىز تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ساھەسىگە سىڭىپ كىرىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ساھەسىنى كونترول قىلىشى ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمىگەن. چۈنكى ئۇيغۇرلار بۇ رايونلارغا ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىپ كەلگەن شامان دىنى بىلەن مانى دىنىنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى، بۇ دىنلار بىر خىل ئىدىيىۋى سىستېما بولۇش سۈپىتىدە، مۇقەررەر يوسۇندا، بۇددا دىنى بىلەن تىركەشكەن. تىركىشىش نەتىجىسىدە مۇتلەق كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان. بۇددا دىنى شۇنىڭدىن باشلاپ 600 يىلغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ساھەسىدە باشتىن-ئاياق مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. ۋاھالەنكى، خېشى كارىدورى رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار كېيىنكى يىللارغىچىمۇ بۇددا دىنىغا بولغان ئېتىقادىنى ئۆزگەرتمىگەن.

بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىدا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ مەنىۋى ۋاستىگە بولغان كەسكىن تەلىۋى ئاساسىي سەۋەپچى بولغان.

ئەگەر بىز ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن خېشى ۋە شىجۇدا قۇرۇلغان ئىككى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسى كۈچىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، تەبىئى يوسۇندا مۇنداق تەسىراتلارغا كېلىمىز: ئۇيغۇر خاندانلىقى ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا قۇدرەتلىك قورااللىق كۈچكە ئىگە ئىدى، تاڭ سۇلالىسىنى ھىساپقا ئالمىغاندا — بىزگە ئايانكى، تاڭ سۇلالىسى باشتىن-ئاخىر ئۇيغۇر خاندانلىقىنى قوللاپ كەلگەن — ئۇيغۇر

خاندانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭ كۈچىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە نىسبەتەن مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇنچىۋالا جىددى زۆرۈر ئەمەس ئىدى.

ۋاھالەنكى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھالى باشقىچە ئىدى. گەرچە بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار دەۋر ياراتقان مەلۇم شارائىتتا مۇشۇ رايوندا سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ۋە ئەتراپىدا بىرمۇنچە دۈشمەنلەشكۈچى كۈچلەر مەۋجۇت ئىدى. ئاقىۋەتتە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسى ۋە ھەربى كۈچى قاتتىق بەنت قىلىپ كېتىلگەن ئىدى.

روشەنكى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك قوراللىق كۈچىگە تايىنىپ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلىشى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. شۇڭا مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ جىددى سىياسى ئېھتىياجى بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى دىنني مەسىلىدە ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسىدىگە يەتتى. بۇددا دىنى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسى مەنپەئەتىنى قوللىدى ۋە قوغدىدى.

ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى يېڭى رايوندا ناھايىتى تېزلا كۆپلەپ بايلىققا ئىگە بولدى. بۇلا ئەمەس، يەرلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۇلاردا

ئەسلى بار نەپسانىيەتچىلىكنى كۈچەيتتى. بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان بىۋاستە ئاقىۋەت شۇ بولدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش كەسكىنلەشتى. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تېخىمۇ بېيىدى، ئەمگەكچىلەر تېخىمۇ نامراتلاشتى. ئۇلار ئۆزئارا توقۇنۇشقا باشلىدى ۋە بۇ توقۇنۇش شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيتىنىڭ پۈتكۈل تارىخىي پائالىيەتلىرىگە سىڭگەن بولۇپ، مۇشۇ ھاكىمىيەت مەۋجۇت مەزگىلدە سادىر بولغان ھەممە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ ئومۇمى ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى.

رېئال تۇرمۇش — ئوبدان ئەينەك. ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ بىرمۇنچە قايمۇقتۇرغۇچى شوئارلىرى، ئىرقى بىر تەرەپلىمىلىكلىرى بىر مەزگىل ئىچىدە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرىنى ئېزىقتۇرۇۋېتەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۆزلىرىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىدىن ئۆزلىرى بىلەن ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ئاخىر بىلىۋالاتتى.

مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، بۇددا دىنىنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى. بۇددا دىنى ھاياتلىققا سەل قاراش، ھەممە كۈلپەتكە سۈكۈت قىلىشنى تەرغىب قىلىپ، كىشىلەرنى تۈرلۈك ھاقارەت، خورلۇق، زۇلۇم، ئاچارچىلىق ۋە نامراتلىققا تاقەت قىلىپ، شۇ يول بىلەن "باقى ئالەم"دىكى بەخت-سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بىخۇتلاشتۇردى.

بۇددا بۇتخانىلىرى يەنە كۆپلەپ زېمىن ئىگەللىگەن. پەقەت

قوجۇدىلا بۇتخانىلار 50 نەچچىگە يەتكەن. مۇشۇ بۇتخانىلار ئۆز يەرلىرىنى تامامەن دىخانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى ۋە دىخانلارغا ئىجارە ھەققى تۆلەتتى. شۇنداق قىلىپ بۇددا دىنى ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ئۇيغۇرلار جەمىيىتىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان فېئودالىلىق تۈزۈمنى قوغداپلا قالماستىن، بەلكى مۇشۇ خاراكتېردىكى ئېكىس-پىلاتاتسىيىگە بىۋاستە قاتناشتى.

بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ مەنىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەرگە ماسلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بۇددا دىنىغا سۆيۈنۈشكە شۇنداق مۇھتاج بولغان ئىكەن، بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە تارقالغانلىقى، يەنى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىش جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىن باشلانغانلىقى تەبىئى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى توغرى-سىدىكى مەلۇمات مىلادى 965-يىلى يېزىلغان. شۇ يىلى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى سۇڭ سۇلالىسىگە راھىب فا يۈەن باشچىلىقىدا دىنىي خاراكتېر ئالغان سوغا-سالام يەتكۈزۈش ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتكەن㊾.

بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر راھىپلىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونى بويىچە بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ نوپۇزلۇق تارقاتقۇچىلىرى ۋە ۋەكىللىرى بولۇپ

قالدى. خەنزۇ خەلقى ئاساس قىلىنىپ قۇرۇلغان ئالتۇنتاغ ئېلىدا بۇددا دىنىغا ئائىت چوڭراق پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر راھىپلىرى تەكلىپ قىلىنىپ تۇردى.

ئۇيغۇر راھىپلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيىتى يالغۇز تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ئۇلار تاڭغۇتلار رايونىدىمۇ يۇكسەك ئىناۋەتكە نائىل بولدى. بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر مىسالى شۇكى، يۈەنخاۋ تاڭغۇت خاندانلىقى (غەربىي شيا)نىڭ پادىشاسى بولغاندىن كېيىن، پايتەختى شىڭچىڭفۇدا تاڭغۇت خاندانلىقى بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور بولغان، ئاساسلىق ئىمارىتىنىڭ ئېگىزلىكى بىرقانچە جاڭ كېلىدىغان گاۋتەيسى (ئېگىز بۇتخانا)ناملىق بىر بۇتخانا سالدۇرۇپ، شەخسەن ئۆز نامىدىن نۇرغۇن ئۇيغۇر راھىپلىرىنى بۇ يەرگە كېلىپ دىنىي پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا، بۇددا دىنى كىلاسسىكلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا تەكلىپ قىلغان. يۈەنخاۋنىڭ ئوغلى لياڭزو تاڭغۇت خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى بولغاندىن كېيىن، پايتەخت شىڭچىڭفۇنىڭ غەربىدە يەنە بىر چوڭ بۇتخانا سالدۇرغاندا، بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن ئۇيغۇر راھىپلىرى بۇددا دىنىنى تەرغىپ قىلغان ۋە بۇددا دىنى كىلاسسىكلىرىنى چۈشەندۈرگەن، ھەتتا پادىشا لياڭزونىڭ ئۆزىمۇ دائىم بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇيغۇر راھىپلىرىنىڭ شەرھىلەش نۇتۇقلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغان.

ئۇيغۇر راھىپلىرىنىڭ نامى تاڭغۇت خاندانلىقىدىن ھالقىپ، لياۋ سۇلالىسىدىمۇ تونۇلدى. مىلادى 1067-يىلى تاڭغۇت خاندانلىقىنىڭ لياۋ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن نوقۇل دىنىي خاراكتېر ئالغان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى لياۋ سۇلالىسىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بۇت ھەيكىلىنى ۋە بۇددا دىنى كىتابلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى تەقدىم

قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە لىياۋ سۇلالىسىگە بىر ئۇيغۇر راھىپنى تونۇشتۇرغان. بۇ ئىش ئۇيغۇر راھىپلىرىنىڭ لياۋ سۇلالىسىدىمۇ ناھايىتى يۇكسەك ئابروي قازانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ[50].

بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتى شۇكى، بۇددا دىنى راھىپلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى شامان دىنى داخانلىرى ۋە مانىستلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇلار قاغاننىڭ خۇسۇسى ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىغا بېرىپ، سوغا-سالام يەتكۇزۇش ياكى قاغانغا ھەمرا بولۇپ باشقا جايلاردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشاتتى. بۇتخانىلارمۇ ئەلچىلەرنى قونداۇرىدىغان جاي بولۇپ قالدى[51].

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە ئىدى.

بۇددا دىنى ھىندىستاندا "ھىنايانا-نىرۋاناغا بارىدىغان كىچىك يول" ۋە "ماخايانا-نىرۋاناغا بارىدىغان چوڭ يول" دەپ ئىككى مەزھەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن، ماخايانا مەزھىپىدىكىلەر بۇت (ساكيا-مونى)نى ئىلاھىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھەيۋەتلىك زور بۇتخانىلارنى سېلىپ، ھەيكەلتاراشلىق ۋە ئويما رەسىم قاتارلىق شەكىل چىقىرىش سەنئىتىدىن پايدىلىنىپ، بۇتنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان، سىرلىق بۇددا دىنى پىرىنسىپلىرىنى جانلىق سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، كىشىلەردە كۆركەم، ئوبرازلىق تۇيغۇ ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇرلار سەنئەت جەھەتتە تالانتلىق مىللەت. بۇددا دىنىنىڭ شەۋكەتلىك سەنئىتى ئۇلاردا يېڭى سەنئەت ئىجادىيىتى ئىلھامىنى

قوزغىدى. نەتىجىدە شۇ مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى، بولۇپمۇ ھەيكەلتاراشلىق، ئويما رەسىمچىلىك سەنئىتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ئۇلار كۆركەم ۋە ھەيۋەتلىك بۇتخانىلارنى، يېڭى ئۆڭكۈر بۇتخانىلىرىنى سالدى ھەمدە ئۇنىڭغا مۇناسىپ لايدىن بۇت ھەيكەللىرىنى ياسىدى ياكى ئويۇپ چىقتى، بۇددا دىنى مەزمۇن قىلىنغان ھەر خىل تام رەسىملىرىنى سىزدى.

ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ھەيكەلگە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرىدىغان ئىسلام دىنى ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق سەنئىتىنى چەكلەپ قويمىغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق ۋە شەكىل چىقىرىش سەنئىتى تېخىمۇ تەرەققى تاپقان بولاتتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان كېيىنكى مەزگىللەردىكى بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرىنىڭ خارابىلىرى ۋە ئۆڭكۈرلەر (بۇلار ئادەتتە مىڭ ئۆي دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە) دىكى لاي ھەيكەل، ئويما رەسىم ۋە تام رەسىملىرى ھىلىمۇ بىزگە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ سەنئەت تالانتىنىڭ يۈكسەكلىكىنى نامايان قىلىپ تۇرماقتا.

بۈگۈنكى كۈندە دۆلەت تەرىپىدىن مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان، تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان مەدىنىي يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىلىرىدا كىشىلەرنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى مەزمۇن قىلىنغان. بىراق شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇلار سەنئەت ئەسەرلىرى بولۇپ، ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ پاراسىتى ۋە تالانتىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا تارىخنىڭ شاھىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇلار قەدىرلەنمەكتە ۋە قوغدالماقتا.

ئۇيغۇرلار بۇ ددا دىنىغا ئاز كەم 600 يىل ئېتىقات قىلدى. بۇ مەزگىل تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۇيغۇرلار بىر بىرىگە قوشۇلۇپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا، بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەت.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار

① «تارىخنامە»، 110 ـ جىلد، «هونلار شەجەرىسى»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. هونلار شەجەرىسى»؛
«جىن سۇلالىسى تارىخى»، 97 ـ جىلد، «چارۋىچى قەبىلىلەر»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 16 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 10 ـ ، ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 3 ـ يىلى»؛
ساڭيۈەن جىزاڭ (ياپونىيىلىك): «جاڭ چيەننىڭ غەرپكە قىلغان سەپىرى توغرىسىدا تەتقىقات».
② «تارىخنامە»، 123 ـ جىلد، «فەرغانە تەزكىرىسى»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. جاڭ چيەننىڭ نەسەپنامىسى»؛
«ۋېي پادىشالىقى تارىخى»، 102 ـ جىلد، «غەربىي دىيار تەزكىرىسى».
③ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 20 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 12 ـ ، ۋۇدىنىڭ يۈەندىڭ 2 ـ يىلى».
④ «خەن سۇلالىسى تارىخى. پادىشا ۋۇدىنىڭ نەسەپنامىسى»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە»؛
«پەرمانلار توپلىمى. چېگرا مۇداپىئەسى 9 ـ».

⑤ «تارىخنامە»، 110 ـ جىلد، «هونلار شەجەرىسى».

⑥ «تارىخنامە. لى گۇاڭلىنىڭ نەسەپنامىسى»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى».

⑦ «خەن سۇلالىسى تارىخى، مەنسەپ ۋە بەگزادىلەر»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. جېڭ جى نەسەپنامىسى»؛
«خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 26 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 18 ـ ، شېنجۆ 2 ـ يىلى».

⑧ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى»، 88 ـ جىلد، «غەربىي دىيار تەزكىرىسى»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 37 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 29 ـ ، ۋاڭ ماڭنىڭ شىجيەنگو 2 ـ 3 ـ يىللىرى».

⑨ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى»، 88 ـ جىلد، «غەربىي دىيار تەزكىرىسى».

⑩ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 45 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 37 ـ ، مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى».

⑪ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى، گېڭ گۇڭنىڭ نەسەپنامىسى»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 45 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 37 ـ ، مىڭدىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ 18 ـ يىللىرى».

⑫ «كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى».

⑬ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 50 ـ جىلد، «خەن سۇلالىسى خاتىرىسى 42 ـ ، 43 ـ ».

⑭ «جىن سۇلالىسى تارىخى. جۇچۇ مېڭشۈن نەسەپنامىسى»؛
«شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى، قوجۇ»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. دى، خۇلار شەجەرىسى، بۈيۈك جۇچۇ مېڭشۈن»؛
«لياڭ پادىشالىقى تارىخى»، 54 ـ جىلد.

⑮ لو جېنيۇ: «قوجۇدىكى چۇ جەمەتىنىڭ نەسەپنامىسى»؛
خۇاڭ ۋېنبى: «قوجۇنىڭ زىمىن دائىرىسى ۋە ناھىيە ـ ۋىلايەتلىرى».
⑯ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 201 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 17 ـ ، گاۋزۇڭنىڭ شيەنخېڭ 1 ـ يىلى».
⑰ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار شەجەرىسى» (ئىككىنچى بۆلۈم)؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 205 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 66 ـ ، يىزۇڭنىڭ شيەنتۇڭ 6 ـ يىلى».
⑱ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ۋاڭ يەندېىنىڭ نەسەپنامىسى».
⑲ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى». 46 ـ جىلد، «مەنسەپلەر، 2 ـ»؛
«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 70 ـ جىلد، «بېقىندى ئەللەر».
⑳ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «كۆچار تەزكىرىسى»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. بېقىندى چارۋىچىلار 7 ـ»؛
«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى (زەيلى)»، 110 ـ جىلد.
㉑ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد (ئىككىنچى بۆلۈم)، «ئۇيغۇرلار. قىرغىزلار».
㉒ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 216 ـ جىلد، «تۈبۈتلەر» (ئىككىنچى بۆلۈم).
㉓ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 250 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 66 ـ ، يىزۇڭنىڭ شەنتۇڭ 4 ـ يىلى»؛
«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 46 ـ جىلد، «مەنسەپلەر»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد؛
شى يەن: «دۇنخۇاڭ تاش ئۆڭكۈردىكى رەسىملەرنىڭ بېغىشلىمىلىرى توغرىسىدا»؛
㉔ جياڭ لياڭفۇ: «دۇنخۇاڭ ــ ئۇلۇغ مەدەنىيەت غەزنىسى».
㉕ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 36 ـ جىلد، «تەزكىرە 6 ـ ، ھەربى ئىشلار تەزكىرىسى» (ئىككىنچى بۆلۈم).

㉖ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «قوجۇ تەزكىرىسى».
㉗ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ۋاڭ يەندېنىڭ نەسەپنامىسى».
㉘ «شىنجاڭنىڭ دەريا ـ ئېقىنلىرى جۇغراپىيىسى»، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى 1966 ـ يىلى نەشرى.
㉙ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قوجۇ. ۋاڭ يەندېنىڭ قوجۇغا ئەلچى بولۇپ بېرىشى».
㉚ «بەش دەۋرنىڭ كونا تارىخى»، 138 ـ جىلد، «ئۇيغۇرلار»؛
«بەش دەۋرنىڭ تارىخىدىن مەجمۇئە»، 28 ـ جىلد؛
«پۈتۈكلەر جەۋھىرى»، 972 ـ جىلد؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇيغۇرلار»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. بېقىندى چارۋىچى قەبىلىلەر 4 ـ، 7 ـ»؛
«لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 70 ـ جىلد، «بېقىندى ئەللەر».
㉛ «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» (بىرىنچى كىتاپ)، 70 ـــ 76 ـ بەتلەر.
㉜ «قىتانلار دۆلىتى تەزكىرىسى»، 26 ـ جىلد، «قوجۇ».
㉝ يۈسۈپ زىياشىرۋانى: «ئۇيغۇر خەلق قەھرىمانلىرىغا ئائىت ھىكايەلەردىن پارچە ـــ چەشتانى ئېلىگبەگ»، شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى 1959 ـ يىلى كۆچۈرۈپ ماشىنكىدا باستۇرغان نۇسخىسى.
㉞ فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە توختام»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلىنىڭ 1960 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا قارالسۇن؛
فېڭ جياشېڭ، دېنېشىۋ: «ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بىنتۇڭ (شەنبىن) توغرىسىدىكى ئۈچ پارچە تىلخەت»، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا قارالسۇن؛
ۋۇ جىن: «قۇمۇلدا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇن بۇددا نوملىرى

تېپىلـدى»، «مەدەنىي يادىكارلـىقلار» ژورنىلـىنىڭ 1960 ـ يىـللىق 5 ـ سانىغا قارالسۇن.

㉟ لو چاڭپېي، سەي مېيبياۋ: «باسبا يېزىغى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇ تىلى».

㊱ كارت: «جۇڭگودا مەتبەئەچىلىكنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە غەرپكە تارقىلىشى».

㊲ خۇاڭ ۋېنبى: «تۇرپانـدا ئېلـىپ بېرىلـغان ئارخېئولوگىيىلـىك تەكشۈرۈش»؛

گـروپ: «غەربىـي دىـياردا ئېلـىپ بېرىلـغان ئارخېئولوگىيىلـىك تەكشۈرۈشلەر توغرىسىدا مىساللار»؛

ل. كوك: ”جۇڭگو تۈركىستانىدا تېپىلغان يەر ئاستى يادىكارلىقلار».

㊳ گروپ: «غەربىي دىياردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر توغرىسىدا مىساللار».

㊴ ن. ك. سىنخا، ئا. ك. باننىجى: «ھىندىستاننىڭ ئومۇمى تارىخى»، بەشىنچى باپ، ئىككىنچى بۆلۈم.

㊵ سېكس: «ئافغانىستان تارىخى» يەتتىنچى باپ؛

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى»، ئون سەككىزىنچى باپ، بىرىنچى بۆلۈم.

㊶ خې چاڭچۈن: «قەدىـمقى غەربىي دىـيارنىڭ قاتـناش نەقلـىياتى ۋە فا شيەننىڭ ھىندىستانغا زىيارىتى»، خۇبېي خەلق نەشرىياتى 1956 ـ يىل نەشرى؛

لياڭ رېنگۇڭ: «بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى ھەققىـدە تەتقىقات»، «جۇغراپىـيە ئىلمى» ژورنىلى، مىنگونىڭ 11 ـ يىلىدىكى 12 ـ ئايلىق سانىدىن.

㊷ يەن ۋېنرۇ: «شىنجاڭدىكى تىيانـشاننىڭ جەنۇبىـدىكى تاش ئۆڭكۈرلەر»، «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژورنىلىنىڭ 1962 ـ يىـللىق 7 ـ 8 ـ بىرلەشمە سانىدىن.

㊸ «جىن سۇلالىسى تارىخى» 95 ـ جىلد، «فوتۇدىڭ»؛
«سىخەي»، 6 ـ كىتاپ، 109 ـ بەت.

㊹ «جىن سۇلالىسى تارىخى»، 95 ـ جىلد «كۇماراجىۋا»؛
«سىخەي» 6 ـ كىتاپ، 110 ـ بەت.

㊺ «سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن راھىپلارنىڭ نەسەپنامىلىرى»،
5 ـ جىلد.

㊻ «بۇددا كىتاپلىرىنى كەلتۈرۈش خاتىرىسى»نىڭ 2 ـ جىلدىدە مۇنداق
دېيىلىدۇ: "شاجۇلۇق جۇ شىشىن گەنلۇ 5 ـ يىلى چاشتانا (خوتەن)
دۆلىتىگە بېرىپ بۇ كىتاپنى ئېلىپ كەلدى. بۇ ىىراخما يېزىقىدا
يېزىلغان 91 باپلىق كىتاپ ئىدى."

㊼ «بۇددا مەملىكىتى ھەققىدە» يەنى «ھىندىستانغا ساياھەت»؛
خېي چاڭچۇن: «قەدىمقى غەربىي دىيارنىڭ قاتناش نەقلىياتى ۋە
فا شيەننىڭ ھىندىستانغا زىيارىتى»؛
دىڭ چيەن: «جىن سۇلالىسىدىن فا شيەننىڭ بۇددا مەملىكىتى ھەققىدە-
دىكى كىتاۋىدىكى جۇغراپىيىلىك دەلىل»، «جۇغراپىيە ئىلمى»
ژورنىلىنىڭ مىنگونىڭ 6 ـ يىلىدىكى 12 ـ سانىغا قارالسۇن.

㊽ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى زامانىدا غەربىي دىيار توغرىسىدا مەلۇمات».

㊾ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 490 ـ جىلد، «قوجۇ»؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ۋاڭ يەندېنىڭ قوجۇغا ساياھىتى».

㊿ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»، 450 ـ جىلد، «شىيا دۆلىتى (تاڭغۇتلار)
تەزكىرىسى».

(51) «ۋاڭ يەندېنىڭ قوجۇغا ساياھىتى»؛
لى جىچاڭ: «چاڭچۇن ئەۋلىيانىڭ غەرپكە زىيارىتى».

# ئالتىنچى باپ
# غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى

## بىرىنچى بۆلۈم قاراخانىلار خاندانلىقى

ئۇيغۇر خاندانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، غەرپكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىغا ئورۇنلاشقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۈچىيىپ، قۇدرەتلىك قاراخانىلار خاندانلىقىنى قۇردى. بۇ خاندانلىق ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغلاردا، غەرپتە ئامۇ دەرياسىنىڭ ئۆۋەن ئېقىمىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ زور بىر قىسىم رايونى ۋە ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

### 1. قاراخانىلار خاندانلىقى ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىنىڭ تارىخىي شارائىتى

ئوتتۇرا ئاسىيا ــ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى بەرپا بولغان جايلارنىڭ بىرى. ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، بۇ كەڭ رايوننىڭ سىياسىي خەرىتىسىدە قايتا ــ قايتا ئۆزگىرىشلەر بولدى. جەمئىيەتتىكى ئىچكى داۋالغۇشلار، ئۇرۇش ۋە تالاش ــ تارتىشلار ۋەجىدىن بۇ يەردىكى بەزى دۆلەتلەر يوقالغان، بەزى دۆلەتلەر گۈللەنگەن ئىدى.

لېكىن، تۈرلۈك سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە بۇ رايوندا ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى ئۆزىگە قارىتالايدىغان ھاكىمىيەت مەركىزى شەكىللەنمىگەن ئىدى.

تەبىئىي تۇسالغۇلار تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلگەن نۇرغۇن بوستانلىق ۋە ئوتلاقلارنى بىرمۇنچە دىخانچىلىق ئاھالىلىرى ۋە چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر ئۆز تەسىر دائىرىسى قىلىۋالغان، ئۇلار بىر بىرى بىلەن تىركىشىپ، كۈچلىرىنى ئۇپرىتىپ تۇرغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ رايون ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا قۇرۇلغان قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىپقالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى دەسلەپكى خەنزۇچە مەلۇمات ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى ۋاقتىدا يېزىلغان. شۇ ۋاقىتلاردا بۇ رايون بولۇپمۇ ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونى (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئوتتۇرىسىدىكى رايونلار)دىكى بىر قاتار بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەر خەن سۇلالىسىنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلىنىپ، خەن سۇلالىسى غەربىي دىيار دۇخۇ (سەرتاپلىق) مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ئىدى①.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، تۈرك خاندانلىقى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن سوڭغۇل دالاسىنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىمۇ ئۆز تەسىر دائىرىسى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، بۇ رايونلارغا قارىتا بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈرك خاندانلىقى شەرقىي تۈرك خاندانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خاندانلىقىغا بۆلۈنۈپ كەتكەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ تەركىۋى قىسمى بولدى.

غەربىي تۈرك خاندانلىقى بىرقانچە قېتىم زەئىپلىشىش ۋە گۈللىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، يابغا قاغان ۋاقتىغا كەلگەندە (611 — 618-يىللاردا) جۇڭغار ئويمانلىقىدىكى سىر-تاردۇش قەبىلىسى ۋە تېلې قەبىلىلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى شەرقىي شىمالدا ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە، شەرقىي جەنۇبتا يۈمېنگۇەنگىچە، غەربىي شىمالدا كاسپىي دېڭىزىغىچە، غەربىي جەنۇبتا بۈگۈنكى ئافغانىستان تەۋەلىكىدىكى ھىندىقۇش تېغىغىچە كېڭەيتتى. مىلادى 618-يىلى، ئۇنىڭ ئىنىسى قۇتلۇق ياپقۇ قاغان بولغاندا، تۈرك خاندانلىقى شىمالدا تېلې قەبىلىلىرىنى قايتا بويسۇندۇرۇپ، غەربىي جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، توخارىستانىنى بېسىۋالدى. غەربىي تۈرك خاندانلىقى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كۇچارنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئاق تاغدىكى يۇلتۇز دېگەن يەردە بارگاھ تىككەندىن تاشقىرى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوياپ قەلئەسى (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستاننىڭ توقماق شەھىرى) بىلەن تالاس (ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقىستاننىڭ ئەۋلىيا ئاتا دېگەن يېرى) ئارىلىقىدىكى مىڭبۇلاق دېگەن يەردە يەنە بىر يازلىق پايتەخت قۇردى. غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ كۈچىيىشى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ سىياسى ئورنىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

مىلادى 655-يىلى، تاڭ سۇلالىسى ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىدا بىر يولىلا غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن غەربىي تۈرك خاندانلىقى تاشقى مەغلۇبىيەت ۋە ئىچكى توپىلاڭلارنىڭ زەربىسى نەتىجىسىدە ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا يوقالدى. تاڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى

ۋە شىمالىدا، كاسپىي دېڭىزىدىن تارتىپ پامىر ئېگىزلىگىگىچە بولغان كەڭ رايوندا 45 تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى، 115 ئايماق تەسىس قىلىپ (بۇنىڭ 38ى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىدى)، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىغا قويغان (ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۇچار ۋە تۇرپاندا قۇرۇلغان) ئىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى "تۆگىلۈك-سۆيگۈن توپىلىقى" ۋە ئەرەبلەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەرەبلەر ئەسلىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايتتى. مىلادى 622-يىلى، مەككىلىك مۇھەممەت بەرپا قىلغان ئىسلام دىنى بىر ئىلاھقا ئېتىقات قىلىش دىنىي پىرىنسىپى ۋە "ھەممە مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر" دىگەن تەشۋىقاتلىرى ئارقىلىق ئەرەب يېرىم ئارىلىدا سىياسى بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى ئىدىيىۋى قورال بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەقىقى بىرلىككە كېلىشى ئۇنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا ئورۇنلاندى.

ئەرەبلەرنىڭ بۇ داغدۇغىلىق ئىشلىرىغا شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا دېڭىز بويى، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇراقسىز سىياسى ۋەزىيەت شەرت ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. مىلادى 602-يىلىدىن 628-يىلىغىچە داۋاملاشقان ۋىزانتىيە بىلەن ئىران (ساسانىلار) ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى بۇ ئىككى قۇدرەتلىك ئىمپېرىيىنى ھالسىزلاندۇرۇپ قويدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار شۇ ۋاقىتتا ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشىنى چەكلىيەلەيدىغان ئاساسلىق كۈچلەر ئىدى.

ئىچكى-تاشقى شەرت-شارائىتلار ھازىرلانغاندىن كېيىن، ئەرەبلەر "جىھاد" شوئارىنىڭ رىغبەتىدە شىددەتلىك شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن ئوتتۇرا دېڭىز بويى رايونىغا ھەم ئىران ئېگىزلىكىگە قاراپ ئاتلاندى. مىلادى 637-يىلى، ئىران ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى كتېسفېن (مەداين)نى، 640-يىلى پۈتكۈل پەلەستىن ۋە سۈرىيىنى، 642-يىلى مىسىرنى بويسۇندۇرۇپ، مىسىرنىڭ ئەڭ مۇھىم پورتى ئالېكساندرىيىنى ئىشغال قىلدى. 651-يىلىغا كەلگەندە، ئىراننى بويسۇندۇرۇپ بولدى، شۇ يىلى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە كېڭەيدى. ئەرەب قوشۇنلىرى قاراقۇمدىن ئۆتۈپ ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆز تارىخىدا يېڭى بىر مۇساپىنى باشلىدى.

7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولدى، مىلادى 661-يىلى تۆتىنچى خەلىپە ئەلى كۇفا شەھىرىدە قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇمەييا جەمەتىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئەرەبلەر دەسلەپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرگەندە، پەقەت تالان-تاراج قىلىشنىلا مەقسەت قىلغاچقا، بۇ رايوندا ئولتۇراقلىشىش بازىسى ۋە مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى. ئۇمەييا سۇلالىسى (خەلىپىلىكى)گە كەلگەندە، ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كۆپلەپ ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ، پىلانلىق ھالدا بىر قاتار ئۇرۇشلارنى قوزغاپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم شەھەر-قەلئەلەردىن توخارىستان (667-يىلى)، بۇخارا (674-يىلى)، فەرغانە (706-يىلى)، سەمەرقەنت،

خارەزىم (711 ـ يىلى) قاتارلىق جايلارنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۆز ھۆكۈمـ
رانلىقىغا ئالدى.

قولىغا كىرگۈزگەن بۇ زېمىندىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن،
نۇرغۇن ئەرەب ئائىلە تەۋەلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەر ـ قەلئەلىـ
رىگە ھەم يېزا ـ سەھرالىرىغا كۆچۈرۈلدى. ئەرەبلەر يەنە ئوتتۇرا
ئاسىياغا باش نازارەتچى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىسلام
دىنىنى تارقاتقۇچى زور بىر تۈركۈم كىشىلەرمۇ بۇ رايونغا كىرىپ،
ئىسلام دىنىنى كەڭ كۆلەمدە تارقاتتى.

مىلادى 715 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەنشى دۇخۇسى لۇ شيۇجىڭ
فەرغانە پادىشاسىنىڭ تەلۋىگە بىنائەن، ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى
باشلاپ كۇچاردىن يولغا چىقىپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق ئوتتۇرا
ئاسىياغا بېرىپ ئۇرۇش قىلدى②. فەرغانە قەلئەسىنىڭ يېنىدا تاڭ
سۇلالىسى قوشۇنى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ
قىلدى. بىراق تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق داۋالغۇش
(ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى)نىڭ شەپىسى كەلگەنلىكى ئۈچۈن،
شۇنىڭدەك تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلات مەمۇرى ۋە ھەربى
ئەمەلدارلىرى تېچلىق مۇھىتىدا ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ، تۆھپە
يارىتىشقا ئىنتىلىشتەك مەردانىلىق ۋە باتۇرلۇقتىن مەھرۇم بولغانلىقى
ئۈچۈن، 8 ـ ئەسىردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا
كەلتۈرگەن پارچە ـ پۇرات غەلبىلىرى جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن
ئەرەب ئىمپېرىيىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەپەر مارشى ئىچىدە ناھايىتى
تېزلا يوقىلىپ كەتتى.

مىلادى 750 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى سەركەردىسى
گاۋشيەنجى (چاۋشيەنزۇ مىللىتىدىن) تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۆبۈتلەر

ئۇستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، 700 چاقىرىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تالاستا ئەرەب ئىمپېرىيىسى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئۇرۇش تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاياغلاشتى③. شۇنىڭدىن كېيىنكى 100 يىل داۋامىدا، تۆبۈتلەر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى ھەم ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىشىنى توسۇشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۇستىگە ئالدى.

مىلادى 720-يىلى، ئاببا سىلار خەلىپىلىكى ئۇمەييا خەلىپىلىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلىپىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى تارتىۋالدى. بۇ يېڭى خەلىپىلىك كونا كۈچلەرنىڭ غوۋغاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى كتېسفېن يېنىدا ئۆزلىرىنىڭ پايتەختى — ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ چولپانى دەپ تەرىپلەنگەن باغدات شەھىرىنى بىنا قىلدى.

كېيىنكى 100 يىل داۋامىدا، ئىسلام دىنى تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە رىغبەتلەندۈرۈلگەن ئەرەب ئىمپېرىيىسى كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا قاراپ يۈزلەندى. ئەرەب ئىمپېرىيىسى 9-ئەسىردە ئىسپانىيىدىن مەھرۇم قالدى. ئافرىقىدا، بۇرۇن ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى بولغان ماراكەشتە ئىدرىسلار خاندانلىقى، ئالجىرىيە بىلەن تۇنىستا ئەرەبىيە خاندانلىقى، مىسىردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەردىن بولغان تۇرانى باشچىلىقىدىكى خاندانلىق بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدىن باشقا، گرۇزىيە، ئەرمەنىستان ۋە ئەزەربەيجان قاتارلىق جايلاردىمۇ يەرلىك فېئودال ھاكىمىيەتلەر ۋۇجۇتقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن غالىپ ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلى تەۋرەپ قالدى.

ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچىلانغانلىقى ۋە ئاجىزلاشقانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ زورىيىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. مىلادى 819-يىلى ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا تاجىكلار ئاساس قىلىنغان سامانىلار خاندانلىقى قۇرۇلدى. مۇشۇ خاندانلىقنى قۇرغان سامانى ئىسىملىك كىشى ئەسلىدە پارس ئاقسۆڭەكلىرىدىن ئىدى. مىلادى 874-يىلى سامانىلار خاندانلىقى بۇخارا بوستانلىقىنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى، مىلادى 900-يىلى ئىراننىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خۇراساننى بويسۇندۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت، بۇخارا، فەرغانە ۋە مەرۋى قاتارلىق مۇھىم شەھەر-قەلئەلەرنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. بۇخارا قەلئەسى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قىلىندى④.

سامانىلار خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. بۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكى، بولۇپمۇ سودا ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى، بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرۋى قاتارلىق جايلار ئېلىمىز بىلەن، ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى رۇس كىنەزلىكلىرى ھەمدە ئاسىيا، ئافرىقا قاتارلىق جايلار بىلەن كەڭ سودا ئالاقىسى ئورناتتى، سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى شەھەر تۇرمۇشىنىڭ جانلىنىشىنى ۋە ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا قۇرۇلغان سامانىلار خاندانلىقىدىن باشقا، شۇ مەزگىللەردە يىراق ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىغىدا قارلۇقلار خاندانلىقى دېيىلگەن يەنە بىر ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى⑤.

قارلۇقلار ئەسلىدە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدىكى توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدە بۇ خان-

دائىلقىنىڭ ئاساسىي ئەزاسى ئىدى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئۇلار تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى بېشبالىق بىلەن ئالتاي تاغ تىزمىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئوتلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئىدى. 8-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇيغۇر خاندانلىقى هۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ زۇلمى دەستىدىن، ئۇلار تۆبۈتلەر تەرەپكە ئۆتكەن. ئۇيغۇر خاندانلىقى قوشۇنى بىلەن تۆبۈتلەر قوشۇنى بېشبالىقتا ئاخىرقى قېتىم جەڭ قىلغاندا، قارلۇق قەبىلىسى تۆبۈتلەر تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇيغۇر خاندانلىقى قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. ئۇيغۇر خاندانلىقى قايتا گۈللەنگەندە، قارلۇق قەبىلىسىگە جازا يۈرۈشى ئېلىپ بارغان⑥. ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قارلۇق قەبىلىسىنىڭ بىر قىسىم پۇقرالىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمى غەرپكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدىكى يەتتەسۇ رايونىغا ئورۇنلاشقان، مانا مۇشۇلار قارلۇق قەبىلىسىنىڭ كېيىنكى تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ يىپ ئۇچى بولۇپ قالدى.

تارىخ قارلۇق قەبىلىسى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى بىر مۇھىتنى يارىتىپ بەردى، سەرگەردان بولۇپ ئوتلاقتا كۆچۈپ كەلگەن بۇ قارلۇقلار قەبىلىسى كېيىنكى كۈنلەردە تۈركەش قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ يەتتەسۇ رايونىدا ئۆزلىرىنىڭ هاكىمىيىتىنى — قارلۇقلار خاندانلىقىنى قۇردى. قارلۇقلار خاندانلىقىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن هازىرلانغان تارىخىي شارائىت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، شۇ مەزگىلدىكى تاڭ سۇلالىسى "ئۆكسۈك-سۆبگۈن توپىلىڭى"نىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن كېيىن ئۆز هالى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ يەتتەسۇ رايونىدا بولۇۋاتقان سىياسى ۋەقەلەرگە ئارىلاشقۇدەك

ماغدۇرى يوق ئىدى. ۋاھالەنكى، قارلۇق قەبىلىسىنى بىۋاستە توسۇپ تۇرغۇچى تۈركەش قەبىلىسى بولسا گۇمران بولۇۋاتقان ئىدى. قارلۇقلار خاندانلىقى ئەنە شۇنداق سىياسى ۋەزىيەتتە بارلىققا كەلدى.

ئۇيغۇر خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، قارلۇق خاندانلىقى غەربكە كۆچكەن يەنە بىر تارماق ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ ئۇيغۇر پۇقرالىرى موڭغۇل دالاسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئالتاي تاغ تىزمىلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ قارلۇقلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلاردىن پانا ئىزدىگەن ئىدى. كېيىنكى يىللاردا بۇ غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار "غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى" دەپ ئاتالدى.

## 2. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ روناق تېپىشى

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى بىرقانچە ئون يىل كۆچ توپلاش ئارقىلىق، 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە پەيدىن-پەي ئۇلغىيىپ، قارلۇق خاندانلىقىنى ئەمەلىي تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ئورۇنغا ئۆتتى. قارلۇق خاندانلىقى دېگەن نام تەدرىجى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاراخانىلار خاندانلىقى دېگەن نام ئىگەللىدى. بۇ ئۆزگىرىشتە كۆرۈلگەن نەتىجە قارلۇقلارنىڭ ئاخىرقى ھېساپتا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكى بولدى.

"قارا" دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە رەڭدىكى "قارا"نى ئىپادىلەيتتى. بىراق يېقىنقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىغا قارىغاندا، "قارا" دېگەن سۆزنىڭ "كەڭ، پايانسىز" دېگەن مەنىلىرىمۇ بار ئىكەن.

سۆز مەنىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ”ئۇلۇغ“، ”ھەيۋەتلىك“ دېگەن مەنىلەرمۇ سىڭگەن.

رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دەسلەپكى داھىلىرىدىن بىرى ئىدى.

«ئوغۇزنامە» دەپ ئاتالغان، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قول يازمىدا ئەنە شۇ ئوغۇزخاننىڭ كامالەتكە يەتكەن ئاقىلانىلىق ۋە باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. لېكىن تېخىمۇ كۆپ ھۆججەتلەردە — ئاساسەن ئەرەب ۋە پارس يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا — ئوغۇزخان ئىمانى كامىل مۇسۇلمان قىلىپ تەسۋىرلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلگىسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ⑦.

ئوغۇزخانغا ئائىت مەلۇماتلار ئادەمنىڭ ئەقلىغە سىغمايدىغان تەسۋىر ۋە مۇبالىغىلەر بىلەن تولغانلىقتىن، بىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىدا بۇ ئەرباپنىڭ بولغان-بولمىغانلىقىنى ئېنىقلىشىمىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ، شۇ نەرسە ئايانكى، رىۋايەتتىكى ئوغۇزخان قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر خاقانىنىڭ سىمۋولى⑧.

دەسلەپتە، قاراخانىلارنىڭ پائالىيىتى ئاساسەن بالقاش كۆلى ئەتراپى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەسىر كۈچى تەدرىجى جەنۇپقا سۈرۈلۈپ، سىر دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى ھەمدە سامانىلار خاندانلىقى بىلەن توقۇنۇشۇشقا باشلىدى. غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن يەنە بىرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇشتىن بۇرۇنقى پائالىيەتلىرىنىڭ قانداق خاراكتېردا بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ تارىخىي ھۆججەت-

لىرىدە بىردەك ئەيىپلەنگەن ۋە قارىلانغان. بىراق، دەل سامانىلار خاندانلىقىغا يان باسقان بۇ ئىسلام تارىخىي ھۆججەتلىرى بىزنى قاراخانىلار خاندانلىقىغا ئائىت ئەڭ ئىپتىدائىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

بۇ مەزگىلدە قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بالاساغۇندا ئىدى. بۇ يەردە خاندانلىقنىڭ قاغانى يەنى ئارسلانخان تۇراتتى. تالاس قەلئەسى بۇ خاندانلىقنىڭ قوشۇمچە پايتەختى بولۇپ، بۇ يەردە قاغاننىڭ ئورۇنباسارى يەنى بۇغراخان تۇراتتى.

تەخمىنەن 893-يىلى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا قاراخانىلارنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، تالاس رايونىنى بىر مەھەل بېسىۋالدى ۋە قاغاننىڭ ئورۇنباسارى ئوغۇلچاقنىڭ خوتۇنى باشلىق ئون مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى ئەسىرگە ئالدى⑨.

سامانىلار خاندانلىقىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان بىر قىسىم غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى شەرقىي جەنۇپقا كۆچۈپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل قاتارلىق جايلار ئارقىلىق، تىيانشاندىن ئۆتۈپ تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى، بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى بېسىپ ئۆتكەن بۇ تىيانشان يولى غەربىي لياۋ (قىتانلار) سۇلالىسى قوشۇنى، موڭغۇل قوشۇنى، جۇڭغار قوشۇنى ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى يۈرۈش قىلىپ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا بارىدىغان ئاساسلىق قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قالغان ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە نەزەر سالغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى شۇ چاغدىكى غەربىي

پامىر ئۇيغۇرلىرى كۆز تىكىۋاتقان ئەڭ باياشات دىخانچىلىق رايونى ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۇلغىيىشى تۆبۇتلەر-نىڭ بۇ رايوندىكى سىياسى تەڭپۇڭلۇغىنى بۇزۇپ تاشلىدى ھەمدە ئۇلارنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەرب ۋە جەنۇپ تەرەپلىرىگە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. لېكىن ئۇزىدىكى كۈچ چەكلىمىسىگە ئۇچىرى-غانلىقتىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 10-ئەسىر-نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە تۆبۇتلەرنىڭ تارىمنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا قۇرغان مەمۇرى ئاپپاراتلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا نائىلاج سۈكۈت قىلدى.

تارىم ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدا تۆبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىد-غىغا خاتىمە بېرىش ئىشىنى غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئورۇنلىدى. قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا قازانغان غەلىبىسى دەسلەپتە پەقەت ھازىرقى ئاقسۇ بىلەن قەشقەر ئارىلىغى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىغى بۇ رايوندا پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك جايغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنى بويلاپ بىرنەچچە مەرتەم شىمالغا يۈرۈش قىلدى. ئاخىر كۈچار ئەتراپىدا شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىپ، روناق تېپىۋاتقان شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ئاخىردا قاراخانىلارنىڭ شىمالغا ئىلگىرىلى-شىنى توسۇپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچار قاراخانىلار خاندانلىغى بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ پاسىلى بولۇپ قالدى.

دىخانچىلىق رايونىدىكى بايلىقنىڭ قىزىقتۇرۇشى ۋە سامانىلار خاندانلىغىنىڭ بېسىمى سەۋەبىدىن، قاراخانىلار خاندانلىغى ئاخىر ئۆزىنىڭ سىياسى مەركىزىنى بالاساغۇندىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى

قەشقەرگە كۆچۈردى. مەركىزى قەشقەرگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ رايون بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتتى.

بۇ رايونغا كەلگەندىن كېيىن، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ تارىخىدا كۆرۈلگەن بىرىنچى مۇھىم ۋەقە ساتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ساتۇقنىڭ تولۇق ئېتى ساتۇق بۇغراخان ئىدى، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئابدۇلكېرىم دەپ ئاتالدى. بۇ شەخس ھەققىدە ئىسلام تارىخى ھۆججەتلىرىدە كۆپ مەلۇماتلار يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كۆپ ھاللاردا ئەپسانىگە ئايلاندۇرۇلغان. ساتۇق بۇغراخان قاراخانىلار خاندانلىقى گۈللەنگەن مەزگىللەردە ياشىغان. شۇڭا قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ نۇرغۇن تارىخىي ۋەزىپىلىرىنى، تەبىئىكى، ساتۇق بۇغراخان ئورۇنلىغان ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىدا سادىر بولغان ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بۇ شەخسنىڭ نام قازىنىشىغا سەۋەپ بولدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ساتۇق بۇغراخان كىچىك چېغىدا دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، خانلىقنى ئۇنىڭ كىچىك دادىسى ئۆتكۈزۈۋالغان ھەم ساتۇق بۇغراخان چوڭ بولغاندا خانلىقنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا كېلىشكەن. ساتۇق بۇغراخانىڭ كىچىك دادىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىكى سەۋەپنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ساتۇق بۇغراخان 16 ياشقا كىرگەندىمۇ كېلىشىم بويىچە خانلىق تەختىگە چىقالمىغان.

ساتۇق بۇغراخانىڭ ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش كۈرىشى ئۇيغۇر تارىخىدا يەنە بىر چوڭ ۋەقەنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغان. كۆچ

توپلاش ئۈچۈن، ساتۇق بۇغراخان مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا بىرىنچى بولۇپ باشلامچى بولغان. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، ئىسلام تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ساتۇق بۇغراخان توغرىسىدا نۇرغۇن يازما مەلۇماتلار قالغان.

بىر قاراشقا كېچىدە 16 ياشلىق ساتۇق بۇغراخان ئۆز يېقىنلىرىدىن 40 ئادەمنى باشلاپ ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، كىچىك دادىسىنى ھەم ئۇنىڭ ھەمدەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قايتۇرۇۋالغان⑩. بۇ قېتىمقى سىياسى ئۆزگىرىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئاستىن ئاتۇشتا، سىياسى ئۆزگىرىش بولسا قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان.

ساتۇق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئاۋال بۇددىستلارنىڭ خوتەن ھاكىمىيىتىگە، ئاندىن تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىدىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئۇرۇش قوزغىغان.

ساتۇق بۇغراخان ئىسلام تۇغى ئاستىدا بۇددىست خوتەن ھاكىمىيىتى بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۆمۈر بويى ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلالمىغان. بىراق، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، ئۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان دىنىي ئۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلاپ بەرگەن ھەمدە ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئېتىقات قىلغان بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى دەسسىشىگە ئاساس سالغان.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىش پائالىيەتلىرىدىن ئاساسلىقراقى شۇكى، ئۇ قوشۇن چىقىرىپ، يەتتەسۇ ۋە بالقاش كۆلى

بويى رايوندا ياغمىلار قوزغىغان قوزغىلاڭلارنى باستۇرغان، شۇنىڭ-
دەك ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە قاراخانىلارنىڭ قوشۇن-
لىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىن چىقىپ، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ
ئىچكىرىسىگە كىرگەن.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ پۈتكۈل ھاياتىدىكى ئىشلىرىنى سىېلىشتۇرۇپ
كۆرىدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ساتۇقنىڭ
ئۆمۈرلۈك پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق قىسمى ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ
ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ھەم مۇشۇ دىنىنى ئۇيغۇر جەمىيە-
تىگە باشلاپ كىرگەنلىكى بىلەن چېتىشلىق.

ساتۇق بۇغراخان ئۆزى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قەشقەر،
ئاقسۇ رايونلىرىدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى،
قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ قەدىمى يەتكەن ھەممىلا يەرلەردە، مەسلەن،
يەتتەسۇ رايونى، بالقاش كۆلى بويى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىمۇ
ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرغان. ئۇنىڭ رىغبىتى
بىلەن قاراخانىلار قوشۇنى بۇتخانىلارنى ۋە ھەيكەللەرگە چوقۇنغۇچى
باشقا دىنلارنىڭ قۇرۇلۇشلىرىنى دەھشەتلىك بۇزغان. شۇڭا، ئىسلام
دىنىنى تەرغىپ قىلىدىغان يازما ماتېرىياللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇرچە،
ئەرەبچە ۋە پارسچە يېزىقلاردىكى يازما ماتېرىياللاردا ساتۇق بۇغرا-
خاننىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا كۆرسەتكەن بۇ خىزمەتلىرىگە
ناھايىتى يۇكسەك باھا بېرىلگەن.

ساتۇق بۇغراخان مىلادى 955-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئاتۇشتا
دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ قەۋرىسى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بۇ يەردە
"سۇلتان ساتۇق مازىرى" دەپ ئاتىلىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا بۇغراخان

قاغان بولدى.

مۇسا بۇغراخان ئۆز ھاياتىدا خوتەندىكى بۇددىستلار ھاكىمىيتى بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيتىگە قارشى ئاندا-ساندا ئۇرۇش قوزغىغاندىن باشقا، تىلغا ئالغۇدەك ھېچقانداق ھەربى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، شۇ ۋاقىتتىكى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى كىتاپ پۈتكۈچىلەر مۇسا بۇغراخانغا تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمىگەن. بىراق پۇقرالارغا بەخت كەلتۈرۈش نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، بۇ شەخسنى قاراخانىلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆرۈنەرلىك شەخس دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، قەشقەرنىڭ باشقا رايونلار بىلەن بولغان قاتناش ئالاقىسى راۋاجلاندى. قەشقەر دەرياسى ئەتراپىدا يېڭى-يېڭى سۇ ئىنشائاتلىرى ياسالدى. خانلىق مەدرىسى، خانلىق قىرائەتخانىلار سېلىندى، قەشقەر تىيانشاننىڭ جەنۇبى بويىچە چوڭ ئىقتىسات-مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى⑪.

مۇسا بۇغراخان مىلادى 978-يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇسا بىننى ئابدۇلكېرىم ئىدى.

مۇسا بۇغراخانغا ئەبۇ ھەسەن (ھەسەن بۇغراخان) ۋارىسلىق قىلدى. قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا قارىتا ئېلىپ بارغان كەڭ كۆلەملىك ھەربى يۈرۈشلىرىگە ئەنە شۇ ئەبۇ ھەسەن بۇغراخان قوماندانلىق قىلدى.

ئەبۇ ھەسەن بوۋىسى ساتۇقنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بىلەنلا خوتەندىكى بۇد-دىستلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. خوتەنگە قارشى ئۇرۇشتا، ئەبۇ ھەسەن ئۆزىنىڭ باتۇرلۇغى ۋە قەيسەرلىگىنى

كۆرسەتتى. ئەمما جەڭدە تىلغا ئالغۇدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىلار خاندانلىغى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆزى ئۈچۈن يېڭى زېمىن ئېچىش بىلەن، ئۆزىنى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئۈچ چوڭ كۈچ بىلەن دۈش-مەنلىشىش ئورنىغا قويدى. ئۇنىڭ جەنۇبىدا خوتەن ھاكىمىيىتى، شەرقىدە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى، غەربىدە بولسا سامانىلار خاندانلىغى بار ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، قاراخانىلار خاندانلىغى يەنىلا كۈندىن-كۈنگە قۇدرەت تېپىپ ئۇلغايدى. بولۇپمۇ، مۇسا بۇغراخاننىڭ ھۆكۈمرانلى-غىدىن كېيىن، قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ ئىقتىسادى كۈچى زور دەرىجىدە ئاشتى، مانا بۇلار ئەبۇ ھەسەننى ئۆزىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان دىنىي قىزغىنلىغى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەبۇ ھەسەن خوتەن تەرەپتە ئۇرۇش قىلىپ نەتىجە ھاسىل قىلالمىغاندىن كېيىن، باشقا جايلاردا ئۆزى ئۈچۈن يېڭى زېمىن ئېچىشقا كىرىشتى. مۇنداق شارائىتتا سامانىلار خاندانلىغى ئەبۇ ھەسەننىڭ بىرىنچى تۇركۈم نىشانى بولۇپ قالدى.

سامانىلار خاندانلىغى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ھوقۇقنى مەر-كەزلەشتۈرۈشنى قاتتىق يولغا قويغان تۇنجى خاندانلىق ئىدى. سامانىلار خاندانلىغى يۈرگۈزگەن ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش سىيا-سىتى گەرچە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ تالان-تاراج قىلىشى ۋە پاراكەندىچىلىك سېلىشىنى چەكلەپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە يېتەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بۇ سىياسەتكە جاھىللىق بىلەن قارشى تۇردى. 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خارەزىم رايونى ئاشكارا ھالدا

ساманىلار خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھەممە بىقىندىلىق مۇناسى-ۋەتنى جۇملىدىن ساماىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت غەزنىسىگە باج، غەللە-پاراق تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى توختاتتى. بۇنىڭ ئارقىسى-دىن يەنى مىلادى 902-يىلى خۇراساندا، مىلادى 909-يىلى ھىراتتا ساماىلار خاندانلىقىغا قارشى ئومۇمى يۈزلۈك خەلق قوزغى-لاڭلىرى باشلىنىپ كەتتى. بىر بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن بۇ قوراللىق قوزغىلاڭلار ساماىلار خاندانلىقىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتتى. 10-ئەسىر-نىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ساماىلار خاندانلىقى يەنىمۇ پارچىلى-نىشقا باشلىدى.

مىلادى 977-يىلى سابوك تېكىن ئىسىملىك بىر لەشكەر بېشى غەزنى فەلئەسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بېسىۋېلىپ، ساماىلار خاندانلىقىدىن مۇستەقىل تۇرىدىغان غەزنى خاندانلىقىنى قۇردى. شەرقتە ھازىرقى پاكىستاننىڭ پېشاۋار رايونىدىن تارتىپ، غەربتە ئىران ئىگىزلىكىدىكى خۇراسانغىچە، شىمالدا ئامۇ دەرياسىدىن تارتىپ، جەنۇبتا پېرسىيە قولتۇقىغىچە بولغان بۇ كەڭ زېمىننى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزۈۋالدى. ساماىلار خاندان-لىقى يېقىندىن قۇدرەت تېپىۋاتقان غەزنى خاندانلىقىغا پەقەت نامدىلا ھۆكۈمرانلىق قىلالىدى⑫.

غەزنى خاندانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى بىلەن ساماىلار خانداز-لىقىنىڭ كۈچى ئېغىر زەئىپلەشتى. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈرلۈك كۈچلەر ئىچىدە ساماىلار خاندانلىقى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەبۇ ھەسەنگە ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرستى تۇغدۇرۇپ بەردى.

ماۋەرائۇننەھردىكى بىر تۈركۈم فېئودال ئاقسۆڭەكلەر قاراخانىلار

خاندانلىغىغا ھەمدەمدە بولدى. بۇ فېئودال ئاقسۆڭەكلەر قاراخانىلارنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ سامانىلار خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قاراخانىلار خاندانلىغى بىلەن يوشۇرۇن تىل بىرىكتۈرۈشكە كىرىشكەن ئىدى[13].

مىلادى 991-يىلى قاراخانىلار قوشۇنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، شەرق ۋە شىمال تەرەپلەردىن تەڭلا ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلىپ، سامانىلار خاندانلىغى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ باياشات رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالاشماقچى بولدى. شەرقىي يول قوشۇنى ئەبۇ ھەسەننىڭ باشچىلىغىدا قەشقەردىن يولغا چىقىپ، پامىر ئېگىزلىگىدىن ئۆتۈپ، فەرغانە ئويمانلىغىنىڭ ياقىسىغا يېتىپ بارغاندا، شىمالىي يول قوشۇن ئەبۇ ھەسەننىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ھارۇن (قىلىچ بۇغراخان)نىڭ قوماندانلىغىدا يولغا چىقىپ، ئىسسىق كۆل ئارقىلىق فەرغانە ئويمانلىغىغا يېقىنلىشىپ كەلدى.

ئۆزىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بولغان ۋە توساتتىن كۆتىرىلگەن سىياسى بوراندا ئاللىقاچان ھالسىراپ قالغان سامانىلار خاندانلىغىنىڭ يېڭى زىمىنغا ئىنتىزار بولغان قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يوشۇرۇن ياردىمى ئارقىسىدا، قاراخانىلار قوشۇنى فەرغانىدىكى تۇنجى جەڭدە غەلىبە قىلىپ، ئۆز دۈشمىنىنى سەمەرقەنت، بۇخارادىن ئىبارەت ئۇزۇنچاق ۋادىغا قاپساپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا قاراخانىلار قوشۇنى ماۋەرائۇننەھر بويىچە مۇھىم ھەربى ۋە سودا قەلئەسى بولغان سەمەرقەنتنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سامانىلار خاندانلىغى ئۆزىنىڭ پايتەختى بولغان بۇخارانىلا ساقلاپ قالغان ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇ ئاخىرقى

ماكانىنمۇ ئۇزاق تۇتۇپ تۇرالـمـدى. مىلادى 992 ـ يىلى ھارۇن قوماندانلىقىدىكى قاراخانىلار قوشۇنى بۇخارا قەلئەسىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. سامانىلار شاھى ئابدۇمالىك بۇخارا باش نازارەتچىسى ئەمىر نۇھنىڭ ھىمايىسىدە قەلئەنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. بۇخارا قەلئەسى قاراخانىلار قوشۇنى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئىشغال قىلىندى. كېيىنكى كۈنلەردە سامانىلار خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچـ لىرى قايتا ـ قايتا قارشىلىق كۆرسىتىپ قاراخانىلار قوشۇنى بىلەن كەسكىن جەڭلەرنى قىلىپ، بۇخارا قەلئەسىنى بىر مەزگىل قايتۇرۇـ ۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆز ھاكىمىيىتىنى بۇرۇنقىدەك مۇسـ تەھكەملەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى. نەتىجىدە قاراخانىلار خاندانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەنە بىر ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.

ھارۇن قوماندانلىقىدىكى قاراخانىلار قوشۇنى يەنە بەدەخشان قاتارلىق جايلارنىمۇ بويسۇندۇردى ھەمدە ئىران ئىگىزلىكىدىكى ھېرات قەلئەسىنىڭ يېنىغىچە يېتىپ باردى. مىلادى 993 ـ يىلى، ھارۇن قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

قاراخانىلار خاندانلىقىدا ئۆز شەخسى نامىغا ئاتاپ پۇل قۇيدۇرـ غان كىشى ھارۇن ئىكەنلىكىنى بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بۇ ھال شۇ چاغدىكى قاراخانىلار خاندانلىقىدا ئەبۇ ھەسەندىن قالسىلا ھارۇننىڭ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھارۇن بەك بالدۇر ۋاپات بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۆز شەخسى نامىغا ئاتاپ پۇل قۇيدۇرۇشتىكى مۇددىئاسى ۋە سىرى تولۇق ئايدىڭلاشـ مىدى.

بۇ مەزگىلدە قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپـ

پەقىيەتلىرى ئانچە مۇستەھكەم ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا سامانىلار خاندانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ئۆزلىرىگە بېقىنغان بەزى قەبىلىلەرنىڭ ياردىمى ئاستىدا، توختىماي قاراخانىلار قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشماقتا ئىدى. بۇ مەزگىل قاراخانىلارنىڭ راسا قۇدرەت تاپقان مەزگىلى ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى فەشقەردە بولغان پاراكەندىچىلىك ئارقىسىدا تېزلا كۆزگە كۆرۈنمەي قالدى.

ئىش مۇنداق بولغان: خوتەندىكى بۇددىستلار ھاكىمىيتى قەشقەردىكى قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ سامانىلارغا قارشى يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئەبۇ ھەسەننىڭ سەمەرقەنتتە تۇرۇپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر پۇقرالىرىنى قورالىق قوزغىلاڭ كۆتىرىشكە قۇتراتتى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ ماسلىششى بىلەن، خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەر قەلئەسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى بىر مەھەل ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىدىن ئايرىلىپ قالدى⑭.

مىلادى 996-يىلى ئەبۇ ھەسەن قاراخانىلارنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى قوشۇنلىرىنى قەشقەرگە قايتۇرۇپ، بۇددىستلار ئىسيانىغا قارشى جەڭگە قاتناشتۇردى. جەڭ نەتىجىسىدە، قاراخانىلار قوشۇنى خوتەن قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر قەلئەسىنى قايتۇرۇۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ ھەسەننىڭ دىققەت-ئېتىۋارى خوتەندىكى بۇددىستلار ھاكىمىيتى تەرەپكە بۇرالدى. دىنىي ئەسەبىلىك ۋە قىساس ئېلىش روھىي ھالىتىنىڭ تۈرتكىسى ئارقىسىدا، مىلادى 998-يىلى ئەبۇ ھەسەن خوتەن تەرەپ بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى ئەبۇ ھەسەننىڭ مۆلچىرىدىن تامامەن

باشقىچە بولۇپ چىقتى. مىلادى 998-يىلى ئەبۇ ھەسەن يەركەن ئەتراپىدا ئۇرۇشتا ئۆلدى. خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەرنى قايتا قولغا كىرگۈزدى. كېيىنچە خوتەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ۋە بىرقانچە ئون يىل داۋام قىلغان دىنىي ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش ئىشى ئەبۇ ھەسەننىڭ ۋارىسى، ھارۇننىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان تەرىپىدىن ئورۇنلاندى.

ئەبۇ ھەسەن — ئەبۇ ھەسەن ئەلى ئىبنى مۇسا ئەش شۇھۇت دەيمۇ ئاتىلىدۇ — قاراخانىلارنىڭ بۇددىستلارغا قارشى ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان تۇنجى قاغانى ئىدى. ھالبۇكى، يۈسۈپ قادىرخان بولسا خوتەن بۇددىستلار ھاكىمىيىتىنى ئاخىرقى ھېساپتا يوقىتىپ، ئىسلام دىنىنى خوتەنگىچە ئومۇملاشتۇرغان تۇنجى قاغان ئىدى. شۇ سەۋەپ-تىن ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئۇيغۇر ۋە ئىسلام ئالىملىرى، ئەدىپلىرى ئەبۇ ھەسەن ۋە يۈسۈپ قادىرخان ھەققىدە مەخسۇس تەزكىرىلەر يېزىپ، ئەبۇ ھەسەن بىلەن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ پائالىيەتلىرىنى ئالەمگە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ قەۋرىلىرى ھازىر قەشقەردە بار.

ئەبۇ ھەسەن ۋە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خوتەنگە قارشى ئۇرۇش-لىرى ئۈستىدە مۇشۇ باپنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمدە ئايرىم توختىلىمىز. تۆۋەندە قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتى توغرىسىدا بىرقۇر توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئەبۇ ھەسەننىڭ نەسەپنامىسى مۇنداق ئىدى: ئەبۇ ھەسەن — مۇسا — ساتۇق. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەبۇ ھەسەن مۇسانىڭ ئوغلى، ساتۇقنىڭ نەۋرىسى.

ئەبۇ ھەسەننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى ئەخمەت ئەلى، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ناسىر ئەلى، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمى مەنسۇر ئەلى، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئەلى. بۇ تۆت ئاكا-ئۇكا ئەلىلەر دەپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى "ئەلى گورۇھى" دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلى گورۇھىدىكىلەر كېيىنكى يىللاردا ئىچكى ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى.

ھەسەن بۇغراخان تەختتە ئولتۇرغان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەخمەت ئەلى قاراخانىلار قاغانىنىڭ مۇئاۋىنى سۈپىتىدە بالاساغۇندا تۇراتتى، ئۇ بەزىدە شىمالىي رايون باش ۋالىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى.

ئەبۇ ھەسەننىڭ ئورنىغا قاراخانىلارنىڭ قاغانى بولغان يۈسۈپ قادىرخان ھارۇن ئەبۇ مۇسا ئەلھەسەن بىننى سۇلايمان (قىلىچ بۇغراخان)نىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. بۇنىڭ نەسەبنامىسى مۇنداق ئىدى: يۈسۈپ قادىرخان — ھارۇن — سۇلايمان — ساتۇق.

ھارۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى يۈسۈپ ھەسەن (يۈسۈپ قادىرخان)، ئىككىنچىسى ئەخمەت ھەسەن، ئۈچىنچىسى ئەلى ھەسەن ئىدى. بۇ ئۈچ ئاكا-ئۇكا ھەسەنلەر دەپ، ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى "ھەسەن گورۇھى" دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن بەزىدە "سۇلايمان گورۇھى" ۋە بەزىدە "ھارۇن گورۇھى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماۋەرائۇننەھرنى بويسۇندۇرغان، يېڭىسارنىڭ يېنىدا بولغان جەڭدە قازا بولغان ھەلىقى ھەسەندىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىز بۇ گورۇھنى "ھارۇن گورۇھى" دەپ ئاتايمىز.*

---

* بەزى تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇسادىن كېيىن ھارۇن قاراخانىلار-نىڭ قاغانى بولغان دەپمۇ مەلۇمات بېرىلىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن، مۇشۇ مەزگىلدە قاراخانىلار ئۆچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا زېمىن بەرپا قىلىۋاتقان ئەلى بىلەن تونۇشۇپ باقايلى. ئۇ ئاكا-ئۇكا ئەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، تولۇق ئاتىلىشى ناسىر ئەلى ئىدى.

ئەلىنى ھەسەن تۇنجى غەربىي رايون باش ۋالىسى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزگەنت قەلئەسىدە تۇرغۇزدى. خوتەن قوشۇنى قەشقەر قەلئەسىنى ئېلىپ، قاراخانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ھەربىي كۈچىنى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جەلپ قىلغان كۈنلەردە، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ سابىق بۇخارا ۋالىسى ئەمىر نۇھ سامانىلارنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكالىدى. ئەمىر نۇھ سامانىلار خاندانلىقى دىگەن نامنى داۋاملىق قوللاندى.

ئەمىر نۇھ بىرمۇنچە چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ مەدەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى، بولۇپمۇ غەزنى خاندانلىقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

كېيىنكى يىللاردا قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن غەزنى خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشنىڭ پارتلاش سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كەلسە، تەبىئىكى، ئۇ مۇشۇ مەزگىلدە غەزنى خاندانلىقىنىڭ ئەمىر نۇھنى قوللىغانلىقىدىن ئىبارەت ۋەقەگە باغلىنىشلىق.

قاراخانىلار قوشۇنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا تارتىلىپ، قەشقەر يېنىدا بەنت قىلىنغاندا، ئەمىر نۇھ بۇخارا قەلئەسىنى قورشىۋالدى، ئەمىر نۇھنىڭ قوشۇنلىرى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا بۇ قەلئەنى ساقلاپ تۇرغان قاراخانىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخارا قەلئەسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەدەخشان

ۋە باشقا جايلاردىمۇ قاراخانىلار خاندانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلار پارتلىدى. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقى بەربات بولۇش گىرۋىكىگە كېلىپ قالدى.

بۇ چاغدا ناسىر ئەلى قاراخانىلارنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايوندىكى قوشۇنلىرىنى سەمەرقەنتكە توپلاپ، بۇ قەلئەنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى.

سەمەرقەنت يېنىدىكى ئۇرۇش بىرقانچە ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئەمىر نۇھ نائىلاج ناسىر ئەلى بىلەن سۈلھ تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. ئىككى تەرەپ ھېتۋەن چۆلىنى پاسىل قىلدى، ئۇنىڭ شەرقىدىكى جايلار قاراخانىلارغا، غەربىدىكى جايلار ئەمىر نۇھقا قارايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ناسىر ئەلى قاراخانىلار خاندانلىقى ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھر رايوندىكى مۇھىم جايلارنى ساقلاپ قالالىدى. مىلادى 997 ـ يىلى ناسىر ئەلى سامانىلار خاندانلىقىدا خان ئالماشقان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بۇخاراغا يەنە بىر قېتىم قوشۇن تارتىپ، بۇ قەلئەنى ئالماقچى بولغاندا، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سامانىلار قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، مەغلۇپ بولدى.

مىلادى 998 ـ يىلى ئەبۇ ھەسەن يەركەن ئەتراپىدا جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن، خوتەن قوشۇنلىرى بىر يوللا قەشقەر قەلئەسىنى بېسىۋالغاندا، يۈسۈپ قادىرخان سەمەرقەنتتە تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، غەيرىي مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش دېگەن شوئار بىلەن ئىسلام ئەھلى سەلىپ قوشۇنى ئۇيۇشتۇرۇپ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئىشى ناسىر ئەلىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تاپشۇرۇلدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەمىر نۇھ باشقىلار تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئابدۇمالىك ئىسىملىك بىر گۆدەك بالا سامانىلار خاندانلىقىنىڭ خانلىق تەختىگە چىقتى. بۇ ۋاقىتتا ناسىر ئەلى يەنە بۇخاراغا قوشۇن تارتتى. بۇ قېتىم ناسىر ئەلى سامانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جېدەل-ماجرالاردىن پايدىلىنىپ، ئۆز رەقىبىنى ئاسانلا يەڭدى.

شۇ يىلى قۇربان ھېيتتا قاراخانىلارنىڭ قوشۇنى بۇخارادا قەلئەگە كىرىش مۇراسىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسىنى قولغا ئېلىپ، بۇ خاندانلىقنىڭ 128 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. ناسىر بۇنىڭ كەينىدىنلا بەدەخشان ۋە ھىتپىن قاتارلىق جايلاردىكى قوزغىلاڭلارنى تىنجىتىپ، قاراخانىلارنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا قاراخانىلار قوشۇنى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ بايرىقىنى كۆتىرىۋالغان قالدۇق كۈچلەر بىلەن يەنە بىر مەزگىل ئۇرۇش قىلدى. مىلادى 1003-يىلى سامانىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇخارا قەلئەسى يېنىدا قاراخانىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخارانى بىر مەھەل ئىگەللىۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي قاراخانىلار قوشۇنى ناسىر ئەلىنىڭ قوماندانلىقىدا بۇخارانى قايتۇرۇۋالدى. سامانىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇخارا قەلئەسىنىڭ يەنە بىر قېتىم قولدىن كېتىپ قالغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن ئومۇمى خاتىمە بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن سامانىلار خاندانلىقى دىگەن بايراق يىقىلدى، كىشىلەر ئۇنى تىلغا ئالمايدىغان بولدى.

ئەمدى، بىز بالدۇرقى ۋاقىت تەرتىۋىگە كېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتەيلى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆمرىدە قىلغان ئىشلىرى، ئاددى قىلىپ ئېيتقاندا، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: بىرىنچى، ئىسلام بايرىقى ئاستىدا، بۇددىستلارنىڭ خوتەن ھاكىمىيىتىگە قارشى ئۇزاققىچە ئۇرۇش قوزغىغان. ئىككىنچى، غەزنى خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلغان. ئەمدى، ئاۋال يۈسۈپ قادىرخاننىڭ غەزنى خاندانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياقلىق قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

غەزنى خاندانلىقى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئۇلىنى تەۋرەتكەندىن كېيىنلا، قاراخانىلار خاندانلىقى تەرەققى تاپالىدى. ئەينى يىللاردا غەزنى خاندانلىقى سامانىلار خاندانلىقىنى بەنت قىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىدا بىرقانچە ئون يىل قامىلىپ قالغان غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئۆز كۈچىنى زورايتقان ئىدى. شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى مەنپەئەت ئۇلارنى بىر بىرى بىلەن زىچ باغلىۋەتكەن ئىدى.

10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا قاراخانىلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن سامانىلار خاندانلىقىغا ئۈزۈل-كېسىل زەربە بېرىپ، بىرنەچچە يىلدىلا بۇ سۇلالىنى گۇمران قىلغانلىقىدەك غايەت زور ئۆزگىرىشنى بىۋاستە كۆرۈپ تۇرغان كۈچ پەقەت غەزنى خاندانلىقى ئىدى. قاراخانىلار بىلەن سامانىلار خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرى ھەتتا بىرقانچە قېتىم ئامۇ دەرياسىغا يېقىنلاشقانمۇ بولدى، بىراق شۇ مەزگىللەردە، بۇ ئىشلارغا ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن غەزنى خاندا-

لىغىنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۇرۇشلارغا ئارىلاشقانلىقىغا ئائىت مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولمىدى. ئېھتىمال بۇنىڭغا قاراخانىلار بىلەن غەزنى خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن دۈشمەنلىكە ئورتاق تاقابىل تۇرۇش تارىخى سەۋەپ بولغان بولسا كېرەك. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىلا ئۇ ۋاقىتتا سامانىلار خاندانلىقىغا بېقىنغان ياكى ئۇنىڭغا دۈشمەن بولۇپ تۇرغان. سامانىلار خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۇلارنىڭ ئورتاق تىلىگى ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، مۇشۇ مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلغۇدەك بىرەر ۋەقە سادىر بولمىدى. قاراخانىلارنىڭ ھەربى پائالىيىتى تامامەن ماۋەرائۇننەھر رايونى بىلەنلا چەكلىنىپ، ئۇنىڭ نەزىرى تېخى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى غەزنى خاندانلىقىنىڭ زېمىنىغا چۈشمىگەن ئىدى. مىلادى 1001-يىلى قاراخانىلار ھەتتا ئەلىنىڭ قىزىنى غەزنى خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى مەھمۇتقا ياتلىق قىلغان[15].

مەھمۇت ئەسەبى دىندار ئىدى. ئۇ ھىندىستاندىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكىچە ھىندىستانغا كىرىپ ئۇرۇش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچكەن ئىدى[16]. مىلادى 1001-يىلدىن باشلاپ ئالتە يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، مەھمۇت ئەنە شۇ مەقسەتتە ھىندىستانغا ئۈچ قېتىم قوشۇن تارتىپ، بىر قاتار كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى.

سىياسى مەنپەئەت ھامان دىنىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. قاراخانىلار خاندانلىقى مەھمۇتنىڭ ھىندىستاندا غەيرى مۇسۇلمانلارغا قوزغىغان ئۇرۇشىنى قوللىمايلا قالماي، ئەكسىچە، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى غەلىبىلەردىن ئىلھاملىنىپ، مەھمۇتنىڭ ھىندى-

ستانغا قوشۇن تارتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، 1005 - يىلى غەزنى
خاندانلىقىغا كەڭ كۆلەملىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. قارا
خانىلار قوشۇنى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئىككىگە
بۆلۈنۈپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غەزنى خاندانلىقىنىڭ بەلخ ۋە
مەرۋى قاتارلىق شەھەر - قەلئەلىرىنى بېسىۋالدى، ھەتتا خۇراسان
رايونىغىچە ئىچكىرىلەپ كىردى. ئاقىۋەتتە، قاراخانىلار بىلەن
غەزنى خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشنىڭ
مۇقەددىمىسى باشلاندى.

قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمى مەھمۇتنى ھىندىستانغا
قاراتقان ئۇرۇشنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى. مىلادى 1006 - يىلى
مەھمۇت بەلخ قەلئەسى يېنىدا قاراخانىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ
قىلدى، كەينىدىنلا، قاراخانىلارنىڭ خۇراساندىن چېكىنىپ
چىقىۋاتقان يەنە بىر قوشۇنىغا توسۇپ زەربە بېرىپ، نۇرغۇن ھەربى
قورال - ياراق ۋە باشقا مۈلۈكلەرنى غەنىمەت ئالدى. شۇنىڭ بىلەن
قاراخانىلارنىڭ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ئىچكىرىلەپ
كىرىش غەرىزى يوققا چىقتى. كېيىنكى بىر يىل داۋامىدا، قارا-
خانىلار قوشۇنلىرى غەربىي رايون باش ۋالىسى ناسىر ئەلىنىڭ
قوماندانلىقىدا بىرنەچچە نۆۋەت ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ
رايونىدا غەزنى خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ئۇرۇشلار مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشتى.

مىلادى 1007 - يىلى يۈسۈپ قادىرخان قەشقەردىن سەمەرقەنتكە
بېرىپ، شىمالىي رايون باش ۋالىسى بىلەن غەربىي رايون باش
ۋالىسى قارىمىقىدىكى قوشۇنلاردىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن
ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە بۇ قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، ئامۇ

دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالدى.

بۇ 11-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە بولغان بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش ئىدى. ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپ ئىسلام دىنىنى بايراق قىلغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇڭا خەلق ئارىسىدا ۋە تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن رىۋايەت ۋە ماتېرىياللار ساقلىنىپ قالغان. كەسكىن ئۇرۇشلاردىن كېيىن، غەزنى خاندانلىقىنىڭ پىل مىنگەن ئەسكەرلىرى ئاساسىي ھۇجۇمچى قىلىنغان قوشۇنلىرى قاراخانىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى⑰.

شۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىلار قوشۇنى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدى. نەتىجىدە ئامۇ دەرياسى ئىككى تەرەپنىڭ پاسىلى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ بۇ دەريادىن قايتا ئۆتكەن ۋاقتى 13-ئەسىردىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ.

بەلخ قەلئەسىدىكى مەغلۇبىيەت قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىدە بۆلۈنۈش پەيدا قىلدى. غەربىي رايون باش ۋالىسى ناسىر ئەلى باشچىلىقىدىكى ئۇرۇش تەرەپدارلىرى غەزنى خاندانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. شىمالىي رايون باش ۋالىسى باشچىلىقىدىكى سۇلھچىلەر غەزنى خاندانلىقى بىلەن بولغان ئۇرۇشنى توختىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. بەزى رىۋايەتلەردە، ھەتتا قاراخانىلار قوشۇنى غەزنى خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى بىلەن بەلخ قەلئەسىدە قاتتىق ئېلىشىۋاتقاندا، شىمالىي رايون باش ۋالىسى قوماندانلىق قىلغان بىر قانات قوشۇن

مەقسەتلىك ھالدا سەپتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن، بۇ ھال قاراخانىلار قوشۇنىنى پۈتۈن سەپ بويىچە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان دەپ، شىمالىي رايون باش ۋالىيسىنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىنى دارىتىلاپ كۆرسىتىلگەن.

مەھمۇت قاراخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈلگەن بۇ ئىختىلاپلاردىن پايدىلىنىپ، مىلادى 1010-يىلى بالاساغۇنغا مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، شىمالىي رايون باش ۋالىيسى بىلەن ئالاقىلەشتى. بۇ ۋەقە ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان ئاسىيلىق قىلغان شىمالىي رايون باش ۋالىيسىنى جازالاش ئۈچۈن، غەربىي رايون باش ۋالىيسىنى بالاساغۇنغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى. غەربىي رايون باش ۋالىيسى باشلاپ ماڭغان قوشۇن بالاساغۇنغا يېقىن بېرىشىغا، غەزنى خاندانلىقى بۇ ئىشقا ئاشكارا ئارىلاشتى. غەزنى خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسى يۈسۈپ قادىرخانغا بالاساغۇنغا قارىتىلغان جازا يۈرۈشى توختىتىلسا، غەزنى خاندانلىقى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھەممە تىلەكلىرىنى قاندۇرۇشقا تەييار، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، غەزنى خاندانلىقى ھەربىي كۈچ ئارقىلىق بۇ جازا يۈرۈشىنى بەنت قىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇردى.

مىلادى 1011-يىلى قاراخانىلار خاندانلىقى غەزنى خاندانلىقىنىڭ سۈلھ تۈزۈش تىلىگىنى قوبۇل كۆرۈپ، بالاساغۇنغا قارىتىلغان جازا يۈرۈشىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى⑱.

غەزنى خاندانلىقى مۇناسىۋەتتە يېرىكلىك پەيدا قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، يۈسۈپ قادىرخاننى غەزنى خاندانلىقى بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىش خىيالىدىن ۋازكېچىشكە مەجبۇر قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك مەقسىدىگە يەتتى. شۇنىڭدىن

ئېتىۋارەن، قاراخانىلار بىلەن غەزنى خاندانلىقى بىر مەزگىل بىر بىرىگە چېقىلماي تېچ ئۆتۈشتى. بۇنداق بولۇشى مەھمۇت ئۈچۈن زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز تارىخىدا ئەڭ مۇھىم ئىشلارنى ئورۇنلاش ئىمكانىيىتىگە نائىل بولدى.

مىلادى 1012 ـ يىلى غەربىي رايون باش ۋالىسى ناسىر ئەلى ۋاپات بولدى. ناسىر ئەلى ئۆز جەمەتىدىن بولغان شىمالىي رايون باش ۋالىسى بىلەن ئىركەشكەنلىكى ئۈچۈن، يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئاسانلا قولغا كىرگۈزدى. يۈسۈپ قادىرخان غەربىي رايون باش ۋالىسلىق ئەمىلىنى ئىنىسى ئەلى تېكىن (ئەلى بىننى ھەسەن)گە تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھارۇن گۇرۇھىنىڭ تەسىر كۈچى ماۋەرائۇننەھر رايونىغىچە كېڭەيدى.

## 3. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە يوقىلىشى

يۈسۈپ قادىرخانىڭ غەزنى خاندانلىقىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈككەنلىكى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىدى.

مىلادى 1017 ـ يىلى شىمالىي رايون باش ۋالىسى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشنى ئاشكارا رەت قىلىپ، رەسمىي توپىلاڭ كۆتەردى. ئۆتكەندە بالاساغۇنغا قاراتقان جازا يۈرۈشىنى توختىتىپ ھاقارەتكە قالغان يۈسۈپ قادىرخان بۇ نۆۋەت ئۆزى قوشۇن باشلاپ قەشقەردىن يولغا چىقىپ، سەمەرقەنت ئارقىلىق بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلدى. ئەمما يۈسۈپ قادىرخان قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىدى. قاراخانىلار قوشۇنى ئېغىر مەغلۇپ بولۇپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا قوغلاندى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئىلگىرى ـ

ئاخىر بولۇپ ئۈچ ئاي داۋام قىلدى. شىمالىي رايون باش ۋالىسى
غەلىبە بىلەن قايتىپ كېتىۋېتىپ، 1018 ـ يىلى سەپەر ئۈستىدە قازا
تاپتى.

بالاساغۇنغا قارىتىلغان جازا يۈرۈشىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىغى
يۈسۈپ قادىرخان باشچىلىغىدىكى قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ
تاشقى رەقىپلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىقتىدارىدىنمۇ، ئىچكى
توپىلاڭلارنى تىنجىتىش ئىقتىدارىدىنمۇ قالغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ
بەردى. بۇ هال باشقا يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭمۇ قارا-
خانىلار خاندانلىغىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش نىيىتىگە مەدەت
بولدى. شىمالىي رايون باش ۋالىسى توپىلاڭ كۆتىرىپ، بىر يىل
ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، قاراخانىلار خاندانلىغى بويىچە ئەمەلىي كۈچى ئەڭ
زور بولغان غەربىي رايون باش ۋالىسى ئەلى تېكىن ئاشكارا هالدا
ئاكىسى يۈسۈپ قادىرخانغا ئاسىيلىق قىلدى.

ئەلى تېكىننىڭ ئىلكىدە قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ مۇهىم
ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ماۋەرائۇننەهر
رايونىمۇ، غەزنى خاندانلىغى ۋە توپىلاڭ كۆتەرگەن شىمالىي رايون
باش ۋالىسىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان
زور قوشۇنىمۇ بار ئىدى. تېخىمۇ مۇهىمى، بۇ قېتىمقى توپىلاڭنىڭ
قاراخانىلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە يېقىن جايدا بولغانلىغى قارا-
خانىلار خاندانلىغىنىڭ هۆكۈمرانلىرىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى.

شىددەت بىلەن كۆتىرىلىۋاتقان سىياسى بوراندا هالسىزلانغان
قاراخانىلار خاندانلىغى رەقىبىنى دوست بىلىپ، غەزنى خاندان-
لىغىنىڭ كۈچىگە سۆيىنۈپ، غەربىي رايون باش ۋالىسىنىڭ
توپىلىڭىنى تىنجىتىشقا مەجبۇر بولدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ

تەلۋىگە بىنائەن غەزنى خاندانلىقىنىڭ پادىشاسى مەھمۇت 1025 ـ يىلى ئۆزى بىۋاستە قوشۇن تارتىپ چىقىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈش بىلەن، سەمەرقەنتكە غەرپتىن يۈرۈش قىلدى. يۈسۈپ قادىرخانمۇ شەخسەن ئۆزى قەشقەردىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، سەمەرقەنتكە شەرقتىن يۈرۈش قىلدى. ئىككى قوشۇننىڭ ئىسكەندەرجىسىگە چۈشۈپ قالغان ئەلى تېكىن قايتا ـ قايتا ئېلىشىپ غەلىبە قازىنالمىغاندىن كېيىن، سەمەرقەنتنى تاشلاپ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا چىقىپ كېتىپ، قۇملۇقلاردا سەرسان بولۇپ يۈردى. يۈسۈپ قادىرخان سەمەرقەنتنى قايتۇرۇۋالدى، مەھمۇت بولسا بۇخارانى ئىگەللىدى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر شەھەر بۇخارانى غەزنى خاندانلىقىنىڭ قوشۇنى تالان ـ تاراج قىلدى.

ئەلى تېكىننىڭ توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھرنى باشقۇرۇشنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ياغان تېكىنگە تاپشۇردى. بۇ قاراخانىلار بىلەن غەزنى خاندانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ قويۇق ۋاقىتلار ئىدى. ئىككى تەرەپ قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتمۇ ئورناتتى.

1032 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ۋاپات بولدى، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا قاراخانىلار خاندانلىقىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلدى. بۇ قوزغىلاڭلار روشەن دىنىي خاراكتېر ئالغان ئىدى. قوزغىلاڭچىلار جايلاردىكى مەسچىتلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پىچەتلەنگەن بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرىنى قايتا ئېچىپ، بۇددا دىنى پائالىيەتلىرىنى باشلىۋەتتى. قوزغىلاڭ دولقۇنى تېزلىكتە خوتەن، يەركەنلەرگىچە كېڭەيدى. ھەتتا قەشقەر ئەتراپلىرىدىمۇ ئېغىر خاتىرجەمسىزلىكلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىلىرىدىكى بوستانلىقلاردا قوزغىلاڭ يالقۇنى لاۋۇلداپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئەلى تېكىن قايتا كېلىپ، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىدىن مۇستەقىل تۇرىدىغان ھاكىمىيەت قۇردى. بۇ قېتىم ئەلى تېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسى ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، غەزنى خاندانلىقىنىڭ دۈشمىنى بولغان سالجۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىنى تالىشىش يولىدا قاتتىق تىركىشۋاتقانلىقى بايان قىلىنغاندا، سالجۇقلار تىلغا ئېلىنغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، سالجۇقلار سامانىلار خاندانلىقى تەرەپتە تۇرۇپ، قاراخانىلار قوشۇنىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان، ئەمىر نۇھ بۇخارانى قايتا بېسىۋالغاندا، سالجۇقلار ئۇنى پائال قوللىغان ئىدى.

ئەمدى ئەلى تېكىن سالجۇقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن ۋاقىتتا، سالجۇقلار ئاسىيانىڭ غەربىدە ھەل قىلغۇچ كۈچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئاسىيانىڭ غەربىدىكى تارقاق ۋە ئاجىز فېئودال سۇلالىلەرنى سۈرۈپ توقاي قىلىۋەتكەن ھەمدە غەزنى خاندانلىقىغا شىددەت بىلەن زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى[19].

غەزنى خاندانلىقىنىڭ زەئىپلىشىشى تۈپەيلىدىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە تەڭپۇڭلۇق يوقالدى. قاراخانىلار خاندانلىقى ئەلى تېكىننى بەنت قىلىپ تۇرغۇچى مۇھىم كۈچ بولغان غەزنى خاندانلىقىدىن مەھرۇم قالدى، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەلى تېكىن ئۆزىگە بىۋاستە تەھدىت بولغۇدەك كۈچلەردىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ كۈچەيدى. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ئۆزگەرمەس يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

مىلادى 1032 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئەلى تېكىن ئۆزىنى قاغان دەپ جاكالىدى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كېڭىيىپ، ئەمەلىيەتتە غەربىي قاراخانىلار خاندانلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. تۆۋەندە شەرقىي قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن غەربىي قاراخانىلار خاندانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىككى ھاكىمىيەت گەۋدىسىنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى تەڭ بايان قىلىشىمىزغا توغرا كەلدى.

ئاۋۋال غەربىي قاراخانىلار خاندانلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

مىلادى 1039 ـ يىلى ئەلى تېكىن ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ بىننى ئەلى خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. شۇنىمۇ ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى ئەلى تېكىندىن باشلاپ ھارۇن گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلى گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ كۈچى ــ ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى قاراخانىلار ئۈچۈن زېمىن بەرپا قىلغان ۋە شۆھرەت قازانغان ناسىر ئەلىنىڭ ئىككى ئوغلى، يەنى مۇھەممەت بىننى ناسىر ۋە ئىبراھىم بىننى ناسىر ــ بىرقانچە يىل كۈچ جۇغلاپ، ئاخىر ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى قايتا تارتىۋېلىش دەرىجىسىگە يەتتى. مىلادى 1041 ـ يىلىغا قەدەر ئەلى گۇرۇھىدىكىلەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ بۇخارا، سەمەرقەنتلەرنى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، غەربىي قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەنە ئەلى گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئەمدى شەرقىي قاراخانىلار خاندانلىقىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۆزگىرىشلەرگە نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

مىلادى 1032-يىلى يۇسۇپ قادىرخان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ
چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ خان بولدى. سۇلايمان "شەرە-
فەن دەۋلەتى" دىگەن ھۆرمەت نامىغا ئىگە. بىرمۇنچە ھۆججەتلەردە
ئۇنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىگە يۇكسەك باھا بېرىلگەن. ئىراق، ئەمىلى-
يەتتە، قاراخانىلار خاندانلىغى تارىخىدىكى كېلىشمەسلىكلەر دەل
سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ ھۆكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە سادىر
بولدى، سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ تەختكە چىققان يىلى يەنى مىلادى
1032-يىلى ئەلى تېكىن ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۆزىنى قاغان دەپ
جاكالىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قاراخانىلار خاندانلىغى شەرقىي
قاراخانىلار، غەربىي قاراخانىلار دەپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەن
ئىدى.

سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپنىڭ ھاياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ
ئاقىۋىتى ناھايىتى پاجىئەلىك بولدى. ئۇ مىلادى 1056-يىلى ئۆز
قېرىندىشى مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ بىلەن جەڭ قىلغاندا، مەغلۇپ
بولۇپ ئۆلتۇرۇلدى. مۇھەممەت ئىبنى يۇسۇپ خانلىق تەختىگە
چىقتى. ئۇ تەختتە 15 ئاي ئولتۇرۇپ، ئورنىنى چوڭ ئوغلى ھۇسە-
يىن ئىبنى مۇھەممەتكە ئۆتكۇزۇپ بەردى.

نۇرغۇن ئالىملار ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەتنى «تۇركى تىللار
دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى دەپ ھىساپ-
لايدۇ. شۇڭا گەرچە ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەت تەختتە تۇرغان
چاغدا ھىچقانداق كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتمىغان بولسىمۇ، «تۇركى
تىللار دىۋانى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردە بۇ كىشى تىلغا
ئېلىنىپ كەلگەن.

«تۇركى تىللار دىۋانى» ئاپتورىنىڭ باياندىن بىز شۇنى بىلدۇق-

كى، ھۇسەيىن قاغان بولۇپ تۇرغان ئاخىرقى مەزگىللەردە ئوردىدا سىياسى ئۆزگىرىش بولغان⑳. ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ بىر خوتۇنى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. ھۇسەيىننىڭ ئورنىنى، تەبىئىكى، ئۆز ئېرىنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى خوتۇننىڭ ئوغلى ئىگەللىدى.

يېڭى قاغاننىڭ ئېتى ئىبراھىم ئىدى. ئىبراھىم مىلادى 1057-يىلدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلدى.

ئىبراھىمنىڭ ئورنىغا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مەھمۇت بىننى يۈسۈپ چىقتى. مەھمۇت ئۆز ئاكىسىنىڭ ئوغلى ھەسەن* بىلەن ھەمكارلىشىپ، غەربىي قاراخانىلار خاندانلىقىدىن غەربىي پامىر ئېگىزلىكىدىكى بىر تالاي زېمىننى تارتىۋېلىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنى قايتا گۈللەندۈرۈش نىيىتىدە بولدى. ئۇ ئىلى دەرياسى ۋادىسى، بالقاش كۆلى ۋە ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىغا قوشۇن ئەۋەتتى.

مەھمۇت قاغان بولغان مەزگىللەردە خاندانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى ھەسەننىڭ قولىدا بولدى. مىلادى 1069-يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئەنە شۇ ھەسەنگە ھەدىيە قىلغان، ھەسەن ئېھتىمال مىلادى 1074-يىللىرى رەسمىي قاغان بولسا كېرەك.

قاراخانىلار خاندانلىقىدا بۆلۈنۈش بولۇۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە شەرقىي قىسىملىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر

---

* ھەسەننىڭ تولۇق ئاتىلىشى ھەسەن بىننى سۇلايمان، ئۇنىڭ نەسەپنامىسى مۇنداق: ھەسەن — سۇلايمان بىننى يۈسۈپ — يۈسۈپ بىننى ھەسەن (يۈسۈپ قادىرخان).

بولۇۋاتاتتى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ھەتتا قاراخانىلار خاندانلىغى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغىمۇ يېيىلماقتا ئىدى.

ئاسىيانىڭ غەربىدە، سالجۇقلار مىلادى 1043 ـ يىلى ئىرانىنىڭ شەرقىدىكى خۇراسان رايونى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خارەزىم قەلئەسىنى ئىشغال قىلىپ، سالجۇقلار خاندانلىغىنى قۇردى. مىلادى 1055 ـ يىلى سالجۇقلار خاندانلىغى پۈتكۈل ئىران ئىگىزلىگىنى بېسىۋالدى ۋە باغدات قەلئەسىنى ئىگەللىدى. ئارقىدىنلا جەنۇبىي كاپكازنى ئۆز زېمىنىغا قوشۇۋالدى. مىلادى 1071 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇلار ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، كىچىك ئاسىيا رايونىنى بويسۇندۇردى.

11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، غەربىي قاراخانىلار خاندانلىغى بىلەن شەرقىي قاراخانىلار خاندانلىغى تەڭمۇ ـ تەڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ۋاقىتلاردا، مىلادى 1072 ـ يىلى سالجۇقلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا غەربىي قاراخانىلار قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى. شۇ قېتىمقى جەڭدە سالجۇقلار خاندانلىغى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى ئۆلتۈرۈلگەنلىگى ئۈچۈن، سالجۇقلار قوشۇنى ئالغا سىلجىمىدى. مىلادى 1088 ـ يىلى سالجۇقلار خاندانلىغى ئاخىرقى ھېساپتا بۇخارا، خارەزىم، سەمەرقەنت قاتارلىق قەلئەلەرنى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىلار خاندانلىغى سالجۇقلار خاندانلىغىغا باج ـ سېلىق تۆلەيدىغان بېقىندى دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى㉑.

شۇ مەزگىلدىن ئېتىۋارەن ماۋەرائۇننەھردىن تارتىپ تاكى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىچە بولغان ئارىلىقتا سالجۇقلار قۇرغان بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۆلىتى بارلىققا كەلدى. سالجۇقلار خاندانـ

لىغىنىڭ كۆچ ـ قۇدرەتتە كامالەتكە يەتكەنلىگىنىڭ بەلگىسى شۇكى، ئۇ پاتىمە سۇلالىسىنىڭ قولىدىن ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇقەددەس جايلىرى بولغان مەككە بىلەن مەدىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈش دائىرىسى پەقەت تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي بويىدىكى رايونلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى.

شۇ زامانلاردا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالە ۋە خاندانلىقلار ئىچىدە، سالجۇقلارنى ھىساپقا ئالمىغاندا، يەنە غەربىي لياۋ سۇلالىسىمۇ بار ئىدى. چەتئەل تارىخىي ھۆججەتلىرىدە بۇ سۇلالە ”قارا خىتاي خاندانلىغى“ (قىتانلار) دەپ ئاتىلىدۇ.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پەيدا بولۇشى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا بىر مۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەپ بولدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالغاندا، بۇ سۇلالە بۇ رايوندا مەڭگۈلۈك بىر خاتىرە قالدۇردى. رۇس تىلىدىكى КИТАЙ دىگەن سۆز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ”خىتاي“ دىگەن سۆز ئەنە شۇ ”كىدان“ (قىتان) دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان يالىلۇغ تاشىن قۇرغان ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ تارىخى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى بىلەن كەڭ ۋە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، كىتاۋىمىزنىڭ يەتتىنچى بابىدا بۇ سۇلالە ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىلادى 1123 ـ يىلى، ياللۇغ تاشىنىڭ قوشۇنى قەشقەردە قارا ـ

خانىلار خاندانلىغىنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئەھمەت قوماندانلىغىدىكى قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىلارغا تەۋە زېمىننى بېسىۋېلىپ، كەلگۈسى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ئورناتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى، بۇرۇن قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ زېمىنى بولغان جايلار ئەمدىلىكتە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

### 1. قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ سىياسى تۈزۈلمىسى

بۇ تېمىدا، ئاساسەن، قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

سامانىلار خاندانلىغىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ زېمىنى مىسلىسىز كېڭەيدى. خاندانلىق مەيدانغا كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قاتار مەشھۇر قەلئەلىرى جۈملىدىن سوياپ، بالا-ساغۇن، تالاس، چەش (ھازىرقى تاشكەنت شەھىرى)، فەرغانە، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىلار خاندان-لىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىغى ئاستىغا ئۆتتى. قاراخانىلار خاندانلىغى پامىر ئېگىزلىگىنىڭ شەرقىدىكى، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي بويلىرىدىكى ئاقسۇ، قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلارنى

ئەڭ بالدۇر بويسۇندۇرۇۋالغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يەنە دىنىي ئۇرۇش تۇغى ئاستىدا، ئۇزاق مۇددەتلىك جەڭلەر ئارقىلىق خوتەن رايونىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى دۇنخۇاڭ ئەتراپىغىچە كېڭەيتكەن ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقى ئەنە شۇ كەڭ رايوندا ئۆزىنىڭ مەركىزىي ۋە يەرلىك ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى تىكلىگەن.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتىدىكى ئەمەلدارلار بەش دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، بۇنى جەدۋەل بىلەن كۆرسەتسەك مۇنداق بولىدۇ:

**قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى مەنسەپ ناملىرى**

ئارسلان قاراخان | بۇغرا قاراخان

ئارسلان ئىلىك | بۇغرا ئىلىك | ئارسلان تېكىن | بۇغرا تېكىن

يۇگە | يىركەن | سانغۇن | ئىناچبەگ | چاغىر | توغورول

يۇغۇرۇش | ياپقۇ | توركىسىن

سۇباشى | پەردىچى باشى | ئىلىمگە بىتىكۈچى

بۇ جەدۋەلدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئارسلان ئىدى. بۇ مەنسەپكە نائىل بولغۇچى ئالىي ھۆكۈمران ھېساپلىناتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدىغىنى بۇغراخان بولۇپ، ئۇ خاننىڭ ئورۇنباسارى ئىدى. ساتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن

كېيىن، ئالى ھۆكۈمرانىنىڭ مەنسەپ ئىسمىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ بۇغراخان دىگەن نام بىلەم ئالى ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى.

جەدۋەلدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلار بىر قاتار پەخرىي ناملار بولۇپ، ئۇلار مەخسۇسلا خان جەمەتىدىكىلەرگە بېرىلەتتى. بۇ ناملار ھەم سىياسى ئىمتىيازنىڭ سىمۋولى، ھەم ئىقتىسادىي ئىمتىيازنىڭ سىمۋولى ئىدى. ماۋەرائۇننەھر رايونى بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلىكخان تۈزۈمى ھەتتا بىر خىل ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى بولۇپ قالدى.

جەدۋەلدە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغانلار مۇئەييەن ئەمەلىي مەجبۇرىيەت ئۆتەيدىغانلارنىڭ مەنسەپلىرى بولۇپ، بۇ مەنسەپلەرگىمۇ خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى تەيىنلىنەتتى.

شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەبىقىسىدىمۇ، ئۇيغۇر خاندانلىقى مەزگىلىدىكىگە ئوخشاشلا، خان جەمەتىدىكىلەر ئاساسلىق ئورۇننى ئىگەللەپ، بۇ خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق يادروسىنى ھاسىل قىلغان. تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئورۇندا تۇرغان مەنسەپلەرگىلا خان جەمەتىگە يات كىشىلەر تەيىنلىنەتتى[22].

ئەمدى قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغان يەرلىك مەمۇرى ئاپپاراتلارغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

قاراخانىلارنىڭ زېمىنىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايون كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرى ۋە دېخانچىلىق ئاھالىلىرى تەڭ ياشاۋاتقان رايون ئىدى. بۇ دائىرىدە ئاسىيادىكى ئۈچ چوڭ ئوتلاقنىڭ ئىككىسى يەنى جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن

ئۇتتۇرا ئاسىيا ئۇتلىغى بار ئىدى. ۋاھالەنكى، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن ئۇتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋۇرائۇننەھر رايونى شۇ ۋاقىتتا دۇنيا بويىچە دىخانچىلىق ئەڭ تەرەققى تاپقان رايونلاردىن ئىدى.

غەرپتە ئارال دېڭىزىدىن تارتىپ شەرقتە جۇڭغار ئويمانلىغىچە بولغان ئۇتلاق قاراخانىلار خاندانلىغى روناق تاپقان جاي ئىدى. بۇ يەرلەردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەبىلىۋى خەلقلەر تېخى فېئودالىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا تۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ئوت-چۆپ ۋە سۇنى قوغلىشىپ يۆرۈپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ماۋۇرائۇننەھر رايونى بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككىتا (ياكى ئېختا) يېرى بېرىلگەن ھەرقايسى چارۋىچى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە بۇ ئوتلاقلاردا ياشاپ كەلدى. روشەنكى، قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بۇ ئوتلاقلار بىلەن سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىلا قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇرۇق-تۇققانچىلىق، تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتى ۋە پسىخولوگىيە جەھەتلەردىمۇ يېقىن ئالاقىدا بولۇپ كەلدى.

شەرقتە خوتەن بوستانلىغىدىن تارتىپ غەرپتە بۇخارا بوستانلىغىچە بولغان جايلار دىخانچىلىق راۋاجلانغان، سودا ئىشلىرى ئاۋاتلاشقان رايون ئىدى. مۇشۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق ھاكىمىيەتلەر — جۈملىدىن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەرمۇ بۇ رايوننى باج-سېلىق ۋە مالىيە كىرىملىرىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇخارا، سەمەرقەنت، فەرغانە، قەشقەر، يەر-
كەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ مۇستەھكەم قورغانلىرى ئەزەلدىن
تارتىپ بۇ دائىرە ئىچىدە مۇھىم ھەربىي ئىستىھكاملار دەپ قارىلىپ
كەلدى، شۇنداقلا بۇ جايلار مۇشۇ دائىرىدىن پەيدا بولغان ھەممە
ھاكىمىيەتلەرنىڭ كەڭ يېزا-قىشلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشىدە
ئاساسلىق تايانچ بازا بولۇپ كەلدى.

ئوتلاقلار بىلەن دېخانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىق ئەھۋالىغا
ئاساسەن، قاراخانىلارنىڭ يەرلىك مەمۇرىي قۇرۇلمىسى ئىككى خىل
تۈس ئالدى.

چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر ئارىسىدا، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلى-
لەرنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ئۆز ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش خۇسۇسى-
يەتلىرىگە مۇناسىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئۇسۇلى بار ئىدى.
ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئۇسۇللارنى تەتبىقلاپ كەلگىنىگمۇ بىرقانچە يۈز
يىل بولغان ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقى بۇ دائىرىنىڭ ھۆكۈمرانى
بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەنئەنىۋى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى
ئۆزگەرتمىدى ياكى ئۆزگەرتىشنى خالىمىدى. قاراخانىلارنىڭ
باشقۇرۇشىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە خەلقلىرى ئۆزلىرىنىڭ
ئەسلىدىكى قەبىلە تۈزۈمىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى، قاراخانىلار
خاندانلىقى قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئۆز قەبىلىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق
ئورنىنى داۋاملىق ئېتىراپ قىلدى. قەبىلىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى
جۈملىدىن جىدەل ماجىرالارنى كېلىشتۈرۈش، جىنايەتچىلەرنى
جازالاش ۋاھاكازالارنى قەبىلە باشلىقلىرى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ
قىلدى. بۇ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋاستىلىك باشقۇرۇش دەپ
ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇنىڭ بەدىلىگە ھەرقايىسى قەبىلە باشلىقلىرى قاراخانىلار خاڭدانلىغىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىتائەت قىلاتتى ۋە مۇئەييەن ساندا باج-سېلىق تۆلەيتتى، ھەربى مەجبۇرىيەت ئۆتەيتتى.

قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ دېخانچىلىق رايونلىرىدىكى مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئوتلاق رايونلىرىدىكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، بۇ رايونلاردا بىۋاستە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىغى دېخانچىلىق رايونلىرىغا (تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايونلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرائۇننەھر رايونى) ئەمەلدار ئەۋەتتى. ئۇلار "بەگ" دەپ ئاتىلىپ، ئامانلىقنى ساقلاش، ئەدلىيە، باج ئېلىش قاتارلىق مەمۇرى ھوقۇقلارنى يۈرگۈزەتتى. ھەر دەرىجىلىك بەگلەر قاراخانىلار خاندانلىغى ئالدىدا بىۋاستە جاۋاپكار ئىدى. بۇ مەمۇرى ئەمەلدارلارنى تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇش ھوقۇقى خاننىڭ قولىدا بولۇپ، مۇشۇ يول بىلەن خاننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى دېخانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچە يايدى.

دېخانچىلىق رايونلىرى بىلەن ئوتلاقلاردا يۈرگۈزۈلگەن بۇ ئىككى خىل مەمۇرى باشقۇرۇش سىستېمىسى قاراخانىلار خاندانلىغىنىڭ پۈتكۈل تارىخىغا ئىزچىل تۈردە سىڭگەن ئىدى.

ساتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، قاراخانىلار خاندانلىغى يەنە مەركەزنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى تەسىس قىلدى. دەسلەپتە، بالاساغۇندا شىمالىي رايون باش ۋالىسى قويدى. ماۋەرائۇننەھر رايونى بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزكەنت قەلئەسىدە غەربىي رايون باش ۋالىسى قويدى[23].

شىمالىي رايون باش ۋالىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئارال دېڭىزى،

بالـقاش كۆلى بويـلىرى، يەتتەسۇ ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شىمالى
ھەم غەربىدىكى ئوتـلاقلار، غەربىي رايون باش ۋالىسىنىڭ باشقۇرۇ-
شىغا فەرغانە، سەمەرقەنـت، بۇخارا ۋە بەدەخـشان رايونـلىرى ئاج-
رىتىپ بېرىلـدى. تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي ياقىسىدىكى
رايونـلار بولـسا قاراخانـلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيـتىنىڭ بىۋاسـتە
باشـقۇرۇشـىدا بولـدى.

شىمالىي رايون باش ۋالـسى بىلەن غەربىي رايون باش ۋالـسى
ئومۇمەن خان جەمەتىدىكـلەردىن بولدى. ھارۇن جەمەتىدىن ئەلى
تېـكىن غەربىي رايون باش ۋالـسى بولۇشـتىن بۇرۇن، بۇ ئىكـكى
ۋەزىپىگە باشـتىن-ئاخىر ئەلى جەمەتىدىكىلەر تەيىنلـنىپ كەلـگەن
ئىدى.

قاراخانـلار خاندانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت
ياراتـقان شەرتـلەرنىڭ بىرى ئۇزاق مۇددەتـلىك ئۇرۇشلار داۋامىدا
چېنىقـقان، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ بىۋاستە باشـقۇرۇشىدا بولغان
قوزالـلىق كۈچ ئىدى. 11-ئەسىرنىڭ ئوتـتۇرىلىرىدىن بۇرۇن، قارا
خانىلار ھۆكۈمـرانلىرى مۇنداق كۈچلۈك قوراللىق كۈچكە تايىنىپ،
تۆرلۈك دۈشـمەنـلەشـكۈچى كۈچـلەرنى تىزگىنـلەپ تۇرغان ئىدى.
بۇ ھال خېشى ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ۋە شىجۇ ئۇيـغۇرلىرى ھاك-
مىيىتى قاغانـلىرىغا قارىغانـدا قاراخانىلار خانـلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ
ئەملىي ھوقۇقـقا ئىگە بولۇشىدىكى بىر سەۋەب بولدى. «تۈركى تىللار
دىۋانى»نىڭ قىسمەن مەلۇماتـلىرىغا قارىغانـدا، قاراخانـلار قوشۇنى
تەشـكىلىي تۈزۈلۈش جەھەتـتىن خېلى مۇكەممەل قوشۇن بولغان㉔.

مۇكەممەل ھۆكۈمـرانلىق تۈزۈمى ھوقۇقنى مەركەزلەشـتۈرۈش
ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ھوقۇقـنى مەركەزگە مەركەزلەش-

ئۆرۈش ئەھۋالى بۇ خانداللىقنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىدە روشەن ئىپادىلەندى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە خېشى ئۇيغۇرلىرىغا سېلىشتۇرغاندا، شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، قاراخانىلارنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشلىرى تامامەن ھۆكۈمەت دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلدى.

مىلادى 1009-يىلى قاراخانىلار خاندانلىقى روزۋىن باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سوغا-سالام يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. 1063-يىلى، سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەلچىسىگە بىنائەن، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانىغا "سادىق، ئىتائەتمەن ئالتۇن قانات قاراخان" دىگەن ئۇنۋان بەردى. 1085-يىلى، قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە ئات سودىسى قىلىشتى، بۇ ئات سودىسىدا قاراخانىلار خاندانلىقى بىر مىليون 200 مىڭ تىزىق يارماق تاپاۋەت قىلدى㉕.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، بىز ئۇنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىمىز. بۇ ئالاقىلەر ئىككى تەرەپنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىشلىرىدە ئىپادىلەنگەندىن تاشقىرى، پسىخولوگىيىلىك ھېسسىيات جەھەتتىمۇ ئىپادىلەندى. مەسىلەن، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھامان ئۆزلىرىگە "تاۋغاش"، "تامغاش" دىگەن پەخرىي ئۇنۋانىنى بېرىپ كەلدى. شىمالىي رايوندىكى كۆچمەن چارۋىچىلار شۇ سۆز بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ كېڭەيتىلگەن مەنىسى "جۇڭگو" دىگەنلىك ئىدى.

قاراخانىلار خانىدانلىقى مەزگىلىدە قويۇلغان پۇللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ ئۆزىگە تامغاش دىگەن پەخرىي نامنى بەرگۈچىلەر ئەخمەت بىننى ئەلى، ئەلى ھەسەن (ئەلى تېكىن)، ئىبراھىم بىننى ناسىر، ھەسەن بىننى سۇلايمانلاردىن ئىبارەت ئىدى.

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مەھمۇت قەشقەرى جۇڭگونى يۇقۇرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ ئۈچ بۆلەككە ئايرىغان. ئاپتور ئۆزى ياشاۋاتقان رايوننى — قاراخانىلار خانىدانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دائىرىنى — تۆۋەن جۇڭگو دەپ ئاتىغان، بۇنىڭدىن ئۆزى ياشاۋاتقان زىمىننى جۇڭگونىڭ بىر قىسمى دەپ ھىساپلايدىغان قاراشىنىڭ غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا خېلى ئومۇمى يۈزلۈك ئىكەنلىگىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 2. قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ ئىقتىسادى

ئىقتىسادىي جەھەتتە توختالغاندا، بىز بۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋىچىلىقتىن دىخانچىلىققا ئۆتۈش جەريانىنى ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا كىرگەن يېڭى مۇلۇكچىلىك شەكلىنى بايان قىلىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلماقچىمىز، ئاخىرىدا قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ سودا پائالىيەتلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزمەكچىمىز.

پامىر ئېگىزلىگى ئەتراپىدا قاراخانىلار قوشۇنلىرىنىڭ زەپەر مارشى ياڭراۋاتقان چاغلاردا، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆزىدىكى ئىجتىمائى - ئىقتىسادىي قۇرۇلما چاك - چېكىدىن بۆسۈلمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتلەردە قازانغان غەلىبىلىرى ئۇلارنى ئوتتۇرا ئاسيا ۋە تىيانشاننىڭ جەنۇبى بويىچە ئەڭ باياشات

دېخانچىلىق رايونلىرىغا ئىگە قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش دائىرىسىنىمۇ كېڭەيتتى. ئۇلار يەتتەسۇ رايونىغا قامىلىپ قالغان ۋاقىتلاردا زادىلا ئۇچراتمىغان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە تۇرمۇش شەكلى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە كىرىشكە باشلىدى.

ھەممىدىن ئاۋۋال دېخانچىلىقتا خاس ئەۋزەللىكلەر غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنى جەلپ قىلدى.

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى دېخانچىلىقتىن ھاسىل بولىدىغان مۇقىم مەھسۇلاتلار ۋە ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشى ئېلىپ كېلىدىغان تۇراقلىق تۇرمۇش مۇھىتى جەلپ قىلدى. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپىنى دېخانچىلىقتىن كېلىدىغان مول بايلىق ۋە ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشى يارىتالايدىغان تېخىمۇ ھەشەمەتلىك تۇرمۇش شارائىتى جەلپ قىلدى.

مۇشۇ مەزگىلدە دېخانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، چارۋىچىلىققا سەل قارىغۇچىلار بىلەن چارۋىچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ، دېخانچىلىققا سەل قارىغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرىلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ خۇلاسىسى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، دېخانچىلىق غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ۋە پسىخولوگىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن[26].

پامىرنىڭ غەربىدە قاراخانىلار دۆلەت بىۋاستە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلار يەرنىڭ بىر قىسمىنى خان جەمەتىدىكىلەرگە نەسەپلىك زېمىن قىلىپ بېرىۋەتتى. بۇنداق يەرلەرگە ئىگە بولغانلار ئىلىكخانلار دەپ ئاتالدى. قالغان بىر قىسىم يەرنى سامانىلار خاندانلىقىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، ئېختا دېگەن

نام بىلەن، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە ھەم باشقا چارۋىچى قەبىلە-لەرنىڭ ئاقسۆڭەكلىرىگە ئۆمۈرلۈك زېمىن قىلىپ بەردى[27].

مەيلى ئىلىكخانلار (نەسەپلىك خاس يەرلەر) بولسۇن، ياكى "ئىختا" (ئۆمۈرلۈك سۈيۈرغال) يەرلەر بولسۇن، نامدا قاراخانىلارنىڭ قاغانلىرىغا مەنسۇپ ئىدى.

نەسەپلىك خاس يەرلەر بىلەن سۈيۈرغال يەرلەرگە ئىگە بولغۇچىلارغا شەرت قويۇلغان. خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن ئاقسۆڭەكلەر مەلۇم مەجبۇرىيەتنى يەنى سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربى مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ خىلدىكى يەرلەردىن بەھرىمەن بولالايتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئىلىكخانلارغا بېرىلگەن يەرلەرگە ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ۋارىسلىق قىلالايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئىلىكخانلار ئۆزىگە بېرىلگەن نەسەپ زېمىن دائىرىسىدە باج ئېلىش، ئۆز ئالدىغا سوراق قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىدى. لېكىن ئۇلاردا ئۆز ئالدىغا قوشۇن ئۇيۇش-تۇرۇش ۋە مەمۇرى ئاپپاراتلارنى قۇرۇش ھوقۇقى بولمايتتى.

ئىختا يېرىگە ئىگە بولغان ئاقسۆڭەكلەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى بۇ يەرلەرگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلالمايتتى، ئەگەر ۋارىسلىق قىلىش توغرا كەلسە، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى شەرت ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەسلى ئىگىلىگى چارۋىچىلىق بولغاچقا، خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن ھەر دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەرگە يەر ۋە سۇدىن باشقا، يايلاقمۇ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ ئىلىكخان ۋە ئىختا تۈزۈمى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلاقلىرىدا ۋە ماۋۇرائۇننەھر رايونىدا يەر، سۇ ۋە

ئوتلاقلارغا فېئودالـلىق ئىگىـدارلىـق قىلىشـنىڭ ئاساسـي شەكـلى بولۇپ قالغان.

نەسەپلىك خاس يەرلەرنى ئىگەللىگەن ئىلىكخانـلار بىلەن ئېختىا يەرلىرىـنى ئىگەللىـگەن ئاقسـۆڭەكـلەر بىر تەرەپ بولۇپ ئېكسپىـ لاتاتسىيە قىلغۇچىلار لاگىرىـنى، يەكـكە دىخانلار بىلەن ئورتاقـچى ئىجارىكەشلەر بىر تەرەپ بولۇپ ئېكسپىـلاتاتسـيە قىلىنـغۇچىـلار لاگىرىنى ھاسىل قىلغان.

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار لاگىرىـدا قاراخانلار خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتى، ئۇيـغۇر ئاقسـۆڭەكلـرى بىلەن قارلۇق ئاقسـۆڭەكـ لىرىدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم يەرلـىك فېـئودال پومېشىـكلار بار ئىدى. ئېكسپىلاتاتسـيە قىلىنـغۇچىـلار قاتارىدا ئۇيـغۇر ۋە قارلۇق ئەمگەكـچىلىرىـدىن باشـقا، يەنە بويسۇنـدۇرۇلـغان رايونـلاردىـكى ئەمگەكچىلەر بار ئىدى.

قاراخانلار خاندانلىقىنىڭ ئىگىلىك تارمىقىـدا دىخانـچىلىقتىن باشقا، سودا ۋە قول سانائەتمۇ بار ئىدى.

قاراخانـلار خانـدانـلىقىـنىڭ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى غەلىبىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن تارىم ۋادىسـىنىڭ جەنۇبىدىـكى بۇ كەڭ زېمىنـنى بىرلىكـكە كەلـگەن ھاكىمىيەت ئاسـتىغا قويۇپ، بۇ رايونلارنىڭ سودا تەرەققىياتىـنى ئىـشەنچلىـك بازار ۋە تىنچلىق مۇھىتى بىلەن تەمىنلىدى.

قاراخانـلار خانـدانلىقىنىڭ كۆپـلەپ مىتال پۇل قۇيدۇرغانلىقى ئەينى يىلـلاردا سودا پائالىيتىـنىڭ ناھايـتى ئەۋج ئالـغانلىقىـنى تولۇق ئەكـس ئەتـتۇرۇپ بېرىـدۇ. بۇ پۇلـلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەر- قايسى جايلىرىدىن تېپىلىشى ئاتقانلىقى بىزگە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا،

قارا دېڭىز بويلىرىدا، ھەتتا يىراقتىكى نىل دەرياسى بويلىرىدا قاراخانىلار خاندانلىقى دائىرىسىدىن يولغا چىققان سودا كارۋانلىرىنىڭ توپا-چاڭلارنى توزىتىپ، ئايىغى ئۈزۈلمەستىن قاتناپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇلار سۇڭ سۇلالىسى، لياۋ سۇلالىسى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى، پېرسىيە، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى، رۇس كىنەزلىكلىرى ھەتتا مىسىر قاتارلىق جايلار بىلەن سودا جەھەتتە بېرىش-كېلىش قىلىشىپ تۇرغان.

سودا ئىشلىرىنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى «قۇتادغۇ بىلىك»تىمۇ ئەكس ئەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى كىشىلەرنى سودىگەرلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە، ئۇلارنىڭ ئىشىك-دەرۋازىلىرىنى ئۇلارغا يوغىنىراق ئېچىپ بېرىشكە ئۈندىگەن[28].

بۇ مەزگىللەردە چارۋىچىلىق تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئۈچۈن شەھەرلەر يېڭى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. بىر مەھەل ئارىسالدى بولۇپ قالغان بۇ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئوتلاقلاردىن شەھەرلەرگە كۆچۈپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ يېزا ۋە ئوتلاقلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان مەركەزلىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى شەھەرلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتتى ۋە جانلاندۇرۇۋەتتى. تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى قەشقەر، يەركەن، خوتەن ھەمدە سامانىلار خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان بۇخارا، سەمەرقەنت، فەرغانە قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمقى شەھەرلىرى بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. سودا

ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بۇ شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدا قەدىمقى يىپەك يولىنى بويلاپ يېڭى ساراي ۋە ئۆتەڭلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى.

11 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا كەلگەندە، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىدە يولدىن چىقىپ كېتىشتەك ئېغىر ھادىسە كۆرۈلدى. بۇ ھادىسە ھەممىدىن ئاۋال ئىلىكخان ۋە ئېختا تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يۈز بەردى. شەرتلىك ئېختا يەرلىرى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان، ھەم ئۆتۈنۈپ بېرىلىدىغان خۇسۇسى مۈلۈككە ئايلىنىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئېختا يەرلىرىگە بىۋاستە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى ئۈزۈلۈكىدىن قالدى.

فېئوداللىق تۈزۈمگە خاس سەلبى ئامىللار ئاخىر قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سىياسى ئامىلغا ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدە بىر زامان ھۆكۈم سۈرگەن بۇ خاندانلىقنى سامانىلار خاندانلىقىغا ئوخشاش بەربات بولغان كونا يولغا سېلىپ قويدى.

## 3. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى

بۇ تېمىدا بىز تىل، يېزىق، مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن قاراخانىلار ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇرۇش چوقانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى تارىخىدا يېڭى بىر باسقۇچتىن دېرەك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ

يېڭى مۇھىت ھازىرلىغان ئىدى.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى بۇنى مۇقەددىمە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدىنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى داۋاملىق تەرەققى قىلدۇرۇپ ۋە تولۇقلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىگىگىچە تارقىتىپ، مۇشۇ رايونلاردىكى ئىدىيە، مەدىنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تىل:

سامانىلار خاندانلىغى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان قاراخانىلارنىڭ سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى ئورنى كۈچىيىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىغى دائىرىسىدىكى زېمىندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائى ئورنىنىمۇ ئۆستۈردى. نەتىجىدە، ئۇيغۇر تىلى ھۆكۈمەت خەت-ئالاقىلىرى، سودا ئىشلىرى، باج، دەلىل-ھۆججەت قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ قوللىنىلىپ، ھەممە ئېتىراپ قىلغان ھۆكۈمەت تىلىغا ئايلاندى. شۇڭا، جايلاردىكى غەيرى ئۇيغۇر فېئوداللار، ئەمەلدارلارنىڭ بۇ تىلنى ئۆگىنىشى زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سودىگەرلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ سودا ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۇنى ئۆگىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالدى.

بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ تىلىغا بولغان بۇنداق سىياسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارقىلىشىنى تېزلىتىپ، ئۇنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئەنە شۇنداق كەڭ، ئومۇمى يۈزلۈك ۋە كۆپلەپ قوللىنىلىش ئارقىسىدا، ئۇيغۇر تىلى مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ دائىرىدە ئەملىي ئىشلىتىلىش

پۈرستىگە ئىگە بولىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ فونېتىكا، گراماتىكا، لېكسىكا جەھەتلىرىدە يەنىمۇ راۋاجلىنىپ، تەرتىپلىك، مۇكەممەل تىلغا ئايلاندى.*

فونېتىكا جەھەتتە، سۇزۇق تاۋۇشلار ئارىسىدىكى ۋە بوغۇمىنىڭ ئايىغىدىكى قەدىمقى B تاۋۇشى W غا ئۆزگەردى، مەسىلەن:

سۇب (سۇ) سۇۋ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى؛

ئەب (ئۆي) ئەۋ قىلىپ ئۆزگەرتىلدى؛

تابغاش (جۇڭگو) تاۋغاش قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

گراماتىكا جەھەتتە:

(1) چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى "دىن"، "تىن"؛

(2) چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى "نى"؛

(3) سۈپەت ياسىغۇچىلار "گۈ"، "غۇ" (بۇلارنىڭ كېڭەيتىلگەن شەكلى سۈپەتداش پېئىلىنىڭ بۇيرۇق شەكلى "گۈلۈك"، "غۇلۇق")، مەقسەتنى بىلدۈرگۈچى رەۋىشداش قوشۇمچىسى "گىلى"، "غىلى"؛

(4) سۈپەتداش "گەن"، "غان"؛

(5) رەۋىشداش "گىنىشە"، "غىنىشە"؛

(6) شەرت رايىدىكى پېئىل قوشۇمچىلىرى "سا"، "سە"؛

(7) ئالماش "كىم" ۋاھاكالار بارلىققا كەلدى.

---

* ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت بۇ قىسمىنى يېزىشتا، ئاسەن يولداش گېڭ شىمىنىڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە» دىگەن ماقالىسىدىن پايدىلاندىم. بۇ ماقالا «جۇڭگو تىل - يېزىغى» ژورنىلىنىڭ 1963 - يىللىق 4 - سانىغا بېسىلغان.

لېكسىكا جەھەتتە: يېڭى خەنزۇچە ئاتالغۇلار تېخىمۇ كۆپەيدى. مەسىلەن، يۇڭلا (ئىشلەتتى)، بەندىڭ (ئورۇندۇق) قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىنمۇ نۇرغۇن ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىندى. مەسىلەن، "دۇنيا"، "دىن"، "دۈشمەن"، "دوست"، "دىخان"* قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا قاراخانىلار دەۋرى مۇھىم بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان دەۋر ئىدى. بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلى، بىر تەرەپتىن، نۇرغۇن مەسىلىلەردە يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى قەدىمقى خۇسۇسىيەتلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى. ئېتىيالۇق، فونېتىكا جەھەتتە، سوزۇق تاۋۇشلار ئارىسىدىكى ۋە بوغۇمنىڭ ئايىغىدىكى قەدىمقى D تاۋۇشى ساقلاپ قېلىندى. مەسىلەن، "ئاداق" (ئاياق)، "بادۇك" (بۈيۈك)، "كىدىم" (كىيىم)، "كىدىنكى" (كېيىنكى) ۋاھاكازالار. گىراماتىكا جەھەتتە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى "ئىگ"، "ئىغ"لار "نى" بىلەن تەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن، "ئالتۇنىغ" (ئالتۇننى)، "تەمۈرىگ" (تۆمۈرنى). لېكسىكا جەھەتتە، ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلگەن بەزى ئاتالغۇلار داۋاملىق قوللىنىلغان. ئېيتيالۇق، سۇ (قوشۇن)، بالىخ (شەھەر)، كۈگشۈ (خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان، كۈگجۈ، مەلىكە)، سانغۇن (سانگۇن)

---

* دىخان (دېھقان) دىگەن سۆز قەدىمقى پېرسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا "پومېشچىكلار" دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان. ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭ ئەسلى مەنىسى ئۆزگەرتىلىپ، دىخانچىلىق قىلغۇچىلار دىگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

(خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان، جىياڭجۇن، ھەربىي سەركەردە) قاتارلىقلار.

قاراخانىلار خاندانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىدا بولۇپمۇ مەدەنىيەت ساھەسىدە يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇردى. 14-ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلەر، مەسىلەن، خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە»، قۇتبىنىڭ «خىسراۋ-شىرىن»، شۇنىڭدەك بابۇرنىڭ ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ ئەلشىر ناۋائىينىڭ غايەت زور ۋە ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىرنى مۇكەممەل دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى.

ئەلشىر ناۋائىينىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، ئۇ ياشىغان ۋاقىتلاردىمۇ ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلگەن. ھەتتا ئۇيغۇر تىلىنى بىلىش-بىلمەسلىك بىر كىشىنىڭ بىلىمىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى ئۆلچەيدىغان مىزانلاردىن بىرى بولغان⑳ .

غەربىي لياۋ سۇلالىسى قاراخانىلار خاندانلىقىنى يوقاتقاندا، ئۇيغۇر تىلى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا يەرلىك ئاھالىلەر تىللىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۇ رايوندا ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىلغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم تۆھپە قوشقان. ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىشىدا بىردىن-بىر ۋاستە بولماقتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۇيغۇر تىلى ئورتاق تىل رولىنى ئويناماقتا.

يېزىق:

بۈگۈنكى كۆنگچە يەتتەسۇ رايوندا غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ

يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىغا دائىر مەلۇماتلار تېپىلمىغاچقا، ئېهتىمال ئۇلار شۇ ۋاقىتلاردا داۋاملىق ھالدا قەدىمىي تۈرك يېزىقىنى قوللانغان بولسا كېرەك دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن.

قاراخانىلار ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا كېڭەيتكەندىن كېيىن، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى يېڭى مۇرەككەپ يېزىقلار مۇھىتىغا كىرىپ قالدى. شۇ ۋاقىتلاردا، بۇ رايوندا بىراخما يېزىقى، سۇغدى يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قوللىنىلماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىجات قىلغان ئۇيغۇر يېزىقىمۇ بۇ يېزىقلار قاتارىغا كىرمەكتە ئىدى.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ ۋاستە بولۇشى ئارقىسىدا، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىجات قىلغان يېزىقنى ئۆزىنىڭ يېزىقى قىلدى. ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» ئەنە شۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان*. بۇ يېزىقنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىق قوللىنىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر نامايەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر مەشھۇر شائىرى ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ 12 ـ ئەسىردە يازغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) ناملىق ئەسىرىدىن ئىبارەت[30].

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى يېڭى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىجات قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يېزىق تارىخىدا ھېچقانداق

---

* «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىسى ھازىر ئاۋستىرىيىنىڭ ۋېنا شەھىرىدە ساقلانماقتا.

تۆھپە ياراتمىغان دىگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب يېزىغىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىدا ئاساسلىق ۋاستىچى بولغان، ئۇلار ئارقىلىق پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان ئەرەب يېزىغى تا ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا.

بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن، ئەرەب يېزىقى ئاخىرقى ھېساپتا يېڭى ئۇيغۇر يېزىغىنى (ئۆتكەن 500 يىل داۋامىدا ئۇيغۇرلار مۇشۇ يېزىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىي تۇرمۇشىنى خاتىرىلىگەن) سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى كۆچىدىن قالغان يېزىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن بۇ ئۇيغۇر يېزىقى بۇنىڭ بىلەن تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ كەتكىنى يوق، ئەلۋەتتە، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يېزىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ سىياسى كۈچ-قۇدرىتىگە سۆيىنىپ، شۇ ۋاقىتتا، دۇنيادا نوپۇزلۇق يېزىقلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بۈگۈنكى كۈندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگراد مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 1220-يىلدىن-1225-يىلغىچە ھاسىل بولغان ئاتالمىش "چىڭگىزخان مەڭگۈ تېشى"، فرانسىيىنىڭ پارىژ دۆلەت ئارخىپخانىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، 1289-يىلى ئالغۇ خاننىڭ ھەم 1305-يىلى ئۇئىلجاتۇنىڭ فرانسىيە پادىشاسى فىلىپ لېبىلغا يازغان خېتى قاتارلىقلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىجات قىلغان مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان㉛.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرلۈك تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ، بولۇپمۇ 16-ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدىنىيىتىگە غايەت زور تۆھپە قوشقان ئۆزبېكلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىن-

نىشىدا يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي ۋاستە بولغان. مۇشۇ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان، ئۆزبېك خەلقى كىلاسسىك ئەدىبىي ئەسەر-لىرىگە كىرگۈزگەن «مىراجنامە»، «بەختىيارنامە»، «تەزكىرەئى ئەۋلىيا»، «سىرا جۇلقۇلپ» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ[32].

مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى:

مۇشۇ باپتا بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مەدەنىيەت مېۋىلىرى ئەڭ كۆپ بولغان مەزگىل ئىدى، تارىخ ئۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىل-دىكى مەدەنىيەت پائالىيىتى سىياسىي ۋە ھەربىي پائالىيەتلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك بولدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى غايەت زور مۇۋەپپە-قىيەتلىرى توغرىسىدا ئالدىنقى باپتا توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدى، ئاساسەن، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدە قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى قارا-خانىلار خاندانلىقى ياراتقان مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت، قويۇق ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە يۈكسەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى يەنە بىر تەرەپتىن ئەكس ئەتتۈردى.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىق يارقىن مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەر تا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدىكى ھۆججەت خاراكتېرلىق ئەسەرلەر دەپ تونۇلۇپ

كەلمەكتە.

«قۇتادغۇ بىلىك» چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، 85 باپ، 6645 بېيىت، يەنى 13 مىڭ 290 مىسرادىن تەركىب تاپقان. بۇ ئەسەر مەسنىۋى شەكلىدە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. بۇ ئەسەر جۈملە-ئىبارىلىرىنىڭ نەپىسلىكى، قاپىيىسىنىڭ مۇكەممەللىكى ھەم كامالەتكە يەتكەن بەدىئىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر شائىرلارنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالغان.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، شۇنداق تونۇشقا كەلدۇقكى، ئۇ نوقۇل بەدىئىي ئەسەر ئەمەس، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى، جۈملىدىن سىياسى، قانۇن، ئەخلاق، پەلسەپە، مەدەنىيەت ۋە دىن قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇلار بۇ ئەسەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى ۋە تارىخىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.

قىزىق يېرى شۇكى، بۇ ئەسەردە سىمۋول خاراكتېرلىق تۆت خىيالىي شەخس ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ۋە مۇھاكىمە ئارقىلىق، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان كەڭ مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى، پادىشا كۈنتۇغدى بولۇپ، ئۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى. ئىككىنچىسى، ۋەزىر ئايتولدى بولۇپ، ئۇ دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ سىمۋولى، ئۈچىنچىسى، ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بولۇپ، ئۇ ئەقىل ۋە دانالىقنىڭ سىمۋولى. تۆتىنچىسى، ۋەزىرنىڭ بۇرادىرى ئودغۇرمىش بولۇپ، ئۇ كەمتەرلىك ۋە مەسۇملۇقنىڭ" سىمۋولى. «قۇتادغۇ بىلىك» دىگەن نامدىن ئۇنىڭ بىلىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك

كىتاپ ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېيتساق، بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم دېگەن مەنىنى بېرىدۇ.

بۇ ئەسەر ئوخشاش بولمىغان سورۇنلاردا كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى ۋە بىلىمىنى ئېغىشماي ئاشۇرۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. مۇئەللىپ مۇنداق دەپ ھېساپلىغان: ئادەم بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھەققانىيەتنى ياقلىيالايدۇ. ھەقىقەتكە ئۆزىنى بېغىشلىيالايدۇ، تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە ياشاشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، ھەق-ناھەقنى ئايرىيالايدۇ، تۈرلۈك خېيىم-خەتەرلەرنى تۈگىتىپ، ياخشىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يامانلىقنى چەكلىيەلەيدۇ[33].

«قۇتادغۇ بىلىك» 1069-1070-يىللىرى يېزىلغان. ئۇ دەسلەپتە "ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان، ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى ئارسلان"غا تەقدىم قىلىنغان. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ تۇنجى كۆچۈرۈلمىسى 1439-1440-يىللىرى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھېرات شەھرىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئەپسۇسكى، بۇنى قېتىقسىنىپ كۆچۈرگەن كاتىپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ قالدۇرمىغان ۋە ئۆزى ئۆرنەك قىلغان نۇسخىنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقىنى ئىزھار قىلمىغان. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، گېرمانىيىنىڭ تۈركىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ بارود ھامىر پورگىشتال ئىسىملىك كاتىۋى بىر كىتاپپۇرۇشتىن بۇ كىتاپنى سېتىۋالغان. ئۇزاق ئۆتمەي، ھامىر بۇ كىتاپنى ئۆز نامىدىن ئاۋستىرىيىنىڭ ۋېنا مۇزېيىغا سوغا قىلىۋەتكەن. مىسىرلىق مارس ئىسىملىك بىر كىشى قاھىرەدىكى بىر خۇسۇسىنىڭ كۈتۈپخانىسىدىن بۇ كىتاپنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىنى تاپقان. 1914-يىلى ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپا-

قىنىڭ نامانگان شەھىرىدە بۇ كىتاپنىڭ ئۇچىنچى مۇكەممەل كۆچۈ-
رۈلمىسى تېپىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئىران، ئافغانىستان قاتارلىق
جايلاردىمۇ بۇ كىتاپنىڭ پارچىلىرى تېپىلغان.

ئەپسۇسكى، بىز مۇئەللىپنىڭ تەرجىمھالى، كەچۈرمىشلىرى ۋە
يېزىقچىلىق تارىخى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بىلەلمىدۇق. تۇمان-
دەك دەۋر پەردىسى بىزنى مۇئەللىپتىن تامامەن ئايرىۋەتتى، مۇئەل-
لىپنىڭ شەخسى تەقدىرى، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىش جەريانى بىزگە غۇۋا ئىدى.

بىز بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتقان يۇقۇرقى مەسىلىلەر توغرىسىدا
ئاز بولسىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال قالدۇرۇپ كەتكەن كىشى يەنىلا
ئۆز نامىنى قالدۇرۇشنى لايىق كۆرمىگەن ھىلىقى كاتىپ بولۇپ، ئۇ
ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرگە قوشقان خاتىمىسىدە بىزگە «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ مۇئەللىپى بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن، قاراخانىلار خاندان-
لىغى قاغانىنىڭ خۇسۇسى مەسلىھەتچىسى بولغان، دىگەننى ناھايىتى
ئېنىق ئۇقتۇرۇپ بەرگەن.

دەرۋەقە، مۇئەللىپنىڭ ئىسمىدىنمۇ ئۇنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىلىرى
چىقىپ تۇرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» مۇئەللىپىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى
يۇسۇپ خاس ھاجىپ. بۇ ئىسمنى تەھلىل قىلىش نەتىجىسىدىن شۇ
ئەھۋال بىزگە ئايان بولىدىكى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى يۇسۇپ، خاس
ھاجىپ بولسا ئۇنىڭ سالاھىيىتىنىڭ بەلگىسى ئىكەن. خاس دىگەن
سۆزنىڭ ئەرەبچە مەنىسى يېقىن ۋە ئىشەنچلىك كىشى دىگەنلىك
بولۇپ، ھاجىپ دىگەن ساراي مەنسەپلىرىدىن بىرىدۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن باشقا يەنە
«قابۇسنامە»، «سىياسەتنامە» دىگەن ئىككى ئەسىرى بار. ئەپسۇسكى،

بۇ ئەسەرلەر كېيىنكى يىللاردا يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ئىككى ئەسەر ئىلگىر-كېيىن بولۇپ 1082-ۋە 1091-يىللىرى يېزىلىپ پۈتكەن. كېيىنكى ئەسىرنىڭ 1091-يىلى تاماملانغانلىقىدىن يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ياشىغانلىقى مەلۇم بولدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» — جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەرلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيە، مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان يەنە بىر ئەسەر مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى» مۇئەييەن تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 11-ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخىي پائالىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك.

«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار خاندانلىقى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى بىلەن ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ياشىغان. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلى مۇنۇ ئەھۋاللارنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى:

1. 11-ئەسىردە قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوندا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقنىڭ تىلى — ئۇيغۇر تىلى بىردىنلا بۇ رايوندا ئاساسىي تىلغا ئايلانغان، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىمۇ غەلىبە شاۋقۇنى ئىچىدە بىر خىل يات تىل مۇھىتىغا كىرىپ قالغان، نەتىجىدە ئۇيغۇرلاردىمۇ، يەرلىك ئاھالىلەردىمۇ تەڭلا قارشى تەرەپنىڭ تىلىنى يات كۆرۈش تۈيغۇسى پەيدا بولغان. ئىجتىمائى ئىگىلىك راۋاجلىنىۋاتقان، جايلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى

قويۇقلىشىۋاتقان، ئىدىيە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى ھەدەپ جانلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، تۈرلۈك تىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋانلاشتۇرۇش شۇ ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى بولۇپ قالغان ئىدى.

2. ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى شۇ يەردە كەڭ تارقالغان ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيەتلىرى بىلەن گويا ئىككى زور ئېقىم بىر بىرىگە قوشۇلغاندەك قوشۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەرەب ۋە پارس ئاتالغۇلىرى ئۇيغۇر تىلىغا كىرىشكە باشلىغان.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى قىزغىن سۆيەتتى. شۇڭا ئۇ ئەرەب، پارس ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كۆپلەپ كىرىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق بىئارام بولغان. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ كىتاب يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى نۇرلاندۇرۇشقا، ساپلىقىنى قوغداشقا نىيەت باغلايدۇ. روشەنكى، ئۇنىڭ بۇ مۇددىئاسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىگە زىت ئىدى، ئەلۋەتتە. مەھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇنداق ئىستىخىيىلىك مۇددىئا بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى بويىچە مۇھىم بىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلاش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ.

بۇ بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ چىقىشتا مۇئەللىپ ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئىلمىي كۆزىتىش ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ھەم تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئوتلاق ۋە بوستانلىقلارنى كېزىپ چىقىدۇ. ئۇ ھەرقايسى قەبىلە-خەلقلەرنىڭ تەركىۋى، تىل خۇسۇسىيەتلىرى، تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى، ئۆرپ-

ئادەت، مىجەز-خۇلقلىرى، شۇنىڭدەك تاغ ۋە دەريالارنى تەكشۇ-رىدۇ، خەلق ئارىسىدىكى ھىكايە-چۆچەك، رىۋايەت، ماقال-تەمسىل ۋە قوشاقلارنى كەڭ تۈردە توپلايدۇ، بۇخارا، سەمەرقەنت، مەرۋى، نىشاپۇر قاتارلىق جايلاردىكى بىلىملىك ئالىملاردىن كەمتەرلىك بىلەن بىلىم ئالىدۇ(34).

مەھمۇت قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇ ۋاقىتلاردا ئاسىيا بويىچە غايەت زور مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ھىرات شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ ۋە پۈتۈن ئۆم-رىدە توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەشكە كىرىشىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ ئەنە شۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئەمگەك سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە، «تۈركى تىللار دىۋانى» دەپ نام بېرىلگەن بۇ بۈيۈك ئەسەر 11-ئەسىردە دۇنياغا كەلگەن*.

«تۈركى تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن ھەر بىر ئاتالغۇغا تەپسىلى ئىزاھات بېرىلگەندىن تاشقىرى، ھەرقايسى جايلارنىڭ قوشاق، تەمسىل ۋە ماقاللىرىدىن 300 دىن كۆپرەكى كىرگۈزۈل-گەن.

كىتاپ پۈتكەندىن كېيىن، مۇئەللىپ ئۇنى ئابباسىلار خاندان-لىقىنىڭ پادىشاسى ئەبۇلقاسىم ئىبنى ئابدۇللاغا بېغىشلىدى. بۇ ئىش مۇئەللىپنىڭ مۇشۇ كىتاپىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىغا تامامەن

* فرانسىيىلىك ل. بازىن ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسەن «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن ۋاقتىنى 1083-يىلى دەپ ھىساپلى-غان. ل. بازىننىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىسى ۋېنگرىيىدە چىقىدىغان «شەرقشۇناسلىق ئىلمىي ژورنىلى»دا ئېلان قىلىنغان.

ئۇيغۇن ئىدى. چۈنكى مۇئەللىپىنىڭ مۇددىئاسى ئەرەب دۇنياسىغا ئۇيغۇر مەدىنىيىتىنى تەرغىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ئەسەرنى كۆچۈرگەن بىر قاتار كاتىپلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان قوشۇمچىلىرىغا قارىغاندا، مۇئەللىپ ۋاپات بولۇپ 200 يىلدىن كېيىن، ھازىرقى سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشقتە (شۇ ۋاقىتتا بۇ شەھەر شام دەپ ئاتىلاتتى) ئەبۇلپەتتاخ ساۋۇر بىننى ئابابەكرى بىننى مۇھەممەت ئىسىملىك بىر كىشى بۇ ئەسەرنى بىرىنچى بولۇپ كۆچۈرۈپ چىققان. بۇ كاتىپ ئۆزىنى يۇرتۇم قەشقەر، ئۆزەم شامدا تۇغۇلغان دەپ تونۇشتۇرغان. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۆرنەك قىلغىنى مۇئەللىپنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئارىدىن 700 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، 1910-يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھىرىدە بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر خىل كۆچۈرمىسى تېپىلدى. تۈركىيىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى باش ۋەزىرى تەلئەت پاشانىڭ قاتنىشىشى بىلەن، 1917-يىلى بۇ ئەسەر تۇنجى قېتىم مەتبەئەدە بېسىلدى. 1939-يىلىغا قەدەر ھازىرقى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەزەربەيجاندا ۋە تۈركىيىدە «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەن بىر قاتار ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

«تۈركى تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ قەدىمىي قامۇسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشتىلا مىسلىسىز ئەسەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدىنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە ئەسەر.

روشەنكى، مەھمۇت قەشقەرى بىر خىل پاسسىپ مۇددىئانىڭ تۈرتكىسىدە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدىيە، مەدىنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور بىر

قۇرۇلۇشنى پۈتتۈرگەن.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنى قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن دەيدۇ. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مەھمۇت قەشقەرى. ئۇ خان جەمەتىدىن بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى ناھايىتى باياشات ئۆتكەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ "مەن ناھايىتى ياخشى قورال قوللىنىمەن" دىگەن.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دىن باشقا «كىتاب جۋاھر النحوفى لغات الترك» («تۈركى تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى)» ناملىق يەنە بىر كىتاپ يازغان. بۇ ئەسەر مەخسۇس تەرجىمە ماھارىتى ھەققىدىكى ئەسەر بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ نامى پەقەت «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مۇقەددىمىسىدىلا ئاتاپ ئۆتۈلگەن.

دىن:

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى يېڭى رايونغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بۇددا دىنى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. كېيىنكى يىللاردا غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا، ئۇلار ئۆزلىرى ئاللىقاچان ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلاقلىرىغا كىرگەن چاغدا، بۇ يەردە ھەر خىل قەبىلىۋى دىنلار ھەم زەردەشت دىنى بار ئىدى. تۈرلۈك دىنلارنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىپ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇشۇ رايوندا ھەرقايسى چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەرنىڭ گىرەلىشىپ توختىماي كۆچۈپ يۈرگەن ھالىتىگە

مۇناسىپ ئىدى. ھەرقايسى دىنلار گويا ئېقىنلارغا ئوخشاش، ئوتلاقلاردا ئۆزلىرىنىڭ ياشىشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇھىتنى ئىزدەپ ئېقىپ يۈرەتتى. ئۇلار يا بىر يەرگە قوشۇلۇپ، چوڭ ئېقىن ھاسىل قىلالمايتتى، يا ئۆز رەقىپلىرىنى يېڭىپ، ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولالمايتتى.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلاقلىرىدا ئۆتكۈزگەن بىرقانچە ئون يىللىق ھاياتى ئەنە شۇنداق ئىرماش-چىرماشلىق ئىچىدە، لېكىن داۋالغۇشسىز ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلىرى ئادەتلىنىپ كەتكەن شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. بۇنىڭدىن باشقا زەردەشت دىنى، مانى دىنى ھەم باشقا قەبىلىۋى دىنلارغىمۇ ئېتىقات قىلاتتى[35].

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدى. غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى ئىسلام دىنى تارىخىدىمۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدىمۇ دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام دىنى غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ رولىغا تايىنىپ، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىش بىلەن، بۇ رايوندا مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئەۋج ئالغان بۇددا دىنىغا خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنىڭ رەقىبى بولغان بۇ دىننى ئىنتايىن مۇھىم بىر بازىدىن مەھرۇم قىلدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە مۇشۇ باپنىڭ ئۈچىنچى بۆلۈمىدە مەخسۇس توختىلىمىز.

قاراخانىلار خاندانلىقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىناكارلىق-نەققاشلىق سەنئىتى روشەن ھالدا

ئىسلام دىنىنىڭ تۇسىنى ئالدى، مەسىلەن، ئۈستى يۇمۇلاق گۈمبەزلەر، ئېگىز پەشتاقلىق مەسچىتلەر، ۋاھاكازالار. بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىغىدىكى كارۋان يولىدا قۇرۇلغان ئىستىھكاملىق ساراي ـــ راباتئى مۇلكىنىڭ خارابىلىرى، بۇخارا، زەرقورغان ۋە ۋاپقاندىكى مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىرىنىڭ ئىزلىرى مۇشۇ ۋاقىتتىن قېپقالغان يادىكارلىقلاردۇر. تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان يادىكارلىقلاردىن يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزكەنت قەۋرىستانلىغىمۇ بار.

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشى

10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى دەۋردىمۇ ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقات قىلىدىغان بىردىن-بىر دىنى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشتا ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەريان ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىللەردىكى تارىخىي پائالىيەتلىرى بىلەن جەمبەرچەس باغلانغان.

"ئىسلام" دىگەن سۆز ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "ئىتائەت قىلىش"، "ئەقىدە باغلاش"، "بويسۇنۇش" دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاتچىلىرى "مۇسۇلمان" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى ـــ مۇھەممەت.

٧-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ۋۇجۇتقا كېلىۋاتقان ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇرلار ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن يىراق بولغان ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. كېيىن ئىسلام دىنى ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادا داغدۇغىلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر قازىنىۋاتقان چاغلاردىمۇ، ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلارغا ناتونۇش ئىدى.

غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندا، ئۇلاردىن بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقان قارلۇقلار ۋە ئۇلاردىن سەل كېيىن كەلگەن ياغمىلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بولغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى يەنىلا غەيرىي مۇسۇلمانلار بولۇپ قېلىۋەردى.

10-ئەسىردىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يۈز بەرگەن سىياسى جەھەتتىكى پاتىپاراقچىلىق بۇ يەردىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۈچى ئۇلغىيىپ، قاراخانىلار خانىدانلىقى دىگەن نام بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسى تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا سىياسى، ھەربى، ئىقتىسادىي ۋە مەدىنىيەت جەھەتلەردە بىر قاتار ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ساھەسىدە كۆرۈلىدىغان ئۆزگىرىش ئۈچۈنمۇ شەرت ھازىرلىدى.

تەخمىنەن ئوغۇزخان ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە يەنى قاراخانىلار خانىدانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىغان. ئىسلام تارىخىي ھۆججەت-

لىرىدە ئوغۇزخانغا مەدھىيە ئوقۇلغانلىغىغا قارىغاندا، بۇ قاغان ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىغا زور ئىشتىياق باغلىغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش جەريانى ئۈستىدە داۋاملىق تەتقىقات يۈرگۈزگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئوغۇزخاننىڭ ھەمدەملىششى بىلەنلا ئىسلام دىنى غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى تۆۋرۈككە ئايلىنىپ قالغىنى يوق، دېگەن تەسىراتقا كېلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىلارنىڭ تەسىر كۆچى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىگە ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ھەتتا بىر مەھەل غايىپ بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا شۇ ئەھۋاللار سەۋەپ بولىدىكى، بىرىنچىدىن، ئىسلام دىنى بۇ رايوندا كۈچلۈك رەقىبى بولغان بۇددا دىنىغا دۇچكەلگەن؛ ئىككىنچىدىن، قاراخانىلار ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەرگە يۆتكەپ كەتكەندىن كېيىن، ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى — سامانىلار خانداندىلىغى بىلەن تامامەن دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرغان. نۇرغۇن تارىخىي ھۆججەتلەردە قاراخانىلار ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ بۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەتلىرىنى قاتتىق چەكلىگەنلىگى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قانۇنسىزلىقتىن قانۇنىيلىققا ئۆتۈش جەريانىنى قاراخانىلار ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلغان ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىدى.

بۇ زور تارىخىي ۋەقەدە مۇھىم رول ئوينىغان كىشى قاراخانىلار

قاغاننىڭ قانۇنىي ۋارىسى ساتۇق بۇغراخان ئىدى.

19 ـ ئەسىردە يېزىلغان «تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە» ناملىق كىتاپتا بۇ ھەقتە بىر رىۋايەت كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تۇغۇلغان كۈنى يەر شۇنداق قاتتىق تەۋرىدىكى، يەردىن بۇلار چىقىپ ئېقىشقا باشلىدى. گەرچە ساتۇق تۇغۇلغان كۈنى قىش پەسلى بولسىمۇ، گۈللەر ئېچىلدى. ... ساتۇق يەتتە ياشقا كىرگەندە، ئاتىسى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپىسىنى ساتۇقنىڭ تاغىسى ھارۇن بۇغراخان نىكاھىغا ئالدى، ھارۇن ساتۇقنى بەش يىل تەربىيىلىدى، ساتۇق 12 ياشقا كىردى. ساتۇق ئوۋغا چىقىشقا بىرقانچە كۈن تەييارلىنىپ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە 39 نەپەر دوستى بىلەن ئوۋغا چىقتى، ئۇ ئوۋ ئۈستىدە ئاستىن ئاتۇشنىڭ بەقۇ دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشتى. قارىسا، چىرايلىق كىيىنگەن كارۋانلار بىر چۆپلۈك جايغا چۈشكەن ئىكەن، ساتۇق بۇلارنى كۆرۈپ، بىزنىڭ تەۋەيىمىزدە مۇنداق ئادەملەر يوق ئىدى، دەپ ھەيران بولۇپ، ئۆز ھەمرالىرىنى باشلاپ، يۈرۈكلار، بېرىپ بۇ كارۋاننىڭ قەيەردىن كەلگەنلىگىنى سوراپ باقايلى، يىراق يەردىن بىزگە خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنمىكىن دەپ، كارۋاننىڭ قېشىغا كەلدى. كارۋانبېشىنىڭ ئېتى خوجا ئەبۇ ناسىر سامانى ئىدى، خوجا ئەبۇ ناسىر يىراقتىن ساتۇقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىلدىكى، تارىختا سۇلتان بولغۇسى ساتۇق بۇغراخان ئىكەن. خۇداغا شۈكۈر، مەقسىدىم ھاسىل بولدى، دەپ خوشال بولۇپ، دەرھال خىزمەتـ چىلىرىگە قاراپ: دۇنيانىڭ ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ پادىشاھى، مېنىڭ كۆزلىگەن ئادىمىم كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىممۇ شۇ زاتنىڭ تۇپەيلى ئىدى، ئەي خىزمەتكارلار، يۈگىنى

ئېچىپ، شول خانىزادىگە لايىق سوغا ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار يۈكلەرنى ئېچىپ، دەرھال سوغا ئېلىپ كەلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، كارۋاندىكىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئۈچۈن ئەزان ئېيتتى، ھەممە كىشى ئورنىدىن قوپۇپ، يۈكلىرىنى ئوچۇق قويۇپ، ناماز ئۆتەشكە باشلىدى، نامازنى ئۆتەپ بولۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ جەرياننىڭ ھەممىسىگە ساتۇق قاراپ تۇردى. ساتۇق بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، بۇلار ئاجايىپ كارۋانلار ئىكەن، يۈكلىرى ئوچۇق تۇرىدۇ، بىزگە پەرۋا قىلماي بېشىنى يەرگە ئۇرىدۇ (سەجدە قىلىدۇ)، دەپ ئەندىشە قىلىپ تۇردى. خوجا ئەبۇ ناسىر سامانى ساتۇقنىڭ ئالدىغا يەتتە قەدەم كېلىپ سالام بەردى. ساتۇق ئاتتىن چۈشۈپ، خوجا ئەبۇ ناسىر بىلەن كۆرۈشتى، خوجا ئەبۇ ناسىر ساتۇقنى قوشىغا (چېدىرىغا) تەكلىپ قىلدى. سۇلتان ساتۇق قوبۇل قىلىپ، قوشقا كىرىپ پاتىھە قىلدى. ئەبۇ ناسىر سامانى ساتۇقنىڭ ئالدىغا سوغا قىلىپ ھەر خىل رەختلەردىن بىر جۈپتىن قويدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، خوجا ئەبۇ ناسىر ساتۇق بۇغراخانغا نەسىھەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. خوجا ئەبۇ ناسىر سامانىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ساتۇق بۇغراخان جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە، بۇنىڭدىن بۇرۇن خىزىر ئۇچرىشىپ، سىزگە بىر كىشى يولۇقۇپ ئىسلام دىنىنى ئۆگىتىدۇ، دەپ بەرگەن تەلىماتى ساقلانغان ئىدى"[36].

شۇنداق قىلىپ ساتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان. ئەگەردە، «تەزكىرەئى ئۆۋەيسىيە»دە بايان قىلىنغان جەرياندا بىر-ئاز بولسىمۇ چىنلىق بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلارنىڭ

ساتۇقتا قالدۇرغان ئەڭ كۈچلۈك تەسىراتى ئۇلارنىڭ ئىنتىزامچانـ
لىقى ۋە دىنغا باغلىغان سەممىي ئېتىقادى بولسا كېرەك. ئاددىيغىنا
ئېتىقات بىلەنلا ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىر قوشۇننى
ئۇيۇشتۇرۇش ھوقۇق تارتىۋېلىشقا تەشنا بولۇپ تۇرغان بۇ
شاھزادىنىڭ دىتىغا راسا ياقاتتى.

«تەزكىرەئى ئۇۋەيسىيە»دىكى مەلۇماتتا ئېيتىلىشىچە، شۇنىڭدىن
كېيىن، خوجا ئەبۇ ناسىر سامانى ئاتۇش ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ
يۈرۈپ، ساتۇق بۇغراخان بىلەن داۋاملىق ئالاقە باغلىغان. ئەبۇ
ناسىرنىڭ يوشۇرۇنغان جايى ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆز يېقىنلىرىنى
يېتىشتۈرۈپ، كۈچ تەييارلايدىغان تايانچ نۇقتىسى بولۇپ قالغان.

ئالتە ئايدەك پىلانلاش ۋە تەييارلىق كۆرۈش ئارقىسىدا،
ساتۇق بۇغراخان ئاخىر ئۆزىنىڭ تۇنجى تۈركۈم مۇسۇلمان
قوشۇننى ئۇيۇشتۇرۇپ، قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەر
قەلئەسىنىڭ يېنىدا كىچىك دادىسى بىلەن خانلىق تالىشىش
كۈرىشىنى باشلىۋەتتى. ساتۇق كىچىك دادىسىنى مەغلۇپ قىلدى ۋە
ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كىچىك
دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىقنى تارتىۋالدى.

ساتۇق بۇغراخاننىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش جەريانىنىڭ
بۇ رىۋايەتتىكىگە قانچىلىك ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى دەلىللىشىمىزگە
ماتېرىيال كەملىك قىلىدۇ. لېكىن، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ سىياسى
ئۆزگىرىشتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئېنىق. بىزنىڭ بۇ ھۆكمىمىزنى
دەلىللەيدىغان پاكىتلار شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىسلام دىنىنىڭ
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش جەريانىنى بايان قىلىدىغان بىر قاتار
ئەسەرلەردە — جۇملىدىن خۇراپاتلىققا تولغان يازما ماتېرىيالـ

لاردا — ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىنىڭ مۇقەددىمىسى ساتۇق بۇغراخان قاغان بولغان مەزگىلدە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلدۇ.

ساتۇق بۇغراخان قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئالى ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتا ئىسلام دىنىدىن مەدەت ئالغانلىقتىن، ئىسلام دىنى قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوندا تەبىئىي ھالدا قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىسلام دىنى باشقا دىنلار ئېرىشەلمىگەن تۈرلۈك ئىمتىيازلارغىمۇ ئېرىشتى.

ساتۇق بۇغراخان ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى "جىھاد" شوئارى ئاستىدا ئۇرۇش قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇ بۇددىستلارنىڭ خوتەن ھاكىمىيىتى ۋە ئۆزلىرىگە ئورۇقداش بولغان، لېكىن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارىتا ئۇرۇش قوزغىدى. گەرچە ئۇ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، ئىسلام دىنىنى تيانشاننىڭ جەنۇبىغا تارقىتىش مەقسىدىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، مۇشۇ ئىشقا ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەقلى ۋە كۈچىنى سەرپ قىلدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن.

ئوتتۇرا ئەسىردە دىنلار قوزغىغان ئەسەبىلىك ۋە قىرغىنچىلىق ۋەقەلىرى دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنى تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شۇ ۋاقىتتىكى تارىخىي مۇھىتقا كونكرېتلاشتۇرغاندا، باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، پەقەت دىنىي ئېتىقاتتىكى ئىختىلاپلا قاراخانىلار خاندانلىقىنى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بۇددىستلار ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان. دەرۋەقە، مۇشۇ سەۋەپتىن ساتۇق بۇغراخان

ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ۋە خوتەن ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۇزاققىچە ئۇرۇش بولۇپ تۇردى.

ئۇرۇش قىلغۇچى تەرەپلەر ئۆز كۈچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، بىر بىرىنى يېڭەلمىگەنلىكتىن، تاكى ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغانغا قەدەر بۇ ئۇرۇشلارنىڭ چېكى يەنىلا كۆرۈنمەي قالغان. قايسى تەرەپنىڭ ئۇتۇپ چىققىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتىمۇ كۆرۈنمىگەن.

مىلادى 955 - يىلى، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. شۇ يىلى ساتۇق بۇغراخان ۋاپات بولۇپ، چوڭ ئوغلى مۇسا تەختكە چىقتى. مۇسادىن كېيىن ساتۇقنىڭ چوڭ نەۋرىسى ئەبۇ ھەسەن قاغانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ماۋەرائۇننەھر رايونىغا يۈرۈش قىلىپ، سامانىلار خاندانلىقىنى ئاخىرقى ھىساپتا ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئەنە شۇ ئەبۇ ھەسەندىن باشلانغان.

يېڭى قاغان بولغان ئەبۇ ھەسەن مەيلى ھۆكۈمرانلىق تەجرىبىسى جەھەتتە بولسۇن، مەيلى شەخسى ئابروي جەھەتتە بولسۇن، ساتۇق بۇغراخاندىن قېپقالغان بوشلۇقنى دەماللىققا تولدۇرۇپ كېتەلمىدى. قاراخانىلارنىڭ پۈتكۈل ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسى بىر مەھەل تولۇقلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان ئىدى. بۇ ھالەتنىڭ تاشقى ئىپادىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئەتراپتىكى خانلىقلارغا قاراتقان ئۇرۇشلىرى كەينى - كەينىدىن جىمىقىپ قالدى.

بۇ يېڭى ئۆزگىرىشتىن ھەممىدىن بۇرۇن خوتەن تەرەپ پايدىلاندى. شۇ يىلى خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەر قەلئەسىگىچە قىستاپ

كېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بۇ مۇھىم بازىسىغا ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل جىمىقىپ قالغان دىنىي ئۇرۇش ئوتى يېڭىۋاشتىن يالقۇنجىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇ ھەسەن بوۋىسىنىڭ شوئارىنى قوللىنىپ، مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە شىددەتلىك جەڭ قىلىش ئارقىلىق، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدىكى ئەڭ مۇھىم بازىسى بولغان قەشقەرنى قوغداپ قالدى.

خوتەن بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەبۇ ھەسەننىڭ ھاياتىدىكى ئۈچ چوڭ بۇرۇلۇش مەزگىلىنىڭ بىرى ئىدى. قالغان ئىككى بۇرۇلۇش مەزگىلى ئۇنىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا قاراتقان ئۇرۇشى ۋە قەشقەر قەلئەسىنى يېڭىۋاشتىن قولغا ئېلىشىدىن ئىبارەت.

ئەبۇ ھەسەن قاغان بولۇش بىلەنلا يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن يازما مەلۇماتلار قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، بىز خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا بولغان بۇ ئۇرۇشنىڭ تەپسىلاتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەر قەلئەسىنى ھۇجۇم بىلەن ئالالمىغاندىن كېيىن، خوتەنگە قاراپ چېكىنىدۇ. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ بىرقانچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلاننىڭ قوماندانلىقىدا خوتەن قوشۇنلىرىغا قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىپ، يېڭىسارنىڭ ۋەتەن خارالى دېگەن يېرىگە كەلگەندە،

بۇ يەردە ئىستىھكام قۇرۇۋالغان خوتەن قوشۇنلىرىنىڭ توشۇپ قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ئۇچرايدۇ.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، قاراخانىلار قوشۇنلىرى ناماز ئوقۇۋاتقاندا، خوتەن قوشۇنلىرى شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇلارنى بىر يولىلا تارمار قىلىدۇ، ئەلى ئارسلان ئۇرۇشتا ئۆلىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقان نۇرغۇن مۇسۇلمان ئاياللارمۇ جەڭدە ئۆلىدۇ[37].

ئەلى ئارسلان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ ھەسەن ئۆزى بىۋاستە قوشۇن باشلاپ كېلىپ، كۆكيار (ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغلىق رايون)دا خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن يەتتە كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ بىر بىرىنى مەغلۇپ قىلالمايدۇ، ئاقىۋەتتە، خوتەن قوشۇنلىرى خوتەنگە قاراپ چېكىنىدۇ، قاراخانىلار قوشۇنلىرى بولسا ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىغانلىقتىن، دۈشمەن رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشكە پېتىنالماي، قەشقەرگە چېكىنىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ساتۇق بۇغرا خاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوسمان ئۆلىدۇ.

خوتەن تەرەپ قاراخانىلار بىلەن قاتتىق كۈچ سىنىشىش جەريانىدا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە ئېغىر چىقىم تارتىپ، قايتا تۇتۇشۇشقا قۇربى يەتمەي قالىدۇ.

قاراخانىلار خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى گەرچە جەننەتنىڭ دەرۋازىسى ئۆزلىرىدەك جىھادچىلار ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق دەپ ئىشەنسىمۇ، لېكىن خان جەمەتىدىن بىرمۇنچە كىشى جەڭدە ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دىنىي ئەسەبىلىكى رەھىمسىز رېئاللىق ئالدىدا سوۋۇشقا باشلايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بىر بىرىگە دۈشمەن بۇ ئىككى ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدا بىر مەھەل ئۇرۇشسىز

ھالەت بارلىققا كېلىدۇ. ئەبۇ ھەسەن دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئورۇنلىيالىغان.

مىلادى 996 - يىلى ئەبۇ ھەسەن ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قاراخانىلار خاندانلىقى تارىخىدىكى ئەڭ شانلىق غالىبانە ھەربى يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەردە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى، بۇ قوزغىلاڭدىن دىنىي مۆتىۋەرلەر تەبىقىسى پايدىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، بۇددا دىنىنى بايراق قىلغان خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەر قەلئەسىگە ئاسانلا باستۇرۇپ كىردى.

بەش ئايچە قاتتىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە، قاراخانىلار قوشۇنى ئەبۇ ھەسەننىڭ قوماندانلىقىدا ئاخىر خوتەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قەشقەر قەلئەسىنى قايتۇرۇۋالدى. خوتەن قوشۇنلىرى يېڭىسارغا چېكىندى. يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق دېگەن يېرىدە ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى قاتتىق ئۇرۇشتى. خوتەن قوشۇنلىرى تاغ باغرىنى بويلاپ ئىستىھكام قۇرۇپ راسلىنىپ تۇردى. ساتۇق بۇغراخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى ھۈسەيىن قوماندانلىقىدىكى قاراخانىلار قوشۇنى دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىپلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. قايتا - قايتا ئېلىشىپمۇ خوتەن قوشۇنىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى بۇزۇۋېتەلمىگەن قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ روھى تېزلا چۈشۈپ كەتتى، ئاقىۋەتتە، خوتەن قوشۇنى ھۇجۇمغا ئاتلىنىشى بىلەنلا، قاراخانىلار قوشۇنى پاتىپاراق بولۇپ چېكىنىشتى. جەڭدە قاراخانىلار قوشۇنىنىڭ قوماندانى ھۈسەيىن ئۆلتۈرۈلدى.

ئەبۇ ھەسەن بولۇۋاتقان چىقىمغا قارىماي، زور تۈركۈم قوشۇنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇشقا ئاتلاندۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي،

ساتۇق بۇغرا خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ھۈسەن ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئاخىر خوتەن تەرەپنىڭ ھەربى كۈچىنى تونۇپ يەتكەن ئەبۇ ھەسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى ۋە يەركەن ئەتراپىدا خوتەن قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق تىركەشتى.

بىر قېتىملىق تۇيۇقسىز بولغان جەڭدە قاراخانىلارنىڭ ئالى ھۆكۈمرانى بولغان ئەبۇ ھەسەن قىلىچۋازلىقتا ئۆلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ چوڭ ھەدىسى ئەلا نۇرمۇ شۇ قېتىمقى جەڭدە ئۆلدى[38].

ئوتتۇرا ئاسىيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئەبۇ ھەسەن دىنىي ئۇرۇشتا ئاخىر يەرگە يىقىلدى، ئۇنىڭ ھاياتى دىنىي ئەسەبىلىك ۋە باتۇرلۇققا تولغان بولۇپ، ئۇ ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنى بايرىقى ئاستىدا قۇربان بولغان جەمەتى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى.

ئەبۇ ھەسەن ئۆلگەندىن كېيىن، ھەربى ئىشلار ۋەزىيىتىدە جىددى ئۆزگىرىش بولدى. قاراخانىلار قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولدى، خوتەن قوشۇنلىرى قەشقەرنى يېڭىۋاشتىن بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى ئۆز تارىخىدا ئەڭ ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭ پامىرنىڭ شەرقىدىكى خىل قوشۇنى تامامەن گۇمران بولدى، زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى قولدىن كەتتى. ئۇنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمۇ قاتتىق سىياسى بوران-چاپقۇنغا دۇچ كەلدى. قۇملۇققا قوغلانغان سابىق بۇخارا ۋالىسى ئەمىر نۇھ قولدىن كەتكەن زېمىنىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۈچ جۇغلىماقتا ئىدى.

سەمەرقەنتتە تۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىۋاتقان يۈسۈپ قادىرخان ئەنە شۇنداق جىددى ۋە قالايمىقان

ۋەزىيەتتە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى جاكالىدى.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قوللانغان بىرىنچى تەدبىرى ئىسلام بايرىقى ئاستىدا ياللانما قوشۇنلارنى توپلاشتىن ئىبارەت بولدى.

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ چاقىرىقىغا ھەممىدىن بۇرۇن مادايىندىكى شىئە مەزھىپىنىڭ ئىسمائىلىيە گۇرۇھىغا مەنسۇپ تۆت ئىمام ئاۋاز قوشتى㊴. مىلادى 999 - يىلى بۇ تۆت ئىمام باشچىلىقىدىكى قوشۇن قەشقەر قەلئەسىنىڭ يېنىغا توپلاندى. ئۇلار باغداتتىن، غەزنىدىن ھەتتا خارەزىمدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنى "140 مىڭ كىشىلىك قوشۇن" دەپ ئاتىدى. يۈسۈپ قادىرخان مۇشۇ قوشۇننىڭ كۈچىگە تايىنىپ، قەشقەر قەلئەسىدە خوتەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇلار بۇغرا جەمەتىدىكىلەر ئورۇنلىيالمىغان ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن خوتەنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. خوتەن تەرەپ قاغىلىقنىڭ قۇمراۋات دىگەن جايىدا ياللانما قوشۇنلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى ھەمدە بۇ ئۇرۇشتا تۆت ئىمامنىڭ بىرى بولغان ئىمام مۇھەممەدنى ئۆلتۈردى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە قۇمراۋاتتىن خوتەنگىچە بولغان بىرقانچە يۈز چاقىرىملىق سەپەردە خوتەن تەرەپ ئۇيۇشتۇرغان بىر قاتار قارشىلىقلارمۇ تارمار قىلىندى. ياللانما قوشۇنلار خوتەنگە قىستاپ بېرىپ، بۇ قەلئەنى قورشىۋالدى.

خوتەن تەرەپنىڭ باشلىقلىرى جۇقتى رەشت بىلەن نۇقتى رەشت ياللانما قوشۇنلار ئوتتۇرىسىغا قويىغان دىنىي ئېتىقاتنى ئۆزگەرتىش تەلىۋىنى رەت قىلىپ، بىر قىسىم ھەربىي قوشۇنلىرىنى ۋە پۇقرالىرىنى باشلاپ كوئىنلۇن تاغلىق رايونىغا چېكىنىدى. ياللانما قوشۇنلار ئۇرۇشسىزلا بۇددا دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇ رايوننى ئىشغال قىلدى.

خوتەن ئىسلام دىنىنىڭ قورال كۈچى ئارقىلىق تارقىلىشتىكى ئەڭ يىراق چېكى بولۇپ قالدى. لېكىن دىنىي بايراق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلارنىڭ خاتىمىسىنىڭ سادالىرى يەنىلا داۋاملىق ئاڭلىنىپ تۇردى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشلار كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدا ئېلىپ بېرىلدى، ياللانما قوشۇن بۇ يەرنىڭ شارائىتى بىلەن تونۇش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋە يول باشلىغۇچىلار بولمىغانلىقتىن، پات-پات ئۆزلىرى ماڭغان يولغا قايتا كېلىپ قالاتتى. پەرىشان بولغان ياللانما قوشۇن سەركەردىلىرى ئاخىر ئۆز ئەسكەرلىرىگە تاش ئېلىۋېلىپ، مۆرەككەپ تاغ يوللىرىغا كەلگەندە تاش بىلەن بەلگە قويۇپ مېڭىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. شۇنداق بولسىمۇ ياللانما قوشۇن خوتەن قوشۇنىنى توختىماي مەغلۇپ قىلىپ ماڭدى. لېكىن، شەرققە سۈرۈلگەنسېرى يەر تۈزۈلۈشى مۆرەككەپ تاغلىق رايون شارائىتىدىن پايدىلانغان خوتەن قوشۇنلىرى قايتۇرما ھۇجۇمنى كۆپەيتىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ياللانما قوشۇنلارنىڭ چىقىمى كۆپىيىشكە باشلىدى. باغدات ياللانما قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىمام جالالىدىن ۋە خارەزىم قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىمام قاسىم خوتەن قوشۇنلىرى قوزغىغان قايتۇرما ھۇجۇمدا ئۆلدى.

ياللانما قوشۇن ئاخىر كېلىپ قاتمۇ-قات كوئېنلۇن تاغلىق رايونىدا قايمۇقۇپ قېلىپ، چىقىمى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيدى. قاتتىق قىرغىنچىلىق بىلەن تولغان رېئاللىق ئالدىدا، ياللانما قوشۇنىڭ دىنىي ئېتىقات ۋە بايلىق تاماسى تەرىپىدىن رىغبەتلەندۈرۈلگەن جەڭگىۋارلىقى پەيدىن-پەي يوقالدى. ئۇلار چىرىيە ناھىيىسىنىڭ

جەنۇبىدىكى تاغلىق رايونغا كەلگەندە، ئەسكەرلىرىگە ئىلھام
بولسۇن ئۈچۈن، ياللانما قوشۇن باشلىقلىرى ئەسكەرلەرنى نامازغا
ئۇيۇشتۇردى. خوتەن قوشۇنلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ناماز ئوقۇۋاتقان ياللانما قوشۇننىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىپ،
ئۇلارنى قاتتىق قىردى. قورال-ياراقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان
ياللانما قوشۇن ئەسكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، قارشىلىق كۆرسى-
تەلمەيلا بىتچىت بولدى[40].

بۇ ياللانما قوشۇنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇرۇشى،
شۇنداقلا ئەڭ پاجىئەلىك تۈردە مەغلۇپ بولۇشى ئىدى. ئىسلام
تارىخى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ، تۆتىنچى خەلىپە ئەلىدىن بۇيان،
ناماز ئوقۇۋاتقانلار تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچراش ئارقىسىدا سادىر
بولغان بىر قاتار پاجىئەلەرنىڭ يەنە بىرى ئىدى. ئەسىرگە چۈشكەن
ئىماملار بىلەن ياللانما قوشۇنلارنىڭ باشقا باشلىقلىرى بوغۇزلاپ
ئۆلتۈرۈلدى.

سىياسى ۋەقەلەرگە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ئىسلام دىنىنىڭ
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىدا سادىر بولغان بۇ زور ۋەقەنىڭ
ئاي، كۈننى خاتىرىلىۋالغان ئىدى. شۇ كۈنى ھىجرىيە 390-
يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10-كۈنى، مىلادى 1000-يىل 11-ئاينىڭ
11-كۈنى ئىكەن.

ياللانما قوشۇنلارنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقى قاراخانلار-
نىڭ خوتەندە قازانغان غەلىبىلىرىنى يوقققا چىقىرىۋەتتى، خوتەن
قەلئەسى بۇددىستلارنىڭ قولىغا قايتا ئۆتتى.

لېكىن، قاراخانلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئۇچرىغان مەغلۇبىيىتىنى
ئۇنىڭ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇۋەپپە-

قىيەتلىرى يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا تۇردۇ. ئالدى بىلەن ئۇلار پامىر ئېگىزلىكىنىڭ شەرقىدە قەشقەرنى قايتۇرۇۋالدى، ھەتتا خوتەن قەلئەسىنى بىر مەھەل ئىشغال قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇلار خوتەن قەلئەسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۆزىنىڭ زېمىن دائىرىسىنى قاغىلىق ئەتراپىغىچە كېڭەيتىۋالدى. پامىرنىڭ غەربىدە بولسا غەربىي رايون باش ۋالىسى ئەلنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، قاراخانىلار خاندانلىقى ئۆز زېمىنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە، يەنە 998-يىلى بۇخارا قەلئەسىنى يېڭىۋاشتىن قولغا چۈشۈرۈپ، سامانىلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ئاخىرقى ھېساپتا خاتىمە بەردى. روشەنكى، بۇ مەزگىلدە كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى قاراخانىلارغا پايدىلىق ئىدى.

ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مۇشۇ مەزگىلدە قاراخانىلار خاندانلىقى مەنىۋى كۈچ ۋە ماددى كۈچ جەھەتلەردە ئېغىر زەخىملەنگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، بىر مەزگىلگىچە، قارا-خانىلارنىڭ پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەربىي پائالىيەتلىرى سۇسلاشتى.

مىلادى 1005-يىلدىن باشلاپ، قاراخانىلار خاندانلىقىغا قايتا ماغدۇر كىردى. شۇ يىلى قاراخانىلار خاندانلىقى ئىلگىر-ئاخىر بولۇپ غەزنى خاندانلىقىغا ئىككى قېتىم تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. ئارقىدىنلا خوتەنگە ھەربى يۈرۈش قىلدى. ئىككىنچى يىلى قارا-خانىلار خاندانلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خوتەن تەرەپتە ئۇزۇل-كېسىل غەلىبە قىلدى. مىلادى 1006-يىلى يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى

تۈگەل ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالدى. جۇۋقتى رەشت بىلەن نۇقتى رەشت ئۇرۇشتا ئۆلدى. ئىسلام دىنى ئاخىر خوتەندە بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

مىلادى 1009-يىلى قاراخانىلار خاندانلىقى خوتەندىن سۇلۇك سۇلالىسىگە روزۇن باشچىلىقىدىكى سوغا-سالام يەتكۈزۈش ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە قاراخانىلار خاندانلىقى توغرىسىدا ئېنىق يازما مەلۇمات پۈتۈلدى.

بۇ تارىخىي بايان شۇنى كۆرسەتتىكى، ئەرەب ئىمپېرىيىسى سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتە زەئىپلەشكەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام دىنى بۇغراخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ رولىغا تايىنىپ، پامىر ئىگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، قانلىق جەڭلەر ئارقىلىق، ئەرەب يېرىم ئارىلىغا نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يىراق كېلىدىغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا تارقىلىپ، بۇددا دىنىنىڭ بۇ ئىككىنچى يۇرتىدا ئۆزى ئۈچۈن زېمىن تاپتى.

قاراخانىلارنىڭ ساتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان ھۆكۈمرانلىرى، بىر تەرەپتىن، يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردا باشقا دىنلارغا مەنسۇپ قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، غەيرى مۇسۇلمانلارنى زورمۇ-زور ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەرنى سالدۇرۇپ، دىنىي مەكتەپلەرنى ئېچىپ، دىن تارقاتقۇچىلارنى يېتىشتۈردى.

بۇ تەدبىرلەرنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، چەتنىڭ مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئەرەب-پارس مەدەنىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ ۋاستە بولۇشى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى، بولۇپمۇ تىل ۋە يېزىق جەھەتتە روشەن ئىز قالدۇردى. تا بۈگۈنكى

كۆنگە قەدەر ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا بۇ تارىخىي مەزگىللىدىكى نۇرغۇن ئىزلار ساقلانماقتا. ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىغى بۇگۈنكى كۈندىمۇ قوللىنىلماقتا.

ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىگە يېڭى مەزمۇن قوشتى. بۇ مەزگىلدە سېلىنغان ئىمارەتلەردىن، جاي-لاردىكى مەسچىتلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، يەنە ئاتالمىش "جىھاد"تا شېھىت بولغان "غازىلار" (قەھرىمانلار) ئۈچۈن سېلىنغان نۇرغۇن قەۋرىستان-مازارلارمۇ بار ئىدى.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەزگىلدىكى ئىسلام سىياقىدىكى ئىمارەتلىرى مەككىدىكى قىبلىنى ئۆرنەك قىلماستىن، بەلكى ئوتتۇرا دېڭىز بويىدا ھاسىل بولغان كېيىنكى مەزگىلدىكى ئىسلام بىناكارلىقىنى ئۆرنەك قىلغان، يەنى ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازا بېكىتىلگەن گۈمبەزلىك ئىمارەتلەر ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ ھەيكەلگە چوقۇنۇشقا قارشى دىنىي پىرىنسىپىنى مەنبە قىلغان ھەممە شەكىل چىقىرىش سەنئىتىنى ۋە رەسسام-چىلىقنى ئۈچ كۆرۈش قارىشى 7-ئەسىردىكى ئەرەب سەنئىتىگە روشەن زىيان كەلتۈرمىگەن. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەرەبلەردە تېخى تىلغا ئالغۇدەك شەكىل چىقىرىش ۋە رەسساملىق سەنئىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. بىراق، 11-ئەسىردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بولۇپمۇ مەدەنىيەت سەنئىتى يۇكسەك تەرەققى تاپقان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراش ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، مۇشۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بولغاندىن كېيىن، بۇددا

دىنى سەنئىتىنىڭ تەسىرى بىلەن، نۇرغۇن شەۋكەتلىك شەكىل چىقىرىش سەنئەت بۇيۇملىرىنى ۋە رەسساملىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىجات قىلغان ئىدى.

شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىنى مەيلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، ياكى ئىسلام دىنى تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان ۋەقە دەپ ھىساپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## پايدىلىنىلغان كىتاپلار


① «تارىخنامە. داۋەن (فەرغانە) تەزكىرىسى»؛
«كېيىنكى خەن سۇلالىسى تارىخى»، 7 ـ جىلد، «بەن چاۋ».
② «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى»، 211 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 27 ـ ، شۈەنزۇڭنىڭ كەييۈەن 3 ـ يىلى».
③ «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 107 ـ جىلد، «گاۋشيەنجى»؛
«تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى»، 109 ـ جىلد، «لى سىيې».
④ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى»، ئۈچىنچى توم، ئىككىنچى كىتاپ؛
«تەزكىرەئى ئۆۋەيسىيە».
⑤ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد ‹ئىككىنچى بۆلۈم›، «ئۇيغۇرلار. قارلۇقلار».
⑥ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 217 ـ جىلد ‹ئىككىنچى بۆلۈم›، «ئۇيغۇرلار».
⑦ فەتھۇللا: «بەدايىئۇل لۇغەت»؛
مىرخۋاند سەئىد شاھ: «رەۋزە تۇسساپا».
⑧ مۇھەممەت مەبرۇرى: «جامىئوت تاۋارىخ»، 229 ـ بەت؛

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»؛
ئوبۇلغازى باھادۇرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، 18 ـ بەت.

⑨ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى فاكۇلتېتى: «قەدىمقى تۈرك تىلى ھۆججەتلىرىدىن تاللانما»، ئۈچىنچى كىتاپ.

⑩ مولا ھاجى: «تەزكىرەئى بۇغراخان».

⑪ ئەخمەت زەكى ۋەلىدى: «تۈرك ـ تاتار تارىخى»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: "قاراخانىدىن كېيىن خان بولغان مۇساخان تەرەپ ـ تەرەپنىڭ ئالىم ۋە چوڭلىرىنى توپلىغان. بۇلارغا مەسچىتلەر، مەكتەپلەر، خانىقالار سالدۇرغان."

⑫ سىككىس (ئەنگلىيىلىك): «ئافغانىستان تارىخى»، بىرىنچى توم، ئىككىنچى كىتاپ.

⑬ «تۈرك ـ تاتار تارىخى»، 237 ـ بەت.

⑭ مولا ھاجى: «تەزكىرەئى بۇغراخان».

⑮ «قەدىمقى تۈرك تىلى ھۆججەتلىرىدىن تاللانما»، ئۈچىنچى كىتاپ.

⑯ «ئافغانىستان تارىخى»، بىرىنچى توم، ئىككىنچى كىتاپ.

⑰ «تۈرك ـ تاتار تارىخى»، 339 ـ 400 ـ بەتلەر.

⑱ مۇنەججىم باشى: «سەھايىغۇل ئەخبار»، 2 ـ جىلد، 510 ـ بەت.

⑲ «ئافغانىستان تارىخى»، 1 ـ توم، ئىككىنچى كىتاپ.

⑳ «تۈركى تىللار دىۋانى».

㉑ «تۈرك ـ تاتار تارىخى»، 241 ــ 243 ـ بەتلەر.

㉒ «قەدىمقى تۈرك تىلى ھۆججەتلىرىدىن تاللانما»، ئۈچىنچى كىتاپ.

㉓ شىنبىدىر : «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات». «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى»، بىرىنچى كىتاپقا قارالسۇن.

㉔ «تۈركى تىللار دىۋانى».

㉕ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى (زەيلى)»، 361 ـ جىلد؛

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مەجمۇئە. بىقىندى چارۋىچىلار، 7 ـ »؛
«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى».
㉖ يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 57 ـ باپ.
㉗ بارتولد: «موڭغۇللار ئىستىلا قىلىشتىن بۇرۇنقى تۈركىستان».
㉘ «قۇتادغۇ بىلىك»، 58 ـ باپ.
㉙ ئەلشىر ناۋايى: «مەجالىسۇن نەفائىس».
㉚ بىرتلىس مۇنىداق دەيدۇ: "بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، تۈركىيىلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم ئىستامبۇلدىكى مەشھۇر ئايا سوفىيە مەسچىتىنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئىشلەۋېتىپ، باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدىن بىر قول يازمىنى تاپتى. شۇ ۋاقىتتا بۇ قول يازما موڭغۇل يېزىقىدىكى ئەسەرلەر كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 4757 دەپ نومۇر قويۇلغان ئىدى. روشەنكى، بۇ قول يازمىنى موڭغۇل يېزىقىدىكى ئەسەر دەپ خاتا چۈشەنگەن. تەتقىقات نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ قول يازما موڭغۇل يېزىقىدىكى ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئالىملار تەرىپىدىن تېخى سىزىلمىگەن ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر داستان ئىكەن. قول يازمىنىڭ خەتلىرى بەك چۈۋالچاق، ئوقۇماق تەس. قول يازمىغا قوشۇمچە قىلىنغان خاتىمىسىدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، بۇ داستان ھىجرىيە 884 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، يەنى مىلادى 1482 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى كۆچۈرۈپ بولۇنغان."
«شەرق ھەقىقىتى» ژورنىلىنىڭ 1946 ـ يىل 7 ـ ۋە 8 ـ سانلىرىدىن ئېلىندى.
مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىگەن كىتابقا قارالسۇن.
㉛ لو چاڭپېي، سەي مېيبياۋ: «باسبا يېزىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى زامانىدىكى خەنزۇ تىلى».
㉜ يۇسۇپ زىيا شىرۋانى: «ئەلشىر ناۋايى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى».
㉝ «قۇتادغۇ بىلىك»، 44 ـ ۋە 72 ـ بابلار.

㉞ مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: "مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىغىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زىمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىگىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى. دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيارىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى. ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلەرگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىگىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق. كىم ئۆز گۇرۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ؛ ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پانا تاپىدۇ."

㉟ «رەۋزە تۇسساپا»؛

«شەجەرەئى تۈرك»؛

موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە».

㊱ ㊲ ㊳ ㊴ موللا ھاجى: «تەزكىرەئى بۇغراخان».

㊵ «تۆت ئىمام زەبھۇللا تەزكىرىسى».

# يەتتىنچى باپ
# تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالە-
# لەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى

## بىرىنچى بۆلۈم   تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىششى

12 ـ ئەسىردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتىرىپ چىققان غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيتى ۋە قاراخانىلار خاندانلىقىغا خاتىمە بەردى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنى سىياسى يول بىلەن، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنى ھەربىي جەھەتتە بويسۇندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزىگە قاراتتى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، غەرپكە كۆچكەن بۇ ئىككى تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئاز كەم ئىككى يىرىم ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىللە بۇ رايونلارنى داۋاملىق گۈللەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بۇ رايونلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى تاپقان فېئوداللىق مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتتى، ھالبۇكى، بۇ دەۋردىن قالغان ئەڭ زور تارىخىي ئىز ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە ئىرق جەھەتتە

كەڭ ئۆچۈرشىپ، بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشى بولىدى. بۇ تارىخىي جەرياننىڭ زور ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، كېيىنكى تارىخىي يىللاردا ئۇ پەيدىن-پەي ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا ئايلاندى. مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا، بۇ جەريان ئاخىرقى ھېساپتا، ئېلىمىزنىڭ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ئورۇنلاندى.

## 1. تارىم ۋادىسىنىڭ تارىخىي ئەھۋالى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرگە كەلگەندە، تىيانشاننىڭ شىمالىدا، ئاساسەن، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ياشايتتى. ئۇلار شەرقتە شىڭئەنلىڭ تاغ تىزمىلىرىدىن تارتىپ غەربتە بالقاش كۆلىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى موڭغۇل دالاسى، جۇڭغار ئويمانلىقى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىغا تارقالغان ئىدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا، ئاساسەن، دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلىلەر ياشايتتى. قاتناشنىڭ قولايسىزلىقى ۋە باشقا ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ قەبىلىلەر ئۆز ئالدىغا يەككە-يېگانە ھالدا ياشايتتى ۋە ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە تىللىرىدا سۆزلىشەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادەت ۋە دىنىي ئېتىقاتلىرىمۇ بىر بىرىگە ئوخشىمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەبىلىلەر ھەمىشە بىر بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ، مال-مۈلۈك ۋە ئەسىرلەرنى بۇلاش ئۈچۈن ئۆزئارا توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. تارىخىي ھۆججەتلەردە مۇشۇ مەزگىللەردە تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا بىرقانچە ئون كىچىك كىنەزلىكنىڭ بولغانلىقى يېزىلغان①. دېمەك، سۇ ۋە ئوت-چۆپ مول بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا كىنەزلىك بولغان بولسا كېرەك.

بۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا زېمىن ئالاقىسى

ئاملى ۋۇجۇتقا كېلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەر ۋە قەبىلە گورۇھىنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشلىرى ئاياقلاشتى. كىشىلەر ئۆز قەبىلىلىرى ماكان تۇتقان زېمىندا ئولتۇراقلىشىشقا باشلىدى. بۇنىڭدا، يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش جەھەتتىكى خۇسۇسى مۇلۇكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاج تېپىشى، شۇنىڭدەك دېخانچىلىققا ئۆتۈش ۋاھاكازالار مۇھىم رول ئوينىدى. چۈنكى، دېخانچىلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ھامان، ئادەم بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم ئالاقە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى خېلى بۇرۇنلا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرى بىلەن ئالاقە ئورناتقان ئىدى. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن، ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدا ئىشلەنگەن يىپەك ماللار تىيانشاننىڭ جەنۇبى ئارقىلىق ھەتتا يۇناندەك يىراق ياۋروپا مەملىكەتلىرىگىچە توشۇلغان، جەنگو دەۋرىدە پۈتۈلگەن «لۇ بۇۋېي يىلنامىسى» دېگەن كىتاپتا: "كوئىنلۇندىكى قاشتېشىنى ياقتۇرمايدىغان ئادەم بارمىدۇ" دېگەن سۆزلەر بار.

ھون قۇلدارلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا چېكىنىپ كەلگەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى دېخانچىلىق رايوننى قۇل بولايدىغان ۋە باج-سېلىق ئالىدىغان ئاساسلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن، بۇ رايوندىكى ئىجتىمائى ئىگىلىككە مەلۇم زىيان يەتتى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كىچىك كىنەزلىكلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك كۈچى ئارقىلىق ھونلارنىڭ قۇدرەتلىك ھەربى كۈچىگە قارشى تۇرۇشى قىيىن ئىدى. شۇ تارىخىي شارائىتتا، پەقەت ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قۇرۇلغان ۋە ھوقۇق مەركەزگە

مەركەزلەشتۈرۈلگەن فېئوداللىق سۇلالە — خەن سۇلالىسىلا ئۇلارنىڭ قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا خەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىپ هون قوشۇنلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغاندا، بۇ رايونلاردىكى ھەرقايسى كىنەزلىكلەرنىڭ قىزغىن قوللىشى ۋە ئالقىشىغا ئېرىشتى ھەمدە دەرھال خەن سۇلالىسى بىلەن قويۇق سىياسى مۇناسىۋەت ئورناتتى. خەن سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كىنەزلىكلەردىن ھەم ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن بولۇپ 377 نەپەر كىشىگە تامغا بېرىپ، ئۇلارنى رەسمىي تەيىنلىدى②.

بۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار سىياسى جەھەتتە غايەت زور قايتا تەشكىللىنىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. بىرمۇنچە بوستانلىقلار خەن سۇلالىسى بىلەن بىرلىكتە هون قۇلدارلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى پەيدىن-پەي زورايتىپ، ئۆزلىرىگە خوشنا كىچىك كىنەز-لىكلەرنى ياكى قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇۋالدى، پىشامشان (ھازىرقى چەرچەن، چارقىلىق ناھىيىلىرىنى ۋە خوتەننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئۇدۇن (ھازىرقى خوتەن، كېرىيە، گۇما، قارىقاش ناھىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كىنگىت (ھازىرقى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ دائىرىسى)، كوسەن (ھازىرقى كۇچارنى مەركەز قىلىپ، ئۈچتۇرپاننىڭ شەرقى، بۈگۈرنىڭ غەربى ئارىلىقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سۇلې (ھازىرقى قەشقەرنى مەركەز قىلىپ، شەرقتە مارالبېشى، غەربتە تاشقورغان، شەرقىي جەنۇپتا قاغىلىقىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قاتارلىق جايلار شۇ

ۋاقىتتا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ئەڭ زور ھوقۇق مەركەزلىرى بولۇپ قالغان[3].

بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جايلاردىكى يەككە-يىگانىلىق بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئۆزئارا ئالاقە راۋانلاشتى.

تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار ئارا سىياسى، ئىقتىسادىي ئالاقە كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، بۇددا دىنى بۇ رايونغا تارقىلىپ، مۇشۇ رايوندىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ياشاۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقاتىغا ئايلىنىپ قالدى. دىمەك، جايلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىدىن باشقا، ئىدىيە، مەدىنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىمۇ كۈچەيدى. روشەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ بىر بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئاساسلىق شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەردى. بۇ شىنجاڭ تارىخىدا ئىجابى ئەھمىيەتكە ئىگە يۈزلىنىش ئىدى.

يېڭى سىياسى، ئىقتىسادى مەركەزلەر راۋاجلانغان ۋە مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئىخچام ۋە ئېنىق مەكتۇپ، ھۆججەتلەرگە ئېھتىياج چۈشتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبى شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق قاتناش لىنىيىسىگە جايلاشقانلىقتىن، مەكتۇپ، ھۆججەتلەرگە بولغان ئېھتىياج سودا پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى، مەمۇرى باشقۇرۇش ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمراق بولدى. ۋاھالەنكى، مەكتۇپ، ھۆججەتلەرنىڭ قوللىنىلىشى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ تىل جەھەتتىمۇ بىر بىرىگە يېقىنلىشىشى ۋە قوشۇلۇپ كېتىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

تارىم ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئاسارە-ئەتىقىلەر شۇنى ئىسپاتلىـ

ندىكى، بۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا توخار تىلى، ساك تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىلى قاتارلىق تىللار قوللىنىلغان.

توخار تىلى ئاساسەن تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي رايونلىرىدا يەنى بۈگۈنكى كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا، ساك تىلى ئاساسەن تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا يەنى قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى رايونلاردا قوللىنىلدى.

توخار تىلىغا ئائىت ئېپتىدائىي ھۆججەتلەر ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان، مىلادى 1-ئەسىردە بۇ ۋادا توخار دېگەن نام بىلەن ئەتراپقا مەشھۇر ئىدى. كېيىنكى يىللاردا تىيانشاننىڭ جەنۇبى رايونىدىمۇ توخار تىلىنىڭ ئىزلىرى تېپىلغاندا، ئۇلارنى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا تېپىلغان توخار تىلىغا توغرىلاپ، توخار دەپ ئاتاشتى.

ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، توخار تىلى دەپ ئاتالغان بۇ تىلنى دەسلەپتە دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىن بۇ رايونغا كۆچۈپ كەلگەن چوڭ ياۋچىلار ئېلىپ كەلگەن. تەخمىنەن مىلاددىن بىر ئەسىر بۇرۇن چوڭ ياۋچىلار ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى گرېكلەر مۇستەملىكىسى بولغان باكترىيىنى بويسۇندۇرغان ئىدى. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە باكترىيە "داشا" دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ ياۋچىلاردىن توخار قەبىلىسى پۈتكۈل چوڭ ياۋچىلارغا باشچىلىق قىلىش ئورنىغا ئۆتكەندىن كېيىن، چوڭ ياۋچىلار ياشاۋاتقان ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىمۇ توخار دەپ ئاتاشقا باشلىدى. خەن سۇلالىسى زامانىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەردە بۇ جەريان ھەققىدە خېلى تەپسىلى مەلۇماتلار بېرىلگەن④.

توخار تىلى شەرقىي توخار تىلى ۋە غەربىي توخار تىلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. شەرقىي توخار تىلى تۇرپان، كىنگىتتە، غەربىي توخار تىلى كۇچار، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلگەن.
سوغدى تىلى خەنزۇچە كاڭجۇ تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كاڭجۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى بۈگۈنكى كۇندىكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى سەمەرقەنت رايونىغا توغرا كېلىدۇ. سوغدىلار سودا ئىشلىرىغا ماھىر بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ئاسىيا ئوتتۇرىسىدا كۆچمەن سودىگەرچىلىك قىلاتتى. شۇڭا سوغدى تىلى، ئەمىلىيەتتە، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ئاسىيادا قوللىنىلىدىغان بىر خىل ئورتاق تىلغا ئايلىنىپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا باشقا تىللار بىلەن ئارىلاش قوللىنىلغان.
خەن سۇلالىسى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئاز كەم 200 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش ھونلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇنىڭ بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىغا يېڭى تەركىپ يەنى ھونلار بىلەن خەنزۇلار قوشۇلدى. غەرپكە كۆچۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن بۇ ھون پۇقرالىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارغا ئورۇنلاشتى. خەن سۇلالىسىنىڭ ھەرقايسى جايلارغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئەسكەرلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن سودىگەرلەر ئاساسەن تۇرپان ئويمانلىقى ھەم خەن سۇلالىسى مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرغان ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن رايونلارغا ئورۇنلاشتى.
ھونلاردىن كېيىن، 5-ئەسىردە، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا جوجانلار كۆچۈپ كىردى، ئۇلار توڭغۇس قەبىلىلىرىدىن پەيدا بولۇپ، ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا

كۆچەيگەندە، ئۇلارنىڭ تەسىر كۈچى غەرپتە كېڭگەت قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيگەن ئىدى، جوجان ئاقسۆڭەكلىرى شىمالىي ۋېيى سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، هونلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ غەرپكە چېكىنىپ، خېشى كارىدورى رايونى ۋە تيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق بازىسى قىلغان. جوجان ئاقسۆڭەكلىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردا، تېلې قەبىلىلىرىدىن بولغان پۇۋۇرغۇر قەبىلىسىنىڭ ئون نەچچە تۈمەن تۈتۈن ئاھالىسى جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كوللېكتىپ هالدا تۇرپان ئويمانلىقىغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ئىدى.

6-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، تۈركلەر جوجان ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جوجان ئاقسۆڭەكلىرىگە بېرىلگەن زەربە غەرپ تەرەپتىن كەلگەنلىكتىن، جوجانلار هونلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ غەرپكە كۆچۈپ كېتەلمىدى، نەتىجىدە جوجان پۇقرالىرى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىغا ئورۇنلاشقان تېلې پۇقرالىرى ئۆزلىرى تۇرغان جايلاردىلا تۈرك خاندانلىقىنىڭ پۇقرالىرىغا ئايلاندى. دېمەك، 100 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر تەركىۋىگە يەنە جوجانلار بىلەن تېلېلار كېلىپ قوشۇلدى. خەنزۇلار، جوجانلار ۋە تېلېلار ئۆزلىرىگە خاس ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئېلىپ كېلىپ، تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر مەنبەسى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىل بولۇش ئاساسىنى ياراتتى.

سىياسىي جەھەتتە، هونلار بىلەن جوجانلار تيانشاننىڭ جەنۇبىدا قۇرغان هاكىمىيەتلەر يەرلىك كۈچلەرگە سېلىشتۇرغاندا قۇدرەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شىمالىي جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا

قۇرۇلغان سۇلالىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ رايونغا چېكىنىپ چىققانلىقتىن، ماھىيەتتە ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى سۇلالىلەرنىڭ ھەربىي بېسىمىغا ئۇچراپ، ھۆكۈمرانلىقى پات-پاتلا ئۈزۈلۈپ تاشلىنىپ تۇرغانلىقتىن، مۇقىم ھۆكۈمرانلىقنى تىكلىيەلمىگەن ۋە تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا سىستېمىلىق مەمۇرى ئاپپاراتلارنىمۇ قۇرالمىغان ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەيلى ھونلار بولسۇن، مەيلى جوجانلار بولسۇن، ھەممىسى ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچى بولغاچقا، يەرلىك دېخانچىلىق ئاھالىلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى تىزگىنلەش ئىقتىدارى ھەم تىركىشىش ئىقتىدارى ئاجىز ئىدى.

سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىكى بۇ ئاجىزلىقلار ئۇلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتە يەرلىك ئاھالىلەرگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار سىياسى تەسىر كۈچىدىن مەھرۇم قالغان ھامان، فېئوداللىق ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى تاپقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆز-لىرىنىڭ ئەسلى بار ئىجتىمائى فورماتسىيىسىنىمۇ ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە تۇرمۇش شەكلى جەھەتتە يەرلىك ئاھالىلەرگە قوشۇلۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا ياشاپ، جۇڭغار ئويمانلىقىدا قۇدرەت تاپقان تۈركلەر جوجانلاردىن كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قۇرغان ئۈچىنچى چارۋىچى قەبىلە ئىدى.

تۈرك خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تىكلىگەن ھۆكۈمرانلىقى زەئىپلىك ۋە ئاجىزلىقىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، ئۇنىڭ

قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، تۈركلەر قۇرغان، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرك خاندانلىقىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبى رايونى ئىزچىل يوسۇندا خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ تۇردى. بولۇپمۇ تۈرك خاندانلىقى شەرقىي تۈرك خاندانلىقى ۋە غەربىي تۈرك خاندانلىقى دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن، غەربىي تۈرك خاندانلىقىنىڭ قاغانى ئىستەمى ئۆز بارگاھىنى بىر مەزگىل ھازىرقى كۇچارنىڭ شىمالىدىكى ئاق تاغنىڭ يۇلتۇز دىگەن يېرىدە تىكلىگەن ئىدى.

تۈرك خاندانلىقى 552-يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 745-يىلى يوقالغانغا قەدەر 200 يىلچە ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. تۈرك خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپكى 100 يىل داۋامىدا ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ھاكىمىيەتلەر كۆپ قېتىم يەڭگۈشلەندى. بۇ ھاكىمىيەتلەرنىڭ ماددى كۈچلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھاكىمىيەت تالىشىش ۋە ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش كۈرىشىدە خوراپ كەتكەنلىكتىن، تۈرك خاندانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى سىستېمىلىق ۋە ئۈزلۈكسىز ساقلاپ قالالىدى.

سىياسى جەھەتتە، تۈرك خاندانلىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى، جايلاردىكى ۋاڭ دىگەن نامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارغا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۇنۋانى بويىچە "ئېلتابىر" دەپ نام بەردى، شۇنىڭدەك بۇ جايلارغا تۈرك ئەمەلدارلىرىنى يەنى "تۇتۇق"لارنى ئەۋەتتى. تۇتۇقلارنىڭ ۋەزىپىسى شۇ ئورۇنلارنىڭ سىياسى ۋە ھەربى ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىش، باج-سېلىق تاپشۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىدى.

شۇبھىسىزكى، بۇ تەدبىرلەر جايلارنىڭ كۆچىنى سىياسى جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇردى، بۇنىڭدىن باشقا، تۈرك خاندانلىقى قۇدا ـ باجا بولۇش ئۇسۇلى بىلەن، غەيرى سىياسى ۋاستىلەر ئارقىلىق جايلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتتى.

تۈرك خاندانلىقى ئەنە شۇنداق بىر قاتار سىياسى ۋە غەيرى سىياسى تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى 100 يىل داۋامىدا تەسىرىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھەرقايسى ساھەلەرگە توسالغۇسىز سىڭدۈردى، بۇ ھال تىل ساھەسىدە روشەن ئىپادىلەندى. تۈرك تىلى بۇ رايوندا ھۆكۈمەت تىلىغا ئايلاندى، تۈركچە ئاتالغۇلار، بولۇپمۇ سىياسى ئاتالغۇلار، مەسىلەن، ئېلتابىر، تۇتۇق قاتارلىق مەنسەپ ناملىرى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلدى. خۇسۇسەن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان تۈركلەر تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ باردى. 657 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە غەربىي تۈرك خاندانلىقىنى تىنجىتقاندا، ئۇلارنىڭ كۆچار ئەتراپىدىكى ئۇرۇش قىلىش نىشانى تۈركلەرنىڭ ئېرىنىس قەبىلىسى بولغان. تۈركلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي تەسىرى ھەتتا ئاساسەن خەنزۇلار قۇرغان قوجۇ دۆلىتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. سول تەرەپتىن ئىزمىلىنىدىغان كىيىملەرنى كىيىش، چاچلىرىنى قويىۋېتىش، گۆش بىلەن سۈتنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلىش، قىمىز ئىچىشتەك تۈركلەرنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى تۇرپان ئويمانلىقىدا كەڭ ئومۇملاشتى.

تۈرك خاندانلىقىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر بىلەن سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مۇنداق كەڭ ئۇچراشقانلىقى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلا-

شىشىدا غايەت زور رول ئوينىغان.

مىلادى 618-يىلى، سۇي سۇلالىسىنىڭ تەييۈەندىكى ھاكىمى لى
يۈەن قوشۇن تارتىپ سۇي سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، تاڭ سۇلالىسىنى
قۇردى. تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىلمىزنىڭ
ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى مىسلىسىز تەرەققى تېپىش بىلەنلا قالماي،
زىمىن دائىرىسىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە كېڭەيدى.

تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا جۇڭگو رايوننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن
كېيىن، مەركىزىي ھاكىمىيەتنى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيتتى. تاڭ
سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە ئۆتۈش
جەريانى تۈرك خاندانلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا ئۆتۈش جەر-
يانى بولدى. مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن تۈرك خاندانلىقى ئوت-
تۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىش شىنجاڭ
تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولدى. تاڭ سۇلالىسى غەربىي دىيار
(كەڭ مەنىدە ئېيتقاندا، ھازىرقى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى،
پامىر ئىگىزلىگىنىڭ غەربى، كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىي ئارىلىغىدىكى
رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دا 45 تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى،
115 ئايماق تەسىس قىلدى. جۈملىدىن سىر دەرياسى بىلەن ئامۇ
دەرياسى ئارىلىغىدا ئىككى تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى، ئالتە ئاي-
ماق؛ ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا 16 تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى 72
ئايماق؛ تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىدىن تارتىپ
كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا يايلىقىدا 23 تۇتۇق بۇي-
رۇق مەھكىمىسى؛ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا تۆت تۇتۇق بۇيرۇق مەھ-
كىمىسى، 40 ئايماق تەسىس قىلدى، بۇنىڭ ئۈچىنى تارىم ۋادىسى-
نىڭ شىمالىدا تەسىس قىلدى، بۇلار يەنى (ھازىرقى قۇمۇل

رايونى). شىجۇ (هازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى)، تىڭجۇ (هازىرقى جىمسار رايونى) دىن ئىبارەت.
يىجۇ دائىرىسىدە ئىۋىرغول (هازىرقى قۇمۇل ناھىيىسى)، ناجى (هازىرقى قۇمۇل ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لاپچۇق رايونى)، خۇەيىرۇ (بۇنىڭ ئورنى نامەلۇم) قاتارلىق ئۈچ ناھىيە بولۇپ، 24 مىڭ 670 تۈتۈن بار ئىدى.
شىجۇنىڭ قارىمىقىدا چيەنتىڭ (هازىرقى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ قاراخوجا رايونى)، ليۇجۇڭ (هازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈن رايونى)، جاۋخې (هازىرقى تۇرپان ناھىيىسىنىڭ يارغول رايونى)، پۇچاڭ (هازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لەمجىن رايونى)، تىيانشان (هازىرقى توقسۇن ناھىيىسى) قاتارلىق بەش ناھىيە بولۇپ، 19 مىڭ 16 تۈتۈن، 49 مىڭ 476 نوپۇس بار ئىدى.
تىڭجۇنىڭ قارىمىقىدا جىنمەن (هازىرقى جىمسار ناھىيىسى)، لۇنتەي (هازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى)، پۇلۇي (هازىرقى مورى ناھىيىسى)، شىخەي (ئورنى نامەلۇم) قاتارلىق تۆت ناھىيە بولۇپ، 2226 تۈتۈن، 9964 نوپۇس بار ئىدى.
تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا:
1. ۋايسارا تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى (هازىرقى خوتەندە) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئون ئايماق بار ئىدى.
2. سۇلې تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى (هازىرقى قەشقەردە) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 15 ئايماق بار ئىدى.
3. كوسەن تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى (هازىرقى كۇچار ناھىيىسىدە) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 9 ئايماق بار ئىدى.

4. كىنگىت (قاراشەھەر) تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى (ھازىرقى يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىدە) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئايماق سانى نامەلۇم.

غەربىي دىياردا تەسىس قىلىنغان 45 تۇتۇق بۇيرۇق مەھكىمىسى، 115 ئايماقنى ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى باشقۇرغان⑤.

ئەنشى دۇخۇ مەھكىمىسى دەسلەپتە قوجۇ (تۇرپان)دا تەسىس قىلىنغان، مىلادى 648-يىلى كوسەنگە كۆچۈرۈلگەن، مىلادى 651-يىلى يەنە قوجۇغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، مىلادى 658-يىلىغا كەلگەندە، قايتىدىن كوسەنگە يۆتكەلگەن. بۇنىڭدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىنىڭ باشتىن-ئاخىر تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي دىيار (ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى رايونلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) دىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ياراتقان نەتىجىلىرى سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. تارىختىكى نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ ئالاقىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى ۋە قويۇقلاشتۇردى. بۇ رايوندىكى فېئوداللىق ئىقتىسات ۋە مەدىنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كېڭەيتتى، جايلاردىكى بۆلۈنمە كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بىرقەدەر مەركەزلەشكەن سىياسى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى.

7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ھازىرقى شىنجاڭنى بازا قىلغان تۈبۈتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرگۈزۈپ، تاڭ سۇلالىسى بىلەن بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى

تالاشتى. تۆبۆتلەر ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا
كىرگەن ئاخىرقى چارۋىچى قەبىلە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تۆبۆتلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى تالىشىش كۈرىشى ئۆگلۈك-سۈيگۈن توپىلىڭىنى پاسىل قىلغان ھالدا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ، مىلادى 670-يىلى تۆبۆتلەر شىزاڭ-كەشمىر-كوئىنىلۈن يولىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، ئاۋال يوتىكان (خوتەن)نى، ئاندىن يۈرۈڭقاش دەرياسىنى بويلاپ شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، بارقۇئان (ئاقسۇ)نى ئىلىش بىلەن، تاڭ سۇلالىسىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى تالىشىش كۈرىشنى باشلىۋەتتى⑥.

بۇ چاغ دەل تاڭ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا شادلىق غەلىبىلەرگە ئېرىشىۋاتقان مەزگىل ئىدى، تاڭ سۇلالىسى ھەم غەربىي تۈرك خاندانلىقىنى يىمىرىپ تاشلىغان، ھەم تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بۆلۈنمە كۆچلەرنى تىنجىتقان ۋە ھەرقايسى جايلاردا مەمۇرى ئورگانلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈۋالغان ئىدى. شۇڭا، تۆبۆتلەرنىڭ ھەربى ھۇجۇملىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچراپ ئۇزاق ئۆتمەي، تۆبۆتلەر تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن تۆبۆتلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىدىغان ئاساسىي قاتناش يولى بولغان شىزاڭ-كەشمىر-كوئىنىلۈن-پامىر يولى تۆبۆتلەرنىڭ قولىدا ئىدى. مىلادى 747-يىلى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربى سەركەردىسى گاۋ شيەنجى قوشۇن باشلاپ سۇلېيدىن يولغا چىقىپ، پامىر ئىگىزلىگىدە تۆبۆت قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىش بىلەن، تۆبۆتلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تۆبۆتلەر بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تىيانشاننىڭ جەنۇبىنى تالىشىش يولىدىكى بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۇرۇشقا خاتىمە

بەردى⑦.

مىلادى 756-يىلى، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ئۆڭلۈك-سۆيگۈن توپىلىڭى بولغاندا، تۆبۈتلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، هازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىنى ۋە خېشى كارىدورى رايونىنى بېسىۋېلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىدىغان يەنە بىر يولنى — چىڭخەي-خېشى-ئېۋىرغول يولىنى ئاچتى، بۇ يېڭى يول شىنجاڭ بىلەن بولغان ئارىلىقنى قىسقارتقانلىقتىن، تۆبۈتلەر بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ غەلىبىگە ئېرىشىش پۇرستىگە ئىگە بولدى.

مىلادى 789-يىلى قىشتا، تۆبۈتلەر ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىن بىزار بولغان قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، بېيتىڭغا شىددەتلىك هۇجۇم قىلدى. ئىككىنچى يىلى 5-ئايدا، ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى ئېل ئۇگاسى قوشۇن باشلاپ كېلىپ بېيتىڭدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنىغا ياردەم بەرگەندە، تۆبۈتلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇ يىلى 7-ئايدا ئېل ئۇگاسى يەنە ئون مىڭ ئەسكەر باشلاپ كېلىپ، تۆبۈتلەرنىڭ بېيتىڭدىكى مۇهاسىرىسىنى بۇزۇپ تاشلىماقچى بولغاندا، يەنە بىر قېتىم مەغلۇپ قىلىندى. تۆبۈتلەر بېيتىڭنى تامامەن ئۆز ئىلكىگە ئالدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا هۆكۈمرانلىق قىلىش هوقۇقى تۆبۈتلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى كۈچى ئاجىزلاشقان بىر پەيتتە، بۇ رايوندىكى سىياسى ۋەزىيەتتە هوقۇق جەهەتتە بوشلۇق پەيدا بولدى. بۇ هال يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەرنىڭ قايتىدىن باش كۆتىرىپ چىقىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەن ئىدى. لېكىن تۆبۈتلەرنىڭ بۇ رايوندا تىكلىگەن هۆكۈمرانلىقى بۇنداق

خاھىشنى تېز چەكلىۋەتتى. نەتىجىدە، تاڭ سۇلالىسى بۇ رايوندا بارلىققا كەلتۈرگەن بىرقەدەر مەركەزلەشكەن سىياسى ۋەزىيەت داۋاملىق ساقلاپ قېلىندى. بۇ، تۈبۈتلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا كۆرسەتكەن مۇھىم تارىخىي خىزمىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تۈبۈتلەر-نىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يەنە بىر رولى شۇ بولدىكى، ئۇلار شىددەت بىلەن شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىۋاتقان ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىنى توسۇپ قالدى.

لېكىن، تۈبۈتلەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلار شەرق-تىمۇ، غەرپتىمۇ ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن كۈچىنى زايە قىلدى. تۈبۈتلەرنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھۆكۈم-رانلىقىغا 9-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇيغۇرلار خاتىمە بەردى.

سىياسى جەھەتتىكى ئۇيغۇشسىزلىق ۋە جۇغراپىيە جەھەتتىكى توسقۇنلۇق (تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرىشتە ماڭغان يوللار قولدىن كېتىپ قالغان ئىدى) تۈپەيلىدىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرگەن تۈبۈت پۇقرالىرى قايتىشقا ئامالسىز قالدى. ئاقىۋەتتە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى رايونلىرىدىكى ئاھالىلەر ئېقىنىغا يەنە بىر يېڭى تەركىپ قوشۇلدى.

ئەمدى بىز ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر ئېقىنىغا كېلىپ قوشۇلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ تېما توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن بۇرۇن، بەزى تارىخىي پاكىتلارنى بىرقۇر كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشكە توغرا كەلدى.

تۈرلۈك يازما مەلۇماتلار ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بولۇپمۇ ئارخېئولوگىيىلىك ئۇسۇل ۋە تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىنى تەتبىقلاش نەتىجىسىدە، كىشىلەر

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەر تەركىۋىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ جەريانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلىۋالدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مىلادىدىن بۇرۇن خېلى بىر مەزگىلگىچە تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا چياڭ دەپ ئاتالغان ياۋچىلارنىڭ بىر تارمىقى ياشىغان.

ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىللەردە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ياشىغان ئاھالىلەر بىرخىللا بولمىغان، بىز يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنلەردىن باشقا، ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار شۇنىمۇ ئىسپاتلىغانكى، شۇ ۋاقىتلاردا تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدا يەنە شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەرمۇ ياشىغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىردىن تارتىپ، تارىم ۋادىسى ئاھالىلىرىنىڭ تەركىۋىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، يەرلىك ئاھالىلەرگە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ هونلار، خەنزۇلار، جوجانلار، تېلېلار هەم تۈركلەر كېلىپ قوشۇلدى.

شۇ ۋاقىتلاردا، يەرلىك ئاھالىلەر ئېقىنىغا كېلىپ قوشۇلغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى تەركىپلەر چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر (خەنزۇلار بۇنىڭ سىرتىدا) بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىش جەريانى هەرقايسى قەبىلىۋى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئىقتىسادىي فورماتسىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە تۇرمۇش شەكلىدىن ۋازكېچىش بىلەن يەكۈنلەنگەن، بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشقا خاراكتېرلىرىنى، مەسىلەن، تىل، مىجەز، خۇلق، ئېتىقات ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ساقلاپ قالالىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇهىم جەهەت-

لىرىدە تامامەن يەرلىك قېلىپقا چۈشۈپ، يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئوخشاش سەۋىيە ۋە ھالەتكە يەتكەن.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىش جەريانى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بىز يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ تۇتقان ئورنىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

جۇغراپىيە نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ئارىسىدا ئېغىر تەبىئىي توسالغۇلار يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىيانشان تاغ تىزمىلىرى، پامىر ئېگىز-لىكى ۋە كوئېنلۈن تاغ تىزمىلىرى ئارىلىغىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان، بۇنىسى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئالدىنقى شەرتلەردىن بىرى بولغان.

ئايانكى، سىياسى، ئىقتىسادىي ياكى جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ قايسىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئاھا-لىلەرنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ تولۇق شەرتلىرى ھازىرلانغان ئىدى.

## 2. تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى

موڭغۇل دالاسىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلارغا قوشۇلىدىغان ئاھالىلەر بىرلىككە كەلگەن ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان ئەنە شۇنداق بىر تۇركۇم ئاھالىلەر ئىدى.

ئۇنداقتا، بىرلىككە كەلگەن ئورتاق گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىۋاتقان يەرلىك ئاھالىلەر كۆللىكتىۋ ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ نېمە شەرتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى؟

سىياسى جەھەتتىكى مۇقىم ئۇستۇنلۇك ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇشتا ھازىرلىغان ئاساسلىق شەرتى بولدى.

9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش كەيپىياتىنىڭ قانچىلىك كەسكىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئوخشاشلا ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دىگەن نام بىلەن ئاتايتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن قوشۇلۇپ كىتىش جەريانى خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان جەريان. بۇ مەزگىلدە يەرلىك ئاھالىلىنى ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسا، ئۇيغۇرلار قەبىلىۋى خەلقتىن مىللەتكە ئۆتۈش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ئىككى جەريان ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىردەك ئىجتىمائى ئىقتىسادىي فورماتسىيىسىنى ۋە بىرلىككە كەلگەن مىللى خۇسۇسىيەتلەرنى شەكىللەندۈرۈش جەريانىنى ھاسىل قىلدى.

بۇ جەرياننىڭ ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلغان بىر باسقۇچى ئىقتىسادىي ساھەدە بولدى. ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوخشاش بولمىغان ماددى ئاساستىن پەيدا بولغان. ئۇيغۇرلار شۇ ۋاقىتتا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان. يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بولسا دىخانچىلىق ئىگىلىكى بەلگىلىگەن ئىدى.

ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئۆزئارا قوشۇلۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن ۋازكېچىشى بىلەن خاراكتېر-

لەندى. مۇبالىغىسىز ئېيتىمىزكى، بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلاردىن بۇرۇن تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا كىرگەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ قېلىشقا قاتتىق تىرىشقان، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئىدى؛ ئۇنىڭدىن قالسا، بۇ رايونغا ئۇلار كۆپىنچە بويسۇندۇرغۇچىلار سۈپىتىدە كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتلارنىڭ ئۆزىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان رايونى بولماستىن، پۈتكۈل ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تاكى سىياسى جەھەتتە ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانغا قەدەر يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن مەلۇم پەرقىنى ساقلاپ قالغان.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى پائالىيەتلىرىدە روشەن ئوخشىماسلىقلار ئىپادىلەنگەن.

ھەممىدىن ئاۋال، ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئوخشاش ئەمەلىي كۆچكە ئىگە بولمىغان. ئۇيغۇرلار ئۇرۇنلاشقان رايون — شىجۇ ئۇيغۇرلىرى كۇچارنىڭ شىمالىدا، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئاقسۇنىڭ جەنۇبىدا — ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىردىن-بىر دائىرىسى ئىدى. گەرچە ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن مېھرىنى ئۈزۈشكە كۆڭلى قىيمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلاردىكى ئاجىزلىق ئۇلارنى باشقا چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەردىن ئۈلگە ئېلىش ئىمكانىيىتىدىن

تامامەن مەھرۇم قىلغان، ئۇلار يەرلىك قېلىپ بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى بىلەن تۇرمۇش ئۇسۇلىنى جەزمەن ئۆزگەرتىشى شەرت ئىدى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان ئىككى تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ دىگەندەكلا شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئانچە ئۇزاق بولمىغان بىر مەزگىل ئىچىدە، ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىقتىن ۋازكېچىپ دىخانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يېڭى بىر يۇكسەكلىككە يەتكۈزۈپلا قالماستىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنى خېلى يۇكسەك باسقۇچقا يەتكۈزدى، سىنىپىي مۇناسىۋەت قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇيغۇرلار جەمىيىتىنىڭ ئاساسلىق رىشتىسى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار مۇشۇ رايوندا كۈندىن-كۈنگە يۇكسىلىۋاتقان فېئوداللىق ئىگىلىك ئېقىمىغا كىرىپ كەتتى.

پەيدىن-پەي ئەمەلگە ئاشقان بۇ جەريان ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي ساھەدە يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئاخىرقى ھېساپتا ئوخشاش ھالەتكە كېلىپ، ئورتاق ئىقتىسادىي باغلىنىشنى ھاسىل قىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئىجتىمائى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم نەتىجىسى شۇ بولدىكى، فېئوداللىق يەر مۈلۈكچىلىكىنىڭ تىزگىنلىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىمۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپمۇ يەرگە مەھكەم باغلىنىپ كەتتى.

ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ سىياسى ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىـ

رىشلەر ــ ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن موڭغۇل دالاسىدىكى سىياسى ۋەزىيەت كۆزدە تۇتۇلدۇ ــ بولغاچقا، تارىم ۋادىسى ئەتراپىغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز جايىدىن باشقا ھەرقانداق جايغا كۆچۈشى مۇمكىن بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ يەرگە باغلىنىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئوخشاشلىقنى يەنى ئولتۇراق زىمىن باغلىنىشىنى بارلىققا كەلتۈردى.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، يېڭى ئاھالىلەر تەركىۋى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئەۋج ئالغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ئاھالىلەر تەركىۋىدە كۆرۈلگەن سۈركىلىش، قايتا شەكىللىنىش ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇش جەريانى ئولتۇراق ئىقتىسادىي باغلىنىش ۋە ئولتۇراق زىمىن باغلىنىشىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئولتۇراق تىل ئاملىنىمۇ ھاسىل قىلىشقا باشلىدى.

بۇ جەرياننىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى شۇكى، يەرلىك ئاھالىلەر ئاخىرقى ھېساپتا ئۆز تىلىدىن ۋازكېچىپ، ئۇيغۇر تىلىنى قوللاندى. بۇ تېما كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ھەممىمىزگە ئايان بەزى پاكىتلارنى قايتا تىلغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا، دەسلەپتە، ئاساسەن توخار تىلى قوللىنىلغان، بۇنىڭدىن باشقا ساك تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە سوغدى تىلىمۇ قوللىنىلغان.

چوڭ ياۋچىلار قۇرغان كوشان خاندانلىقىنىڭ قۇدرەت تېپىشى توخار تىلىنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇردى، بۇدا دىنىنىڭ كەڭ تارقىلىشى بولسا ئۇنىڭغا يېڭى قان قوشتى. لېكىن، كوشان خاندانلىقىنىڭ

زەئىپلىششى ۋە بۇددا دىنىنىڭ زاۋالىغا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، توخار تىلىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىششقا باشلىدى. توخار تىلىنى داۋاملىق هالدا زاۋالغا يۈزلەندۈرگەن تىل تۈرك تىلى ئىدى.

تۈرك خاندانلىغى مەزگىلىدە، تۈرك تىلى هۆكۈمەت تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ هەر-قايسى ساهەلىرىگە كەڭ تۈردە سىڭىپ كىرىپ، بۇ رايوندا، بولۇپمۇ هۆكۈمران سىنىپلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە، ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلىدىغان تىلغا ئايلانغان، تۈرك تىلى بارلىققا كەلتۈرگەن بۇ ۋەزىيەت ئۇيغۇر تىلىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى.

19-ئەسىردە بەرپا بولغان تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق بىزگە تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرهلەپ بەردى. مۇشۇ تىلشۇناسلىق سىستېمىسى بويىچە، ئۇيغۇر تىلى تۈرك تىلى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن*.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىدە بار هايات بەخش كۈچى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ رايوندا ئېرىشكەن سىياسى ئۈستۈنلۈگى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا غەلىبە قىلىشىغا ئاساسىي سەۋەپ بولدى.

ئۇيغۇر تىلى ئېلىمىزنىڭ هازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن قەدىمقى تىللىرىنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئورخون دەرياسى ۋادىسىدا ياشاۋاتقان مەزگىللەردىلا، ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ ئالاقە قورالىغا

* تۈرك تىلى كاتېگورىيىسىگە ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا يەنە ئۆزبېك تىلى، قازاق تىلى، تاتار تىلى، باشقىرت تىلى، چۇۋاش تىلى، قىرغىز تىلى، ياقۇت تىلى، تۈركمەن تىلى، ئەزەربەيجان تىلى، تۈركىيە تىلى قاتارلىق ئون خىل تىل كىرگۈزۈلگەن.

ئايلانغان. ئۇيغۇر خاندانلىغى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قوللىنى-
لىش دائىرىسى تېخىمۇ روشەن هالدا كېڭىيىپ، خاندانلىق دائىرد-
سىدە ئومۇمى تىل بولۇپ قالغان، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىغى داۋامىدا
بارغانسېرى مۇقىملاشقان ۋە مۇكەممەللەشكەن.

تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا، ئۇيغۇر تىلى 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن
باشلاپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى هاكىمىيىتى هۆكۈمرانلىق قىلغان دائىد-
رىدە قوللىنىلغان. 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، قارا-
خانىلار خاندانلىغى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايونلارغا
كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلى پۈتكۈل تارىم ۋادىسى بويلىرىدىكى
رايونلارغا ئومۇملاشتى.

هۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىنىڭ كۆچىيىشى، قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ
ئورنىتىلىشى، سودىنىڭ راۋاج تېپىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇشۇ رايوننىڭ
ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىكى تەسىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. ئۇ هەر دەرىجد-
لىك مەمۇرى ئورگانلارنىڭ خەت ئالاقىلىرىدا، دىنىي كىلاسسىك
ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشتا، بولۇپمۇ سودا پائالىيەتلىرىدە كەڭ
قوللىنىلىدىغان ئاساسلىق تىل بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ هەممىسى
ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ رايوندىكى ئاهالىلەر ئارىسىدىكى ئورنىنى تەبئى
هالدا كۈچەيتتى.

تىل جەهەتتىكى بىر بىرىگە قوشۇلۇش 11-ئەسىرگىچە
داۋام قىلىپ، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 200 يىلدەك جەريانىنى باشتىن
كەچۈردى.

«قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى» قاتارلىق ئەسەر-
لەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا يەرلىك
ئاهالە تىللىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بۇ رايوندا ئورتاق قوللىنىلىدىغان

ئالاقە قورالى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
ئۆزگىرىش، قايتا تەشكىللىنىش ۋە بىر بىرىگە قوشۇلۇشلار بولۇپ
تۇرغان ئاشۇ يىللاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر خىل سەنئەت ئالاھىدىلىك-
لىرىمۇ راۋاج تاپتى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك
سەنئەت ئۆلچەملىرى، تۇرار جايلارنىڭ شەكلى، كىيىم-كېچەكتە
ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئۇنىڭ شەكلى، شۇنىڭدەك بىناكارلىق
سەنئەتلىرىدە روشەن گەۋدىلەندى. ئۇلار يەرلىك ئۇسلۇب، قەبىلە-
ۋى پۇراق بىلەن تولغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا تارىخنىڭ ئىلگى-
رىلەش جەريانى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ھەر
خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇبلارنى قوشقان بولسىمۇ، بىراق، ئۇيغۇرلار
ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرىنى ساقلاپ قالالىدى ۋە
ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇقىم مەدەنىيەت
ئالاھىدىلىكلىرىگە ئايلاندۇردى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورغۇنلىغان مىللىي خۇسۇ-
سىيەتلىرىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىدى. مەسىلەن، جاپا-مۇشەققەتكە
چىداش، قەيسەر بولۇش، ئىنتىشابلىق، باغۇەنچىلىكنى ياخشى
كۆرۈش، ھويلا-ئارام لارنىڭ مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت
بېرىش، ناخشا-ئۇسۇلغا ماھىر بولۇشقا ئوخشاشلار. بۇ خۇسۇسىيەت-
لەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسىنى ئۆزلەشتۈرۈش
يولىدىكى مۇشكۈل ۋە ئۇلۇغ كۈرەشلىرى داۋامىدا شەكىللەنگەن.
ئۇيغۇرلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن
ئۆزئارا قوشۇلۇش جەريانى ئىنتىساتى، مەدەنىيەت جەھەتلەردە
كۆرۈلۈپلا قالماستىن، ئىرقى ئالامەتلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى
تاپقان. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە جايلاردا ساقلىنىۋاتقان

مەدەنىي يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن تەن قۇرۇلۇشى جەھەتتە شالغۇتلاشقانلىقىنى دەلىللىگەن. مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ئىنسانشۇناسلىق ساۋادىغا تايىنىپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ھىلىھەم بۇ ئالامەتلەرنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىم ۋادىسى بويىدىكى يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ئۆزئارا قوشۇلۇش جەريانى ئەينى زاماندا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭمۇ شەكىللىنىش جەريانى، ئەلۋەتتە. بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەريان، شۇنداقلا ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنىڭ كۆپ قېتىم بىر بىرىگە قوشۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

تۇرمۇشى قويۇق چارۋىچىلىق ھىدىغا تولغان ئۇيغۇرلار تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، تارىخ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، يېڭى مۇھىتتا ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى قايتا تەشكىللىدى. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇر تىلى سىياسىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈككە ۋە ئۆزىدىكى ھاياتىي كۈچكە تايىنىپ، ئاخىر يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىللە يېڭى ئاھالىلەر گەۋدىسىنى ھاسىل قىلدى، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، "ئۇيغۇر" دېگەن مىللەت نامى بۇ يېڭى ئاھالىلەر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ بەلگىسى، ئۇيغۇر تىلى بولسا ئۇلارنىڭ ئالاقىلىشىدىغان ئورتاق تىلى بولۇپ قالدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇرلار

### 1. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

12-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، جۇرجىن قەبىلىسىنىڭ لياۋ-

دۆلەت يېرىم ئارىلىدا ئۆلغىيىپ چىققىنى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە يېڭى ئۆزگىرىش بولدى.

جورجىن قەبىلىسى ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى سۇڭخۇاجياڭ ۋە خېيلۇڭجياڭ دەريالىرى ۋادىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. مىلادى 1115-يىلى ئاگۇدا جورجىن قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جىن سۇلالىسى (ئالتان خانلىقى)نى قۇردى. مىلادى 1125-يىلى جىن سۇلالىسى لياۋ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، شۇ چاغدا ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدا مۇھىم سىياسى ۋە ھەربى كۈچ بولۇپ قالدى. لياۋ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى پۈتۈنلەي جىن سۇلالىسىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

ئېلىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدا كۆرۈلگەن بۇ مۇھىم ئۆزگىرىش ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنىڭ قايتىدىن بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرەلمىدى. ئەكسىچە، جىن سۇلالىسى بىلەن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى سۇڭ سۇلالىسى تىركىشىش ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن، 10-ئەسىردىن باشلاپ ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا شەكىللەنگەن فېئودال تارقاقچىلىق ھالىتى يەنىلا ئېغىر دەرىجىدە ساقلاندى.

جىن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي زېمىنىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇ سۇلالە مىلادى 1124-يىلىدىن مىلادى 1211-يىلىغىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنىڭدەك شەرقىي ئىران ئىگىزلىكىدە ھۆكۈم سۈرۈپ، بۇ رايونلاردا چوڭقۇر تارىخىي ئىز ۋە تەسىر قالدۇردى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغان كىشى ياللۇغ تاشىن دېگەن

كىشى ئىدى. بۇ لياۋ سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ، قىتانچىغىمۇ، خەنزۇچىمۇ ناھايىتى ئۇستا، ھەربىي ماھارەتكە كامىل ئىدى، ياللۇغ تاشىن خەنلىن (ئەللامە) دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. خەنلىن قىتان تىلىدا لىنيا دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا ئۇ بەزىدە تاشىن لىنيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ⑧.

مىلادى 1122-يىلى، جورجىن قوشۇنى جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، خېبېي رايونىغا بېسىپ كىرگەندە، لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاسى تيەنزو ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىدە قۇرۇلغان پايتەختىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. ياللۇغ تاشىن بىلەن پايتەخت ھاكىمى لى چۇۋېن شاھزادە چۇننى لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى قىلىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ياللۇغ تاشىن جورجىنلارغا ئەسىر چۈشىدۇ. بىر تالاي قىيىن-قىستاقلاردىن كېيىن، ياللۇغ تاشىن جورجىنلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ، لياۋ سۇلالىسىنى قايتا تىكلەش نىيىتىدە، تيەنزونىڭ جىياشەندە قۇرغان لاگېرىغا بارىدۇ. لېكىن، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان شەرتلەر مۇتلەق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ 200 كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنى باشلاپ تيەنزودىن ئايرىلىپ موڭغۇل دالاسىغا كېلىپ، قاتۇن بالىق (بۇ قەلئە ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئورخون دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان قارا بالغاسۇن بولۇپ، زامانىسىدە ئۇيغۇر خاندانلىغىنىڭ پايتەختى ئىدى)تا ئىلگىرى لياۋ سۇلالىسىگە بېقىنغان يەتتە ئايماق، 18 قەبىلىنىڭ باشلىقلىرىنى توپلاپ يىغىن ئېچىپ، يېڭىۋاشتىن قوشۇن ئۇيۇشتۇردى ۋە بۇ قوشۇنغا تايىنىپ، لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تىكلىمەكچى بولدى. بىراق جورجىنلارنىڭ سابىق لياۋ سۇلالىسى زېمىنىدا

ئۆزلۈكسىز قازىنىۋاتقان ھەربىي غەلىبىلىرى ياللۇغ تاشىنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى قايتا تىكلەش نىيىتىنى يوقىتىۋەتتى. ئاخىر ئۇ غەرپكە بېرىپ، تازى (بۇ چاغدا ئىران مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان) دىن ئەسكەر ئارىيەت ئېلىش قارارىغا كەلدى، ياللۇغ تاشىن غەرپ سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمدارى بىلگەگە خەت يېزىپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەۋەلىكىدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

ياللۇغ تاشىن ئۆز خېتىدە مۇنداق دېگەن: "بۇرۇن تەيزۇ ئالىلىرى شىمالغا قوشۇن تارتىپ بارغۇت (بوغۇ) شەھىرىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، گەنجۇ (خېشى ئۇيغۇرلىرى)غا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئەجدادىڭلار ئۇماي قۇتلۇقتا: 'ماكانىڭنى سېغىنىۋاتامسەن؟ مەن ساڭا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، سەن قايتىپ كېلەلمەسەك، مەن ئۇنى ئىلكىمدە تۇتۇپ تۇرىمەن، مېنىڭ ئىلكىمدە تۇرۇشى سېنىڭ ئىلكىڭدە تۇرغان بىلەن باراۋەر' دېگەن. ئۇماي ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىپ، بۇ يەردە ماكانلىشىپ قالغىنىمىزغا ئون نەچچە ئەۋلات بولدى، ھەربىلەر ۋە پۇقرالار كۆچۈش-يۆتكىلىشنى ناھايىتى ئېغىر كۆرىدۇ، قايتىپ بارالمايمىز، دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن. دېمەك، سىلەر بىلەن بىر كۈنلۈك قەدىناس ئەمەسمىز، بۈگۈنكى كۈندە مەن غەرپكە قاراپ تازىغا سەپەر قىلماقچى بولۇپ، دۆلىتىڭلاردىن ئۆتمەكچىمەن، بۇنىڭدىن گۇمانلانماسلىقىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن"⑨.

بۇرۇنقى دوستلۇق ئەسلەنگەن بۇ خەت ياللۇغ تاشىن ئۈمىت قىلغاندەك رول ئوينىدى، ياللۇغ تاشىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش تەلىۋى دەرھال ماقۇل كۆرۈلدى. ياللۇغ تاشىن قاتارلىقلار بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا

يېتىپ كەلگەندە، قىزغىن كۈتۈۋېلىندى، ياللۇغ تاشىن شەرىپىگە بىلگە ئۆچ كۆن زىياپەت بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا 600 ئات، 100 تۆگە، 3000 قوي سوغا قىلدى⑩.

ياللۇغ تاشىنىنىڭ شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇنداق مەرتىلەرچە ياردىمىگە ئېرىشىشىگە نىمىلەر سەۋەپ بولدى؟ بۇ ئىشنىڭ سىرى ۋە سەۋەپلىرىنى تەھلىل قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ 12-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدا ئېلىپ بارغان تارىخىي پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشتە بەكمۇ زۆرۈر.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى 10-ئەسىردىن باشلاپلا لياۋ سۇلالىسى بىلەن كەڭ ئالاقە ئورناتقان. لياۋ سۇلالىسى قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردە، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى لياۋ سۇلالىسى ئاتا قىلغان پەخرىي ئۇنۋانلارنى قوبۇل قىلىپ، مۇئەييەن ھەربى مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. روشەنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىلگىنىڭ ياللۇغ تاشىنىنىڭ تەلىۋىگە ماقۇل بولۇشىدىكى ئىچكى ئامىللار ئىدى.

يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى مۇشۇ مەزگىلدە مۇرەككەپ سىياسى ۋەزىيەتكە، يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قاتتىق داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان سىياسى ۋەزىيەتكە دۇچكېلىپ قالغان ئىدى. سالجۇقلار خاندانلىقى ئىران ئېگىزلىكى، ۋىزانتىيە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر قاتار غەلىبىلەرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، شىددەت بىلەن شەرققە قاراپ سۈرۈلۈپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ماۋەرائۇننەھەر رايونىدىكى زېمىنلىرىنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە قوشۇۋالغان ئىدى. ئەگەر پامىر ئېگىزلىكىدىن ئىبارەت بۇ تەبىئى توسالغۇ بولمىغان بولسا، شىجۇ

ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قالدۇق قاراخانىلارمۇ سالجۇقلارنىڭ بىۋاستە ھەربىي زەربىسىگە ئۇچرىغان بولاتتى.

قالدۇق قاراخانىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئېغىر تەھدىت ئىكەنلىكى سۆزسىز ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى زېمىنلىرى سالجۇقلار خاندانلىقى تەرىپىدىن بىر-بىرلەپ تارتىۋېلىنىپ بولغان ئىدى، بۇ ھال سالجۇقلار بىلەن چېگرىداش بولمىغان شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن ئېغىر تەھدىت ئىدى، چۈنكى ئۆز غەلىبىلىرىدىن ئىلھاملانغان سالجۇق قوشۇنلىرىنىڭ پامىر ئېگىزلىكىدىن خالىغان ۋاقىتتا ئۆتۈپ، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلارغا ھۇجۇم قىلىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي رايونىدىن كەلگەن قىتانلارنى ئىشەنچلىك تايانچ كۈچ دەپ قارىشى ناھايىتى تەبىئىي ئىدى. مۇنداق پىسخولوگىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەقەلەر بىر ئەسىردىن كېيىن تۇرپان ئويمانلىقىدا قايتا تەكرارلاندى. شۇ ۋاقىتتىكى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن موڭغۇل دالاسىدىكى چىڭگىزخان تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى.

ياللۇغ تاشىنىڭ بىر خىل سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشى، مەيلى سالجۇقلارنى توسۇش ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى قاراخانىلارنى — بۇ ھاكىمىيەت شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسلىق رەقىبى ئىدى — ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولسۇن، شۈبھىسىزكى، پايدىلىق ئىش ئىدى. بۇنىسى بىلگىگە ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

ئەمما، تۆرلۈك كۆچلەر تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن ئۆتۈپ ئىرانغا بېرىش، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي شارائىتىدىن قارىغاندا، رېئاللىقتا ئانچە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. دېگەندەك، ياللۇغ تاشىن قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىغىغا كىرىش بىلەنلا، ئالتاي تېغى ئەتراپىدا قىرغىزلار تەرىپىدىن توسۇۋېلىندۇ. غەرپكە قاراپ سەپەرگە ئاتلانغان بۇ بىر تۈركۈم قېتانلار نائىلاج ئېمىل دەرياسى ۋادىسى (بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى چۆچەك شەھىرىنىڭ ئەتراپى)دا تۇرۇپ قالدۇ⑪.

ياللۇغ تاشىن قاتارلىقلار مۇشۇ ئوتلاقتا بىر مەزگىل قامىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئېمىل دەرياسى بويىدا سېپىل ياساپ، قورغان سېلىپ، دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ چەكلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىگە تايىنىپ، سىياسىي ۋەزىيىتى قالايمىقان مۇشۇ رايوندا ئىز بېسىپ تۇردى.

قېتانلارنىڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى ئۇلارنى مۇشۇ رايوندا تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ سىياسىي تەسىرىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇردى. قېتانلار ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېمىل دەرياسى ۋادىسىدا تۇرۇپ قالغان بۇ قېتانلارنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە تېخىمۇ چوڭراق دائىرىدە بىرەر زور ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ياراتماقتا ئىدى. قېتانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەقەت پۇرسەتلا كەم ئىدى. ھالبۇكى، بۇ پۇرسەت ئەمەلىيەتتە راسا تۇغۇلماقتا ئىدى.

بۇ بۆلۈمدە بايان قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە بالقاش كۆلى بويىدىكى

چارۋىچى قەبىلىلەر ئۆزلۈكسىز قوزغىلىپ بالاساغۇن خاكىمىيىتىگە — بۇ خاكىمىيەتنى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ شىمالىي ۋالىسى قۇرغان، بۇ خاكىمىيەتنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى توغرىسىدا ئالتىنچى باپنىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق — قارشى قوراللىق ئىسيان كۆتەردى.

كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشكەن بالاساغۇن خاكىمىيىتى بۇ قوراللىق ئىسيانلار داۋامىدا خالاكەت گىرداۋىغا كېلىپ قالدۇ. چىقىش يولى تاپالماي قالغان بالاساغۇن خاكىمىيىتى مۇشۇ تۈركۈم قىتانلارنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، قىيىن مۇھىتتىن قۇتۇلۇش قارارىغا كېلىدۇ.

ياللۇغ تاشى بالاساغۇن خاكىمىيىتىگە ياردەملىشىپ، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرغاندىن كېيىن، بالاساغۇن خاكىمىيىتىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئۆز كۈچىنىمۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي، ياللۇغ تاشى بالاساغۇن خاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئەپراپسىياپ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئورنىنى بېسىپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇلىنى تىكلىۋالىدۇ⑫.

قىتانلار كېيىنكى كۈنلەردە، ئاساسەن، سىياسى ۋە ھەربى ئۇسۇللار ئارقىلىق بىر قاتار غەلىبىلەرگە ئېرىشتى. سىياسى ئۇسۇلنى ئاساسەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى خاكىمىيىتىگە قوللاندى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى خاكىمىيىتى بىرىنچى بولۇپ ياللۇغ تاشىنى قوللىدى. ئۇنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە بېقىنىش مۇناسىۋىتى ياللۇغ تاشى غەرپ سەپىرىگە ئاتلانغان چاغدىلا ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشكەن ئىدى. شۇ ۋاقىتتا، بىلگە نۇرغۇن ئات، تۆگە، قوي سوغا قىلغاندىن تاشقىرى، "ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە قىتانلارنىڭ

پۇقراسى بولۇشنى خالايدىغانلىقى"نىمۇ بىلدۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ياللۇغ تاشىن بالاساغۇندا ئۆلگىچە تەرەققىي تېپىشقا باشلىغاندا شىجۇ ئۇيغۇرلىرى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ تۇنجى تۈركۈم پۇقرالىرىغا ئايلاندى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، ياللۇغ تاشىن ئۆزى ئۈچۈن زېمىن بەرپا قىلىش جەريانىدا پەقەت شىجۇ ئۇيغۇرلىرىغىلا ھەربى ھەركەت قوللانمىدى.

ھەربى ئۇسۇلنى ئاساسەن قالدۇق قاراخانىلار بىلەن ماۋەرا-ئۇننەھر رايونىدىكى بۆلۈنمە ھاكىمىيەتلەرگە قوللانغان ئىدى.

ئەپراپسىياپ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئۆتتۈنۈپ بېرىشى بىلەن، ياللۇغ تاشىن بالاساغۇندا ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالدى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، بۇ قىپتانلار مۇشۇ رايوننىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش بىلەن بىللە، بۇرۇن ئەپراپسىياپ جەمەتىدىكىلەر ئېلىپ چىققان رولنى ئەمدى بۇ قىپتانلار ئېلىپ چىقتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەپراپسىياپ جەمەتىنىڭ دۈشمەنلىرى ئەمدى ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قىپتانلارنىڭمۇ دۈشمىنى بولۇپ قالدى.

ياللۇغ تاشىن غەرپ سەپىرىگە ئاتلانغان چاغلاردا قاراخانىلار چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ، پارە-پارە بولۇشقا باشلىغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئوتلاقلاردىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئەمدى يېقىندا ئۇنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى زېمىنلىرىمۇ سالجۇقىلارنىڭ زېمىنىغا ئايلىنىپ كەتكەن، لېكىن شۇنداقتىمۇ قاراخانىلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى يەنىلا تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا ئىگە ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ رايوندىكى مۇستەھكەم ئىستىھكاملىرى بولغان شەھەر-قەلئەلەر ياللۇغ تاشىننىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كىرىشى ئۈچۈن قىيىن

توسالغۇ ئىدى.

قاراخانىلار خاندانلىقى كۆچەيگەن مەزگىللەردە خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا ھاكىمىيەت تىكلىگەن لياۋ سۇلالىسى بىلەن سودا جەھەتتىلا بەزى بېرىش-كېلىشلەردە بولغاندىن تاشقىرى، باشقا ھېچقانداق مۇناسىۋەتتە بولمىغان ئىدى. يالىلۇغ تاشىن سەرگەدان بولۇپ غەرپكە سەپەر قىلغاندىمۇ، قاراخانىلار ئۇنىڭغا مەدەت بەرمىگەن ۋە ھەمدەمدە بولمىغان.

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سۈرۈشتە قىلىنىدىغان بولسا، بالاساغۇن ھاكىمىيتىنى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ خائىنى، شىمالىي رايون باش ۋالىسى قۇرغان. ئەمىلىيەتتە، دەل مۇشۇ شىمالىي رايون باش ۋالىسى باشلامچى بولۇپ قاراخانىلار خاندانلىقىنى پاچاقلاپ تاشلىغان. شۇڭا، قاراخانىلار خاندانلىقى بالاساغۇن ھاكىمىيتىنى ئىزچىل يوسۇندا ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قاراپ كەلگەن. ئەمدى، يالىلۇغ تاشىن تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك قىياپەت بىلەن بالاساغۇن ھاكىمىيتىنىڭ ئورنىنى دەسسىدى. ۋاھالەنكى، بۇ يېڭى ھۆكۈمران قاراخانىلار خاندانلىقىغا خاس بۇ زېمىننى قاراخانىلارغا قايتۇرۇپ بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى كۈچىنى پائال جۇغلاپ، تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىنتىلمەكتە ئىدى. مانا بۇلار قاراخانىلار بىلەن يالىلۇغ تاشىن ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋەتتىن باشقا مۇناسىۋەتنىڭ جەزمەن بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

تارىخىي ۋە سىياسى سەۋەپلەردىن باشقا، دىنىي ئېتىقادتىكى ئوخشىماسلىقمۇ قېتانلارنى قاراخانىلارغا دۈشمەن قىلىپ قويغان. قاراخانىلار خاندانلىقى بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى تىيانشاننىڭ

جەنۇبىي رايونىغا تارقاتقان. ئۇنىڭ ھەر بىر ھۆكۈمدارى دىنىي ئېتىقاتنى ئۆزىنىڭ زېمىن تارتىۋېلىش ۋە ئۇرۇش قىلىش بايرىقى قىلغان ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قوللىشى ۋە قوغدىشى ئاستىدا، ئىسلام دىنى 12-ئەسىرگە كەلگەندە يەرلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا كەڭ كۆلەمدە تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ خاندان-لىقنىڭ سىياسىي ھاياتىغا چوڭقۇر سىڭگەن. شۇڭلاشقا، ئىسلام دىنىغا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇش مەسىلىسى قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىيدىغان ئاساسىي ئۆلچىمى بولۇپ قالغان ئىدى. ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قىتانلا بولسا، ئاساسەن، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. تەبىئىكى، بۇ ھالەت ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قىتانلار بىلەن قاراخانىلار ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر دۈشمەنلىك كەيپىيات قوشتى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىلارنى، مەيلى سىياسىي جەھەتتىن قارايلى، مەيلى ھېسسىيات جەھەتتىن قارايلى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ياللۇغ تاشىنغا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى.

غەرپتىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىپ ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ شۆھرىتىنى قايتا تىكلەشكە نىيەت باغلىغان ياللۇغ تاشىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تارىم ۋادىسى ئەتراپى ئۇنىڭ بېسىپ ئۆتۈشى زۆرۈر يول ئىدى. مۇشۇ رايوننى ئۆز ئىلكىگە ئالمىغىچە، غەرپكە بارىدىغان يول ياللۇغ تاشىن ئۈچۈن مەڭگۈ ئېتىكلىك ئىدى.

1123-يىلى قىتان قوشۇنلىرى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ئارقىلىق تىيان-شاندىن ئۆتۈپ، توپ-توغرا تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىغا يۈ-رۈش قىلىش بىلەن، ئاۋال قاراخانىلارنىڭ ئاقسۇ رايونىدىكى قوشۇنىنىڭ

قارشىلىقىنى مەغلۇپ قىلدى، ئاندىن قەشقەر قەلئەسىگە ئاتلاندى. قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى قاغانى ئەخمەت ئۆزى قوشۇن باشلاپ قەشقەر يېنىدا قىپچاق قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلدى[13].

ياللۇغ تاشىنىڭ قوشۇنلىرى ئاخىر قاراخانىلار قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى. ئەخمەت جەڭدە ئۆلدى. بۇنىڭ بىلەن قىپچاق قوشۇنلىرى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدە ئەڭ مۇھىم غەلىبىگە ئېرىشتى. قەشقەر قەلئەسى ياللۇغ تاشىنىڭ يېڭى زېمىن بەرپا قىلىش جەريانىدا قولغا ئالغان تۇنجى چوڭ قەلئەسى ئىدى. قىپچاق قوشۇنلىرى ئارقىدىنلا يەنە يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ھۇجۇم بىلەن بېسىۋېلىپ، غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى قۇرغان ھاكىمىيەت — قاراخانىلار خاندانلىقىغا خاتىمە بەردى.

قاراخانىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ياللۇغ تاشىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ئەمەس ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرى پەقەتلا ئۇنىڭ غەرپكە ئاتلىنىشتىكى بىر كۆۋرۈكىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا، ئۇزاق ئۆتمەيلا، ياللۇغ تاشىنىڭ قوشۇنلىرى پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كىردى.

شۇ ۋاقىتتا سالجۇقلار خاندانلىقى ئىران رايونىدىكى ئۇرۇشلار بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ياللۇغ تاشى ماۋەرائۇننەھر رايونىدا پۈتلىكاشاڭسىزلا غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ غەلىبىلەرنىڭ مۇھىم بەلگىسى شۇ بولدىكى، بۇ رايوندا ئەڭ مۇھىم سىياسىي ۋە ھەربىي كۈچ دەپ قارىلىپ كەلگەن خارەزىم ياللۇغ تاشىغا بېقىندى ۋە ئۇنىڭ غەزنىسىگە يىلىغا 30 مىڭ دانە تىللا تۆلەش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى[14].

مىلادى 1124 ـ يىلى، ياللۇغ تاشىن ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىكى كىرمان دىگەن يەردە ئۆزىنى ‹‹گۇرخان›› دەپ جاكالىدى. ئاندىن قىتانلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆزىگە يەنە تيەنيۇ پادىشا ‹‹(تەڭرى ئاسرىغان پادىشا)›› دەپ نام بەردى ھەم يىلنامىنى ‹‹يەنچىڭ يىلنا-مىسى›› دەپ ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى ياللۇغ تاشىن 38 ياشتا ئىدى. ياللۇغ تاشىن قۇرغان بۇ فېئودال سۇلالە ئىلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ‹‹غەربىي لياۋ›› دەپ ئاتالدى، چەتئەل تارىخىي ھۆججەتلىرىدە بولسا ‹‹قارا كىدان (قىتان)›› دەپ ئاتالدى.

بۇ بىر تۈركۈم قىتانلار قانلىق كۈرەش قىلىپ، ئاخىردا ئەنە شۇنداق يېڭى زېمىنغا ئىگە بولۇپ، قۇدرەتلىك سىياسى ۋە ھەربى كۈچ بولۇپ شەكىللەندى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ياللۇغ تاشىننىڭ تازىدىن قوشۇن ئارىيەت ئېلىش ئارزۇسى رېئاللىق تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى تازى دۆلىتى سالجۇقلار خاندانلىقى ۋە گۇرخاندانلىقى تەرىپىدىن پاچاقلاپ تاشلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، قىتانلارغا قوشۇن ئارىيەت بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئاقىۋەتتە، ياللۇغ تاشىن ئۆزى ئىگەللىگەن يېڭى زېمىننى تايانچ قىلىپ، ئۆز كۈچىگە سۆيۈنۈپ سابىق لياۋ سۇلالىسىنى قايتا تىكلەش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئەۋەتكەن بىر قوشۇن خۇۋاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلىپ، سەپەرگە ئاتلاندى. بىراق بۇ قوشۇن ئۇزاق ئۆتمەي قاتتىق مەغلۇبىيەت بىلەن قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قىتانلارنىڭ شەرققە قايتىپ بېرىپ لياۋ سۇلالىسىنى تىرىلدۈرۈش ئارزۇسى يوققا چىقتى.

قىتانلارنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ۋە ماۋۇرائۇننەھردە پەيدا بولۇشى ئەتراپتىكى رايونلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئۇلارنىڭ

شىددەت بىلەن قازىنىۋاتقان ھەربى غەلىبىلىرىنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتىمۇ ئەتراپتىكى ھۆكۈمرانلارنى ۋە دىنىي يۇقۇرى قاتلامدىكىلەرنى قاتتىق ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدى.

1136 – يىلى، ياللۇغ تاشى ۋاپات بولدى، ئارىدىن بەش يىل ئۆتۈپ، 1141 – يىلىغا كەلگەندە، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى خارەزىملىقلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن، ئىران ئېگىزلىكىدە سالجۇقلار خاندانلىقىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قوزغىدى. ئىران ئېگىزلىكىدە بۇرۇندىنلا غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە چوڭقۇر ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەن، سالجۇقلار خاندانلىقىنىڭ خانى سۇلتان سانجارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، تېز ئارىدىلا غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن تىركەشكۈچى ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنى ۋۇجۇتقا كەلدى. دىھرىگان دەرياسى بويىدا ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنى ئارىسىدا شىددەتلىك جەڭ بولدى.

دىھرىگان دەرياسى بەدەخشان ئارقىلىق ئامۇ دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. ھازىر بۇ دەريا كوكچا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش سالجۇقلار خاندانلىقى باشچىلىقىدىكى 100 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ تامامەن يوقىلىشى بىلەن ئاياقلاشتى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىگە كىرىش بىلەن، نىشاپۇر، مەرۋى قاتارلىق جايلارنى بىر مەھەل ئىستىلا قىلىپ، سالجۇقلارغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

دىھرىگان دەرياسى ۋادىسىدىكى مەغلۇبىيەت ئىسلام تارىخىي ھۆججەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يولۇققان ئەڭ

قاتتىق مەغلۇبىيىتى دەپ ھىساپلانغان، شۇنىڭدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ھوقۇقىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى[15].

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەركىتىنىڭ كونكرېت نەتىجىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، سالجۇقلار خاندانلىقى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ھەركەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن توختىدى.

ھەربىي ھەركىتى پەيدىن-پەي جىمىققاندىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۆزى ئېرىشىۋالغان رايوندا يېڭى مەسىلىگە، يەنى قانداق قىلغاندا بۇ كەڭ زېمىننى ئۈنۈملۈك باشقۇرغىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىگە دۇچكەلدى.

بۇ ۋاقىتتا، شەرقتە قۇمۇل بوستانلىقىدىن تارتىپ غەرپتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدىن تارتىپ جەنۇپتا ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلار تۈگەل غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى، بۇ دائىرە مەيلى ئاھالە تەركىبى بويىچە ئېلىپ ئېيتايلى، مەيلى زېمىن كۆلىمى بويىچە ئېلىپ ئېيتايلى، قېتانلارنىڭ خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا قۇرغان لياۋ سۇلالىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى رەسمىي تىكلەشتىن بۇرۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىدا، تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا، ماۋەرائۇننەھر رايونىدا، شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدە بىر قاتار مۇستەقىل ئەمىرلىك گەۋدىلەر شەكىللەنگەن ئىدى. ئۇلار سىياسىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى زېمىن باغلىنىشى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى

ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتلەردىمۇ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە
ئىدى. ئەمدى بىز گېپىمىزنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ ئىككى
چېتىدىن باشلايلى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ شەرقىي
قىسمى تيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى ئىدى.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىلار ئايرىم-ئايرىم
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان تارىم ۋادىسىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار
ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرى-
سىدىكى پەرق شۇكى، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى
ئاھالىلەر مۇسۇلمان، تارىم ۋادىسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىدىكى ئاھالى-
لەر بۇددىستلار ئىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ئىككى ھاكىمىيەت سىياسى
جەھەتتە دۈشمەنلەشكەندىن تاشقىرى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە، بولۇپ-
مۇ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىمۇ بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنىنىڭ غەربىي قىسمى خارەزىم ئىدى.
خارەزىم ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىغا
جايلاشقان. ئۇ جېدەل-ماجىرا بېسىقمايدىغان ماۋەرائۇننەھر رايونىغا
يېقىن بولغاچقا ھەمدە ھەر خىل سىياسى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا ئارى-
سالدا بولۇپ تۇرغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچلۈك رىقابەتچىلەر-
نىڭ كەسكىن كۆرەشلىرىگە ئانچە ئارىلاشماي، ئۆزىنىڭ نىسپىي
مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋات-
قان دائىرىدە تۈرلۈك زۆرۈر ھوقۇقلارنى يۈرگۈزگەن ئىدى. غەربىي
لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى
قاپلاپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن خارەزىمنىڭ مۇستەقىللىقى
دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىغان ئىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم زېمىنى جۇڭغار ئويمانلى-

شى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقى ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن ئىبارەت ئىدى. تيانشاننىڭ شىمالىدىكى، جۇڭغار ئويمانلىقىدا، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىدا، ئاساسەن، قىرغىز، ياغما، قاڭلى قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ھەممە تۈركى تىل كاتېگورىيىسىدىكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقان بىر قىسىم غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ياشايتتى. ئۇلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئوت-چۆپ قوغلىشىپ يۈرۈپ كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى، شامان دىنى، زەردەشت دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق تۈرلۈك دىنلارغا ئېتىقات قىلاتتى.

ماۋەرائۇننەھر رايونى قاراخانىلار خاندانلىقىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، يەرلىك فېئودال ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن بۆلۈپ تاشلانغان ئىدى. قاراخانىلار مەزگىلىدە بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر تەركىۋىدە زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇزاق تارىخقا ئىگە تاجىكلار بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا يەنىلا ئاساسلىق ئورۇندا ئىدى. ئۇلار بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغان. بۇنىڭدىن مۇقەددەم بۇ رايونغا كىرىپ ئورۇنلاشقان قارلۇق ۋە ئۇيغۇرلار بۇ ۋاقىتتا تاجىك قاتارلىق يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن ئۆزئارا قوشۇلۇش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

ئاخىردا شەرقىي ئىران ئېگىزلىكىدىكى سالجۇق خاندانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتەيلى.

سالجۇق خاندانلىقى بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى رۇم، ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە پۈتكۈل

ئىران ئېگىزلىكىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىمۇ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئەمدىلىكتە كۈچلۈكلۈكتىن ئاجىزلىققا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان رايونلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىنى بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىش، ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ھامىيلىق ئۇسۇلى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىش دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى ئاساسەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىگە قوللىنىلغان. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ئەينى يىللاردا ياللۇغ تاشىنىڭ غەرپكە يۈرۈش قىلىشىغا مەدەت بېرىش بىلەنلا قالماي، بەلكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھەم مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنىنى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى پادىشالىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداپ تۇرىدىغان ئاساسلىق توسما ئىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان قۇمۇلدىن تارتىپ كۇچارغىچە بولغان دائىرىدە ئۆز مەمۇرىي سىستېمىسى ۋە مەمۇرىي باشلىقلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشىغا ئىجازەت بەرگەن. غەربىي لياۋ سۇلالىسى بۇ رايونغا ئۆزلىرىنىڭ شاۋجىيەن — شاۋگىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنىسى نازارەتچى دېگەنلىك بولىدۇ — دەپ ئاتالغان ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتكەن. شاۋجىيەنگە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ۋە باج-سېلىقلارغا

ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان[16].

تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىقىنىمۇ ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدىمۇ بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قەبىلە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرگە قويغان تەلىۋى مۇقىم ساندا ئالۋاڭ-ياساق تۆلەش، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئالى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت تۆۋەن تەلەپ ئىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى، ئاساسەن تارىم ۋادىسىنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىكى رايونلار بىلەن ماۋەرائۇننەھر رايونىغىلا قارىتىلغان.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بىلەن ماۋەرائۇننەھر رايونىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى قورال كۈچى ئارقىلىق بويسۇندۇرغان. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، بۇ رايونلاردا غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە قارشى دۈشمەن كۈچ ئىنچىل ھالدا يوشۇرۇنغان بولۇپ، ھەتتا بەزىدە بۇ قارشىلىق ئاشكارا ھەركەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايونلار ئوبدان تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولۇپ، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنلىك ۋە سودا ئىشلىرى بۇ رايوندا ئۇزاق تارىخقا ھەم پۇختا ئاساسقا ئىگە ئىدى، بۇلار غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەنە شۇنداق سىياسى، ئىقتىسادىي شارائىتنى كۆزدە تۇتۇپ،

غەربىي لياۋ سۇلالىسى تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى رايونلارنى ھەم ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، بۇ جايلاردا قوشۇن ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرى ئەمەلدارلارنى تۇرغۇزغان، ئاھالىلەردىن بىۋاستە باج-سېلىق ۋە ئالۋاڭ-ياساق ئېلىپ تۇرغان.

ھامىلىق ئۇسۇلى، ئاساسەن، خارەزىم خاندانلىقى بىلەن سالجۇق خاندانلىقىغا قارىتىلغان، بۇ ئىككى خاندانلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى، ھەربى قوشۇنلىرىنى، چەتئەللەر بىلەن دىپلوماتىك ئالاقە قىلىش ھوقۇقى ۋە چەتئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى سۈلھ تۈزۈش ھوقۇقلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالغان، ئۇلار پەقەت غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى ئۆزىدىن يۇقۇرى دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىش، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ سىياسى، ھەربى ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش ھەم بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە مۇئەييەن مىقداردا ئولپان تاپشۇرۇپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەيتتى. بۇ ئىككى ھاكىمىيەتنىڭ زىممىسىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، خارەزىم شاھىنىڭ مەجبۇرىيىتى سالجۇقلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. مەسىلەن، خارەزىم خاندانلىقى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ غەزىنىسىگە ھەر يىلى 30 مىڭ دانە تىللا تاپشۇرۇپ تۇراتتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونلاردا تىكلىگەن سىياسى قۇرۇلمىسىدىن باشقا، يولغا قويغان بىر قاتار سىياسەتلىرىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم كاپالەتلىك شەرتلەرنىڭ بىرى ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان تۈزۈلۈك سىياسەت ۋە

تۈزۈملىرى ئۇنىڭ پۈتكۈل سىياسىتىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ سىياسەتلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇنۇملۇك نەتىجىسى بۇ يەردە ئەتراپلىق ئەكس ئەتكەن.

## 2. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىك قۇرۇلمىسىغا قوللانغان تەدبىرلىرى

تۆۋەندە ئاساسەن لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا مۇقىملىشىپ قالغان ئىجتىمائىي ئىگىلىككە قوللانغان تەدبىرلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن مۇقىم دېھقانچىلىق تۇرمۇشىغا ئۆتكەن ھەم فېئودالىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ قالغان. ئۇلار جەمئىيەت تەرەققىياتى باسقۇچىدىكى بۇ نەتىجىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تېخىمۇ مۇقىم، تېخىمۇ تەكشى بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللىنىش تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بۇ تەرەققىيات يۆزلىنىشىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىچىكى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە شەكىللىنىپ بولغان يېڭى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىغا غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئېغىر نۇقسان يەتكۈزمىگەن، يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى شەكىللەنگەن فېئودالىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە ئاساسىي جەھەتتىن چېقىلمىغان. بۇنىڭ

بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادى ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قالالىغان.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا يولغا قويغان سىياسەتلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەھلىل يۈرگۈزگەندە، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، 12-ئەسىردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا بىرمۇنچە ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسىي سەۋەپلەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش جەھەتتىكى مۇلۇكچىلىكىنى ئۆزگەرتمىگەنلىكىدىن ئىبارەت تۈپ مەسىلىگە مەركەزلەشكەن.

يىگانە قارىغاندا، بۇ خۇلاسە گويا ساۋاتقا خىلاپتەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى بۇ خۇلاسە قىيتان ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى رەھىمدىل، ساخاۋەتلىك ئىكەن-دە، دىگەن ئۇقۇشماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. قىيتان ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى باشقا قەبىلە خەلقلىرى ۋە مىللەتلەر ئىچىدىكى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا ئوخشاشلا، ئاچكۆز، ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا ۋە بايلىققا قاتتىق بېرىلگەن ئىدى ھەمدە بايلىق تالان-تاراج قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئوبدان بىلەتتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەپلىرىنى مۇنداق ئىككى جەھەتكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: (1) ئۇنىڭ ئۆزىدىكى شەرت-شارائىت؛ (2) ئۇ دۇچكېلىۋاتقان ئوبيېكتىپ مۇھىت.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۆزىدىكى شەرت-شارائىت دىگىنىمىز نىمە؟ مەلۇمكى، ئەينى ۋاقىتتا، ياللۇغ تاشىن غەرپكە سەپەر قىلغاندا،

ئۇنىڭ يېنىدا پەقەت بىرنەچچە يۈز قوراللىق مۇھاپىزەتچىلا بار ئىدى، ئورخون دەرياسى بويىدا لياۋ سۇلالىسىگە بېقىنغان يەتتە ئايماق، 18 قەبىلىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ ئەسكەر جۇغلىغاندا ئون نەچچە مىڭ كىشىلىكلا قوشۇننى ئۇيۇشتۇرالىغان⑰. ھالبۇكى، ياللۇغ تاشىنىڭ تۇغى ئاستىغا ئۇيۇشقان بۇ ئون نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ ئاساسىي مەقسىدى جىن سۇلالىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئىدى. ياللۇغ تاشىن جىن سۇلالىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈمىدىدىن ۋازكېچىپ، غەرپتىن ئەسكەر ئاردىيەت ئېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلانغاندا، بۇ قوشۇننىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يولغا چىقىشى ناتايىن ئىدى، ئەلۋەتتە، دېمەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتلىغىنا كىرگەن قېتانلارنىڭ سانى ناھايىتى چەكلىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتانلارنىڭ كۆپ قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، يەر ئىگىلەش ھەۋىسى ئۇنچىۋالا كۈچلۈك بولمىغان.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتۈش جەريانى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېھقانچىلىققا ئىشتىياق باغلاش ۋە بۇ جەھەتتە تونۇش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، پەقەت پۈتكۈل ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى دېھقانچىلىققا قىزىققاندا ۋە يەرلەرگە قاتتىق ئىشتىياق باغلىغاندىلا، ئاندىن داغدۇغا پەيدا قىلىپ، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنى يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش جەھەتتىكى مۈلۈكچىلىكىنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كېلىشكە مەجبۇر قىلغىلى بولىدۇ، ۋاھالەنكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى شۇ ۋاقىتتا مۇنداق زۆرۈرىيەتنى ھېس قىلمىغان ئىدى.

روشەنكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياڭراتقان زەپەر
مارشى ساداسى ئىچىدە، قېتان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى
كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن ياقۇت-مەرۋايىت، ئالتۇن-كۈمۈش-
لەرنى بۇلاپ-تالاۋاتقاندا، ئۇلار يەرگە ئىگىدارلىق قىلىش جەھەت-
تىكى مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئەيش-ئىش-
رەتلىك تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى قىلچىمۇ سەزمىگەن.

ئەمدى، ئىككىنچى جەھەت يەنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى بۇ
رايوندا دۇچكەلگەن ئوبيېكتىپ مۇھىت ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن كەلگەن قېتانلار بىلەن تىيانشاننىڭ
جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسات، زىمىن، تىل
ۋە مەدىنىيەت جەھەتلەردە چوڭقۇر باغلىنىشلار يوق ئىدى. غەربىي
لياۋ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندىكى ھۆكۈمرانلىقى سانى چەكلىك
بولغان قېتانلارنىڭ قوراللىق بويسۇندۇرۇشى ئاساسىغا قۇرۇلغان
ئىدى. ھالبۇكى، بۇ مەزگىل دەل بۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئورتاق
زىمىن ئامىلى، ئورتاق ئىقتىسات ئامىلى ۋە ئورتاق تىل ئامىلى
تەرىپىدىن كۈندىن-كۈنگە زىچ باغلىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى.

شۇبھىسىزكى، قېتانلار يەرلىك ئاھالىلەرگە يات ئىدى. قېتانلار
ئازچىلىق ئورۇندا تۇرغان ئەھۋالدا، ھىسسىيات جەھەتتىكى بۇ ئاي-
رىمچىلىق غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مۇقەررەر ھالدا
بىر قەۋەت بېسىم، بىر ئۇلۇش قىيىنچىلىق كەلتۈرەتتى. بۇنىڭغا
تاقابىل تۇرغۇچى تەدبىر ھىسسىيات جەھەتتىكى بۇ ئايرىمچىلىقنى
مۇمكىن قەدەر ئازايتىش ۋە تارايتىش ئىدى. بۇنىڭغا زىت كېلىد-
ىغان تەدبىرلەر مۇقەررەر ھالدا يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ زىتىغا تې-
گەتتى. بۇنداق ئەھۋالدىن يەرلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار

سىنىپى پايدىلىنىپ كەتسە، بىر قاتار ئاۋارىچىلىقلار، ھەتتا دۈشمەن-لىشىش ھەركەتلىرى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنداق شارائىتتا، قوللىنىلغان ھەرقانداق قاتتىق تەدبىرنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا زىيان كەلتۈرۈشى تەبىئىي ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى يەرلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە نۇقسان يەتكۈزمىگەن ئەھۋالدىمۇ، نۇرغۇن تەييار مال-مۈلۈكلەرگە ئىگە بولۇۋاتقاندا، يەرلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان قاراملىقلارنى قىلىپ، قېتان ئاقسۆڭەكلىرىگە ئانچە زۆرۈر بولمىغان ئېتىز-ئېرىقلارنى بېسىۋېلىش، روشەنكى، ئارتۇقچە ئىش ئىدى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى ئۆزى ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈۋاتقان مەزگىلدە، بىر قاتار تەدبىرلەر ئارقىلىق، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى فېئوداللىق ئېشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالغان. بۇ مەسى-لىنىڭ بىر تەرىپى. مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياسى ۋە ئىقتى-سادىي ئورنىنى مەقسەتلىك ھالدا ئاجىزلاشتۇردى. ئالدىنقى تەدبىرنى قوللىنىشتىن مەقسەت ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىدى، كېيىنكى تەدبىرنى قوللىنىشتىن مەقسەت بولسا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرا-نلىقىنى كۈچەيتىش ئىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ تىيان-شاننىڭ جەنۇبى بىلەن ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگىنىگە 300 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى. گەرچە دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپى بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى

سىنىپىنى يېڭى، ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائى دەرىجىسىگە ئېلىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىسىۋى خەلققە خاس بولغان بىر قاتار دەرىجە تۈزۈمىمۇ شۇ قاتاردا يېڭى تارىخىي مۇھىتقا ئېلىپ كىرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى شۇكى، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيىتىدىكىلەر داۋاملىق ساقلانغان، بۇ ھال پۈتكۈل شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقىدا ئومۇملاشقان. بولۇپمۇ قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىندا، بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك ۋە روشەن بولغان. بۇ بىزگە مەلۇم بولغان ئىلىكخانىلار ۋە ئېختىتا تۈزۈملىرى ئىدى.

ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئادەتتىكى پومېشچىكلاردا بولىدىغان ھەممە ئىقتىسادىي ۋاستىگە ئىگە بولۇپ، دېھقانلارنى ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، ئەمما ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان سىياسى ئىمتىيازلار پومېشچىكلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى، بۇ سىياسى ئىمتىيازلار، ئاساسەن، قەبىلە دەۋرىدىن باشلاپلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونلاردا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى داۋاملىق ھالدا ”تېكىن“، ”ئېلتابىر“گە ئوخشاش ئاقسۆڭەكلىك پەخرىي ئۇنۋانلاردىن بەھرىمەن بولغان. قاراخانىلاردا بولسا ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى ئۇنۋانى ”ئىلىكخان“ ئىدى.

ئۇيغۇر ھاكىمىيەتلىرى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ سىياسى ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلغاندا، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ سىياسى سالاھىيىتىنىڭ ئەھمىيىتى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي

جەھەتتىكى ئەملىي كۈچىنىڭ ئەھمىيىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار پروتوكول ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى ئىچىدە پەۋقۇلئاددە تەبىقىغە ئايلانغان.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى تەبىقىسىنى تۈگىتىشتە تۈرلۈك جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ۋە ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللانغان، جەريانىنىڭ ۋە ئۇسۇلنىڭ تۈرلۈكچە بولۇشى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھاكىمىيىتى سىياسىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىگە تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايوندا ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنى يوقىتىش ئاستىرتىن ئېلىپ بېرىلغان.

كۆرۈنۈشتە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ھەممە نىمىسىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قالغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەربىي، مەمۇرى ۋە دىپلوماتىيە ئىشلىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بىۋاستە نازارەتچىلىگىدە بولغانلىغى ئۈچۈن، ئەملىيەتتە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى دەپ قۇرۇق نامىلا قالغان. مۇشۇ سەۋەپتىن، بۇنىڭدىن بۇرۇن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىدىن ئىمتىيازغا ئېرىشكەن تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك سالاھىيىتىمۇ شەكىل بولۇپ قالغان ئىدى.

قاراخانىلار غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن رەسمىي تۇتۇشقان، شۇڭا غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى قاراخانىلار ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تەركىۋىدە بولغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىمۇ تەبىئى ھالدا ئۆزىنىڭ دۈشمىنى ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى بۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىنى ياكى جىسمانى جەھەتتىن

يوقاتتى، ياكى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك سىياسى ئىمتىيازلىرىنى بىكار قىلىۋەتتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى نازارەت قىلىش، غەللە-باج تۈزۈمى، ئەدلىيە ھەم ئەمەلدارلارنى خىزمەتكە تەيىنلەش ۋە خىزمەتتىن قالدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىنى ئۆزىنىڭ بىر تۇتاش مەمۇرى باشقۇرۇشى ئاستىغا ئالدى. مۇشۇنىڭ ئۆزى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭ تارىخىدا جۇملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى ئورۇنلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### 3. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشى

نىسپىي مۇقىم سىياسى مۇھىت، بىرلىككە كەلگەن مەمۇرى باشقۇرۇش، بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان راۋان ئىقتىسادىي ئالاقە، ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قالغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ نورمال تەرتىپ بويىچە يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق ئوبيېكتىپ شارائىت ياراتقان ئىدى.

دېھقانچىلىق جەھەتتە، زىرائەتلەرنىڭ تۈرى ۋە تېرىلىش كۆلىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى بارغانسېرى ئاشتى. تەبىئىي شارائىتى ئالاھىدىرەك بولغان بەزى رايونلاردا، ئۆز رايونىغا باپ كېلىدىغان زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ئىنتايىن جانلاندى، ئېيتايلۇق، تۇرپان ۋادىسىدا پاختىچىلىق، خوتەندە يىپەكچىلىك كۆلەم ۋە مەھسۇلات مىقدارى

جەھەتتە يەنمۇ كېڭەيدى ۋە ئۆستى، ئاقسۇنىڭ گۈرۈچى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى ئەتراپتا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىدى، تۆمۈردە ئىشلەنگەن دېخانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئىشلىتىلىشى ۋە تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى ئارقىسىدا، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى زور دەرىجىدە ئاشتى.

كىشىلەر سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى كۆپلەپ ئېلىپ بېرىپ، ئېقىن سۇ ۋە يەر ئاستى سۇلىرىدىن تېخىمۇ كۆپلەپ پايدىلاندى، يۇرۇڭقاش دەرياسى، قارىقاش دەرياسى، يەركەن دەرياسى، قەشقەر دەرياسى، ئاقسۇ دەرياسى، مۇزات دەرياسى، قايدۇ دەرياسى، تارىم دەرياسى ۋادىلىرىدا يېڭى ئېكىنزارلىق ۋە مەھەللىلەر بارلىققا كەلدى. تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا ئادەم بارلىكى جايلار گۈزەل بوستانلىققا ئايلاندى، بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك بوستانلىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن ئېرىق-ئۆستەڭ، يەر-ئېتىز، ھويلا-ئارام، باغ-ۋارانلاردىن ھاسىل بولغان.

تارىم ۋادىسىنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۈشكۈل، لېكىن ئۇلۇغ ئەمگەك داۋامىدا، يەرلىك ئاھالىلەردە باغۋەنچىلىكنى ياخشى كۆرۈشتەك ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇلار تەبىئى شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەتراپىتىكى قۇم-جەزىرىلىك مۇھىتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. تاكى بۈگۈنگى كۈنگىچە ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ بۇ ياخشى ئادىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. قۇملۇقتىكى بۇ بوستانلىقلار يازنىڭ تومۇز ئىسسىغىدا چۆل-جەزىرىلەرنى بېسىپ كەلگەن يولۇچىلارغا ھەددى-ھېسابسىز ھۇزۇر-ھالاۋەت بەخش ئېتىدۇ.

دېخانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۇيغۇن ھالدا، ئۇيغۇرلارنىڭ

باغۋەنچىلىك ئىشلىرى تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالدى. باغۋەنچىلىك هويلا-ئارامىلارنىڭ بېزىكى بولۇشتىن تەرەققىي قىلىپ مەخسۇس كەسىپ خاراكتېرىنى ئېلىشقا باشلىدى. مېۋىدىن تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ياساش ۋە مېۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى جەھەتتىمۇ يېڭى يۈكسىلىشلەر بولدى.

قول هۈنەرۋەنلىكىنىڭ يۈكسىلىشى شۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئىجتىمائىي ئىقتىساتنىڭ گۈللىنىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر بەلگىسى بولۇپ قالدى. ھەممىدىن بۇرۇن بۇ رايوننىڭ ئەنئەنىۋى پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى بىلەن يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ئۇيغۇر قول هۈنەرۋەنلىرى ئىشلەپچىقارغان پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى شۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاساسلىق كىيىم ماتېرىيالىغا ئايلاندى. ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى نەپىسلىك ۋە گۈزەللىككە يۈزلىنىشكە باشلىدى. يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە شايى-ئەتلەسنىڭ كەشىپ قىلىنىشى مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر توقۇلما قول سەنئىتىدە كۆرۈلگەن يەنە بىر مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. خوتەن گىلىمى رەڭدارلىقى، كۆركەملىكى ۋە چىداملىقلىقى بىلەن جاھانغا تونۇلۇشقا باشلىدى. كۇچار كۆپىسى غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ كىيىملىرىدە ئاساسلىق زىننەتكە ئايلاندى. ئۈژمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەن خوتەن قەغىزى شۇ مەزگىلدە، ھەتتا كېيىنكى ئۇزاق بىر ۋاقىتقىچە مۇشۇ رايوندا ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، سودا توختاملىرى ھەتتا دىنىي كىتاپلارنى يېزىشتا ئاساسلىق ماتېرىيال بولدى.

چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك ئىش شۇكى، قول ھۈنەرۋەنلىك ئىشلەپ-چىقىرىشى ئائىلىۋى كىچىك دائىرىدىن چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادىي ساھەسىدە مۇستەقىل تارماققا ئايلاندى. بۇ ئۆزگىرىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كېڭەيتىش، ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى تولۇقلاشتا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخ ئۇرخۇن دەۋرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن قول ھۈنەرۋەنلىكنىڭ مۇستەقىل ئىقتىسادىي تارماق بولۇپ شەكىللىنىشى دەرۋەقە مۇشۇ مەزگىلدە باشلانغان ئىدى. بۇنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا قالدۇرۇپ كەتكەن بىر مۇھىم بەلگىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ يۈكسەلگەنلىكى سودا پائالىيىتىدە روشەن ئەكس ئەتتى. ھەرقايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ راۋاجلانغانلىقى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۈكسەلگەنلىكى، قول سانائەتتى ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكى بازارنىڭ كۆلىمىنى كېڭەيتىپلا قالماستىن، بازارنىڭ ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇردى. بۇ شارائىتلارنىڭ يىغىندىسى سودا پائالىيىتىنى جانلاندۇرىدىغان ئاساسلىق ئامىلغا ئايلاندى.

قەشقەر، خوتەن، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلار ئۇيغۇرلار رايونىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم سودا پائالىيەتلىرىنى ئۆزىگە مەر-كەزلەشتۈرۈپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مۇھىم سودا مەركەزلىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۇچار،

ئاقسۇ قاتارلىق جايلار شۇ مەزگىلدە تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئاساسلىق ئىقتىسادىي مەركەزلەرنىڭ بىرى بولۇپ شەكىللەنگەن ئىدى. ئىلگىرى، كۇچار بىلەن ئاقسۇ قاراخانىلار خاندانلىقى بىلەن شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ چېگرىسى بولغانلىقتىن، ئۇزاق مۇددەت ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، بىر مەھەل خاراپلىشىپ كەتكەن ئىدى.

بۇلاردىن باشقا، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدا پىچان، توقسۇن، كورلا، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىدە ئۇچتۇرپان، سايرام (بۈگۈنكى باي ناھىيىسى)؛ ئاتۇش، پەيزىۋات، بارچۇق (مارالۋېشى)، يېڭى ھىسار (يېڭىسار)، پوسكام، گۇما قاتارلىق يېڭى سودا مەركەزلىرىمۇ بارلىققا كەلدى.

ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ راۋانلاشقانلىقى ۋە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى دائىرىنىڭ كېڭەيگەنلىكى ھەمدە مۇقىملاشقانلىقى ۋەجىدىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بازارلار كۆپلەپ سودا بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەندى. شۇ مەزگىلدە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك، كەندىر توقۇلما بۇيۇملىرى، چاي ۋە تۈرلۈك فارفور بۇيۇملار تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى بازارلارغا تېخىمۇ كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىشلەنگەن فارفور بۇيۇملار گويا بۈگۈنكىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك توقۇلما ماللىرىغا ئوخشاشلا مەشھۇر ماللار بولۇپ قالدى. نەپىس فارفور بۇيۇملار تا ھازىرغىچە ئۇيغۇر تىلىدا "جانان" (جاڭنەن يەنى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبى دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە ئاھاڭ تەرجىمىسى) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان سودا پائالىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئېگىزلىكى ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ نۇرغۇن ماللىرىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى، شۇنداق قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ئۆزىنىڭ شەرق بىلەن غەرپنىڭ سودىسىنى تىزگىنلەش ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى بىلەن ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىن كەلگەن تۈرلۈك ماللار ئۇيغۇرلار رايونىنى ئۇلاش تۈگۈنى قىلىپ، كۆزلىگەن مەنزىلىگە ئايىغى ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇردى.

كەڭ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سودا پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر سودىگەرلەر قوشۇنىنى زورايتتى، بولۇپمۇ ئۇزۇن مۇساپىلىق سودا ئىشلىرىدا، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدا ئوتتۇرا ئاسىيا سودىگەرلىرىنىڭ ئورنىنى باستى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا دورا ماتېرىياللىرى، خۇش پۇراقلىق ماتېرىياللار، مەرۋايىت، ياقۇت، قىممەتلىك يۇڭ-تېرە ساتاتتى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئېگىزلىكى ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بولسا يىپەك توقۇلما ماللىرى، كەندىر توقۇلما ماللىرى، فارفور بۇيۇملار ۋە ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۈرلۈك ياقۇت، مەرۋايىت قاتارلىق زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ساتاتتى.

كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سودا پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتكەنلىكتىن، ئۇلار ئەتراپتىكى رايونلاردا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا سودا پائالىيىتى بارا-بارا رايون خاراكتېرلىق كەسىپكە ئايلاندى، بولۇپمۇ قۇمۇل، تۇرپان، ئاتۇش، كۇچار سودىگەرلىرىنىڭ ئاتىغى چىقتى،

چەت جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۆزلىرىنى "قومۇل سودىگىرى"، "تۇرپان سودىگىرى"، "ئاتۇش سودىگىرى"، "كۇچار سودىگىرى" دەپ ئاتاشقا ئادەتلەندى.

سودا پائالىيىتى يەنە كەڭ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن فېئودال پومېششىكلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇلار سودا پائالىيىتىنى كەمسىتمەيدىغان، ئەكسىچە سودا پائالىيىتىنى نەپ ئېلىشنىڭ ئاسان يولى دەپ قارايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سودا پائالىيىتىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، ئىسمى جىسمىغا لايىق سودىگەرگە، بەزىلىرى سودىگەرلەرنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، نەپ ئالىدىغان تاپاۋەتچىلەرگە ئايلاندى.

زور بىر تۈركۈم ئاقسۆڭەكلەر بىلەن فېئودال پومېششىكلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل بايلىقىنى ياكى مۇتلەق كۆپ قىسىم بايلىقىنى سودا ئىشلىرىغا سەرپ قىلغانلىقتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلۈپ، سودا ئىشلىرى باشقا كەسىپلەر بىلەن تەڭ-باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولدى.

ئۇيغۇرلار جەمئىيەتىدىكى بايلىقلار سودا ئىشلىرى تەرىپىدىن جەلپ قىلىنىپ شەھەرلەرگە كۆپلەپ ئېقىپ كىرىۋاتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەھەرلەرنىڭ تۇتقان ئورنى كۈنسايىن گەۋدىلىك بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەھەرلەرنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ مۇھىملىقى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مەمۇرىي مەركەز ۋە مۇداپىئە تايانچى بولغانلىقى بىلەن بەلگىلەنگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ مۇھىملىقى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىپادىلەندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ كۆپ ساھەلىرى شەھەرلەر بىلەن ئىرماش-چىرماش باغلىنىپ كەتتى،

شەھەرلەرمۇ ئىقتىسادىي قانال ئارقىلىق ئۆز ئەتراپىدىكى يېزا-قىش-لاقلارنى گويا ئۆمۈچۈك توردەك مەھكەم چىرمىۋالدى.
شەھەرلەر قول ھۈنەرۋەنلەرنى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بازار ۋە تۈرلۈك خام ئەشيالار بىلەن تەمىنلەپ تۇردى، شۇنداقلا باشقا تەبىقىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستىمال بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجى-نىمۇ قاندۇرۇپ تۇردى، شۇ قاتاردا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك، كەيپ-ساپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈشىگىمۇ سورۇن ھازىرلاپ بەردى.

## 4. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايوندا يۈرگۈزگەن دىنىي سىياسىتى

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتكۈل سىياسىتىنى تىرەپ تۇرغان يەنە بىر تۈۋرۈك ئۇنىڭ دىنىي سىياستى ئىدى، كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان رايونغا كەڭ تارقالغان ئىسلام دىنىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى ئىدى.
تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ھۆكۈمە-رانلىقى ئاستىغا ئالغان غەربىي لياۋ سۇلالىسى، بىر خىل ھاكىمە-يەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربى جەھەتلەردە بىر قاتار مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇ ھەرقانداق ھاكىمىيەت خالى بولالمايدىغان ئىشلار ئىدى.
غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۆز ۋاقتىدا لياۋ سۇلالى-سىنىڭ دۆلەت پائالىيەتلىرىگە تولۇق قاتناشقان يالۇغ تاشىغا نىس-بەتەن ئېيتقاندا، سياسى، ئىقتىسادىي ھەتتا ھەربى ئىشلار ساھە-سىدىكى مەسىلىلەر ئۇنىڭ ۋالامۇ ناتونۇش ئەمەس ئىدى، لېكىن

ياللۇغ تاشننى ئارىسالدى قىلىپ قويغان بىردىن-بىر مەسىلە، ئېھتىمال، دىنىي مەسىلە بولسا كېرەك.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قېتانلار ئىسلام دىنى مەسىلىسىدە ئوخشاش بولمىغان مەزگىلدە بىر بىرىدىن روشەن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل پوزىتسىيىدە بولدى، ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىدىكى بۇ ئۆزگىرىش جەريانى قېتانلارنىڭ بۇ يەرگە رايونىدا ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە ئۆتۈش جەريانى بىلەن تامامەن ماس كەلگەن ئىدى. بۇ جەرياننىڭ ئاخىرقى پاسىلى دىھرىگان دەرياسى بويىدىكى ئۇرۇش بولدى. دىھرىگان ئۇرۇشىدىن بۇرۇن، قېتان ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىسلام دىنىغا ناھايىتى قاتتىق پوزىتسىيە قوللانغان ئىدى. دىھرىگان ئۇرۇشىدىن كېيىن بولسا كەڭچىلىك قىلىش، ھەتتا ئۆز رايىغا قويۇپ بېرىش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى.

تۆۋەندە بىز ۋاقىت تەرتىۋى بويىچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

دىن خېلى بۇرۇنلا قېتانلارنىڭ تۇرمۇشىغا كىرگەن، ئۇلار مۇ ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشاپ ئۆتكەن باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەرگە ئوخشاشلا ھەرقايسى دەۋرلەردە ھەر خىل دىنلارغا ئېتىقات قىلغان. قېتانلار خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدا لياۋ سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرگەن، مەلۇم مەزگىلدە بۇددا دىنى ھەتتا لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھەربى-مەمۇرى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قېتانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇ دىنىي ئېتىقادىنى بۇ رايونغىمۇ ئېلىپ كەلگەن ئىدى.

ياللۇغ تاشىن باشچىلىقىدىكى قېتانلار ئاساسەن بۇددىستلار

ئىدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپتە شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتىنىڭ مەردانىلىق بىلەن بەرگەن مەدىتىگە ئېرىشىشىدە، سىياسى جەھەت-تىكى سەۋەپلەردىن باشقا، دىنىي ھىسسىيات — بۇددا دىنىغا بولغان ئورتاق ئېتىقات — ئىچكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولغان ئىدى.

يالاۋغ تاشىن باشچىلىغىدىكى قىتانلاردا، ئۆزلىرى ئۇچۇن زىمىن بەرپا قىلىۋاتقان، بولۇپمۇ قاراخانىلار بىلەن ھەربى جەھەتتە تۇتۇشقان مەزگىللەردە، ئىسلام دىنىنى كەمسىتىش كەيپىياتى روشەن ئىپادىلەندى. ئۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا مۇسۇل-مانلارغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. مەسچىت، مازارلارنى ۋەيران قىلدى، مۇسۇلمانلارنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى.

قىتانلارنىڭ غەيرى مۇسۇلمانلىق سالاھىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىغا قوللانغان قاتتىق تەدبىرلىرى جايلاردىكى مۇسۇل-مانلارنىڭ قارشىلىغىنى ھەم ئەيىپلىشىنى قوزغىدى، ۋاھالەنكى، مۇنداق دىنىي كەيپىيات ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى تەرىپىدىن تەرغىپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ قىتانلارغا بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىككە ئايلاندى. كېيىنكى يىللاردا مۇنداق دىنىي كەيپىيات جەڭ مەيدان-لىرىدىمۇ ئىپادىلەنگەندىن كېيىن، قىتانلارنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۇچۇن چوڭ توسالغۇ بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسالى شۇكى، 1141-يىلى قىتان قوشۇنلىرى بىلەن دىھرىگان دەرياسى ۋادىسىدا ئۇرۇش قىلغان 100 مىڭ كىشىلىك ئىسلام بىرلەشمە قوشۇنى ”غەيرى دىندىكىلەرگە قارشى جەڭ قىلىش“ دىگەن دىنىي شوئار ئاستىدا سەپەرۋەر قىلىنغان ئىدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى گەرچە بۇ جەڭدە غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ھەم چاقىرىق كۈچى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا قارىتا كەڭچىلىك قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ھەتتا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ يۇقۇرى تەبىقە كىشىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا بەھرىمەن بولغان تۈرلۈك ئىمتىيازلىرى، مەسىلەن، ئۆشرە-زاكات ئېلىش، ھەق-تەلەپ ئىشلىرىدا قىسمەن ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش، نىكاھ ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش، خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ياراشتۇرۇش، مىراس تەقسىماتىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىغا — شەرىئەتكە — ئاساسەن مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىدىن چەتنىگەن ھەركەتلىرىنى جازالاش قاتارلىق ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئىسلام دىنىغا كەڭچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ قوللىغانلىقى قورallıق كۈچتىمۇ زور رول ئوينىدى.

مۇسۇلمانلار لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن كەلگەن بۇ بۇددىستلار قۇرغان ھاكىمىيەتكە قاتتىق تەشۋىش ۋە گۇمان بىلەن قاراۋاتقاندا، ئىسلام روھانىلىرىنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانىنىڭ نامىنى ئاللا ۋە پەيغەمبەرنىڭ ناملىرىغا بىرلەشتۈرۈپ قۇتبە ئوقۇغان ئاۋازلىرى

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەسچىتلەردە ياڭرىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى تەبىقىلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تامامەن ئىسلام دىنى كونترول قىلىۋالغان ئاشۇ يىللاردا، ”ھوقۇقنى ئاللا بەرگەن“ دېگەن شوئارنىڭ يېڭىدىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە پۇقرا بولغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا پەيدا قىلالايدىغان تەسىر كۈچىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىسلام دىنى باشقا ھەرقانداق دىنلاردىن ئېشىپ كەتتى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن پۈتكۈل مەزگىلدە، يېزا-سەھرالارنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا، بولۇپمۇ يىراق چەت جايلاردا، ئىسلام دىنى غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈن ساقچىلىق ۋەزىپىسىنى تولۇق ئۆتەپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق سىستېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى، ئىسلام روھانىلىرى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن كەڭ ئالاقىدە بولغاچقا (ئەقەللىسى، ئىسلام روھانىلىرى جايلاردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر كۈندىكى بەش ۋاخ نامىزىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى)، ئۇلار ئەمەلىيەتتە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ جايلاردىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلغۇچى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ كەڭ دائىرىلىك قورالىغا ئايلاندى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ناھايىتى كەم بارىدىغان رايونلاردا، ئىسلام دىنى يەنە غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈن بىر قىسىم مەمۇرى ھوقۇقلارنى يۈرگۈزدى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈن ئەمگەكچى خەلقتىن باج-سېلىق يىغدى ۋە جەمئىيەت تەرتىۋىنى ساقلىدى. قولىغا دەررە ئېلىپ يۇرت-مەھەللىلەردە ئۆز بېشىمچىملىق

قىلىدىغان شەيخ ئىسلاملارنىڭ ۋەزىپىلىرىدىمۇ تۈپ خاراكتېرلىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلغاندىن تاشقىرى، شۇ رايوندىكى تۈگەل خەلق ئىشلىرىغا ھەتتا جىنايى ئىشلارغىمۇ نازارەتچىلىك قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىدا يەنە بىر باشلانما بولۇپ قالدى.

ئىسلام دىنىنى پۈرسەت بىلەن تەمىنلىگەن شارائىت شۇ بولدىكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا قاراتقان بىر تۇتاش مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىغا تارقىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان سىياسىي كۈچىنى تۈگەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنلار بىلەن ئۆز مەيلىچە كۈچ سىنىشىشى ئۈچۈن سورۇن ھازىرلاندى.

ئاقسۇنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بايدىكى قىزىل مىڭ ئۆيى، كۇچاردىكى سىم-سىم، قىز قالغان قاتارلىق بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىت بويىچە ھېساپلىغاندا، تەخمىنەن غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى تىكلىنىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئىسلام دىنى بۇ رايوندىكى بۇددا دىنى قورغانلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئاقسۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا سۈرۈلۈش بىلەن، شۇ يەردىكى بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى باسقان. نەتىجىدە، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان بۇددا دىنى قۇرۇلۇشلىرى تۈگەل خارابىلىققا ئايلانغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشىلەر مۇشۇ جايلاردا ئەينى ۋاقىتلاردا ئىككى خىل دىنىنىڭ ئورۇن ئالماشقاندا قالدۇرغان

نۇرغۇن ئىزلىرىنى كۆرەلەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ يېڭى رايونغا، بولۇپمۇ كۇچارغا تارقىلىشى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، كۇچار رايونى ئەزەلدىن بۇددا دىنىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇھىم تايانچىلىرىدىن بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا مۇھىم تۆھپە قوشقان كۇماراجىۋا (344 — 413)، فوتۇدېڭ (232 — 348) ئەنە شۇ كۇچار رايونىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. كۇچار يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي بويىچە مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

كېيىنكى يىللاردا، ئىسلام دىنى كۇچار قاتارلىق جايلارنى بازا قىلىپ تۇرۇپ داۋاملىق ھالدا تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا قاراپ كېڭەيدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە، ئىسلام دىنى كورلا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا تارقالغاندىن تاشقىرى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھاكىمىيەت مەركىزى بولغان تۇرپان ۋادىسىغىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. تۇرپان ئويمانلىقىدىمۇ ئىسلام دىنى كەمسىتىلمەيدىغان بولۇپ، داۋجياۋ دىنى، خرىستىيان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلار بىلەن باراۋەر ئورۇنغا ئىگە بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە باشقا دىنلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش ساھەسىنى مۇستەقىل ئىگىلىشى ئۈچۈن مەزمۇت ئاساس سالدى.

ئەگەر ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدا ئۆز كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، باشقا دىنلار بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشنى راۋا كۆرگەن دېيىلسە، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا ئۇ

ئۆزىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە سۆيىنىپ باشقا دىنلارنى قاتتىق يەكلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى مۇھەممەتنىڭ بىر ئىلاھلىق غايىسىنى قەتئى ئىزچىللاشتۇردى.

ھەممىدىن ئاۋال، ئىسلام دىنى چەت-يىراق جايلاردا مەسچىت-لەرنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇردى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئۇنىۋملۇك مەمۇرى باشقۇرۇشلىرى يېتەلمەي قالغان رايونلاردا، مەسچىت ئىماملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىغا بىۋاستە داخىل بولدى. توي-تۆكۈن مۇراسىملىرىدىن تارتىپ پۇقرالار ئارىسىدىكى ماجىرالارغىچە بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ باشقۇردى. بۇ ئىماملار يەنە «قۇرئان»نىڭ قىسمەن ئايەتلىرىنى يادلىيالايدىغانلىقىغا تايىنىپ ئەرەب مەدىنىيىتىنىڭ تارقاتقۇچىلىرىدىن بولۇپ قالدى.

قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا دىنىي روھانىلارنى يېتىش-تۈرىدىغان كەسپىي دىنىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ئۆسمۈر بالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش ئىقتىدارىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن «قۇرئان»نى ئەرەب تىلىدا يادلاشقا مەجبۇر بولدى.

بىرمۇنچە سودا مەركەزلىرىدە زور تىپتىكى دىنىي قۇرۇلۇشلار تېخىمۇ كۆپ سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشلار ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ تائەت-ئىبادەت قىلىش سورۇنى، ھەم ئىسلام دىندارلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەركىزى بولدى.

مۇشۇ مەزگىلدە تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا بىر قاتار مازارلار سېلىندى، ياكى كېڭەيتىپ سېلىندى. بۇ مازارلارغا دەپنە قىلىنغانلار جىھادتا قۇربان بولغان شېھىتلار دەپ ئاتالدى. بۇ مازارلاردا پات-پات تۈرلۈك تاۋاپ قىلىش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلۈپ

تۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، بىرمۇنچە جايلاردا يەنە نۇرغۇن ئاتالمىش مۇقەددەس جاي پەيدا بولدى. ئىسلام روھانىلىرى بۇ مۇقەددەس دەپ ئاتالغان جايلارنى ئىسلام تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بىرەر ئەرباپ ياكى بىرەر ۋەقەگە باغلاپ، ئاددىي مۇسۇلمانلارنى ئۇلارغا سەجدە قىلىشقا ئېزىقتۇردى*.

## 5. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىلەن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسى ۋەزىيەتتە قاتتىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىگە بېرىپ تاقىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىككى خىل ئېھتىمالغا يۈزلەندۈرۈپ قويدى.

بىرىنچى خىل ئېھتىمال، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى قىتانلارنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆزگە خاس تەرەققىيات يولىدىن چەتلەپ، پۈتۈنلەي يېڭى تۈسكە كىرىش. مۇنداق ئەھۋال بۇرۇن ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىدىمۇ بولغان ئىدى، ئۇلار يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۆز يولىدىن چەتلەپ، ئۇيغۇرلارنى بەلگە قىلغان يېڭى تۈسكە كىرىشىگە سەۋەپچى بولغان.

---

* مۇقەددەس جايغا سەجدە قىلىش — ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپى يەھۇدى دىنىنىڭ "قايتا دۇنياغا كېلىش" تەلىماتىدىن بارلىققا كەلتۈرگەن بىر خىل دىنىي مۇراسىم بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاللا بىر دىگەن پىرىنسىپىغا خىلاپ ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ باشقا مەزھەپلىرى تەرىپىدىن مەنئى قىلىنغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس جاينى سەجدە قىلىشى دەل شىئە مەزھىپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

ئىككىنچى ئىھتىمال، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى غەربىي لياۋ سۇلالىسى بەرپا قىلغان پايدىلىق سىياسىي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي جەريانىنى داۋاملاشتۇرۇش.

تارىخ ياراتقان مۇھىت بىرىنچى ئىھتىمالنى يەكلەپ، ئىككىنچى ئىھتىمالنى ئىلگىرى سۈردى، چۈنكى مۇشۇ مەزگىلدە بۇ زېمىندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قىتانلارنىڭ ئادەم سانى چەكلىك ئىدى. مۇنداق شارائىتتا، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى سىياسىي كۈچكە تايىنىپ قىتانلارنىڭ مەدەنىيەت ئالامەتلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تېڭىش غەرىزىدە بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق قىلىشقا ئۇلارنىڭ مادارى يەتمەيتتى.

قىتانلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ ئاجىزلىقى كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كېتىشىدە ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولدى.

قىتانلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆز يولىدىن چەتلىتىش شەرتىگە ئىگە ئەمەس ئىكەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆز يۈنىلىشى ۋە تەرەققىياتىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىۋەردى. مانا بۇ مۇشۇ مەسىلىدىكى ئاساسىي خۇلاسە.

12 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىر بىرىگە قوشۇلۇش تارىخىي جەريانىنى ئورۇنلاپ بولغان ئىدى. لېكىن سىياسىي قورغانلار تۆپەيلىدىن، بولۇپمۇ ھەرقايسى تەرەپ ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان سىرتقى دۇنيا ئوخشاش بولمىغانلىقى ۋەجىدىن، ئايرىلىپ كەتكەن بۇ ئىككى تۈركۈم ئۇيغۇرلار دىنىي جەھەتتىكى پەرقلەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى

ئۆزلىرىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ساقلاپ قالغان ئىدى. نەتىجىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئىككى بۆلۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر بىرىگە ئۆتۈشۈشى ۋە ئۆزئارا قوشۇلۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيە-تىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ قالدى.

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىككى بۆلۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر بىرىگە ئۆتۈشۈشى ئالدى بىلەن تىل جەھەتتە باشلاندى.

بىزگە ئايانكى، ئۆتكەن ئىككى ئەسىر داۋامىدا ئۇيغۇر تىلى ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازاندى. بۇ جەھەتتە، سىياسى شارائىتتىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەللىگى، ئىجتىمائىلىغى بولۇپمۇ ئۇنىڭ يات ئاتالغۇلارنى تېزلا سىڭدۈرۈ-ۋاتقان گرامماتىكا قۇرۇلمىسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. دەل مۇشۇ سەۋەپتىن، ئۆتكەنكى ئىككى ئەسىر ئىچىدە نۇرغۇنلىغان يات ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كىردى.

ئۇزاق مۇددەتلىك تاللىنىش ۋە شاللىنىش ئارقىلىق، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا كىرگەن نۇرغۇنلىغان يات ئاتالغۇلار غەربىي لياۋ سۇلالىسى ياراتقان پۇرسەت-لەردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتتى.

سابىق قاراخانىلار خاندانلىقى زېمىنىدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئاتالغۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىغا كىرىشكە باشلىدى، سابىق شىجۇ ئۇيغۇرلىرى زېمىنىدا قوللىنىپ كېلىنگەن نۇرغۇن خەنزۇچە ئاتالغۇلار تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىغا كىردى ھەم

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقىلىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كىرگەن ئەرەبچە ۋە پارسچە ئاتال-غۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ۋە سىياسى ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت ئىدى، بۇ ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلىدىكى ئابستىراكىت ئاتالغۇلارنى كۆپەيتىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېڭى ئۇقۇمنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا كىرگەن خەنزۇچە ئاتالغۇلارنىڭ كۆپىن-چىسى تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئاتالغۇلار بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ كونكرېت خاراكتېر ئالغان ئۇقۇمنى ئىپادىلىگۈچى ئاتالغۇلىرىنى كۆپەيتىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ئاساسىي مىللەت بولغان خەنزۇ مىللىتى خەلقى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش ۋە قويۇق بېرىش-كېلىش قىلىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇردى.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ خەنزۇچە ئاتالغۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خەنزۇ خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشتە غايەت زور رول ئوينىدى. تا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىدا بۇ ئىككى خىل ئاتالغۇلارنىڭ ئىستېمال دائىرىسى يەنىلا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە، ئەگەر ئوخشاش بولمىغان رايون ۋە مىللەت-لەردىن قوبۇل قىلىنغان ئاتالغۇلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تەڭ قوللىنىلدى دېيىلسە، ئۇ ھالدا، يېزىق ساھەسىدىكى بۇنداق بىر بىرىگە ئۆتۈشۈش جەريانى بىر بىرىنى قاتتىق يەكلەش شەكلىدە بولدى.

سابىق قاراخانىلار خاندانلىقى زېمىنىدا قوللىنىلغان ئەرەب

يېزىغى ئىسلام دىنىنى ئۆز ئاۋانگارتى قىلغانلىغى ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت ھۇجۇم قىلىش ھالىتىدە تۇردى، ئىسلام دىنى يېڭىدىن تارقالغان رايونلاردا ئەرەب يېزىغىمۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشتا تەتبىقلىنىشقا باشلاپ، شىنجۇ ئۇيغۇرلىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىجات قىلغان يېزىقنىڭ ئورنىنى بېسىپ ماڭدى.

ئۇيغۇر يېزىغى ئومۇمەن مۇداپىئەلىنىش ھالىتىدە تۇردى، لېكىن، تاكى غەربىي لياۋ سۇلالىسى گۇمران بولغانغا قەدەر ئىسلام دىنى تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي رايونىدا ئومۇملاشمىغانلىقتىن، ئەرەب يېزىغىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىن-بىر يېزىغى بولالمىدى. بىراق، بۇ ئىككى يۈرۈش يېزىقنىڭ بىر بىرىنى يەكلەش شەكلىدە ئۇزاق مۇددەت دوقۇرۇشۇشلىرى دەرۋەقە مۇشۇ مەزگىلدىن باشلاندى.

كېيىنكى يىللاردا بۇ ئىككى خىل يېزىقنىڭ تىركىشىشى گەرچە ئەرەب يېزىغىنىڭ ئۇستۇنلۇك قازىنىشى بىلەن ئاياقلاشقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن كونا ئۇيغۇر يېزىغى تامامەن غايىپ بولۇپ كەتكىنى يوق. بەلكى كېيىنچە موڭغۇل يېزىغى بىلەن مانجۇ يېزىغى بولۇپ ئۆزگەردى. ئىككى بۆلۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئۆتۈشۈشى داۋامىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق ۋە ئويمىچىلىق سەنئىتى ئەڭ قاتتىق زىيانغا ئۇچرىدى.

12-ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇيغۇر — ئاساسەن تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى شىنجۇ ئۇيغۇرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ — شەكىل چىقىرىش سەنئىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، ئۇلار بۇتخانىلارنى ياسىغان، دىنىي ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇش مەزمۇن قىلىنغان تام رەسىملىرى، لاي ھەيكەل ۋە ئويما ئەسەرلىرىنى ئىجات قىلغان

ئىدى.

نۇرغۇنلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بۇ مەزگىل ئۇيغۇرلار سەنئەت جەھەتتە يېتىلگەن ۋە زور قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە تەمشەلگەن مەزگىل ئىدى، ئەمما بۇ ئىلگىرىلەش جەريانى ئىسلام دىنى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلاندى. ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەدەنىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ساقلاپ قېلىنغان نۇرغۇن چوڭ تېپتىكى دىنىي قۇرۇلۇشلار ۋەيران قىلىندى. بۈگۈنكى كۈندە ھەر-قايسى مەدەنىي يادىكارلىقلار خارابىلىرىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يۈز-كۆزى ئويۇپ تاشلانغان ئادەم رەسىملىرى، باش قىسمى چېقىپ تاشلانغان ئادەم ھەيكەللىرى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەنە شۇ مەزگىلدە نابۇت قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلام دىنىنىڭ ھەيكەلگە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش مىزانى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھەتتا ئادەم قىياپىتىنى ئالغان ھەممە سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىجات قىلىنىشىنى چەكلەشتەك كىشى چىدىغۇسىز باسقۇچقا يەتتى. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ھەممە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇنداق دىنىي يەكلىمىچىلىك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە كىشىنى قاتتىق بىئارام قىلىدىغان، بىرقانچە يۈز يىل داۋام قىلغان بوشلۇقنى پەيدا قىلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى زاماندا دەپسەندە قىلىنغان سەنئەت ئىقتىدارى كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى تاپتى.

ئۇلارنىڭ ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق سەنئىتى گۈل نۇسخە ئىشلەشكە قاراپ راۋاجلاندى. 12-ئەسىردىن كېيىن،

ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ تىپتىكى بىنالىرى، شۇنىڭدەك ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ تام-تورۇس، ئىشىك-دەرىزىلىرى ۋە موردىلارمۇ نەپىس ئىشلەنگەن گۈل نۇسخىلىرى بىلەن بېزىلىدىغان بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ گۈل نۇسخىلىرى ئىشلەش سەنئىتى بولۇپمۇ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا كەڭ قوللىنىلدى ھەمدە ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىكىدە ئاساسلىق زىبۇ-زىنەت بولۇپ قالدى. گىلەم، شايى-ئەتلەستىن تارتىپ تاكى كىيىم-كېچەك، ئۆي جاھازلىرى ھەتتا قولياغلىقلارغىچە بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى رەڭدار، كۆركەم، تەكشى يېيىلغان گۈل نۇسخىلىرى بىلەن ئىشلىنىدىغان بولدى، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئەقىل-پاراستىنىڭ بۇ بىر قىسىم جەۋھەرلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققى قىلىش ۋە تولۇقلىنىش ئارقىسىدا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ روشەن مىللى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىككى بۆلۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر بىرىگە ئۆتتۈشۈۋاتقان مەزگىلدە، تەڭ قوللىنىلىپ، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان (مەسىلەن، تىل) ۋە بىر بىرىنى يەكلىگەن (مەسىلەن، يېزىق) ساھەلا بولۇپ قالماستىن، بىر بىرىگە سىڭىپ، يېڭى گەۋدە ھاسىل قىلغان ساھەمۇ بولغان، ئۇ بولسىمۇ مۇزىكا ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر تەرىپىدىن ئوردا نەغمىسى قىلىنغان قوجۇ نەغمىسى بىلەن كىيۇجە نەغمىسىنىڭ يۇرتى — تۇرپان رايونى بىلەن كۇچار رايونى بار ئىدى. بولۇپمۇ كۇچار رايونى شۇ زاماندا "نەغمە ماكانى" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ كەلگەن ئىدى. 7-ئەسىردە تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ياقىسىنى بويلاپ ھىندىستانغا

قاراپ ماڭغان شۈەنزاڭ يول بويى ئاڭلىغان نەغمىلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ”كيۇجەنىڭ ساز ۋە نەغمىلىرى ھەممە دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئەلا“ دەپ ھېسابلىغان[18].

مۇشۇنداق مۇزىكا مۇھىتىغا بىرىنچى بولۇپ نائىل بولغانلار شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىدى. ئۇلار ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ قايتا تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، يۈكسەك شۆھرەت قازانغان يەرلىك مۇزىكىلارغا ئۇيغۇنلاشقان ۋە ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن، كېيىنكى يىللاردا شىجۇ ئۇيغۇرلىرى قوبۇل قىلىش، ئۆزلەشتۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت تەرتىپ بويىچە دەۋرنىڭ رىتىمىغا ماسلىشىپ داۋاملىق ئالغا بېسىپ، بۇ يەرلىك نەغمىلەرنى تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ۋە ھەيۋەتلىكلىكى جەھەتتە يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتەرگەن ئىدى. شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ”كوسەن نەغمىسى“، ”قوجۇ نەغمىسى“ قاتارلىق چوڭ تىپتىكى نەغمىلەرگە بىۋاستە ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ ساھەدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى.

غەربىي پامىر ئۇيغۇرلىرى ئوتلاقلاردىن كېيىنرەك ئايرىلغان بولسىمۇ، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يېڭى مۇزىكا مۇھىتى بىلەن كەڭ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بولۇپمۇ ئۇلار چالغۇ ئەسۋاپلىرى جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە پارسلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، بۇ ساھەدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى.

12-ئەسىردە ئىككى بۆلۈك ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر بىرىگە ئۆتۈشۈشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئەڭ شەۋكەتلىك سەھىپە ئېچىلىپ، چوڭ تىپتىكى نەغمىلەرنىڭ تۆرەلمىسى شەكىللەندى. 15-ئەسىردىن كېيىن بۇ چوڭ تىپتىكى نەغمىلەرگە ئەرەبچە ئاتالغۇ بىلەن ”مۇقام“ دەپ نام بېرىلدى.

چوڭ تىپتىكى نەغمە — "مۇقام" — تۆرەلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ۋۇجۇتقا چىقىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت، سەنئىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى يەنە شۇ يەردىكى، ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىز ئۈچۈن مۇشۇ قىممەتلىك بايلىقنى ساقلاپ قالالىدى. بۇ قىممەتلىك بايلىققا ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاجايىپ ئەمگىكى ۋە ئەقىل-پاراسىتى سىڭگەن، تاكى بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ دەۋرگىچە، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ گۈزەل-كۆركەم نۇرىنى چاقنىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى مەرۋايىتلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ساقلانماقتا.

12-ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسى سىياسى ۋە ئىقتىسادىي ساھەلەر بىلەن بولغان تەكشىلىكنى ساقلاپ، تەدرىجىي راۋاج تاپتى. ئەگەر، ئۆتكەنكى ئىككى ئەسىر ۋاقىتنى تېرىلغۇ مەۋسۇمىگە ئوخشاتساق، 12-ئەسىرنى دەل ھوسۇل يىغىمى مەۋسۇ-مىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. بۇ مەزگىلدە نەتىجىلەر جۇغلىنىپ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئايلاندى، شۇنداقلا بۇمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇرۇنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش، كېيىنكىلەر ئۈچۈن يول ھازىرلاش مەزگىلى بولدى، بۇ دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى روشەنلەشتى.

مۇشۇ مەزگىلدە پامىر ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى يۈكسەك دەپ ئاتالغان يېزا مەھەللىسىدە بىر داستان بارلىققا كەلدى. لېكىن بۇ ئەسەر ئاز كەم 800 يىلغىچە كىشىلەرگە تونۇلماي، پەقەت بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيىلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم تەرىپىدىن تېپىلدى. شۇ چاغدا بۇ ئالىم تۈركىيىنىڭ ئىستامبۇل شەھىرىدىكى

ئاياسوفيا مەسچىتىنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئىشلەيتتى. نەجىپ ئاسىم تاپقان بۇ ئەسەر ئەسلى ئەسەرنى ئۆرنەك قىلىپ تۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قول يازما ئىدى. بۇ ئەسەرنى كۆچۈرگەن خەتتاتنىڭ ئىسمى شەيخزادە ئابدۇلرازاق باقشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆچۈرۈپ بولغان ۋاقتىنى ھىجرىيە 884-يىل 11-ئاينىڭ 7-كۈنى (مىلادى 1480-يىل 1-ئاينىڭ 30-كۈنى) دەپ ئېنىق يازغان.

1916-يىلى، نەجىپ ئاسىم بۇ ئەسەرنى ئەنە شۇ قول يازمىسى بويىچە ئېلان قىلدى.

ئەگەر بۇ قول يازما ئەسلى ئەسەرنىڭ ئىسكەتىنى شۇ پېتى ساقلاپ قالغان دەپ قىياس قىلىدىغان بولساق، ئۇ چاغدا، شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەردە مۇئەللىپنىڭ ئىسمى ۋە ئەسەرنىڭ ماۋزۇسى ئايرىم بېرىلمىگەن، بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدىكى جاۋاپلارنىڭ بىر قىسمىنى مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە بەرگەن، يەنە بىر قىسمىنى بولسا ئەسەرنى كۆچۈرگۈچى خەتتات ئۆزى يازغان خاتىمىدە بەرگەن.

مۇئەللىپ ۋە خەتتاتنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ ئىسمى ئەخمەت بولۇپ، تۇغما ئەما ئىدى، دادىسىنىڭ ئىسمى مەخمۇت ئىدى، ئۇلار يۈكنەك دىگەن مەھەللىدە ياشىغان. مۇئەللىپ بۇ ئەسىرىگە ئەرەب تىلىدا «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىگى) دەپ نام بېرىپ، پۈتۈنلەي قەشقەر تىلى يەنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان⑲.

ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسىرى 14 باپ بولۇپ، ئالدىنقى تۆت باپ كىرىش قىسمى، كېيىنكى ئون باپ ئاساسىي مەزمۇن قىسمى.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» دىداكتىك داستان بولۇپ، مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ پەلسەپە كۆز قارىشىغا ئاساسەن، ئۆزى گۈزەل ئەخلاق دەپ ھېساپلىغان ھەرقايسى جەھەتلەر ئۈستىدە كەڭ توختالغان. مەسىلەن، مەرىپەت ئىلمى، سېخىلىق بىلەن سەددىقە بېرىش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەدەپلىك بولۇش، تەقدىرگە تەن بېرىش ۋاھاكازالار. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى «قۇتادغۇ بىلىك»كە ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، «ئەتەبەتۇلھە-قايىق» تېخىمۇ ئابستىراكىت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. ۋاھالەنكى، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەزمۇنى رېئال تۇرمۇشنىڭ مەلۇم جەھەتلىرىگە چېتىلغان.

ئەخمەت يۈكنەكى ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئابستىراكىت ئەخلاقىي ئۇقۇم دائىرىسىدە چەكلەپ قويغانلىغى ئۈچۈن، يېزىقچە-لىقتىكى قىيىنچىلىقنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن. تۇتاش كەتكەن ۋەقەلىك باغلىنىشى، توقۇنۇش، شۇنداقلا رېئال تۇرمۇش ھىدى بولمىغان ئەھۋالدىمۇ ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ قاپىيەۋىلىگى ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان ئارۇز ۋەزنىدە مۇشۇنداق بۈيۈك داستاننى يېزىپ چىققانلىغى ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارلىق شائىر ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بۇ ئەسەرنى بىرىنچى بولۇپ تىلغا ئالغان كىشى ئەلىشىر ناۋايى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «نەسايىم مۇھەببەت» (مۇھەببەت شاماللىرى) ناملىق شېئىرىدە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ھەمدە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان ئەما ئىكەنلىگىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. كېيىن ناۋايى ھېراتنىڭ ھۆكۈمرانى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئوغلى بەدىئۇززامانغا يازغان مەكتۇبىدا «ئەتەبەتۇلھە-

قايىق»نىڭ مىسرالىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغان.

ئەپسۇسكى، مەيلى مۇئەللىپ بولسۇن، ياكى پۈتىكۈچى خەتتات بولسۇن، مۇئەللىپنىڭ ھاياتى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ دۇنياغا كېلىش جەريانى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرمىغان.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە شۇ يەزدىكى بىر ھاكىمبەگكە مەدھىيە ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئالىملار بۇنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، يۇقۇرقى مەسىلىلەرگە جاۋاپ ئىزدىمەكچى بولغان. بىراق، نۇرغۇن ئالىملارنىڭ قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى شۇنى ئۇقتۇردىكى، ھېلىقى ھاكىمبەگ ھېچقانداق يازما ماتېرىياللاردىن تېپىلمىغان، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر مۇئەللىپنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئەسەرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش جەريانى توغرىسىدا مۇكەممەل ھۆكۈم چىقىرىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قېلىپ، پەقەت بەزى تەسەۋۋۇر ۋە قىياسلارنى قىلالىغان.

ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا كىشىلەر مۇنۇلارنى ئاساس قىلىپ قىياس قىلىشقان:

1. ئەسەر باشلىنىش بىلەنلا "ئاللا" ۋە "پەيغەمبەر"گە مەدھىيە ئوقۇغان. بۇ ھال بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

2. ئەسەردە موڭغۇللار توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ بولمىغان. بۇ نۇقتا شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، مۇئەللىپ ياشىغان ۋاقىتتا موڭغۇل ـ لارنىڭ كۆچى تىيانشاننىڭ جەنۇبىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تېخى كىرـ مىگەن، چۈنكى 13 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا پۈتۈلگەن ھەممە ئەسەرلەر، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىگە چىڭگىزخاننى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنى مەد ـ

ھېيلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەر قىستۇرۇلغان. موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا مەدھىيە ئوقۇش شۇ دەۋرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى بولغان.

3. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭكىگە ناھايىتى يېقىن، ئۇسلۇب جەھەتتە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆلگە قىلىنىپ، ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان.

4. تىل جەھەتتە، ئەسەر قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ روشەن ئالامەتلىرىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن، قەدىمقى *D* ھەرىپىنىڭ قوللىنىلىشىغا ئوخشاشلار. ئېيتايلۇق ”كىيىم“ دىگەن سۆز ”كەدىم“، ”ئاياق“ دىگەن سۆز ”ئاداق“، ”كېيىنكى“ دىگەن سۆز ”كەدىنكى“ دەپ يېزىلغان. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ ئالامەتلەر 13-ئەسىردىن كېيىن پۈتۈنلەي يوقالغان ئىدى.

ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ دادىل تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان تۈركىيىلىك ئالىم نەجىپ ئاسىم ئىدى. نەجىپ ئاسىم ئەخمەت يۈكنەكى تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن ھاكىمبەگنى ئىلىكخانلار — قاراخانىلار جەمەتىدىن، ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىلىكخانىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك، دەپ ھىساپلىغان.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدىنىيەت تارىخىدىكى يەنە بىر مۇھىم يادىكارلىق، شۇنداقلا 12-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدىنىيىتىنىڭ بۇرۇنقىغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىگە يول ئېچىپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى.

## 6. غەربي لياۋ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى

13-ئەسىردە، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ئوتلىقىدا تۇمۇچىن باشچىلى-

غىدىكى موڭغۇل قەبىلىسى ئۇلغايدى، 1204 ـ يىلى، موڭغۇل قوشۇنى
هازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى قاڭغاي تېغى ئېتىكىدە
تايانخان باشچىلىقىدىكى نايمان قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىدى،
تايانخان جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى كۈچلۈك
مېركىت قەبىلىسىگە قېچىپ باردى. موڭغۇل قوشۇنى ئۇنى قوغلاپ
كېلىپ، ئېرتىش دەرياسى بويىدا مېركىت قەبىلىسىنىمۇ مەغلۇپ
قىلىدى.

كۈچلۈك سەرگەردان بولۇپ بېشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار ناھىيىسى)، تەلكى داۋان (بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسى دائىرىسىدە)، غۇلجا (بۈگۈنكى غۇلجا شەھىرى) ئارقىلىق، 1208 ـ يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى غوزئوردىغا قېچىپ باردى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى جىلۇگۇنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولدى. جىلۇگۇ ئۇنىڭغا ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ پادىشا جەمەتىدىكى كىشى بولۇپ قالدى.

سەرگەردان بولغان بۇ خانزادە ئۆز زېمىنىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالارغا سەركەردە بولۇش نىيىتىدىن يانمىغان ئىدى. ئەكسىچە، ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمرانىنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ داھى بولۇش تاماسى تېخىمۇ كۈچەيدى. لېكىن مۇشۇ تاپتا، ئۇ موڭغۇل قوشۇنلىرى بىلەن ئېلىشىش نىيىتىدىن ۋازكېچىپ، هازىرقى ئورنىدىن پايدىلىنىپ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ نەق هاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، كۈچلۈك ئىككى جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى، بىر جەھەتتىن، سەرسان بولۇپ كەتكەن نايمان پۇقرالىرىنى توپلاش بانىسى بىلەن بېشبالىق ۋە ئىمىل دەر-

ياسى ۋادىسىدا نايمان ۋە مېركىت پۇقرالىرىدىن قوشۇن ئۇيۇشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، خارەزىم شاھى مۇھەممەت، سەمەرقەنت خانى ئوسمان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلاردىن ياردەمچى كۈچ سۈپىتىدە پايدىلانماقچى بولىدى. پۈتۈن تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، سەمەرقەنت بىلەن خارەزىم بىرىنچى بولۇپ توپىلاڭ كۆتەردى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنى خارەزىم، سەمەرقەنت قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، كۈچلۈك غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈشلىرى ساقلانغان ئۆزكەنت قەلئەسىنى تالان-تاراج قىلدى، ئاندىن توپ-توغرا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى غوزئوردىغا قوشۇن تارتتى.

جىلۇگۇ ئۆزى قوشۇن باشلاپ چىقىپ، چىنبوز دەرياسى بويىدا كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار قىلدى، كۈچلۈك تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۈيىقەستى ۋاقتىنچە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى.

كۈچلۈك مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، بىراق خارەزىم، سەمەرقەنت قوشۇنلىرى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە قاراپ ئىلگىرىلەۋەردى. ئۇلار غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي سەركەردىسى تانىگۇ باشلاپ ماڭغان قوشۇننى مەغلۇپ قىلىپ، تالاس قەلئەسى يېنىدا سەپ تۈزدى. غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۆز دۆشمىنىگە تاقابىل تۇرماي، ئەكسىچە، يەرلىك ئاھالىلەرنى تالان-تاراج قىلدى، بۇنىڭ بىلەن خەلقلەرنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىدى. پۇقرالارنىڭ نارازىلىقى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، غەربىي لياۋ سۇلالىسى قورۇلغاندىن تارتىپ ئىزچىل تۇردە ئۇنىڭ پايتەختى بولغان غوزئوردىدا ئاھالىلەر ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ سېپىل دەرۋازىسىنى

ئېتىپ تاشلاپ، مەغلۇپ بولۇپ قېچىپ كەلگەن غەربىي لياۋ سۇلالىسى قوشۇنىنى قەلئەگە كىرگۈزمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، كۈچلۈك ئاخىر 1211-يىلى قېيىن ئاتىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

كۈچلۈك ھوقۇق تارتىۋالغان كۈندىن باشلاپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ گۇمران بولغانلىقى جاكالاندى. بۇ سۇلالىنىڭ زېمىنى تەرەپ-تەرەپتىن بۆلۈۋېتىلدى، ھەممىدىن بۇرۇن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئارقىدىن كۈچلۈك ئۆز ۋەدىسى بويىچە خارەزىم بىلەن سەمەرقەنتنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ ۋاقىتتا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى پەقەت تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، كۈچلۈك ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى قەشقەرگە يۆتكىدى.

كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن قىسقىغىنا ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە، مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئىقتىسادىي جەھەتتە بولسۇن، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرەر ئىش قىلالمىدى[20]، ئەكسىچە، ئۇ ياللۇغ تاشىدىن بۇيان يۈرگۈزۈلۈپ كەلگەن دىنىي سىياسەتتىن ۋازكەچكەنلىكى ئۈچۈن ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى، ھوقۇق تارتىۋالغان بۇ شەخسنىڭ گۇمران بولۇشى شۇنىڭ بىلەن تېزلەشتى.

كۈچلۈك تۇغۇلۇپ ئۆسكەن نايمان قەبىلىسى خىرىستىيان مۇخلىسلىرى بولۇپ، كۈچلۈكنىڭ ئۆزىمۇ خىرىستىيان مۇخلىسى ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىككى خوتۇنى بۇددىست بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلىدىغان بولدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، كۈچلۈك تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قاتتىق زىيان-

گەشلىك قىلدى.

كۈچلۈك خوتەندە ھەممە مۇسۇلمانلارغا بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشنى بۇيرۇق قىلدى ھەمدە مەسچىت ئالدىدا بىر ئىمامنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاداۋىتى قاتتىق كۈچىيىپ كەتتى㉑.

1217 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنى ئېتىقات ئەركىنلىكىنى شوئار قىلىپ كۈچلۈككە ھۇجۇم قوزغىغاندا، قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار قوزغىلىپ موڭغۇل قوشۇنىغا ياردەملەشتى، كۈچلۈك مەغلۇپ بولۇپ سىرىققول (بۈگۈنكى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسى)گە قېچىپ بارغاندا، موڭغۇل قوشۇنلىرى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدىن كەلگەن قىتانلار قۇرغان غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە، ياكى قارا كىدانلارغا تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلدى. ئارقىدىنلا غەربىي لياۋ سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ كەڭ زېمىندا دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىر قاتار ۋەقەلەر يۈز بەردى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ باش رولچىسى چىڭگىزخان باشچىلىقىدا ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا باش كۆتىرىپ چىققان موڭغۇللار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار موڭغۇللار بىلەن بىللە ئاز كەم ئىككى ئەسىر تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

### پايدىلىنىلغان كىتاپلار

① ② ③ ④ «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي دىيار تەزكىرىسى».

⑤ «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى. جۇغراپىيە».

⑥ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 210 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 17 ـ ، گاۋزۇڭنىڭ شيەنخېڭ 1 ـ يىلى».

⑦ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۆرنەكلىرى»، 215 ـ جىلد، «تاڭ سۇلالىسى خاتىرىسى 31 ـ ، شۈەنزۇڭنىڭ تيەنباۋ 6 ـ يىلى».

⑧ ⑨ ⑩ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 30 ـ جىلد.

⑪ «رەۋزە تۇسساپا»، 5 ـ توم؛
«دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»، 178 ـ بەت.

⑫ «رەۋزە تۇسساپا»، 5 ـ توم.

⑬ چېن جۇڭمىيەن: «غەربىي لياۋ سۇلالىسى يىلنامىسىنى ئوقۇشتىن خاتىرە»، «جۇڭگو ۋە چەتئەل تارىخى ھەم جۇغراپىيىسى دەلىللىرى»، 453 ـ بەت.

⑭ «رەۋزە تۇسساپا»، 5 ـ توم.

⑮ «ئافغانىستان تارىخى»، بىرىنچى توم، ئىككىنچى كىتاپ.

⑯ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە»، 105 ـ بەت.

⑰ «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»، 30 ـ جىلد.

⑱ «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى زامانىدا غەربىي دىيار توغرىسىدا خاتىرە. كىيۇجە».

⑲ مالوۋ: «قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى ھۆججەتلەردىن تاللانما».

⑳ «رەۋزە تۇسساپا»، 5 ـ توم.

㉑ «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى».

# سەككىزىنچى باپ
# موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

## بىرىنچى بۆلۈم ئۇيغۇر ئىدىقۇت خاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشى

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىدە ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن قەدىمقى ئاسىيا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرى ئاپىرىدە بولغان جاي ــ ئىلمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى موڭغۇل دالاسىدا، 13 ـ ئەسىردە يېڭى بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلق باش كۆتىرىپ چىقتى. كېيىنرەك باش كۆتىرىپ چىققان بۇ قەبىلىۋى خەلق ئۆزىنىڭ مىسلىسىز ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمرانلارنى قاتتىق تەشۋىشكە سالدى ۋە ئالاقزادە قىلىۋەتتى. مانا بۇ چىڭگىزخان قۇرغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئىدى.

غالىپ موڭغۇل قوشۇنلىرى توزۇتقان چاڭ ـ توزاڭلار ئاسىيا ۋە ياۋروپا قۇرۇقلۇقلىرىنىڭ ئاسمىنىنى قاپلىدى. ئۇلۇغ ئوكيان، دوناي دەرياسى ۋادىسىدا، ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدا ھەم ھىندى دەرياسى بويىدا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگە ئاتلانغان چاغدا كۆتەرگەن چۇقان ـ سۈرەنلىرى كۆكنى لەرزىگە كەلتۈردى، نۇرغۇن

ھەيۋەتلىك شاھ تاجلىرى يەرگە تاشلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسەلدى، نۇرغۇن ئاۋات شەھەر-قەلئەلەر خارابىلىققا ئايلاندى، نۇرغۇن ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلگەن تەكەببۇر ھۆكۈمرانلار قۇللۇققا چۈشۈپ قالدى، ياكى جېنىدىن جۇدا بولدى.

شۇڭا 13-ئەسىردە چىڭگىزخان بەرپا قىلغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تىلغا ئېلىنغان ھامان، كىشىلەر ھەممىدىن ئاۋال ئۇنىڭ قىرغىنچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىسى راست، ئەلۋەتتە. بۇ مەڭگۇ تازىلاپ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان تارىخىي داغ. لېكىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك تۆھپىلىرىمۇ بار. ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنى ۋەتىنىمىزنىڭ 13-ئەسىردىكى تارىخىي پائالىيەتلىرىگە تېخىمۇ كەڭ تۈردە قاتنىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى — بۇنىڭ بىر تەرىپى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر قۇرغان بىر قاتار ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشقا كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر، مەسىلەن، ھۇنلار، جوجانلار، سىيانبىلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىتانلار ۋە جورجىنلار قۇرغان ھاكىمىيەتلەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، بىرىنچىدىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى مىسلىسىز كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسى ئېلىمىزدىكى ھەرقانداق سۇلالىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئىككىنچىدىن، ئىمپېرىيىنىڭ ئۇلى ھەممىدىن ئاۋال ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلىرى ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، مەسىلەن، موڭغۇل دالاسى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي شىمال ئېگىز-

لىگەدە قۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا كىرىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.

ئالدىنقى شارائىت ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ 13-ئەسىردىكى تارىخىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى ئۈچۈن كەڭ ئىقبال ئېچىپ بەردى، كېيىنكى شارائىت قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇلغاندىن باشلاپلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىمپېرىيىدە مۇھىم سىياسىي ئورۇنغا ئىگە بولۇشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىدى. بۇ، كۆپ مىللەتلىك، بىرلىككە كەلگەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بەرپا قىلىشتا غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ۋەقە ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەسىرى دەۋر چەكلىمىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ ئۆتۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىدا روشەن ۋە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى.

13-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلى ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، تۆرەلمە ھالىتىدە تۇرغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى چىڭگىزخاننىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شىمالدا سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىگىچە، جەنۇپتا سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئېتىكىگىچە، شەرقتە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىغىچە، غەرپتە ئالتاي تاغ تىزمىلىرىغىچە كېڭەيتتى. بايلىق جەلپ قىلغان، غەلىبە رىغبەتلەندۈرگەن بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ئۇزاق ئۆتمەيلا باياشات دىخانچىلىق رايونلىرىغا كۆز تىككىشكە باشلىدى. جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسى، غەربىي شيا (تاڭغۇتلار) ھۆكۈمرانلىقىدىكى غەربىي شىمال رايونى ھەم ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلار موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ يەنىمۇ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىدا تۇنجى نىشان بولدى.

## 1. ئۇيغۇر ئىدىقۇت ھاكىمىيىتىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىگە بېقىنىشى

چىڭگىزخان رەھبەرلىگىدىكى كەلگۈسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچى گويا تاغ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىققان قىيانىدەك، شەرقتىن غەرپكە قاراپ ئۆركەشلەپ كېلىۋاتقان چاغدا، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ كۈچى گويا سۈيى تارتىلغان دەرياغا ئوخشاش كۈندىن-كۈنگە قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ سىياسىتى بارغانسېرى چىرىكلەشتى، دۆلەت غەزىنىسى قۇرۇق قالدى، ھەربى قوشۇن چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈشكە باشلىدى، كۈچلۈك تەختنى تارتىۋېلىشقا تەمشەلمەكتە ئىدى، خارەزىم، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەر پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. دىمەك، بىر خىل داۋالغۇش تەشۋىشلىرى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار رايونىنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى.

بۇ شارائىت ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن قۇتۇلۇش پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. مىلادى 1209-يىلى، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى (بۇ مەزگىلدە ئىدىقۇت* دەپ ئاتىلاتتى) نىڭ سەركەردىسى بارچۇق ئارت تېكىن قوشۇن تارتىپ چىقىپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ بۇ يەردە تۇرغۇزغان نازارەتچى ئەمەلدارىنى

* «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا ئىدىقۇت قوجۇ دۆلىتى كىنىزىنىڭ پەخرىي نامى دەپ ئىزاھلانغان. «جامىئۇت تاۋارىخ» ناملىق كىتاپتا ئىدىقۇت سۆزى بەخت ئاتا قىلغۇچى دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. شۋېتسىيىلىك دوسسون ئىدىقۇت سۆزىگە تۈرك تىلىدىكى شاھ دىگەن سۆز دەپ تەرىپ بەرگەن.

ئىزلىتۇرۇپ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى.

تۇرپان ئويمانلىقىدا يۈز بەرگەن بۇ تاسادىپىي ئۆزگىرىش توغرىسىدىكى خەۋەر موڭغۇل دالاسىغا تارقالغاندا، چىڭگىزخان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1210-يىلى ئالپ ئوتوق ۋە دارباي ئىسىملىك ئىككى كىشىنى ئەلچى قىلىپ تۇرپان ئويمانلىقىغا ئەۋەتتى. بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۆز ئەلچىسىنى موڭغۇل ئەلچىلىرى بىلەن بىللە موڭغۇل دالاسىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى تاۋاپ قىلىشقا ۋە چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىشقا ئەۋەتتى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن بارچۇق ئارت تېكىننىڭ چىڭگىزخانغا يوللىغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېيىلگەن: "كەمىنىلىرى پادىشا ئالىلىرىنىڭ قۇدرىتى ۋە ئەخلاقىدىن خەۋەر تاپقان ھامان، قىتان بىلەن بولغان قەدىناس دوستلۇقتىن ۋازكېچىپ، ئالىلىرىغا ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا، پادىشا ئالىلىرىنىڭ ئەلچىلىرى زېمىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ كېلىپ قالدى. بۇندىن كېيىن، پۈتۈن پۇقرالىرىمنى باشلاپ خىزمەتلىرىنى قىلىشقا تەييارمەن"①.

1211-يىلى، بارچۇق ئارت تېكىن ئۆزى چىڭگىزخاننىڭ كېرۇلۇن دەرياسى بويىدىكى باش بارگاھىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى تاۋاپ قىلدى. چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىنگە نۇرغۇن سوغا ئىنئام قىلدى ۋە مەلىكە ئىلئالتونىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، شىجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى رەسمىي

ئورنىتىلدى*.

گاۋچاڭ دۆلىتىنىڭ چىڭگىزخانغا بېقىنغانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈنمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ، غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە ۋەقە بولدى.

چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بويسۇنۇشى ئارقىسىدا، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچى تيانشاننىڭ جەنۇبىدا ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇرپان ۋادىسىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك بېسىپ ياتقان تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي رايونىغا ھۇجۇم قىلىشتا ئەڭ يېقىن يولغا ئېرىشتى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكىنى بويسۇندۇرۇشى، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ يەردىن باشلاندى.

ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قۇدرەتلىك تايانچ بولغانلىقتىن، ئۇلار ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. چىڭگىزخان ئوچۇق-ئاشكارا ئىدىقۇت تەرەپتە تۇرغانلىقتىن، مەيلى كۈچلۈك بولسۇن، مەيلى خارەزىم شاھى بولسۇن، ھېچقايسىسى ئۆز ۋاقتىدا غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ زېمىنى بولغان بۇ رايوننى قايتا بويسۇندۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

---

* شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىجۇ ئۇيغۇرلىرى دېگەن سۆز يازما تارىخىي ھۆججەتلەردە يوقاپ كەتكەن. خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇلار قوچۇ (گاۋچاڭ دۆلىتى) ياكى 畏兀儿 دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا ۋە باشقا ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ يازما تارىخىي ھۆججەتلىرىدە ئۇلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى دەپ ئاتالغان.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىدىقۇتنىڭ باشلامچى بولۇپ بۆلۈنۈپ چىققانلىقى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنى بېزەپ تۇرغان پەردىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ كۈندىن-كۈنگە زەئىپلىشىۋاتقان ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ، باشلانغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان داۋالغۇشلىرىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى. دەرۋەقە، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ ھال غەربىي لياۋ سۇلالىسى زېمىنى دائىرىسىدە دەھشەتلىك ھالقىسىمان ئىنكاس قوزغىدى. ماۋەرائۇننەھر رايونى غەربىي لياۋ سۇلالىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى. جىلۇگۇنىڭ ئۆزى كۈچلۈككە ئەسىر چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي لياۋسۇلالىسى ئەمەلىيەتتە گۇمران بولدى.

ئىدىقۇتنىڭ چىڭگىزخانغا بېقىنغان ۋاقتى دەل چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى سىرتقا كېڭەيمىچىلىك قىلىشنى باشلىغان مەزگىل ئىدى. شۇڭا ئۇ چىڭگىزخاننىڭ تارىخىي ھاياتىدا ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغان پائالىيەتلىرىگە — ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىلىگە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىشقا نائىل بولدى.

1219-يىلى، چىڭگىزخان يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى باشلاپ، ئېرتىش دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ئىدىقۇت ۋاكى بارچۇق ئارت تېكىن ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇننى باشلاپ، موڭغۇل قوشۇنىغا قوشۇلدى. يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن سىر دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇيغۇر قوشۇنى چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىنىڭ قوماندانلىقىغا ئاجرىتىپ بېرىلدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر قوشۇنى سىر دەرياسى سېپىدىكى سىغناخ قەلئەسى، ئۆزكەنت قەلئەسى، ئىشناس قەلئەسى، خوجەند قەلئەسى، يېڭى كەنت قەلئەسى قاتارلىق جايلاردا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. جوجى

ئىستىلا قىلغان بۇ زېمىننى چىڭگىزخان كېيىن جوجىغا سۇيۇرغال قىلىپ ئاجرىتىپ بەردى. كېيىنكى چاغلاردا پۈتكۈل روسسىيە ۋە شەرقىي ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى ئەنە شۇ جوجىنىڭ سۇيۇرغالىدىن تۆرىلىپ چىققان ئىدى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى جەڭلەردە كۆرسەتكەن ئىپادىسىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، ئۇلارنى "ئىنتىزامى قاتتىق، ھەممە يەردە غالىپ" دەپ مەدھىيىلىگەن②.

سىر دەرياسى ۋادىسىدىكى ئاخىرقى جەڭ بولغان يېڭى كەنت جېڭى تۈگەپ، جوجى قوماندانلىقىدىكى قوشۇن چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ، خارەزىم قەلئەسىگە يۈزلەنگەندە، ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ئۆز يۇرتىغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنىپ، تۈركمەن قوشۇنى ئۇلارنىڭ ئورنىدا خارەزىم قەلئەسىگە تارتىلدى، لېكىن تۈركمەن قوشۇنى خارەزىمگە كېتىۋېتىپ توپىلاڭ كۆتەرگەنلىكتىن، ئۆز يۇرتىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئۇيغۇر قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى جەڭ بولغان خارەزىم جېڭىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئالتە ئاي داۋام قىلغان خارەزىم جېڭىدە موڭغۇل قوشۇنلىرى قاتتىق چىقىم تارتتى. موڭغۇل قوشۇنى تەرەپتە تۇرۇپ خارەزىم جېڭىگە قاتناشقان ئۇيغۇر قوشۇنىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېغىر چىقىم تارتتى.

خارەزىم قەلئەسىدىكى جەڭ تۈگەش بىلەنلا، موڭغۇل قوشۇنلىرى سەمەرقەنتكە توپلىنىپ، ئىران ئېگىزلىكىدە خارەزىم شاھىنى قوغلاپ ماڭغان تارماق قوشۇننىڭ جەڭ نەتىجىسىنى كۈتۈپ تۇردى. 1220-يىلى چىڭگىزخان ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئىران ئېگىزلىكىگە ھۇجۇم

قىلىشنى قارار قىلغاندا، ئۇ ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يېڭى ئاساسىي قوشۇن تەشكىللەندى. شۇنىداق قىلىپ، بارچۇق ئارت تېكىن قوماندانلىغىدىكى ئۇيغۇر قوشۇنى موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىللە ئىران ئىگىزلىگىگە كىردى.

ئىران ئىگىزلىگىدە ئۇيغۇر قوشۇنى تولىنىڭ قوماندانلىغىدا بولۇپ، مەرۋى، نىشاپور، ئېلا قاتارلىق قەلئەلەردە ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەرگە قاتناشتى.

غەربىي سەپتىكى جەڭلەر ئىران ئىگىزلىگىدە بولغان جەڭلەر ئىچىدە ئەڭ دەھشەتلىكى بولغان ئىدى، شۇڭا، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرنىڭ تارىخىي ھۆججەتلىرىدە بۇ جەڭلەر توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ نىشاپور ۋە مەرۋىدىكى قىرغىنچىلىق چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈش قىلغاندىن كېيىنكى زوراۋانلىغىنى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتەردى. موڭغۇل قوشۇنى بىلەن بىللە نىشاپور ۋە مەرۋى قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلغان ئۇيغۇر قوشۇنىمۇ، شۈبھىسىزكى، كىشىنى يىرگىندۈرىدىغان بۇ زوراۋانلىقلارغا قاتناشتى.

1206-يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، 20 يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنى توپ-توغرا ئۈچ ھەسسە كېڭەيگەن. شەرقتە جىن سۇلالىسى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئالدىبۇرۇن موڭغۇل دالاسىدىن چېكىنىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، بەلكى 1214-يىلى ئۆز پايتەختىنى دادۇ (بۈگۈنكى بېيجىڭ) دىن بيەنجىڭ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ كەيفېڭ شەھىرى) گە كۆچۈرۈپ كەتتى. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلار ئەمەلىيەتتە تۈگەل موڭغۇل ئىمپې-

رىيىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالدى. غەرپتە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى قىپچاق ئوتلىغى، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، ھىندى دەرياسىنىڭ غەربىدىن تارتىپ قەزۋىن قەلئەسىنىڭ شەرقىدىچە بولغان ئوتتۇرا ۋە شەرقىي ئىران ئىگىزلىكىمۇ قانلىق پاجىئەلەردىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندى.

چىڭگىزخان ئىستىلا قىلغان بۇ كەڭ زېمىننى ئۆز پەرزەنتلىرى ۋە تۆھپىكار ئەمەلدارلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئاجرىتىلىپ، تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرى چاغاتايغا سويۇرغال قىلىپ بېرىلدى، بۇرۇنقى شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ھاكىمىيىتى باشقۇرۇۋاتقان رايون پەۋقۇلئاددە ھاكىمىيەت گەۋدىسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىندى. بۇنىڭ تېگى-تەكتىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. ئىدىقۇت موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بەرپا بولۇشىدا كونكرېت تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، سويۇرغال قىلىنغان زېمىنلار گىرەلىشىپ كەتكەن شۇ مەزگىلدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ قالدى.

مۇشۇ دائىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ داھىسى داۋاملىق ھالدا ئىدىقۇت دېگەن نامنى قوللاندى ھەمدە قوچۇ (بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ناھىيىسىدىكى قاراخوجا)نى پايتەخت قىلدى، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بۇ يەرگە پەقەت بىر نەپەر دارغاچىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقىلا ئەۋەتتى③.

چىڭگىزخان غەرپكە يۈرۈش قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىمەيدىغان بىر ۋەقەنى بانا قىلىپ، غەربىي شىيا (تاڭغۇتلار)غا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن

ئۇرۇش رايونى بۇگۈنكى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شىنىڭ شەھىرى ئەتراپىغىچە كېڭىيىپ، هازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ئۇرۇش ئوتىدا قالدى.

ئىدىقۇت ۋاڭى بارچۇق ئارت تېكىن بۇيرۇقىغا بىنائەن ئون مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ، چىڭگىزخاننىڭ هاياتىدىكى بۇ ئەڭ ئاخىرقى جەڭگە قاتناشتى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 9-ئەسىردە غەرپكە كۆچكەندىن كېيىن، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدىكى ئۇرۇشلارغا تۇنجى قېتىم ئارىلىششى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىغا قوزغىغان ئۇرۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇيغۇر قوشۇنى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، سىچۈەن ئويمانلىقى، چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى، جەنۇبىي جۇڭگو ۋە شىزاڭ ئىگىزلىكىدە جەڭگە قاتنىشىپ، 13-ئەسىردە ۋەتىنىمىز تارىخىدا كۆرۈلگەن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە پائال ۋە كەڭ تۈردە قاتناشتى.

ئۈستى-ئۈستىلەپ بولۇۋاتقان ھەربىي ھەرىكەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىمپېرىيىدىكى سىياسىي هاياتتا تۇتقان ئورنىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى، ئۇيغۇرلار مۇھىم بىر كۈچكە ئايلاندى. تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان قەۋەلەر بىزنى بۇ جەھەتتىكى پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىمپېرىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلات خانى كۇيۇك ئۆلگەندىن كېيىن، خانلىققا كىم ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى تۇنجى قېتىم ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي هاياتىدا ئەڭ زور مەسىلە بولۇپ قالدى، بۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا ئوغوتاي تەرەپدارى ۋە تولى تەرەپدارى بارلىققا كەلدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلاتلىرى ھەممىدە ئىمپېرىيىگە تەۋە جايلارنىڭ ھەممىسى بۇ ماجىراغا چېتىلدى. ئىدىقۇت بولسا ئوغوتاي تەرەپدارى

بولدى.

خان تەختى ئۇن يىل بوش تۇرۇپ، 1251 - يىلىغا كەلگەندە، ياۋروپاغا يۈرۈش قىلغان باتۇنىڭ قوللىشى بىلەن، تولىنىڭ ئوغلى مونكە خانلىق تەختىگە چىقتى. مونكە ئىلىمزنىڭ خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلىرىدە شيەنزۇڭ دەپ ئاتالغان.

## 2. ئىدىقۇت ھاكىمىيتىنىڭ پەيدىن - پەي يوقىلىشى

مونكە ھوقۇق يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سىياسى رەقىپلىرىنى كەڭ تۈردە تازىلىدى، ئوغوتاي تەرەپدارلىرىنى جۇملىدىن كويۇكنىڭ خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، مونكەنىڭ ئۆز رەقىپلىرىنى تازىلاش ھەركىتى تۇرپان ئويمانلىقىغىچە كېڭەيدى. بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى سالىندى تېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئوغوتاي تەرەپدارى بولغاچقا، 1252 - يىلى مونكە ئۇنى قوجۇدىكى مۇسۇلمانلارنى يوقاتماقچى دىگەن بەتنام بىلەن قەتلى قىلدى④.

بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن يەنە بىر ۋەقە شۇكى، ئىدىقۇت ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئورنىدىن پەيدىن - پەي مەھرۇم قالدى، ئۆز زىمىنىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن — گەرچە ئۇ ئىنتايىن چەكلىك ھوقۇق بولسىمۇ — ئايرىلىپ قېلىپ، پەقەت ئىدىقۇت دىگەن نامنىلا ساقلاپ قالالىدى.

مونكە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھوقۇقنى قەتئى مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) ۋە بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار) تا يەنجىڭ مۇۋەققەت ۋەزىر مەھكىمىسى ۋە بېشبالىق مۇۋەققەت ۋەزىر مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، ئۇلارنى ئىمپې-

رىيە باش مەمۇرى ئاپپاراتىنىڭ ۋاكالەت ئورگانلىرى قىلدى، موڭغۇل دالاسىدىن باشقا جايلارنى بۇ ئىككى ئورگاننىڭ باشقۇرۇشىغا قويدى. بېشبالىق مۇۋەققەت ۋەزىر مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى ھەم ئىران ئىگىزلىكى ئاجرىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مونكە ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختىدە پارس رايونى مىرزىسى، خەنزۇ رايونى مىرزىسى ۋە ئۇيغۇرلار رايونى مىرزىسى قويىدى. ئۇيغۇرلار رايونى مىرزىسى مەخسۇس ئۇيغۇرلار بىلەن ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزى ئوتتۇرىسىدىكى خەت-ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

روشەنكى، ئىمپېرىيە بىر قاتار تەدبىرلەر، جۇملىدىن سالىندى تېپكىنىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە ئوخشاش تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇرلاز رايونىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا قويدى.

مونكەدىن كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەبقىسىدە ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىدە تۇنجى قېتىم ئاشكارا قوراللىق توقۇنۇش بولدى. 1260-يىلى قۇبىلاي كەيپىڭدە ئۆزىنى خان دەپ جاكالىغاندا، ئۇنىڭ ئىنىسى ئارىك بۇغا ئۇنىڭدىن خانلىق ئورنىنى تالاشتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ناھايىتى چوڭ دائىرىدە تەسىر قوزغاپ، چىڭگىزخاننىڭ ھەممە ئەۋلادلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇنىڭغا چېتىلدى، نەتىجىدە ئۇرۇش ئوتى موڭغۇل دالاسىدىن تاكى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغىچە يېيىلدى[5].

1264-يىلى، ئارىك بۇغا قۇبىلايغا تەسلىم بولدى. لېكىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئۇرۇش ئوتى قايتىدىن لاۋۇلدىدى. ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىغا يەنىلا ھوقۇق تالىشىش

سەۋەپ بولغان ئىدى، بۇ قېتىم قۇبىلاي بىلەن خانلىق تالاشقان كىشى ئۇغوتاينىڭ ئەۋلادى قايدۇ ئىدى. قايدۇنى چاغاتاينىڭ ئەۋلادى دۇئا قوللىدى.

تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى ئىمىل دەرياسى ۋادىسى ئۇغوتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ بارگاھى بار جاي ئىدى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى چاغاتاينىڭ سۇيۇرغالى ئىدى. سۆزسىزكى، قايدۇ بىلەن دۇئا بۇ جايلاردا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شۇڭا، قۇبلاينىڭ تىيانشاننىڭ شىمالىدا تۇرغۇزغان بىرقانچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ناھايىتى تېزلا يەر بىلەن يەكسان بولدى. قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىندىن ئايرىلىپ قالدى.

1275-يىلى، دۇئا قوماندانلىقىدىكى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىدىقۇتنىڭ پايتەختى قوجۇنى قورشىۋالدى. ئىدىقۇت ۋاڭى قۇچىغار سېپىلگە تايىنىپ قاتتىق قارشىلىق قىلدى. ئۇرۇش ئالتە ئاي داۋام قىلدى، دۇئا ئاخىر قەلئەنى تاشلاپ چېكىنىپ كەتتى⑥.

قوجۇ جېڭىنىڭ پۈتكۈل ئەھمىيىتى شۇكى، ئىدىقۇت قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا بىر پارچە زېمىننى ساقلاپ قالالىدى. كېيىن ئىدىقۇت ۋاڭى قۇچىغار كەيپىڭگە بېرىپ قۇبلاينى زىيارەت قىلغاندا، قۇبىلاي ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى قىزغىن ماختىدى.

ئۇغوتاي ۋە چاغاتاي ئەۋلاتلىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇش ئۈچۈن، قۇبلاينى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، قۇچىغار ئۆزىنىڭ تۇرار جايىنى تۇرپان ئويمانلىقىدىن قومۇلغا كۆچۈردى. لېكىن قۇچىغارنىڭ بۇ ئۈمىدى تېزلا بەربات بولدى. قايدۇنىڭ قوشۇنلىرى شىمالدىن كېلىپ قومۇلنى ئالدى، قۇچىغار ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى.

ئۇنىڭ ئوغلى نيۇرىن تېكىن بىر قىسىم ئۇيغۇر پۇقرالىرى ھەم
قالدۇق قوشۇنىنى باشلاپ پانا ئىزدەپ جىيا يۈگۈەنگە بارغاندا،
يۈەن سۇلالىسى ئۇلارنى يۈڭچاڭ (بۈگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ
ۋۇۋېي تەۋەسىدە)گە ئورۇنلاشتۇردى⑦.

1279 - يىلى، قۇبىلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ،
ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىنى بىرلىككە كەلتۈردى، بۇ غايەت زور غەلىبە
قۇبلاينىڭ يۈەن سۇلالىسىنى كۈچەيتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭ بىلەن
رەقىپلەشكۈچى كۈچلەر بىرئاز بولسىمۇ ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا
مەجبۇر بولدى، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ئالدىغا
دۆلەت قۇرۇۋالغان چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى، جۈملىدىن قايدۇ،
دۇئالارمۇ قۇبلاينىڭ باش خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر
بولدى. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، مەيلى قايسى جەھەتتە بولمىسۇن،
قۇبلاينىڭ خانلىق ئورنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھمىيىتىنى يوقاتتى،
موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئەمەلىيەتتە بۆلۈنۈپ كەتتى، ئىران ئىگىزلە-
گىدىكى ئىلخان خاندانلىقى ۋە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى ئالتۇن
ئوردا خاندانلىقى ئىسمى-جىسمىغا لايىق مۇستەقىل ھاكىمىيەتلەرگە
ئايلاندى، ئۆز ئەجداتلىرىغا بولغان سېغىنىشنى ھېساپقا ئالمىغاندا،
ئۇلار ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، ھەتتا ئاڭ-پىكىر ۋە تىل جەھەتتىمۇ
بىر بىرىدىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. قايدۇ، دۇئا باشلىق
ئوغۇتاي، چاغاتاي ئەۋلادلىرى روشەن ئالامەتلىك مۇستەقىل ھاكى-
مىيەتلەرنى قۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى قۇبلاي-
نىڭ يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن يات رايونلار دەپ قارالدى. بۇ
نۇقتىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىر قاتار سىياسەتلىرىدە ئېنىق ئەكس
ئەتتى. 1280 - يىلى، يۈەن سۇلالىسى بېشبالىقتا "بېشبالىق دۇخۇ

مەھكىمىسى“ تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوردا تەپتىش بېگى ــ مەركىزىي تەپتىش ئورگىنى ــ نىڭ بىر قىسىم ھوقۇقىنى بەردى. 1283 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسى يەنە بېشبالىق ۋە قاراخوجىدا ئايغاقچى ئىدارىلىرى تەسىس قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەربى، مەمۇرى ئىشلارنى بۇ ئورگانلارغا تاپشۇردى. بۇنىڭ بىلەن بېشبالىق ئايغاقچى ئىدارىسى تىيانشاننىڭ شىمالىي رايونىنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى ئىشلىرىنى، قاراخوجا ئايغاقچى ئىدارىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ ھەربى ۋە مەمۇرى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا باشلىدى. دېمەك، يۈەن سۇلالىسى، ئەمەلىيەتتە، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىن باشقا رايونلارغا بولغان تىزگىنلەش ھوقۇقىدىن ۋازكەچتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئوغوتاي، چاغاتاي ئەۋلاتلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاتتىق تالىشىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۈچىنى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىغە سىقىپ چىقارغاندا، ئوغوتاي، چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ شەرققە كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا بولغان تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كوسەن (بۈگۈنكى كۇچار) دە ”كوسەن ئايغاقچى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى“، ئۇدۇن (بۈگۈنكى خوتەن) دا ”ئۇدۇن ئايغاقچى ئەمىرلەشكەر مەھكىمىسى“ تەسىس قىلىپ، تارىم ۋادىسىنى بويلاپ مۇكەممەل ھەربى، مەمۇرى ئاپپاراتلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى⑧.

ھەربى، مەمۇرى ئاپپاراتلاردىن باشقا، يۈەن سۇلالىسى يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەممىدىن ئاۋال بېشبالىق، ئالمىلىق (بۈگۈنكى قورغاس)، كوسەن، خوتەن

قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن ھەرقايسى جايلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلاردىن بىر قىسىم ئەسكەر ئاجرىتىلىپ، چەرچىن (چەرچەن)، ئىلى، قەشقەر، قۇمۇل، بېشبالىق، خوتەن قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دىخانچىلىق قىلىشقا سېلىندى. خوتەندە دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەسكەرلەر 300دىن، بېشبالىقتا دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەسكەرلەر 1000دىن ئاشىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، كېيىنكى كۈنلەردە پۇقرالار ئۈچۈنمۇ مەخسۇس بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سورۇنلارنى راسلىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىگە كۆچۈرۈلۈپ، دىخانچىلىق قىلدۇرۇلغان ئۇيغۇر پۇقرالىرى 3000 ئائىلىدىن ئاشتى. 1293-يىلى خوتەن ۋە قەشقەردە 1500 ئائىلىلىك قول ھۈنەرۋەن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مۇقىملاشتۇرۇلدى⑨.

بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانلىرى ۋە بۇ ئىشقا قاتناشتۇرۇلغان كىشىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىمى، جابدۇقلىنىشى ۋە تەمىنات-لاۋازىماتلىرى مەخسۇس بىر مەمۇرى كەسىپ بولۇپ شەكىللەندى. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، يۈەن سۇلالىسى بېشبالىقتا يەنە "بېشبالىق ئەمىر لەشكەر مەھكىمىسى" تەسىس قىلدى.

روشەنكى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەدبىرى بىۋاستە ھەربى مەقسەت ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، يۈەن

سۇلالىسىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دېخانچىلىقنى يولغا قويۇشتىن مەقسىدى: بىرىنچى، ئىستىراتېگىيىلىك قاتناش تۈگۈنلىرىدە زۆرۈر ياردەمچى كۈچنى سەرەمجانلاشتۇرۇش، ئىككىنچى، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنىڭ ئۆزىدە ھەربىي ئوزۇق-تۈلۈك راسلاپ، تېخىمۇ كۆپ دالا ئورۇشى قىسىملىرىنىڭ بۇ رايونلاردا ئۇزاققىچە تۇرۇشى ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللى ماددى شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

ھەربى ئەسلىھەلەرنىڭ تەركىۋىي قىسمى سۈپىتىدە، يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونلىرىدا يەنە كەڭ كۆلەمدە ئۆتەڭ قۇردى. ئۆتەڭ تۈزۈمى چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىلەن تەڭ ئەۋج ئالغان ئىدى. مەلۇم ئارىلىقتا بىرى بولغان ئۆتەڭلەردىن تەركىپ تاپقان قاتناش لىنىيىلىرى چۆل-باياۋانلار، دەريا-ئېقىنلاردىن ئۆتۈپ، ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزىگە سوزۇلغان. ئۆتەڭلەرگە ئىككى ۋەزىپە يۈكلەندى: بىرى، خەت-ئالاقىلەرنى يەتكۈزۈش، بۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئىدى، يەنە بىرى، يولۇچى، سودىگەرلەرنى نازارەت قىلىش.

يۈەن سۇلالىسى تارىم ۋادىسىنى بويلاپ 19 ئورۇندا ئۆتەڭ قۇرۇپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىنى ئىشەنچلىك قاتناش لىنىيىلىرى ئارقىلىق بىر بىرىگە چېتىپ، مۇداپىئە قوشۇنلىرى ۋە بوز-يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، دېخانچىلىق قىلىدىغان قوشۇنلىرى بىلەن بىللە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى مۇكەممەل مۇداپىئە سىستېمىسىنى ھاسىل قىلدى.

شۇ مەزگىللەردە ئىدىقۇت دۆلىتى تەدرىجىي يوقىلىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى، ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ يوقىلىش جەريا-

نىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، پىكرىمىزنى 13-ئەسىرنىڭ 80-يىل-
لىرىدا قۇچىغارنىڭ قۇمۇلدا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى نيۇرىن
تېكىننىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ، جىيايۈگۈەنگە كىرگەن
مەزگىلگە توغرىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، قۇچىغار تۇرپان ئۇيىمانلىغىدىن قۇمۇلغا كۆچۈپ
كېتىش بىلەنلا ئىدىقۇت دۆلىتى بىر ھاكىمىيەت گەۋدىسى بولۇشتىن
قالغان ئىدى، ئىدىقۇت دۆلىتىنىڭ زېمىنلىرى بولسا بۇنىڭدىن خېلى
بۇرۇنلا قىيان سۈدەك يامراپ كەتكەن ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىدە
غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

نيۇرىن تېكىن توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىياللار بىزگە شۇنىداق
مەلۇمات بېرىدۇكى، كېيىنكى يىللاردا، نيۇرىن تېكىن ئىناۋەتلىك
تۆرە، باش مىرزا مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى قاتارلىق ئۇنۋانلار
بىلەن قوشۇن باشلاپ شىزاڭغا بېرىپ، بۇ يەردە يۈەن سۇلالىسىگە
قارشى كۆتىرىلگەن توپىلاڭنى تىنجىتقان، توپىلاڭ تىنجىتىلغاندىن
كېيىن، نيۇرىن تېكىن تۆبۈت ئايغاقچى ئامبىلى بولۇپ تەيىنلىنىپ،
شىزاڭدا تۇرغان.

يۈەن ۋۇزۇڭ (قاسان) (1308 — 1311-يىللار خان بولغان)
دەۋرىدە نيۇرىن تېكىن يارلىققا بىنائەن شىزاڭدىن قايتىپ كەلگەندە،
ئۇنىڭغا رەسمىي "ئىدىقۇت" دىگەن نام بېرىلىپ، ئالتۇن تامغا تاپ-
شۇرۇلغان. شۇ كەمگىچە نيۇرىن تېكىن 20 يىلدەك ھاياتىنى
شىزاڭدا ئۆتكۈزگەن. نيۇرىن تېكىننىڭ شىزاڭ رايونىدىكى پائالى-
يىتى توغرىسىدا «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا مۇنداق دىيىلگەن:
"ئۇ قەھرىلىك، ئەخلاقلىق، ئوچۇق كۆڭۈل، لەۋزىدە تۇرىدىغان
ئادەم بولغانلىقتىن، قاراقچىلار تۈگىتىلگەن، خەلق ئەمىن بولغان."

نيۇرىن تېكىننى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۇنىڭغا باباچا ۋە ئۇلانجىن ئىسىملىك ئىككى مەلىكە ياتلىق قىلىنغان، باباچادىن تىمۇربۇغا تۇغۇلغان.

بۇ ۋاقىتتا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى پۈتۈنلەي چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، نيۇرىن تېكىننىڭ ئىدىقۇتلۇق ئاپپاراتى يەنىلا يۇڭچاڭدا بولۇپ، قوجۇ رايونىنىڭ ئىشلىرىنى يىراقتا تۇرۇپ باشقۇرغان.

يۈەن رىنزۇڭ (1312 — 1320-يىللار خان بولغان) نيۇرىن تېكىنگە گاۋچاڭ ۋاڭى دەپ نام بېرىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ئالتۇن تامغا تاپشۇرغان، بىز «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا پۈتۈلگەن: "ئۇنىڭ ۋاڭلىق تامغىسى ئىچكى ۋىلايەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، ئىدىقۇتلۇق تامغىسى ئۇيغۇرلار رايونىغا ئىشلىتىلىدۇ" دېگەن مەلۇماتتىن نيۇرىننىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىشلارنى يىراقتا تۇرۇپ باشقۇرغاندىن تاشقىرى، خېشى رايونىدىمۇ مەمۇرى ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەنلىكىنى بىلىۋالدۇق.

نيۇرىن تېكىندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تىمۇر بۇغا گاۋچاڭ (ئىدىقۇت) ۋاڭى بولدى. ئۇنىڭ مەمۇرى ئاپپاراتى يەنىلا يۇڭچاڭدا بولدى. گاۋچاڭ ۋاڭى بولۇشتىن ئىلگىرى، تىمۇر بۇغا باش سەرتاپ، ئەمىرلەشكەر، دارغاچ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن، گاۋچاڭ ۋاڭلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ گەنسۇ رايونىدا ھەربى مەنسەپتە بولغان ئىدى. مۇشۇ سەۋەپتىن، گاۋچاڭ ۋاڭى دېگەن ئۇنۋاننىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ، يۈەن سۇلالىسىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر خىل پەخرىي ئۇنۋانغا ئايلاندى. گاۋچاڭ

ۋاڭىنىڭ يىراقتا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇ-رۇشمۇ بىر خىل شەكىل بولۇپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە، تىمۇر-بوغا خۇبېيغا يۆتكىلىپ، شياڭياڭدا ئەمەلدار بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تىمۇربۇغا پۈتۈنلەي يۈەن سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ، گاۋچاڭ ۋاڭى دىگەن ئۇنۋان ئۇنىڭ سالاھىيەت بەلگىسى بولۇشتىن ئۇزۇل-كېسىل قالدى. ھەممە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىمۇر بۇغىنىڭ يۈەن سۇلالىسىدە تۇتقان مەنسەپ ۋە نائىل بولغان پەخرىي ئۇنۋانلىرى ئۇنىڭ سالاھىيەت بەلگىسى قىلىنغان.

تىمۇر بۇغا كېيىنكى يىللاردا شياڭياڭدىن خۇنەن-گۇاڭدۇڭ مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى. 1328-يىلى، ئۇ زوراغالىق مەھكىمىسىگە يۆتكىلىپ، زوراغالىق مەھكىمىسى ئامبال-لىقىغا تەيىنلىنىش بىلەن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ھەربىي باش ئورگىنى-نىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. 2-يىلى، يۈەن سۇلا-لىسىنىڭ باش مەمۇرى ئاپپاراتىغا يۆتكىلىپ، باش مىرزا ئوڭ قول ۋەزىرلىكىگە تەيىنلەندى. كېيىن ئۇ ئوردا تەپتىش بېگى بولۇپ تەيىنلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۈچ باش ئورگىنىنىڭ بىرىگە مەسئۇل بولۇش بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەپتىش ئىشىنى باشقۇردى[10].

قۇچىغاردىن كېيىن گاۋچاڭ ۋاڭلىق ۋەزىپىسىدە كۆرۈلگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، قايدۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ۋاقىتتىن باشلاپ گاۋچاڭ ۋاڭى دىگەن ئۇنۋان شۇ جەمەتتە ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قارا-شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ داھىسى بولۇشتىن قالدى. دائىم يۇڭچاڭدا تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى

ئىشلارغا ئارىلىشىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى، تىمۇر بۇغىغا
كەلگەندە، ئۇ پۈتۈنلەي يەن سولالىسىنىڭ تىپىك ئەمەلدارى بولۇپ،
يەرلىك ئورۇندىن مەركىزىي ئاپپاراتلارغىچە بىر قاتار مۇھىم ۋەزىپە-
لەرنى ئۆتىگەندىن كېيىن، گاۋگاڭ ۋاڭى، دىگەن نام يەن سۇلالى-
سىدە تەسىس قىلىنغان بىر قاتار پەخرىي ئۇنۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ
قېلىپ، ئەسلى ئەھمىيىتىنى تامامەن يوقاتتى.

## ئىككىنچى بۆلۈم ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر-لارنىڭ ئىقتىسادى

تىمۇچىن ئونون دەرياسى بويىدا ئۆزىنى چىڭگىزخان دەپ ئاتى-
غاندىن باشلاپ يېرىم ئەسىرگىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئېلى-
مىز ۋە دۇنيانىڭ مۇتلەپ كۆپ قىسىم رايونىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن
زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىلىدىكى بەزى سىياسەتلىرى، بولۇپمۇ موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئۆز
رەقىپلىرىدىن قارامىلىق بىلەن قىساس ئېلىشقا بېرىلىشى جايلاردىكى
ئىجتىمائى ئىگىلىكنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىتىۋاتقاندا، ئۇيغۇرلار
رايونىدىكى ئىجتىمائى ئىگىلىك بۇ بالايى-ئاپەتتىن خالى بولۇش
بىلەنلا قالماي، بەلكى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. لېكىن، موڭ-
غۇل ئىمپېرىيىسى ئۆزىنىڭ ئاقىلانە بولمىغان قىلىقلىرىدىن ئۆكۈ-
نۈپ، تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى تۈرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش
يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جايلاردىكى ئىجتىمائى ئىگىلىكنى
پەيدىن-پەي ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن، ئۇنى يېڭى تەرەققىياتلارغا
ئېرىشتۈرۈۋاتقاندا، ئۇيغۇرلار رايونى قاتتىق ئۇرۇش پاراكەندىچى-

لىڭگە پېتىپ قېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە دەپسەندە بولدى ۋە تالان-تاراج قىلىندى. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائى ئىگىلىگى مۇھاكىمە قىلىشقا بەكمۇ ئەرزىيدىغان بىر ساھە. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپلا قالماي، موڭغۇل ئىمپېرىيىسى سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈنمۇ زۆرۈر.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، گاۋچاڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلغاندىن تارتىپ تاكى يۈەن سۇلالىسى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا تۇرلۇك ھەربى ۋە مەمۇرى ئاپپاراتلارنى زور كۈچ بىلەن ئۇيۇشتۇرغانغا قەدەر بولغان مەزگىلدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگى يۈكسىلىش، پەسىيىش، ئەسلىگە كېلىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتتى.

ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشىگە ھەممىدىن ئاۋال ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلغانلىغى سەۋەپ بولدى، ئاندىن قالسا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ بەزى سىياسەتلىرى سەۋەپ بولدى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلۇش — تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار 1209-يىلى، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلار 1218-يىلى غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىدىن قۇتۇلغان — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىگىنىڭ راۋاج تېپىشىغا ئەڭ ئاساسلىق شەرت ھازىرلاپ بەردى.

غەربىي لياۋ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلارغا سالغان ئېغىر ئالۋاڭ-ياساق ۋە تۇراقسىز سىياسى ۋەزىيەت ئۈي-

غۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان ئىدى. بولۇپمۇ كۈچلۈك ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايونلاردا مەقسەتلىك ھالدا بۇزغۇنچىلىق قىلغان. ئۇ قەشقەرنى ئىستىلا قىلىشتىن ئىلگىرى، ھەر يىلى يىغىم مەۋسۇمىدە قەشقەر ئەتراپىغا قوشۇن تارتىپ، دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تالان-تاراج قىلغان، ئېلىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەنلىرىنى نابۇت قىلىپ تاشلىغان.

1218-يىلى موڭغۇل قوشۇنى كۈچلۈكنى يوقاتقاندىن كېيىن، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدا بىر مەھەل تۇراقلىق مەزگىل بارلىققا كەلگەن. بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاستىدا جەمئىيەت پەيدىن-پەي تىنجىغان. جايلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋە چەت رايونلار بىلەن بولغان ئىقتىسادىي بېرىش-كېلىشلەر تەدرىجىي ئەسلىگە كەلگەن. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ئۇيغۇرلار چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇشۇ رايوندىكى ھەربىي ھەركىتىگە ياردەملەشكەنلىكى ئۈچۈن، 13-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ئىران ئىگىزلىكى قان ھەم ئوت ئىچىدە قالغاندا، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلار مۇنداق ئاپەتتىن خالىي قالغان.

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار رايونى ئېرىشكەن يەنە بىر ئىلتىپات شۇ بولدىكى، ئۇلار خېلى ۋاقىتلارغىچە باج-سېلىقتىن قۇتۇلدى.

چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى مالىيە كىرىمى ئاساسەن ئىستىلا قىلىنغان رايونلارنى تالان-تاراج قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئىدى. بۇ چارە بويسۇندۇرۇلغان رايونلاردىكى خەلققە، بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ خۇاڭخې دەرياسى

ۋادىسى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى دىخانچىلىق رايون-
لىرى خەلقىغە ئىنتايىن زور بالايى-ئاپەت كەلتۈرگەن ئىدى.
لېكىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرى ئۇرۇش نىشانلىرى قاتارىغا
كىرگۈزۈلمىگەنلىكتىن، بۇنداق تالان-تاراجتىن ساقلىنىپ قالغان.
بۇنىڭدىن باشقا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلاردا تۇراقلىق
باج تۈزۈمى ئورنىتىلمىغانلىقتىن، مۇشۇ رايون ئۇزاققىچە ھەتتا
ئادەتتىكى باج سېلىقتىنمۇ خالىي قالغان. مانا بۇلار بۇ رايوندىكى
سېلىقنى مەلۇم دەرىجىدە يېنىكلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي
ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە سەۋەبچى بولغان.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا كەلتۈرۈلگەن مۇنۇ نەقىل شۇ مەز-
گىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا
دەلىل بولالايدۇ: قارايىغاچ بۇيرۇق ئۇيغۇر ئىدى... ئۇ بالىسى يۇل-
تۇز ئىنال بىلەن بىللە تەيزۇ (چىڭگىزخان)غا ئەل بولغاندا، تەيزۇ
ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى شاھزادىلەرگە
بىلىم ئۆگىتىشكە قويدى. ئۇ ئوغلى يۇلتۇز ئىنالنى بارىمتا سۈپىتىدە
مەھرەملىرى قاتارىغا قوشۇۋەتتى. ئۇ ئالىلىرى بىلەن بىللە، غەرپكە
يۈرۈش قىلىشىۋېتىپ، بېشبالىقنىڭ شەرقىدىكى دۇشەن قەلئەسىگە
كەلگەندە، قەلئەدە ئادەمزات كۆرۈنمىدى، ئالىلىرى: بۇ قەيەر؟ دەپ
سورىغاندا، ئۇ: بۇ دۇشەن قەلئەسى، ئۆتكەن يىللاردا قاتتىق
ئاچارچىلىق بولغانلىقتىن، خەلق يۇرتىنى تاشلاپ، پانا ئىزدەپ
تەرەپ-تەرەپكە كەتتى، لېكىن بۇ يەر شىمالىي قاتناشنىڭ تۈگۈنى
ئىدى. تېرىقچىلىق قىلىپ، مۇداپىئەلىنىشكە ئەرزىيدۇ، كەمىنىلىرىنىڭ
بۇرۇن سايرام دۆلىتى (بۈگۈنكى باي ناھىيىسىدىكى سايرام)دە 60
ئائىلىلىك دېھقىنى بار ئىدى، شۇلارنى مۇشۇ قەلئەگە كۆچۈرۈپ

كېلىشنى ئىلتىماس قىلىمەن، دېدى. ئالىلىرى: شۇنداق بولسۇن، دېدى. يۇلتۇز ئىنال يارلىق-دەستەك بىلەن دېخانلارنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىلىپ، ئاتا-بالا مۇشۇ قەلئەدە قالدۇرۇلدى. ئالتە يىلدىن كېيىن، تەيزۇ غەرپتىن قايتىپ كېلىپ، بۇ يەرنىڭ ئېكىنزارلىقتا ئايلىنىپ، ئىنتايىن ئاۋات بولغانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولدى. قارايىغاچ بۇيرۇقنى سۈرۈشتە قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى يۇلتۇز ئىنالغا تۇتۇق بۇيرۇق تامغىسى تاپشۇرۇلدى ۋە قوشۇمچە دۇشەن قەلئەسىگە دارغاچ قىلىپ تەيىنلەندى"⑩.

بۇ تارىخىي مەلۇماتتا دۇشەن قەلئەسىنىڭ ئۆزگىرىشى بايان قىلىنغان. دېمەك، ئالتە يىل بۇرۇن ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق بۇ خارابە جاي ئالتە يىلدىن كېيىن ئېكىنزارلىققا ئايلىنىپ، ئىنتايىن ئاۋاتلاشقان. بۇ بىزگە ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي تېپىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرى شىددەت بىلەن تەرەققىي تاپتى.

ئىمپېرىيىنىڭ زېمىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيگەندىن كېيىن، قەدىمى يىپەك يولىغا جايلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمى سودا ماللىرى توپلىنىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جايلاردىن بىرىگە ئايلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئېگىزلىكى، ئىككى دەريا (تىگىر ۋە ئېفرات دەريالىرى) ۋادىسى ھەتتا يىراق ياۋروپا رايونىدىن كەلگەن سودا ماللىرى، ئومۇمەن، ئىمپېرىيىنىڭ مەركىزىگە توشۇلىدىغان مال‌لار، شۇنىڭدەك ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرىدىن غەرپكە توشۇلىدىغان سودا ماللىرى بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇردى. بۇ ھال يەرلىك

سودا پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك رىغبەتلەندۈردى. تىيانشاننىڭ جەنۇ-
بىدىن تېپىلغان نۇرغۇن چەتئەل مېتال پۇللىرى شۇ مەزگىلدە ئۇي-
غۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.

13-ئەسىردە، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ ئاۋاتلاشقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يەنە بىر جەھەت شۇكى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى-نىڭ پائالىيەت دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن. ئۇلار ئىمپېرى-يىدە ئېرىشكەن ئىمتىيازلىق ئورۇندىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ سودا پائالىيىتىنى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچى بارغانلىكى جايلارنىڭ ھەم-مىسىگە كېڭەيتتى. نۇرغۇن چوڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يەنە ئۆزلىرىنىڭ غايەت زور بايلىقىغا سۆيۈنۈپ ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىگە سىڭدىلىپ كىردى. مەسىلەن، تيەن جېنخەي ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر سودىگىرى بۇرۇندىن تارتىپلا خېبېي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا سودىگەرچىلىك قىلىپ كەلگەن بولۇپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىغا خېبېي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلارنىڭ باياشاتلىقىنى تونۇشتۇرۇپ، موڭغۇل قوشۇنلىرىنى بۇ رايونلارغا كىرىپ، تالان-تاراج قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. كېيىنكى يىللاردا بۇ كىشى ياللۇغ چۇسەي بىلەن بىللە غەربىي دىيار ۋە خەنزۇلار رايونىدىكى ئىشلارنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپ، ئىمپېرىيىنىڭ دۆلەت پائالىيىتىگە بىۋاستە قاتناشقان⑫.

ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تۈرلۈك سودا كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، ئۆزلىرىنىڭ مەبلەغلىرىنى يەنە جازانىخورلۇققىمۇ ئىشلەت-كەن. شۇ ۋاقىتلاردا، كىشىلەر ئاڭلاش بىلەنلا ئالاقزادە بولىدىغان "پاخلان پايدىسى" ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ جازانىخورلۇق قىلىپ پايدا ئۈندۈرۈشتىكى بىر كەشپىياتى ئىدى. يۈەن سۇلالىسىگە ئائىت تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ جازانىخورلۇق پائالى-

يېڭى تۇغرىسىدا ئەترابلىق مەلۇمات قالدۇرۇلغان.

جازانىخور ئۇيغۇر سودىگەرلىرى يالغۇز كەڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىپلا قالماستىن، ئۆز تورلىرىنى ھەتتا شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلدارلارغىمۇ يايغان. بۇ ئىش ئەۋج ئېلىپ ھەتتا ھۆكۈمەت ئارىلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەن. «ئوتتۇرانچى مىرزا ئامبال يالۇغ شلياڭ مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق دېيىلگەن: "ئەمەلدارلار ئۇيغۇرلاردىن قەرز ئېلىپ، شۇ يىلىلا ھەسسىلەپ قايتۇرۇشقا، ئىككىنچى يىلى ئۆسۈمى بىلەن ھەسسىلەپ قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ پاخىلان پايدىسى دەپ ئاتىلىدىكەن. ئاخىر بېرىپ بۇ ئەمەلدارلار خانىۋەيران بولدى، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرىنى سېتىپمۇ قەرزىنى تۆلىيەلمىدى. ئاخىرى يالۇغ شلياڭ پادىشا ئالىلىرىغا ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت چىقىم قىلىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە بوغۇلغان قەرزىنى تۆلەتتى"⑬.

ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ يۈكسىلىش مەزگىلى ئارك بۇغا توپىلىكى تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلاندى. ئارك بۇغا توپىلىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسى تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ بىرى. شۇنىڭدىن باشلاپ، چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇشتىن قالدى. ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرى ئۆز ئالدىغا زېمىن بۆلۈشۈۋېلىپ، كېيىنكى يىللاردىكى يۈەن سولالىسى، ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى، ئىلخان خاندانلىقى ۋە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىدى.

13-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، كويۇكتىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان شۇ نۆۋەتلىك يوشۇرۇن ھوقۇق تارتىشىش كۈرىشىگە پەقەت ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىلا قاتنىش-

ۋان بولسا، ئارك بۇغانىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگى تىيانشان بويلىرىغا يېيىلغاندا، كەڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق داۋام قىلغان بۇ بالايى-ئاپەتكە سۆرەپ كىرىلدى.

ئارك بۇغادىن كېيىن، قايدۇ-دۇئا توپىلىڭى يۈز بېرىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدا قاتتىق تىردىشىپ ياراتقان نەتىجىلىرى نابۇت بولدى.

قاتناش ئۈزۈلدى، شەھەر-بازارلار خاراپلاشتى، ئېتىزلار ۋەيران بولدى، سۇ ئىنشائاتلىرى بۇزۇلدى، نۇرغۇن ئات-ئۇلاقلار ھەربى ئىشلارغا ئىشلىتىلدى ياكى سويۇلۇپ ئوزۇقلۇق قىلىندى. ئۇيغۇرلار رايونىدا گويا دەۋر چاقى چېكىنىپ كەتكەندەك بولدى. بولۇپمۇ ئېغىرى شۇكى، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگى ئارقىسىدا، دىخانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەۋسۇم ئالاھىدىلىگىگە قىلچە ئېتىۋار قىلىنمىدى. ئاقىۋەتتە يىغىم-تېرىم ئىشلىرىمۇ ۋاقتىدا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىگى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى بۇنىڭدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن ئازاپلىق جەريانىنى مانا ئەمدى بېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىگى روشەن ھالدا تۆۋەنلەپ كەتتى. ۋاھالەنكى، مۇشۇ مەزگىلدە، چىڭگىزخاننىڭ باشقا ئەۋلاتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردا بولسا نورمال قانۇن-تۈزۈم پەيدىن-پەي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغان ئىدى.

قۇبلاي پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈەن سۇلالىسىنى قۇرغان ۋاقىتلاردا، ئۇرۇشنىڭ ئېغىر كۈلپەتلىرىنى تارتقان ئۇيغۇرلار رايونىدا ئېتىزلار قاغجىراپ، ھەممە يەرنى ئاچارچىلىق قاپلاپ كەت-

كەن ئىدى⑭. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر يۈەن سۇلالىسى ئۈنۈملۈك تەدبىر بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئېرىشكەن ھەربىي غەلىبىلىرى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

1280 ـ يىلدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا بىر قاتار جىددىي ئىقتىسادىي تەدبىرلەرنى قوللاندى، ھەممىدىن ئاۋۋال يەرگە قاراپ غەللە ـ پاراق ئېلىش نىزامىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭدا ئۇزاققىچە غەللە ـ پاراق سانىنىڭ مۇقىم بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. يەر كۆلىمىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىگەن ۋە زور كۆلەملىك تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بەرمىگەن ئەھۋالدا، ھەر بىر دىخاننىڭ ئەمەلىيەتتە قانچىلىك ھوسۇل ئېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ تاپشۇرىدىغان غەللە پارىغى ئۆزگەرمەيدىغان بولدى. بۇ مۇشۇ تۈزۈمىنىڭ روشەن ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، ئۇ زالىم ـ خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ قاقتى ـ سوقتى قىلىشىنى چەكلەپ، دىخانلارنىڭ سېلىقىنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگىللىتىپ، دىخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەردى، شۇنداقلا يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنى مۇقىم مالىيە مەنبەسىگە ئىگە قىلدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوندا يولغا قويغان باشقا تەدبىرلىرىگە يەنە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ كەتكەن ئاھالىلەرنى يىغىش، ئۇلارغا ئاشلىق بىلەن نەپىقە بېرىش، بەزى رايونلارنىڭ باج ـ سېلىقىنى ئازايتىش ياكى كەچۈرۈم قىلىش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقى ـ رىش كۈچلىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان رايونلارغا ئۇرۇقلۇق ۋە ئۇلاق قەرز بېرىشكە ئوخشاش جىددىي تەدبىرلەرمۇ كىرىدۇ.

يۈەن سۇلالىسى 1266-، 1280-، 1291-ۋە 1296-يىللىرى ئۈچ قېتىم پەرمان چىقىرىپ، جايلاردىن سەرگەردان بولغان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى يىغىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە موڭغۇل ۋاڭلىرىغا ئۆز چېگرىسىغا قېچىپ بارغان ئۇيغۇرلارنى يۇرت-ماكانلىرىغا قايتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

يۈەن سۇلالىسى 1285-يىلى تۇرپان ئويمانلىقىغا 116 مىڭ 400 دانە يامبۇ، 64 مىڭ دادەن ئاشلىق ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە نەپىقە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر بىر ئائىلە دېھقانغا ئىككى ئۆكۈز، ئىككى دادەن ئۇرۇقلۇق قەرز بەردى. 1287-يىلى خوتەن رايونىغا 10 مىڭ يامبۇ ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە نەپىقە بەردى. 1288-يىلى قۇمۇلدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قوشۇنلارغا ئېشىنغان ئاشلىقلارنى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان يەرلىك ئاھالىلەرگە نەپىقە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. ئىككىنچى يىلى يەنە گەنسۇدىن قۇمۇلغا 1000 دادەن ئاشلىق يۆتكىدى. يۈەن سۇلالىسى 1274-يىلى خوتەن رايونىدىكى قاشتېشى قازغۇچى ئىشچىلارنىڭ ئالۋاڭ-ياساقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى. 1280-يىلى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۈچ يىللىق ئالۋاڭ-ياساقلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى⑮.

يۈەن سۇلالىسى ئۇيغۇرلار رايونىدا باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىشتا ئۆزلۈكسىز ئۈنۈم كۆرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بۇ مەزگىلدە، يۈەن سۇلالىسى بېشبالىقتا چۆيۈنچىلىك ئورنى قۇرۇپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى قۇيدۇرۇش بىلەن، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى كۆپەيتتى. خوتەنبالىق ۋە بېشبالىقتا رەھىرلىق (توقۇمىچىلىق ۋە بوياقچىلىق) مەھكىمىسى، رەھىرلىق ئىدارىسى تەسىس

قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رەڭرىزلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. يۈەن سۇلالىسى يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدا بىرلىككە كەلگەن قەغەز پۇل تارقاتتى ۋە بۇ قەغەز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىدىغان پۇل مۇئامىلە مەھكىمىسى، پۇل غەزنىسىگە ئوخشاش ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى⑯.

شۈبھىسىزكى، تۇراقلىق غەللە-پاراقلار دېخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا ئىلھام بەرگەن؛ تۆمۈردىن ئىشلەنگەن دېخانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشى تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى، ۋاھالەنكى، يەرلىك قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنلىك ئىشلەپچىقىرىشنى جانلاندۇرۇش، سودا پائالىيەتلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشتە مۇقەررەر ھالدا غايەت زور رول ئوينىغان ئىدى.

ئومۇمەن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ بىر قاتار ئىقتىسادىي تەدبىرلىرى ئۇيغۇرلار ئىجتىمائى ئىگىلىكىنىڭ چۈشكۈنلىشىش سۈرئىتىنى چەكلىدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكى بۇنى يېڭى باشلانما قىلىپ پەيدىن-پەي يۈكسىلىشكە قاراپ ماڭدى.

بۇ مەزگىلدىكى تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنى ئەسلىگەندە، شۇنداق بىر دەۋر مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇكى، 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى قۇبلاي قۇرغان يۈەن سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلار رايونىدا سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ كەلگەن ۋەيرانچىلىقلار مىسلىسىز دەرىجىدە بولدى. لېكىن غايەت

زور ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلگەن ئەشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان جەھەتلەرمۇ بولدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى پومىششىكلار سىنىپى يەنىلا ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىزگىنلەپ تۇردى، پومىششىكلار، دىنىي ئورگانلار (ئىسلام دىنىمۇ، بۇددا دىنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، خان جەمەتىدىن ھاسىل بولغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار تەبىقىسى ئوخشاشلا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋەردى. بۇنداق ۋەزىيەت شۇنىڭدىن ھاسىل بولغانكى، دەسلەپتە ئىمپېرىيە باياشات دېھقانچىلىق رايونلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن بويسۇندۇرۇۋاتقاندا، موڭغۇل ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ ئەڭ ئەپچىل ۋە بىردىن-بىر يولى دەپ بىلگەن. شۇڭا، ئۇلار ئېتىز-زېمىن دېگەن نەرسىلەرگە ئانچە ھەۋەس قىلمىغان.

يەنە بىر جەھەتتە، شۇ چاغدا ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا نىسبەتەن كىشنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە ئىشتىياق باغلىغان. ئۇلار ھەتتا ھەممە شەھەر-مەھەللىلەرنى نابۇت قىلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئوتلاققا ئايلاندۇرماقچى بولغان. كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەردە، بولۇپمۇ شانلىق غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەردە كۆرۈلىدىغان بۇنداق ھېسسىيات بىزگە غەربىي لياۋ سۇلالىسى زامانىسىدە تونۇش بولغان ئىدى.

تۈپ نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇرلار رايونىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش مۇناسىۋىتى موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئەمەلىي مەنپەئەتىگە پايدا كەلتۈرسە كەلتۈرەتتىكى، زىيان كەلتۈرمەيتتى. ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى ئىمپېرىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدا كۈچلۈك ياردەمچى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى پۈتكۈل ئىمپېرىيە مىقياسىدا سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچ ئىدى، ئۇلارنىڭ ئوينىغان رولى ھەتتا غەربىي لياۋ سۇلالىسى ۋاقتىدىكىدىنمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا، ماھىيەتتىن قارىغاندا، موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيىچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى تامامەن بىر بولدى⑰. مۇشۇ سەۋەپتىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى ئىگىلىكىگە ئومۇمى يۈزلۈك نەپ ئېلىپ كەلگەن ئاشۇ مەزگىللەردىمۇ، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بۇنىڭدىن قىلچە بەھرىمەن بولالمىغان.

ئۇلار پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ زېمىنىدا، ئەمگەككە سېلىنىپ تۈرلۈك ئالۋاڭ-ياساقلارنى تۆلەشكە مەجبۇر ئىدى، ۋاھالەنكى، ئارك بۇغادىن كېيىن، ئۇرۇش ئوتى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى قاپلاپ كەتكەن يىللاردا، جەمىيەتنىڭ داۋالغۇشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان بالايى-ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىگە كەلدى. ئۇلار ئالۋاڭ-ياساق، باج-سېلىق ھەتتا تالان-تاراج ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ نىشانى بولۇپ قالدى. تۆۋەندە نەقىل كەلتۈرۈلگەن بىر پارچە تىلخەت ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ شۇ ۋاقىتلاردا تارتقان كۈلپەتلىرىنى كونكرېت سۈرەتلەپ بېرىدۇ: "مايمۇن يىلى 12-ئاينىڭ 2-كۈنى، بىزلەركى تىدمىلىك بىلەن قارا بۇغا پۇلغا ئېھتىياجلىرىمىز چۈشۈپ، قۇتلۇق ئىسىملىك بىر مەزلۇم كىشىنى ساتتۇق.

بىزلەركى قۇتلۇق تىمۇردىن 150 خارىن رەخت ئالدۇق. شۇل كۈنى بىزلەركى — تىدمىلدىك بىلەن قارا بۇغا 150 خارىن رەختنى تاپشۇرۇۋالدۇق. قۇتلۇق تىمۇر رەختنى بىزلەرگە تولۇق، ئىپنىق تاپشۇردىلەر. شۇندىن سوڭ قۇتلۇق تىمۇر قۇتلۇق دەپ ئاتالمىش بول مەزلۇم كىشىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىگىسى بولدىلەر، ئەگەرچەندە ئۇنى ياقتۇرۇپ قالسا، ئۇ ئۇنىڭغا ئەبەدىلئەبەت ئىگىدارچىلىق قىلغۇسى. مۇبادا ئۇنى ياقتۇرماي قالسا، ئۆزگىگە سېتىشقا بولدىلەر. ئەگەرچەندە ھەرقانداق بىرەر ئەرباپ ئۆزىنىڭ سالاپىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەزلۇمىنى ۋە ياكى مالايلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، بىز ئۇنى تارتىپ ئالىمىز، ئۇنىڭغا ئىگە بولىمىز، دەپ غوۋغا قوزغىسىلەر، ئەلھەق، ئول قۇتلۇققا ئوخشاش بىر مەزلۇم كىشىنى تۆلەمگە بەرگەي. غوۋغاخورلار پىتنە-پاساتلار تارقاتسا ھەم زىيان تارتقۇسى، بۇنىڭ قۇتلۇق تىمۇر بىلەن چېتىشلىقى بولمىغاي"*.

## ئۈچىنچى بۆلۈم موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

### 1. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە تەسىرى

13-ئەسىردە دەۋر ئېقىمى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بىر كەڭ زېمىنغا

---

* فېڭ جياشېڭ قاتارلىقلارنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن كىتاۋىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981-يىل 4-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە 2-نەشرى، بىرىنچى كىتاۋىنىڭ 110-بېتىگە قارالسۇن.

ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ بەزى جەھەتلىرى ئاۋال موڭغۇل مىللىتى ئارىسىدا غايەت زور تەسىر قوزغىدى، ئاندىن چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆچىگە سۆيۈنۈپ، ئىمپېرىيىنىڭ كەڭ زېمىنىغا تارقالدى. چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسى ئۆز مۇساپىسىنى تۈگەتكەندە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى موڭغۇل مىللىتى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ھەم ئىران ئىگىزلىكىدە چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. بۇ — 13 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى.

پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسىتىشىگە ئاساسلىق سەۋەب بولغان ئىدى. ئۇيغۇرلار چىڭگىزخانغا بويسۇنغان تۇنجى يۈكسەك مەدەنىيەتلىك ۋە دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەت ئىدى. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىمپېرىيە مىقياسىدا غايەت زور رول ئوينايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ جەرياندا بىرىنچى بولۇپ ئۆز رولىنى كۆرسەتكىنى ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى.

دەسلەپتە، موڭغۇللار يىپ چىگىش ياكى ياغاچقا بەلگە سىيلىش ئارقىلىق خاتىرە تۇتاتتى، ھەتتا چىڭگىزخان دۆلەت بەرپا قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىمۇ ھەربىي قوشۇنلارغا بېرىلىدىغان بۇيرۇقلار ئاغزاكى يەتكۈزۈلۈپ تۇرغان.

1204 ـ يىلى، چىڭگىزخان نايمان قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تاياڭخاننى مەغلۇپ قىلدى. بۇ چىڭگىزخاننىڭ دۇنياۋى شەخس بولۇش يولىغا قاراپ مېڭىشىدا مۇھىم ۋەقە ئىدى. جەڭگە ھەر ئىككى تەرەپ زور مىقداردا ئەسكىرىي كۈچىنى ئاتلاندۇرۇپ، نۇرغۇن قېتىم كەسكىن جەڭلەر قىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە تۈرلۈك تارىخىي ماتېرىياللاردا ۋە يادىكارلىقلاردا كۆپ سەھىپىلەر ئاجرىتىلىپ تەپسىلى

مەلۇمات ۋە بايانلار قالدۇرۇلغان. بىز پەقەت بايانىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرلا ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. بىز دىمەكچى بولغان بۇ ۋەقە شۇ قېتىمقى جەڭدىكى كىچىككىنە بىر ۋەقە بولسىمۇ، لېكىن ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىن ئىمپېرىيىگە غايەت زور رول كۆرسىتىدىغان شەيئى بارلىققا كەلگەن.

تايانخانغا قارىتىلغان ئۇرۇش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان ئەسىرلەر توپىدا تاتاتۇڭغا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بار ئىدى، ئۇ تايانخاننىڭ تامغا تۇتقۇچى ئەمەلدارى ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ 124-جىلدىدە تاتاتۇڭغا ھەققىدە تۆۋەندىكى مەلۇمات پۈتۈلگەن: "تاتاتۇڭغا ئۇيغۇر بولۇپ، زېرەك، سۆزمەن ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ يېزىقىغا ئۇستا ئىدى. نايمان تايانخان ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ھەمدە ئۇنىڭغا ئالتۇن تامغا تۇتۇش ۋە پۇل، ئاشلىق باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. تەيزۇ (چىڭگىزخان) نايمانغا قوشۇن تارتىپ، نايماننى مۇنقەرز قىلغاندا، تاتاتۇڭغا تامغىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇ تۇتۇۋېلىنغاندا، ئاللىرى ئۇنىڭدىن: 'تايانخاننىڭ پۇقرالىرى ھەم زېمىنى پۈتۈنلەي ماڭا مەنسۇپ بولدى، تامغىنى ئېلىپ قېچىپ نېمە قىلماقچىسەن؟' دەپ سورىدى، ئۇ: 'مېنىڭ خىزمىتىم مۇشۇ، ئۇنى ئۆلگىچە بىجا كەلتۈرىمەن، خوجايىنىمنى تېپىپ بۇنى ئۆزىگە قايتۇرماقچىمەن، مۇندىن ئۆزگە غەرىزىم يوق' دەپ جاۋاپ بەردى. ئاللىرى: 'دىيانەتلىك، ۋاپادار ئادەم ئىكەنسەن' دىدى ۋە يەنە: 'تامغىنى نېمىگە ئىشلىتىدۇ؟' دەپ سورىدى. ئۇ: 'پۇل ۋە ئاشلىقنى چىقىم قىلغاندا، كىشلەرنى خىزمەتكە تەيىنلىگەندە ھەم باشقا ھەممە ئىشتا ئىناۋەت بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ' دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇ ئاللىرىنىڭ دىتىغا يېقىپ قالغانلىقتىن،

(ئالىلىرى ئۇنى) ئۆز يېنىدا ئېلىپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىش باشلاندى. تامغىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزىگە تۇتقۇزدى. ئالىلىرى ئۇنىڭدىن يەنە: ’دۆلىتىڭلارنىڭ خېتىنى ئوبدان بىلەمسەن؟‘ دەپ سورىدى، تاتاتۇڭغا ئوبدان بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، پەرمان چىقىرىپ، ئۇنى شاھزادە-ۋاڭلارغا ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن دۆلەت تىلىنى (موڭغۇل تىلىنى) يېزىشنى ئۆگىتىشكە بۇيرۇدى."

بۇ يازما مەلۇماتنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا تاتاتۇڭغانىڭ موڭغۇل شاھزادە-ۋاڭلىرىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگىتىش جەريانى بايان قىلىنغان. روشەنكى، تاتاتۇڭغا بىرىنچى بولۇپ موڭغۇللارغا ئۇيغۇر يېزىقىنى تونۇشتۇرغان شەخس. تاتاتۇڭغادىن كېيىن موڭغۇل ۋاڭلىرىغا ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەتكەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە يەنە قارايىغاچ بۇيرۇق، مىڭ سەرىس، يولۇن تىمۇر، سوجىس، شىبىبان قاتارلىقلارمۇ بار⑱.

تاتاتۇڭغا موڭغۇللارغا ئۆگەتكەن يېزىق شىجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىجات قىلغان يېزىق ئىدى. موڭغۇللار ئۆز تىلىنى خاتىرىلەشتە ئىشلەتكەن بۇ يېزىق موڭغۇل-ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىمپېرىيىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى پەيدىن-پەي موڭغۇل خان جەمەتىدىن ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھەلىرىنىڭ ھەممە جەھەتلىرىگە كېڭەيدى. پۈتكۈل 13-ئەسىردە، ئۇيغۇر يېزىقى ئىمپېرىيىنىڭ مەمۇرىي قاناللىرىنى راۋانلاشتۇرىدىغان ئاساسلىق قورال بولۇپ قالدى. ئىمپېرىيە باشلىقىنىڭ پەرمان-يارلىقلىرى، مەركىزىي ئاپپاراتلارنىڭ مەكتۇپ، بۇيرۇقلىرىدىن تارتىپ تاكى چېگرا مۇداپىئە، ھىساۋات، تىلخەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئىدى. مەسىلەن،

1254 ـ يىلى مونكىنىڭ فرانسىيە كىنەزى لۇئى IX غا يازغان خېتى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان. بۇ دۆلەت خېتىنى ياۋروپالىق پوپ رۇبرۇچ ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى قاراقورۇمدىن فرانسىيەگە ئېلىپ بارغان⑲. بۇ خەتنى دۆلەت خېتى دېگەندىن كۆرە، ئۇلتىماتۇم دېگەن تۈزۈك، چۈنكى، بۇ خەت تەھدىت بىلەن تولغان ئىدى. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خەت يازما يادىكارلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىمپېرىيىدە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئوبدان دەلىل بولدى.

ئىمپېرىيىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەڭ مۇھىم ھۆججىتى ئىمپېرىيىنىڭ قانۇن قامۇسى «جاساق» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «جاساق» چىڭگىزخاننىڭ سىياسى، ھەربى ۋە خەلق ماجىرالىرىنى بىر ياقلىق قىلىش توغرىسىدىكى سۆز خاتىرىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىمپېرىيىنىڭ باشلىقىنى سايلاش پىرىنسىپى ۋە تەرتىۋى، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەسەۋۋۇرىدىن تارتىپ، ئوتتىن ۋە تەخسىدىن ئاتلاپ ئۆتمەسلىك قاتارلىق ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىچە بايان قىلىنغان. ئىمپېرىيە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يۈەن سۇلالىسى، ئالتۇن ئوردا خاندانلىقى، ئىلخان خاندانلىقى ھەم چاغاتاي خاندانلىقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن موڭغۇل تىلىدا خاتىرىلەنگەن بۇ «جاساق»نى چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى دەپ قاراپ، ھەممە قانۇن ـ نىزامنىڭ باش ئاساسى قىلغان⑳.

ئۇيغۇر يېزىقى ۋەتىنىمىزنىڭ مول يازما ماتېرىياللىرىنى موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن، يۈەن سۇلالىسى موڭغۇل ۋاڭلىرى ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ھەم مەمۇرى ئەمەلدارلار ئوقۇشى شەرت قىلىپ بەلگىلىگەن ئېلىمىزنىڭ چوڭ تېپتىكى

يىلنامە كىتاۋى «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈرنەكلىرى» ئۇيغۇر يېزىقى ئارقىلىق موڭغۇلچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا كۆرسەتكەن ئىككىنچى تەسىرى تامغا تۈزۈمى ئىدى.

تاتاتۇڭغا توغرىسىدىكى يازما مەلۇماتتىن ئايان بولۇشىچە، تاتاتۇڭغا تامغىنى يېنىدا ئېلىپ قاچقاندا ئەسىرگە چۈشكەن. موڭغۇل ئەسكەرلىرى تايانخاننىڭ قول ئاستىدا مۇھىم خىزمەتتە بولغان بۇ ئەسىرنىڭ يېنىدىن پەقەت بىرلا تامغىنى ئاختۇرۇپ تاپقاندا، ئېھتىمال، چىڭگىزخان ھەيران قالغان بولسا كېرەك. يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن تاتاتۇڭغاغا ئائىت نەقىل چىڭگىزخاننىڭ تامغىنىڭ رولى ۋە نوپۇزىنى شۇ ۋاقىتتا تۇنجى قېتىم بىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ مەلۇماتتا يەنە ئۇلاپلا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: "شۇنىڭدىن كېيىن پەرمان ۋە يارلىقلارغا تامغا ئىشلىتىش باشلاندى".

ئىمپېرىيە زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ھەربىي، مەمۇرى ئاپپاراتلارنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ، موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى شۇ ۋاقىتتا ئىنتايىن ئەۋج ئالغان تامغا تۈزۈمىگە تامامەن كۆنۈپ، ئىمپېرىيە دائىرىسىدە تامغا ئىشلىتىش بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئىمپېرىيىنىڭ باشلىقى، ھەرقايسى ۋاڭلار، مەركەزدىكى ھەربىي-مەمۇرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ھەممە جايلارغا ئەۋەتىلگەن ئورگانلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ھەر خىل ئۆلچەمدىكى تامغىلار بولۇپ، ئۇ دەرىجە ۋە ئەمەلدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە، شۇنداقلا ھەربىي، مەمۇرى ئورگانلارنىڭ ئالاقە، بۇيرۇق ۋە مەكتۇپلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك بەلگىسى بولۇپ قالغان. كېيىنكى يىللاردا ئىمپېرىيە تامغىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى تېخىمۇ

كېڭەيتىپ، كېيىنىنىڭ سىرتىغا ئېسىپ قويۇپ سالاھىيەتىنى كۆرسىتىدىغان تۇرلۇك بەلگىلەرنى ياساپ چىققان.

ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارغا كۆرسەتكەن ئۈچىنچى تەسىرى ئەمەل-مەنسەپتىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇم، موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرى دەسلەپتە ئاددى ۋە يىگانە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوننى بىرلىك قىلغان تۆت دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورگانلىرى ھەم مەمۇرى بىرلىك ھەم ئۇرۇش بىرلىگى بولغان. مۇنداق ئاددى باشقۇرۇش ئورگانلىرى پەقەت كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەرنىڭ ئاددى ئىجتىمائى تۇرمۇشىغىلا مۇۋاپىق كېلەتتى. ئۇزلۇكسىز قولغا كەلتۈرۈلۇۋاتقان ھەربى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىسىدا، ئىمپېرىيە مۇقەررەر ھالدا بىر قاتار ئىقتىسادىي ۋە ئەدلىيە مەسىلىلىرىگە يولۇقۇپ قالدى. ئاقىۋەتتە، ئىمپېرىيە ئۇچۇن ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى كېڭەيتىشكە ۋە تولۇقلاشقا توغرا كەلدى. بىراق، ئىمپېرىيىنىڭ پۈتكۈل زېھنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىگىگە قارىتىلىۋاتقان ئۇرۇشلارغا سەرپ قىلىنىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، موڭغۇللار مەمۇرى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى سەرەمجانلاشتۇرۇشتا پەقەت ئۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پۇقرالىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلاردىن ئۈدۈم ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، موڭغۇللاردا ھۆكۈمدار دىگەن مەنسەپدار پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىمپېرىيە شۇ تارىخىي شارائىتتا ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆز ۋاقتىدا تولۇقلىيالىدى. ئۇيغۇرلار رايونىدا ھۆكۈمدار دىگەن مەنسەپ پەقەت ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىغا قارىتىلغان ئىدى. لېكىن ئىمپېرىيە تەسىس قىلغان ھۆكۈمدار دىگەن مەنسەپكە ئەدلىيە ھوقۇقىدىن باشقا يەنە بىر قىسىم قانۇن تىكلەش ھوقۇقلىرىمۇ بېرىلگەن.

يۈەن سۇلالىسى ئوردا تەپتىش بېگى دىگەن مەنسەپنى تۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن، ھۆكۈمدارغا يەنە ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارلار ئۈستىدىن تەپتىشلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىمۇ يۈكلەنگەن[21].

بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى نوپۇزىنىڭ يېرىمى ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىگى ۋە موللۇغى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا، يېرىمى سىياسى ئىمتىياز ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىدە ئىككى خىل يۈزلىنىشنى ھاسىل قىلدى. ئۇنىڭ بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆز خۇسۇسىيىتىگە ۋە دەۋر بېغىشلىغان ئىمتىيازغا سۆيۈنۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كەڭ بىر رايونغا سىڭدۈردى. يەنە بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىر كەڭ رايوندا، بولۇپمۇ فېئوداللىق مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭكىدىن تەرەققى تاپقان ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ئەھمىيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئىككىنچى يۈزلىنىش ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم بىر سەھىپە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى

مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق بەلگىلەرنىڭ بىرى باسما تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشىدىن ئىبارەت.

ئەملىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشلاردىن كېيىن، 13-ئەسىرگە كەلگەندە ئېلىمىزنىڭ باسما تېخنىكىسى مىخ مەتبەئە باسقۇچىغا كۆتىرىلدى. بۇ ئىشقا ھەسسە قوشقان كىشى يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۆتكەن ۋاڭ جېن ئىدى.

مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ

مەدەنىيەت ساھەسىگە كىرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكى-
سىنى قوللانغانلىقى توغرىسىدىكى دەلىللەر ھەممىدىن بۇرۇن
دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان*.

ئۇيغۇرلار ياغاچ ھەرپلەرنى ئىشلىتىشتە پۈتۈنلەي خەنزۇلارنىڭ
تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. قوبۇل قىلىش شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى،
ھەرپلەرنى ئويغاندا، ھەتتا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق خۇسۇسى-
يەتلىرىنىمۇ سەل قارالغان. ئۇيغۇر يېزىقى ئاھاڭدار يېزىق بولۇپ،
مۇناسىپ ساندا سوزۇق تاۋۇشلۇق ۋە ئۈزۈك تاۋۇشلۇق ھەرپلەر
ياساپ چىقىلسىلا، ئۇلارنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر
تىلىنىڭ ھەممە لېكسىكىسىنى ئىپادىلىگىلى بولاتتى. ئەمما دۇنخۇاڭ-
دىن تېپىلغان بۇ ياغاچ ئويما ھەرپلەر پۈتۈنلەي خەنزۇچىدىن ئۇدۇم
ئالغان بولۇپ، ئۇلارغا بىر قاتار ئاتالغۇلار ئويۇپ قويۇلغان. شۇڭا بۇ
ھەرپلەرنى قاتارغا تىزىپ قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىگىزلىكى ۋە ئويۇلۇش
دەرىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ھەجمى ئۇزۇن-قىسقىلىق
جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا،
ئۇلارنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىمۇ تىلغا ئېلىپ
ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى 13-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتى ساھەسى بويىچە رەسساملىق بىلەن ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى

---

* 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، فرانسىيىلىك پ. پېللىئوت دۇنخۇاڭدىكى
بىر ئۆڭكۈردىن ياغاچ تۇڭغا قاچىلانغان بىرقانچە يۈز ئۇيغۇرچە
ياغاچ ئويما ھەرپنى تاپقان. بۇ ھەرپلەر قاتتىق ۋە سۈپەتلىك بىر
خىل ياغاچقا ئويۇلغان.

ئەڭ ئاجىز ھالقا بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ يەكلىشى ۋە نابۇت قىلىشى سەۋەبىدىن، مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق بىلەن ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى پەقەتلا ئىسلام دىنىنىڭ قۇدرىتى تېخى يەتمىگەن تۇرپان ئويمانلىقىدىلا مەۋجۇت بولالىدى. شۇ سەۋەپتىن بۈگۈنكى كۈندە بىز كۆرەلىگەن 13-ئەسىرگە ئائىت ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى پۈتۈنلەي تۇرپان ئويمانلىقىغا مەركەزلەشكەن. ھازىرغا قەدەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تۇيۇق، مۇرتۇق ھەم بېزەكلىك قاتارلىق جايلاردىكى خارابىلىقتا ساقلىنىۋاتقان تام رەسىملىرىنىڭ بىر قىسمى ئەنە شۇ دەۋردىن قېلىپ قالغان.

ئەگەر سان ۋە كۆلەم ئۆلچەم قىلىنىدىغان بولسا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ رەسساملىق ھەم ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى ئەڭ كاساتلاشقان مەزگىل دېيىشكە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇشۇ ساھەسى ھەتتا نابۇت بولۇش خەۋپىگە دۇچكېلىپ قالغان. بۇ جەرياندا كۆرۈلگەن بەزى نەتىجىلەر پەقەتلا دەۋرنىڭ ئەكس ساداسىدىنلا ئىبارەت.

مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى بېسىپ ئۆتكەن يول ئىنتايىن ئەگرى-توقاي ۋە قىزىقارلىق بولدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 13-ئەسىردىكى يېزىق ئىشلىتىش ئەھۋالىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، شۇنداق بىر ئەھۋال كۆزىمىزگە چېلىقىدۇكى، بىر تەرەپتىن، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، ئۇيغۇر يېزىقى ھۆكۈمەت يېزىقى سۈپىتىدە ئاسىيا، ياۋروپا قۇرۇقلۇقلىرىدا كەڭ قوللىنىلىپ، يەككە بىر مىللەتنىڭ رايون خاراكتېرلىق يېزىقىدىن بىردىنلا سىياسى نوپۇزغا ئىگە دۇنياۋى يېزىققا ئايلانغان بولسا،

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار جەمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلام دىنىنى ئارقا تىرەك قىلغان ئەرەب يېزىقىنىڭ قاتتىق قىستىشى نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلىتىلىش دائىرىسى بارغانسېرى تارايدى.

تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىدا، قىلچە شۈبھىسىزكى، ئەرەب يېزىقى ئاللىقاچان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپ بولغان ئىدى. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ناملىق ئەسەرلىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز يېزىقى بىلەن ئەسەر يازغانلىقى كۆرۈلمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دىنى كېيىنرەك تارقالغان ئاقسۇ، كۇچار، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىمۇ ئەرەب يېزىقى قىسمەن ھالدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن. 13-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر توقسۇن بوستانلىقىنىڭ غەربىي جايلىرىدىن تېپىلمايۋاتقانلىقى ئۇنىڭغا شاھىددۇر.

بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار ئۆز يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقىنى قوللانغاندىن باشقا، خەنزۇ يېزىقى، تاڭغۇت يېزىقى (يەنى غەربىي شيا يېزىقى)، تىبەت يېزىقى، براخما يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنىمۇ قوللانغان. ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىن باشقا يېزىقلار كۆپىنچە دىنىي كىتابلاردا قوللىنىلغان.

بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى ئۆزىدە كەمچىل بولغان ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ لېكسىكىسىنى بېيىتقاندىن باشقا، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك يېڭىلىقلار بولمىغان. بۇ يەردە پەقەت شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىمپېرىيە بىنا بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇيغۇرلار ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك

ئورگانلىرىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكى رايونىدىكى باج ئورگانلىرىدا كۆپلەپ خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئىگەللىگەنلىكتىن، ئۇيغۇر تىلىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۆزىگە يېڭى زېمىن ئاچقان. بىراق، ئۇنىڭ تەسىرى شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدىلا ئىپادىلەنمىگەن، ئارىلىقتا بىر-ئىككى ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ تەسىرى روشەن ئىپادىلەنگەن. بايانىمىزدا توختىلىۋاتقان مەزگىل ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنە شۇ رايوندىكى تارىخىي پائالىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا پەقەت تېرىم مەۋسۇمى بولۇپ، يىغىم مەۋسۇمىگە تېخى يەتمىگەن ئىدى.

ئەمدى بىز 13-ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنە بىر جەھەتى بولغان دىنىي ساھە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ھەرقايسى دىنلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە كۈرىشى ناھايىتى زور دەرىجىدە موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ رايىغا باغلىق بولۇپ قالغان ئىدى.

ئومۇمەن، تاكى چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى تىكلىگەنگە قەدەر، دۇنيادىكى بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ ھېچقايسىسى موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا كىرەلمىگەن. ئۇلار شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. شامان دىنى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر ئومۇمىي ئېتىقات قىلغان دىن بولۇپ، 9-ئەسىردىن بۇرۇن ئۇيغۇرلارمۇ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا بۇ دىنغا ئېتىقات قىلغان.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، موڭغۇللاردا شۇ كۈنلەردە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە يامراۋاتقان دىنلارغا نىسبەتەن تېخى ئېنىق بىر تونۇش ھاسىل بولمىغان. 13-ئەسىردە موڭغۇللارنىڭ دۇنيا

مىقياسىدا ئىبرىشكەن مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلىرى موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ تەكەببۇرلۇغىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى مەنسىتمەيلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى دىنلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىجاناپ پاناسى قىلىۋالغان ھەر خىل ئىلاھلارنىمۇ ئوچۇق-ئاشكارا كەمسىتكەن. 1254-يىلى مونكە فرانسىيە كىنىزى لۇئى IXغا يازغان خېتىدە ئۆزىنى يەر يۈزىدە ۋە ئەرشتە مەڭگۇ ھايات موڭغۇل خوجايىنى دەپ ئاتىغان. دېمەك، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار ئۆزى ھەم ئەرشتىكى، ھەم يەر يۈزىدىكى ئىلاھ ئىدى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنلارغا سەل قارىشىغا سەۋەپ بولغان يەنە بىر شارائىت شۇكى، خېلى بىر ۋاقىتقىچە، ئۇلار روھىي ۋاستىگە سۆيۈنۈپ ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى مۇستەھكەملەشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى ھىس قىلمىغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتلاردا، ئىمپېرىيىنىڭ قوراللىق كۈچى بۇ ۋەزىپىنى بىمالال بېجىرمەكتە ئىدى.

موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردە تۈرلۈك دىنلارغا تۇتقان بۇنداق سەل قاراش-سوغاق مۇئامىلىدە بولۇش پوزىتسىيىسى ئىمپېرىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىدە كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىش، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا سېلىش يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بېرىش بولۇپ ئەكس ئەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار رايونى تەبىئى ھالدا تۈرلۈك دىنلارنىڭ تىركىشىدىغان سورۇنى بولۇپ قالغان. بۇ تىركىشىشتە ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ھۇجۇم ھالىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى باشقا دىنلارنى يەكلىگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى باشقا دىنلار، جۈملىدىن بۇددا دىنى، داۋجياۋ دىنى، زەردەشت دىنى پۈتۈنلەي تۇرپان

ئويمانلىغى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا سۈرۈلگەن.

ئىسلام دىنى تەرىپىدىن تۈرپان ئويمانلىغىغا سۈرۈلگەن تۈرلۈك دىنلار غەرپكە تارقىلىش ئىمكانىيىتىنى يوقاتقاندىن كېيىن، تۈرپان ئويمانلىغىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ پايدىلىق جۇغرا-پىيىلىك ئورنى ۋە باسما تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىغا يېيىلغان. تۈرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان 13-ئەسىرگە دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلاردا شۇنچە كۆپ چەتئەل يېزىقىنىڭ بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئەنە شۇ.

ئىمپېرىيىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىگە كەلگەندە، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل هۆكۈمرانلىرى دىنىي مەسىلىدە مەلۇم خاھىشنى ئىپادىلەشكە باشلىدى. بۇ خاھىش 1252-يىلدىكى سالىندى تېكىن ئەنزى-سىدە تولۇق ئىسپاتلاندى. سالىندى تېكىننىڭ ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپ، ماهىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىمپېرىيىنىڭ هۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى كۈرەش ئىدى. لېكىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مونكە ئويدۇرۇپ چىقىلغان بىر دىنىي ۋەقەنى بۇ ئەنزىنىڭ مۇقەددىمىسى قىلدى.

سالىندى تېكىن بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلى بولۇپ، بارچۇق-نىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ گاۋچاڭ ۋاڭى بولغان. ۋەقە يۈز بەر-گەندە، سالىندى تېكىن ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى قاراقۇرۇمدا مونكى-نىڭ خانلىققا چىقىش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىر غالچىسى (ئائىلە قۇلى) مونكىنىڭ بېشبالىقتا تۇرۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى سەيپىدىن (ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇسۇلمان ئىدى)گە گاۋچاڭ ۋاڭى مەلۇم بىر جۈمە كۈنى بېشبالىق ۋە قوچۇدىكى مۇسۇلمانلارنى يوقات-

ماقچى بولدى، دەپ ئەرز-ئىلتىماس قىلدى. دەسلەپتە، يۈزلەش-تۈرگەندە، سالىندى مۇنداق قەستتە بولمىغانلىقىدا چىڭ تۇردى. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئەنزە ئىمپېرىيىسىنىڭ مەركىزىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، نۇرغۇن قىيىن-قىستاقلاردىن كېيىن سالىندى تېكىن نائىلاج بۇ تۆھمەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1252-يىلى سالىندى تېكىن بېشبالىققا يالاپ ئېپكېلىنىپ، بىر جۇمە كۈنى ئۇنىڭ ئىنىسى ئوكىنچە تېكىن تەرىپىدىن بېلى كېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا سالىندى تېكىننىڭ ئىككى نەپەر يېقىن ۋەزىرىمۇ شۇ تەرىقىدە ئۆلتۈرۈلدى.

سالىندى تېكىن ئەنزىسى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى. 1) موڭغۇل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىسلام دىنىغا يان بېسىشقا باشلىغان. 2) ئۇيغۇرلار رايونىدىكى دىنلار كۈرىشى سىياسى ساھەگە چېتىلىشقا باشلىغان. گەرچە ئىمپېرىيىنىڭ سىياستىدە دىنلارنىڭ رولىغا سەل قارالغان بولسىمۇ، لېكىن دىنلار ئىمپېرىيىنىڭ سىياسى كۈچىدىن پايدىلىنىشقا كىرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئۆز رەقىبىنىڭ ئاخىرقى بازىسى بولغان تۇرپان ئويمانلىقىدا ئۈستۈنلۈك ئورنىغا ئىگە بولدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ 13-ئەسىردىكى دىنىي پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ شەكىللەنگەن.

## ئۈچىنچى بۆلۈم ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر تارىخىي شەخسلىرى

13-ئەسىردە دەۋر ئىبقىمى ئۇيغۇرلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي سەھنىسىگە يەنە بىر قېتىم چىقارغاندا، ئۇلاردىن ۋەكىللىك خاراك-

تىرىخا ئىگە نۇرغۇن شەخسلەر شۇ ۋاقىتتىكى زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەرگە قاتناشتى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن فېئودال سۇلالىسى بولغان يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بولدى. تۆۋەندە بىز يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشىدا تۆھپە قوشقان ئۇيغۇرلاردىن بىرنەچچە شەخسنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

تونۇشتۇرۇلىدىغان بىرىنچى شەخس ئارىق ھىيا.

ئارىق ھىيا يۈەن سۇلالىسى ئۇچۇن ئىجو (بۈگۈنكى ۋۇخەن) دىن خەينەنداۋ ئارىلىغىچە بولغان زېمىننى ئىشغال قىلغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت بەرپا قىلغۇچى ئەرباپلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

چىڭگىزخان كەڭ دائىرىدە دۈشمەننى قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئىستراتېگىيىلىك ئىدىيىسى قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرىدىمۇ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە جىن سۇلالىسىنى كەڭ دائىرىدە قورشاپ يوقىتىش توغرىسىدا مۇنۇلارنى ئالاھىدە تاپىلىغان: "جىن سۇلالىسى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىنى تۇڭگۇەندە تۇرغۇزدى. تۇڭگۇەننىڭ جەنۇبىدا ليەنشەن تېغى، شىمالىدا خۇاڭخې دەرياسى بار. ھۇجۇم بىلەن ئېلىش قىيىن. ئەگەر سۇڭ سۇلالىسىدىن يول ئارىيەت سورىساق، سۇڭ سۇلالىسى جىن سۇلالىسى بىلەن ئەزەلدىن دۈشمەنلىشىپ كەلگەنلىكتىن، بىزگە يول ئارىيەت بېرىدۇ. قوشۇنلىرىمىز تاڭ، دېڭ رايونلىرى ئارقىلىق داليائىغا تارتىلسا، جىن سۇلالىسى چوقۇم تۇڭگۇەندىكى ئەسكەرلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا سالىدۇ. بىرقانچە ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ مىڭ چاقىرىملاپ يول بېسىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئات-ئۇلاق، ئادەملىرى چارچاپ-

ھالسراپ قالدۇ. مەنزىلگە يېتىپ بارغان ھالەتتىمۇ، جەڭگە ئاتلە-
نالمايدۇ. بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز“[22]. چىڭگىزخاننىڭ بۇ
ۋەسىيىتىنىڭ مەنىسى تۇڭگۇەندىن داجىپ ئۆتۈپ، سىچۇەندىن
خېنەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا بۆسۈپ كىرىپ، جىن سۇلالىسىنى كەڭ
دائىرىدە قورشىۋالغاندىلا، ئاندىن جىن سۇلالىسىنى يوقاتقىلى
بولىدۇ، دىگەندىن ئىبارەت. ئۇغوتاي مۇشۇ ئىستىراتېگىيىنى تەتبىق-
لاپ، جىن سۇلالىسىنى يوقاتقان ئىدى.

مونكە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە
قارىتىلغان ئۇرۇشتىمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاپ تۇرۇپ يوقىتىش
ئىستىراتېگىيىسىنى تەتبىقلىغان. مونكە ئورىئاڭكادايىنى يۈننەن —
گۈيجۇ ئىگىزلىگىنى ئىستىلا قىلىشقا، قۇبلايىنى ئېجۇنى ئىستىلا
قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۆزى بولسا ئاساسىي قوشۇننى باشلاپ سىچۇەنگە
ھۇجۇم قىلدى. مونكە مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق جەنۇبىي سۇڭ
سۇلالىسىگە قارىتا كەڭ مىقياستا قورشاش چەمبىرىگىنى ھاسىل
قىلماقچى بولغان ئىدى. مونكە باشلاپ ماڭغان موڭغۇل قوشۇنلىرى
دياۋيۇچېڭ قەلئەسىدە قاتتىق قارشىلىققا ئۇچراپ، مونكە شۇ جەڭدە
ئۆلگەنلىكتىن، بۇ قېتىمقى ھەربىي ھەركەت ئوتتۇرىدا ئۈزۈلۈپ
قالغان ئىدى.

قۇبلاي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلا-
لىسىنى كەڭ دائىرىدە قورشاپ مۇھاسىرىگە ئېلىش ئىستىراتېگىيىسىنى
ئۆزگەرتىپ، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئوتتۇرا سەپنى بۆسۈپ
ئۆتۈپ، چاڭجىياڭنى تىزگىنلەپ، ئاندىن لىنئەن (ھازىرقى خاڭجۇ)گە
يۈرۈش قىلىش ئىستىراتېگىيىسىنى يولغا قويدى. بۇ ئۇرۇش قىلىش
ئۇسۇلى كىشىلەرگە چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا سىر دەرياسى

بۇيەدىن جەنۇبقا ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرا سەپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بۇخارا قەلئەسىنى ئىستىلا قىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

ئارىق خەيا خېنەن ئۆلكىسىنىڭ باش ئامبىلى، ئوردا مەسلىھەتچىسى قاتارلىق ئۇنۋانلار بىلەن قۇبلاي تەرىپىدىن ئوتتۇرا سەپتە ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇننىڭ قوماندانلىرىدىن قىلىپ تەيىنلەنگەن. 1268 - يىل 10 - ئايدا، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى خەنشۈي دەرياسىنى بويلاپ، شياڭياڭ قەلئەسىگە قىستاپ كەلدى. شياڭياڭ قەلئەسى خەنشۈي دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغا جايلاشقان بولۇپ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىغا ئۆتۈشتە مۇھىم تۈگۈن ئىدى، ئۇنىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەتەرلىك، سېپىلى مۇستەھكەم، مۇداپىئەلىنىشكە باپ، ھۇجۇم بىلەن ئېلىش تەس جاي ئىدى. دەسلەپتە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا بۇ قەلئەنى قامال قىلىپ، ئۇزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈش يوللىرىنى بوغۇپ، دۈشمەن قوشۇنىنى تەسلىم بولۇشقا قىستاش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە، ئىش بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. شياڭياڭدا ئۇزۇق-تۈلۈك يېتەرلىك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن قوشۇنلىرى سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق يەنە توختىماي تەمىناتقا ئېرىشىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ئىككى تەرەپتىن نەچچە 100 مىڭ كىشى قاتناشقان بۇ ئۇرۇش تۆت يىل داۋام قىلىپمۇ، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى بۇ قەلئەنى ئالالمىدى.

ئارىق خەيا بۇ بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىي جەڭ داۋامىدا، شياڭياڭ-نىڭ مەزمۇت-مۇستەھكەم تۇرۇشى فەنچېڭ قەلئەسىنىڭ يۆلەنچۈك بولۇپ تۇرغانلىقىدا دېگەن تونۇشقا كەلدى. شياڭياڭ بىلەن فەنچېڭنى بىرلا دەريا ئايرىپ تۇراتتى، ئىككى قەلئە ئوتتۇرىسىدىكى زەنجىر كۆۋرۈك بۇ قەلئەلەرنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا،

شياڭياڭنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاۋال كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ فەنچېڭنى ئىشغال قىلىپ، شياڭياڭنى يېتىم قالدۇرۇش لازىم ئىدى. 1272-يىلى ئارىق ھەييا قۇبلايغا ئاۋال فەنچېڭنى، ئاندىن شياڭياڭنى ئېلىش تەكلىۋىنى بەرگەندە، قۇبلاي بۇ تەكلىپكە قوشۇلدى. شۇ ۋاقىتتا، ئىرانلىق ئالايىدىن بىلەن ئىسمائىل ياسىغان زەمبىرەكلەرمۇ بۇ يەرگە توشۇپ كېلىندى.

1273-يىل 3-ئايدا فەنچېڭغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى باشلاندى. يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئاۋال فەنچېڭ بىلەن شياڭياڭنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان زەنجىر كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاپ، فەنچېڭنى ياردەمسىز قالدۇرۇپ، ئاندىن تۈزۈلگەن پىلان بويىچە فەنچېڭنى ئىشغال قىلدى.

فەنچېڭ مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شياڭياڭنى قوغداۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ جەڭ ئىرادىسىگە ئېغىر تەسىر يەتتى. شۇڭلاشقا فەنچېڭ قولغا كىرگەن ھامان، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى شياڭياڭغا ئاتلاندى. بۇ چاغدا بەزىلەر دەرھال شياڭياڭغا ھۇجۇم قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى قىرىپ تاشلاشنى تەشەببۇس قىلدى، ئارىق ھەييا بۇ تەشەببۇسنى رەت قىلىپ، قۇبىلاي بۇرۇن بەلگىلەپ بەرگەن ”مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۆزلۈكىدىن تەسلىم قىلدۇرۇش“ پىرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. شۇ يىلى 11-ئايدا ئارىق ھەييا شەخسەن ئۆزى شياڭياڭ قەلئەسىنىڭ يېنىغا ئاتلىق بېرىپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شياڭياڭنى قوغداشقا مەسئۇل قوماندانى لۈ ۋېنخۇەنگە قۇبلاينىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ بەردى ھەمدە ئوقيانى سۇندۇرۇپ، شياڭياڭدىكى ھەربىي ۋە خەلقلەرنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچتى. ئاخىرى لۈ ۋېنخۇەن پۈتۈن

ۋەلىئە بويىچە تەسلىم بولدى㉘. شياڭياڭ-فەنچېڭ جېڭىدىن كېيىن، قۇبلاي ئارىق ھايانى زوراغالىق مەھكىمىنىڭ جىياڭ-خۇ يوللىرىنى باشقۇرۇش ئامبىلى قىلىپ تەيىنلەپ، شياڭياڭنى قوغداشقا قويدى. ئارىق ھايا مەركىزىي ھەربىي باش ئورگاننىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە خۇبېي-خۇنەننىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىندى.

شياڭياڭ ئېلىنغان ۋاقىتتا، ئوغوتاي ئەۋلادى قايدۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا توپىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە موڭغۇل دالاسىدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭمۇ قايدۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ۋاھالەنكى، بۇ ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلىرى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇلغانلىقتىن، شىمالدىكى مۇداپىئە ئىشلىرى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. مۇنداق شارائىتتا قۇبلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارىتىلغان ئۇرۇشنى توختىتىپ، شىمالغا قوشۇن تارتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەخت رايونىنى قوغداش خىيالىدا بولدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارىتىلغان پۈتكۈل ئۇرۇش جەريانىنى مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن، شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، شياڭياڭ-فەنچېڭ جېڭىدىن كېيىنكى ھەربىي ۋەزىيەت ۋەتىنىمىزنىڭ قايتا بىرلىككە كېلىش سۈرئىتىنى بەلگىلىمەكتە ئىدى. ئەگەر جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئۇرۇش توختىتىپ قويۇلغان بولسا، ۋەتىنىمىزنىڭ بۆلۈنۈش ھالىتى يەنىلا داۋاملىشىپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى يەنە بىر مەزگىل كەينىگە سۈرۈلگەن بولاتتى.

قۇبلاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇ مەسىلىدە بىر قارارغا كېلەل-

ھەيۋاتقان بىر ۋاقىتتا، ئارىق ھىيا قۇبلايغا مەكتۇپ سۇنۇپ، بەلگىلەنـگەن پىلاندا چىڭ تۇرۇپ، خەنشۇي دەرياسىنى بويلاپ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىپ ئېجۇنى ئىستىلا قىلىش بىلەن، سىچۇەننىڭ جەنۇبىي چاڭجياڭ رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ لىنئەننى ئېلىشتىن ئىبارەت تەكلىپنى بەردى. ئارىق ھىيا قۇبلايغا سۇنغان مەكتۇبىدا مۇنداق دېگەن: "شياڭياڭ ئەزەلدىن ھەربىي ئىشلار بويىچە مۇھىم جاي ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە تەگىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۇنى قولغا ئالدۇق. ئەمدىلىكتە دەريانى بويلاپ غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، سۇڭ سۇلالىسى چوقۇم تىنجىتىلىدۇ"㉔. ئارىق ھىيانىڭ بۇ تەكلىۋى بىرمۇنچە ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ قۇۋۋەتلىشى بىلەن قۇبلاي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. قۇبلاي باياننى مۇۋەققەت باش مىرزا سول قول ۋەزىرى، ئارىق ھىيانى مۇۋەققەت باش مىرزا ئوڭ قول ۋەزىرى، ئارچۇقنى ئامبال قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇلارغا ئېجۇغا يۈرۈش قىلىش بۇيرۇغى بەردى.

1274 ـ يىلى، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى ئېجۇ رايونىغا يېتىپ باردى. ئېجۇ قەلئەسى خەنشۈي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. خەنياڭ قەلئەسى خەنشۈي دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇلار مەھكەم ئىستىھكاملار بىلەن مۇداپىئەلەنگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئۇرۇش كېمىلىرىدىن تەركىپ تاپقان جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى دەريا يۈزىنى ۋە ھەر-قايسى كېچىكلەرنى قامال قىلىۋالغان ئىدى. يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى ئۇچۇن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى سۇ قوشۇنلىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ھەممىدىن زۆرۈر ئىش ئىدى. بىر مەزگىل پىلانلاش ۋە سەرەمجانلاشتۇرۇشلاردىن كېيىن، يۈەن

سۇلالىسى قوشۇنى بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ، ئوخشاش بولمىغان ئورۇن ۋە ۋاقىتتا ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئاۋال ئارىق ھىيا قوشۇن باشلاپ، شاۋقۇن-سۈرەن ئىچىدە ۋۇجىباۋ قورغىنىغا ھۇجۇم قىلدى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئېزىپ قىلىپ خاتا ھالدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى دەپ ھىساپلاپ، زور تۈركۈمدىكى ئۇرۇش كېمىلىرىنى مۇشۇ جايغا يۆتكىدى. بۇ ۋاقىتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر قوشۇنى ئارچۇۋقىنىڭ باشلامچىلىقىدا چېكىنىشكە كىرىشكەندىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ دەريا مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ سۇ قوشۇنى پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ سەركەردىسى قالدۇق كېمىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ قۇتۇلدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بۇنىڭغا ئۇلاپلا ياڭلۇباۋ قورغىنىنى ئىشغال قىلدى. ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خەنياڭ ۋە ئېجۇدىكى قوشۇنلىرى يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىغا تەسلىم بولدى.

ئېجۇ جېڭىدىن كېيىن، قۇبلاينىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئاۋال جياڭسۇ، ئەنخۇي قاتارلىق جايلارنى، ئاندىن جەنۇپقا سۈرۈلۈپ لىنئەننى ھۇجۇم بىلەن ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كونكرېت قىيىنچىلىقلار بار ئىدى. چۈنكى شۇ تاپتا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى سىچۈەن، غەربىي خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن قوشۇن تۇرغۇزغان بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچى شەرققە سۈرۈلگەن ھامان، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بۇ جايلاردىكى قوشۇنلىرىنى

توپلاپ ئېجۇغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش بىلەن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ چېكىنىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدى. مۇنداق بولغاندا، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ھەربىي ھەركەتتى بەنت قىلىنىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇلار چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى تارچۇق ۋادىدا سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن پارچىلاپ قورشۇۋېلىنىپ، يوقىتىپ تاشلىنىش خەۋپىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئېجۇنى مۇستەھكەم قوغداش يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەرقىقە يۈرۈش قىلىش ئىستىراتېگىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا زۆرۈر ئالدىنقى شەرت ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بايان ئېجۇ رايونىنىڭ شۇ ۋاقىتتا تۇتقان ئىستىراتېگىيىلىك ئورنىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئېجۇنىڭ بىر تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى دەريا بولۇپ، جەنۇبىي جۇڭگودىكى مۇھىم جاي ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكىرى تولۇق، ئوزۇق-تۈلۈگى مول. سىچۈەن، جياڭلىڭ، يۆجۇ، تەنجۇلار تېخى قولىمىزدا ئەمەس. مۇنداق ئەھۋالدا، بىرەر چوڭ سەركەردە ئۇنى قوغداپ تۇرمىسا، يۇقۇرى ئېقىمدا سەل-پەللا ئۆزگىرىش بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئېجۇ قولدىن كېتىشى مۇمكىن"㉕.

بۇنىڭ بىلەن ئارق ھىيا 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئېجۇنى قوغداش ۋەزىپىسىگە قويۇلدى. ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن ئاساسىي مەسئۇلىيەت ئېجۇنى قوغداپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنى خاتىرجەم قىلىش ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدىكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ يىغىۋاشتىن توپلىنىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي كۈچى شەرققە سۈرۈلگەن

شارائىتتا، ئارق هىيانىڭ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن بۇنداق زور ۋەزىيەتنى ئورۇنلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ هۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈپ، 1275-يىل 3-ئايدا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا يۈرۈش قىلىپ، جىڭجياڭ دەرياسى ئېغىزىدا جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. كېيىن هەر ئىككى تەرەپ جەڭ مەيدانىنى دۇڭتىڭخۇ كۆلىگە يۆتكىدى. دۇڭتىڭخۇ كۆلىدە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ بىرقانچە مىڭ ئۇرۇش كېمىسى سەپ تۈزۈپ هازىرلانغان ئىدى. ئۇرۇش باشلانغان هامان، ئارق هىيا ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ غول تارمىقىنى دۈشمەن سېپىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا، قالغان قىسىملىرىنى دۈشمەن سېپىنىڭ ئىككى قانىتىغا سېلىپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ بېشى بىلەن ئايىغىنى ئۇلاشتۇرماي مەغلۇپ قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇ غەلىبىسىرى هۇجۇم قىلىپ، يۆجۇ قەلئەسىنى، 4-ئايدا شاشى قەلئەسىنى ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي جاڭلىڭدىكى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى تەسلىم قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئارق هىيا ئېجۇنىڭ غەربىدىكى دۈشمەن قوشۇنلىرىنى تۈگىتىپ، ئۇرۇش سېپىنى ئېجۇدىن يىراق بولغان جياڭلىڭنىڭ غەربىگە سۈرۈۋەتتى. يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى چاڭجياڭ دەرياسىنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىش ئىمكانىيىتىنى يوقاتتى.

ئارق هىيا جياڭلىڭغا كىرگەن هامان چاقىرىقنامە چىقىرىپ، چاڭدې، لىشيەن غەربىي خۇنەن تاغلىق رايونلىرىدىكى هەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن يۈەن سۇلالىسىغا ئەل قىلدۇردى. بۇ خۇش خەۋەر يېتىپ كەلگەندە قۇبلاي ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، بۇ غەلىبىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆچ كۈن زىياپەت ئۆتكۈزدى. قۇبلاي ئارق هىيانىڭ ئېجۇ، غەربىي

خۇبېي ۋە غەربىي خۇنەندە قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە باھا بېرىپ: "بايان شەرققە قوشۇن تارتىپ، ئارىق ھەيىا يالغۇز ئېجۇدا قالغاندا، مەن ناھايىتى ئەنسىرىگەن ئىدىم، بۈگۈندىكى كۈندە جىڭجۇنىڭ جەنۇبىي رايونى تىنجىتىلدى، مېنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلغان قوشۇنۇم ئەمدى خاتىرجەم بولدى" دېگەن ھەمدە ئۆز قەلىمى بىلەن پەرمان چىقىرىپ، ئارىق ھىيانىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلىگەن㉖.

شۇنىڭدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قاراتقان ئۇرۇشى ئەمىلىيەتتە شىمالدىن جەنۇپقا ئىككى پاراللېل سەپنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلدى. بىر سەپ دېڭىز بويلىرىنى ياقىلاپ، جېنجياڭ، فۇجيەن تەرەپكە سوزۇلدى، بۇ سەپتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ بايان قوماندانلىق قىلغان ئاساسىي قوشۇنى ئۇرۇش قىلدى. يەنە بىر سەپ ئېجۇدىن خۇنەن ۋە گۇاڭشىغا سوزۇلدى، بۇ سەپتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئارىق ھىيا قوماندانلىق قىلغان قوشۇنى ئۇرۇش قىلدى. 1275 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئارىق ھەيىا قوماندانلىق قىلغان قوشۇن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ چاڭشا، جىڭجياڭ (ھازىرقى گۈيلىن شەھىرى) نى ئېلىپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭشىدىكى قوشۇنلىرىنى يوقاتتى.

جىڭجياڭ جېڭىدىن كېيىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدە توققۇز ياشلىق شاھزادە يېۋاڭنىڭ پادىشالىق تەختكە چىققانلىغى جاكالاندى. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارمار قىلىنغان قوشۇنلىرى قايتا يىغىلىپ، بىر مەھەل ئۇلغايدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەينەنداۋ ئارىلىدىكى قوشۇنى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. قۇبلاينىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، ئارىق ھەيىا قوشۇن باشلاپ خەينەنداۋغا ئاتلاندى. ئۇ دەسلەپتە ئەلچى ئەۋەتىپ تەسلىم قىلدۇرماقچى ئىدى، ئەمما بۇ

ئىشقا ئاشمىغاندىن كېيىن، خەينەنداۋغا بىۋاستە قوشۇن تارتتى.

خەينەنداۋ رايونى ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، ئارق ھىيا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇق بويىچە خەينەنداۋ ئايغاقچى مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەمۇرى ئاپپاراتىنى قۇردى. بۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونىدا ئېلىپ بارغان ئاخىرقى جېڭى ئىدى. بۇ جەڭدىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ جەنۇپتىكى ئەڭ چوڭ ئارىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ زېمىنىغا قوشۇلدى.

ئارق ھىيا ئۇرۇش قىلغان خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ رايونلىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ ئاساسلىق مەيدانلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ رولى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى، بىر تەرەپتىن، ئۇ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ سىچۈەندىكى قوشۇنلىرىنىڭ شەرققە سۈرۈلۈشىنى توسۇدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا جۇڭگو ۋە جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىكى سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى بەنت قىلىپ، ئۇلارنىڭ دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ لىنئەنگە قاراپ ماڭغان يۈەن سۇلالىسى قوشۇنىنى چەكلەش مەقسىدىدە يېڭىۋاشتىن توپلىنىش ئىمكانىيىتىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. شۇ سەۋەپتىن، بايانىنىڭ لىنئەننى، ئارق ھىيانىڭ چاڭشانى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىشى تاسادىپىي بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئارق ھىيا ئۇرۇش قىلغان خۇبېي، خۇنەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ رايونلىرى ئېلىمىز بويىچە ئاساسلىق دېخانچىلىق رايونلىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا بازار-قەلئەلەر بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ، ئاھالىلىرى ئىنتايىن قويۇق جايلاشقان ئىدى، مۇشۇ رايونلاردا خەنزۇلاردىن باشقا، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىدا تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ياشىماقتا ئىدى، بۇ رايونلارنى

بويسۇندۇرۇشتا، جىڭجياڭنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئارىق ھىيا ئۆز قوشۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىقتىن چەكلىمىگەندى. نەتىجىدە، بۇ رايونلاردىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىمىدى، ئاھالىلەرمۇ ۋەھشىيانە قىرغىنچىلىقتىن ساقلىنىپ قالدى. تالان-تاراج ۋە قىرغىنچىلىق ئادەتتىكى ئىشقا ئايلانغان ئاشۇ دەۋردە، ئارىق ھىيانىڭ قىلالىغانلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئىش ئىدى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا ئارىق ھىياغا باھا بېرىلىپ مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇ ئىستېلا قىلغان غەربىي خۇبېي، غەربىي ئەنخۇي، جياڭشى، خېنەن، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردىكى 58 ئايماق ۋە سانسىز تاغ ئاھالىلىرىنى بويسۇندۇردى. بويسۇندۇرغاندا كۆپىنچە نەسىھەت بىلەن ئەل قىلدۇردى. قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىلمىدى، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ خەلقنىڭ سېلىقلىرىنى يەڭگىللىتىشنى مىزان قىلدى. شۇڭا، خەلق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەتخانا ياساپ، ئۇنىڭ ھەيكىلىگە سەجدە قىلدى"㉗.

بۇ نەقىلنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە بىز يەنە بىرنەچچە دەلىل كەلتۈرمەكچىمىز: بىرىنچى دەلىل، ئارىق ھىيا ئىچجۇدىكى چېغىدا ئۆز قول ئاستىدىكىلەرنىڭ پۇقرالارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش ۋە ئۆلتۈرۈشىنى قەتئىي مەنئى قىلغان. بۇنىڭ بىلەن "ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر قورقۇپ، پۇقرالاردىن بىر باغلام كۆكتات ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغان"، ئىككىنچى دەلىل، چاڭشاغا ھۇجۇم باشلىغاندا، ئارىق ھىيا سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقاندا، ئوقيا تېگىپ يارىدار بولدۇ. چاڭشا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر بۇ قىساسنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن شەھەر ئاھالىسىنى

قىرۋېتىشىنى تەشەببۇس قىلغاندا، ئارىق ھىيا بۇنى رەت قىلىپلا قالماي، ھۆكۈمەت ئامبارلىرىنى ئېچىپ، خەلققە ئاشلىق نەپىقە بەرگەن[28].

1286-يىلى، ئارىق ھىيا ئىناۋەتلىك تۆرە دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بىلەن خۇبېي-گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ سول قول ئامباللىقىغا ئۆستۈ-رۈلدى. ئارىق ھىيا 60 يېشىدا ۋاپات بولدى. ۋاپاتىدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا يەنە "چۇ كىنەزلىگىنىڭ كىنەزى"، "جياڭلىڭ ۋاڭى" دېگەنگە ئوخشاش پەخرىي ئۇنۋانلارنى ئاتا قىلدى.

تونۇشتۇرۇلىدىغان ئىككىنچى شەخس ليەن شىشيەن.

ليەن شىشيەننىڭ ئاتىسى بۇيرۇق ھىيا چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكىگە قىلغان يۈرۈشىگە قاتناشقان ھەمدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ جەنۇبىي يەنجۇ (جەنۇبىي خېبېي) ئايمىقى-نىڭ تەپتىش ئەلچىسى، ھۆكۈمدارى قاتارلىق مەنسەپلەردە بولغان، شۇڭلاشقا بۇيرۇق ھىيانىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭغا بېرىلگەن تەپتىش ئەلچىسى دېگەن مەنسەپنىڭ خەنزۇچە باش ھەرپىنى ئۆزلىرىگە پەمىلە قىلغان. ليەن شىشيەننىڭ ئۆزىگە ئاشۇنداق ئىسمىنى قويۇشى-نىڭ سەۋەبى شۇ.

ليەن شىشيەن ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان مەزگىللەردە ياشىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ شەخسىي تارىخىنىڭ كۆپ تەرەپلىرى مۇشۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن بىر قاتار زور ۋەقەلەر بىلەن باغلىنىشلىق.

ليەن شىشيەن 19 يېشىدا نەسەپ ئەمەلدارىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن قۇبىلايغا تۇرقاق (مۇھاپىزەتچى) بولۇپ ئوردىغا كىرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، ناھايىتى تېزلا قۇبىلاينىڭ ئىشەنچىگە

ئېرىشىپ، ئۇنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان㉙. بولۇپمۇ ئۇ قۇبلاينى خانلىققا كۆتىرىش، ليۇتەيپىڭ-قۇندۇقاي توپىلاڭچىلار گۇرۇھىنى تىنجىتىشتا زور ھەسسە قوشقان.

1259-يىلى، مونكە دياۋيۇچېڭ قەلئەسى يېنىدا يارىلىنىپ ئۆلگەندە، قۇبلاي قوشۇننى باشلاپ ئېجۇ قەلئەسىندە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. قاراقۇرۇمدا تۇرۇپ، ئىمپېرىيىسىنىڭ مەمۇرى ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان ئارىك بۇغا بەزى ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى، بولۇپمۇ مونكىنىڭ خانىشىنىڭ قوللىشى بىلەن ئۆزىنى خان دەپ جاكالىماقچى بولدى.

ليەن شىشيەن سىياسى ۋەزىيەتتە يوشۇرۇن ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال قۇبلايغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئۇنى شىمالغا قايتىپ كېلىپ خانلىق تەختكە چىقىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ ئۆز مەكتۇبىدا مۇنداق دىگەن: "ئالىلىرى تەيزۇ (چىڭگىزخان)نىڭ نەۋرىسى، مەرھۇم پادىشا ئالىلىرىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسى، ئۆتكەندە يۇننەننى ئىستىلا قىلىشتا بەلگىلەنگەن مۇددەتتە غەلبە قىلدىلا، بۇ قېتىم جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشتا باشلامچى بولۇپ چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتتىلە، بۇنىڭدىن تەڭرىنىڭ تەشەككۈرىنى بىلىش تەس ئەمەس. ئالىلىرى ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى توپلاپ، كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولدىلا، يۇقىرالارغا ياخشىلىق قىلغانلىقلىرى ۋەجىدىن، پۈتۈن جاھان ئۆزلىرىگە تەلپۈنگەن، بۈگۈنكى كۈندە مەرھۇم پادىشا ئالىلىرى دۇنيادىن كېتىپ قالدى. تەختىمىز ئىگىسىز قالدى، ئالىلىرىنىڭ تېزدىن پايتەختكە قايتىپ كېلىپ، تەختكە چىقىپ ئەلنى ئەنسىزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشلىرىنى ئارزۇ قىلىمەن."

1260 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇبلاي يەنجىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ) غا قايتىپ كەلـگەنـدە، ئارىك بۇغا جىددى ھالـدا قوشۇن يۆتـكەش، ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييارلاش بىلەن مەشـغۇل بولۇۋاتـقان ئىـدى. ۋەزىيەتـنىڭ تەقەززاسى بىلەن ليەن شىشـيەن قۇبـلايغا يەنە بىر قېتىـم تەكلىـپ بېرىپ: "ئارىك بۇغا ئالىلىرىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسى، ئۇنىڭ شىمالنى تىزگىنلەپ تۇرغىنىغا بىرقانچە يىل بولدى، ئېھتىمال خانلىق تەختكە كۆز تىككەن بولۇشى مۇمكىن، ئىشنى ئالدىن مۆلچەرلەش، ئۇلۇغۋار پىلاننى بالدۇرراق بېكىتىش لازىم" دېگەن.

1260 ـ يىل 6 ـ ئايدا قۇبلاي ئۆزىنىڭ خانلىق تەختكە چىققانلىـ غىنى جاكالاپ، سۇلالىنىڭ يىلنامىسىنى "جۇڭتۇڭ" دەپ ئۆزگەرتتى.

بۇ چاغ ئىمپېرىيە ئۆز بېشىدىن ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈۋاتـ قان چاغلار ئىـدى. بۇنىڭغا ئائىـت تەپسـىلاتـلارنى يۇقۇرىـدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق، شۇ ۋاقىتلاردا قۇبـلاي ئۆزى بىلەن بىۋاستە خانلىق تالىشىۋاتقان ئارىك بۇغىـنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكـلىگىلا دۇچكېلىپ قالماستىن، بىر قاتار يەرلىك مىلىتارىستـلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكـگىمۇ دۇچكەلگەن ئىدى. يېڭىلا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتـنى مۇستەھكەمـلەش ئۈچۈن، قۇبلاي ئۇلارغا ئومۇمى يۈزلۈك تاقابىل تۇرۇشى، بولۇپمۇ يۈەن سۇلالىسـىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن مۇناسـۋەتـلىك بولغان ئوتـتۇرا جۇڭگـو رايونـىنىڭ ۋەزىيىتـىنى مۇقىمـلاشـتۇرۇشى زۆرۈر ئىدى.

ليەن شىشيەن جىددى تەدبىر سۈپىتـىدە قۇبلايغا ئىككى ئىشنى تەكلىپ قىلـغان: بىرى، كورىـيە پادىـشاسـىنىڭ ۋارىـسى دىبەنـنى ۋەتىنىگە قايتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشا قىلىپ تەيىنلەش؛ يەنە بىرى، جەنۇبىـي سۇڭ سۇلالىـسى بىلەن دەرھـال سـۈلھ تۈزۈپ،

قوشۇنلارنى شىمالغا يۆتكەش.

بىرىنچى تەدبىردە كۆرىيىنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئارك بۇغىنىڭ سول قانىتىنى بەنت قىلىش مەقسەت قىلىنغان، ئىككىنچى تەدبىردە بولسا ئەسكىرىي كۈچنى توپلاپ، ئارك بۇغىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. قۇبلاي بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىشقا ئاشۇردى.

قۇبلاي ئارك بۇغىنىڭ جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن كۈچى بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، شەرقىي شەنشىدىكى قوشۇنلارنىڭ ئارك بۇغا تەرەپكە ئۆتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەر يېتىپ كەلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، قۇبلاي شىمالغا قايتىپ كېلىپلا ليەن شىشيەندىن ۋەزىيەتكە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ليەن شىشيەن ئاساسىي خەۋپ شەنشىدىن كېلىدۇ دىگەن ئىدى. شەنشى جەنۇپتا سىچۈەننى، شىمالدا گەنسۇ، نىڭشيانى تىزگىنلەپ تۇراتتى. مۇھىمى شۇكى، شەنشىدىكى قوشۇنلارنىڭ سەركەردىسى ليۇ تەيپىڭ ئەزەلدىن قۇبلايغا ئۆچ بولۇپ، ئىچىدە غۇم ساقلاپ كەلگەن ئىدى. غايەت زور قوشۇن ۋە يېتەرلىك ئوزۇق-تۈلۈككە ئىگە ليۇ تەيپىڭ مۇبادا ئارك بۇغا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، سىچۈەن، شەنشى ۋە پۈتكۈل غەربىي شىمال رايونى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، ليەن شىشيەن يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى شەنشىگە ئەۋەتىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ۋەقە تەرەققىياتى ليەن شىشيەننىڭ مۆلچەرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قۇبلاي خانلىق تەختىگە چىقىش بىلەنلا، ئارك بۇغىمۇ قاراقۇرۇمدا ئۆزىنىڭ خانلىق تەختكە چىققانلىغىنى جاكالىدى ۋە ئالامدارغا شىمالدىكى قوشۇنلارنى توپلاپ، جەنۇپقا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. يەنە بىر تەرەپتىن، ليۇ تەيپىڭنى شەنشىدىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ماسلىشىپ بىرىشكە كۈشكۈرتتى. شۇ ۋاقىتتا، تۈڭگۈەنىنىڭ غەربىدىكى ھەربى ۋەزىيەت مۇنداق ئىدى: شەنشى رايونىدا ليۇ تەيپىڭ — قۇلۇقاي قوشۇنى، ليۇ پەنشەن تاغلىق رايونىدا قۇندۇقاي قوشۇنى، سىچۇەن ئويمانلىغىدا مەللى قوجا بىلەن قىتاي بۇغا قوشۇنلىرى تۇراتتى.

ئارك بۇغىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ليۇ تەيپىڭ ئاۋۋال قۇندۇقاي بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ئاندىن قۇندۇقاي ئادەم ئەۋەتىپ مەللى قوجا ۋە قىتاي بۇغا بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرلا ۋاقىتتا قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى بىكىتتى. دىمەك، سىچۇەن، شەنشى، گەنسۇ، نىڭشىيا قاتارلىق جايلار ئارك بۇغىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلىنىپ كىتىش، يۇەن سۇلالىسى ئىسكەنجىگە ئېلىنىش خەۋپى يېقىنلاشماقتا ئىدى.

قۇبلاي بۇ جىددى ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ليەن شىشيەننى سىچۇەن-شەنشى رايونلىرىنىڭ ئايغاقچىسى قىلىپ تەيىنلەپ، دەرھال خىزمەت ئورنىغا ماڭدۇردى. بۇ خەۋەر تارقالغان ھامان، ليۇ تەيپىڭ قاتارلىقلار قاتتىق ئالاقزادە بولۇپ، جىڭجاۋ (ھازىرقى شىئەن شەھىرى)دا توپىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغاندا، ليەن شىشيەن قۇبلاينىڭ پەرمانىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى.

ليەن شىشيەن ليۇپەنشەن تېغىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، قۇندۇقايغا قۇبلاينىڭ پەرمانىنى يەتكۈزگەندە، قۇندۇقاي ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى

ئۆلتۇرۇپ، قۇبلايغا قارشى بايرىغىنى رەسمىي كۆتىرىپ چىقتى. شۇ ۋاقىتتا، ھەر ئىككى تەرەپ گويا كامالەككە بېكىتىلگەن ئوقيادەك ئىنتايىن جىددى ھالەتكە چۈشتى.

ليۇ پەنشەن تەرەپتە، قۇندۇقاي بىر تەرەپتىن سىچۇەندىكى مەللى قوجا بىلەن قىتاي بۇغىنىڭ شىمالغا قوشۇن تارتىشقا ھەيدەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ليۇ تەيپىڭ بىلەن قۇلۇقايدىن دەرھال توپىلاڭ كۆتىرىشنى تەلەپ قىلدى.

جىڭجاۋ تەرەپتە، ليەن شىشيەن ئاۋال ليۇ تەيپىڭ بىلەن قۇلۇقايىنى ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرىنى قولغا ئالدى، ئاندىن چېڭدۇ ۋە چىڭجۇگە ئادەم ئەۋەتىپ، مەللى قوجا بىلەن قىتاي بۇغانى شۇ جايلارنىڭ ئۆزىدە مەخپىي قەتلى قىلىۋەتتى ھەمدە سىچۇەن، شەنشىدىن ئەسكەر ۋە ھاشارچىلارنى يىغىپ يېڭى قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى ليۇ پەنشەن تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ شاۋقۇن-سۈرەن سېلىپ، قۇندۇقايىنى قارامىلىق قىلىپ شەرقىقە يۈرۈش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى.

شەنشى، گەنسۇ، سىچۇەنلەرنىڭ كىمگە تەۋە بولۇشى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ قېتىمقى جەڭدە، ليەن شىشيەن ئۆزىنىڭ ئەتراپلىق ۋە قەيسەرانە ھەركىتى ئارقىلىق ئارك بۇغىنىڭ سىچۇەن، گەنسۇ، شەنشىدىكى شېرىكلىرىنى يوقىتىپ، قۇندۇقاينىڭ شەنشىدىكى قوشۇنلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈش سۈيىقەستىنى بىتچىت قىلىپ، تۇنجى قېتىملىق ئېلىشىشتا يېڭىپ چىقتى. لېكىن، ھەربى ئەملىي كۈچ جەھەتتە ليەن شىشيەن يەنىلا ئاجىز ئىدى. ئۇنىڭ ليۇ پەنشەن تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرغان قوشۇنلىرى ھېچقانداق تەربىيە كۆرمىگەن قوشۇن بولۇپ، ماھىيەتتە جەڭ ئىقتىدارى يوق ئىدى. بۇنىڭ

ئەكسىچە، قۇندۇقايغا قاراشلىق قوشۇنلار نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولۇپ، مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە قوشۇنلار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇن لىيۇ تەيپىڭ، قۇلۇقاي، مەللى قوجا، قىتاي بۇغلارغا تەۋە قوشۇنلار گەرچە ئۆز قوماندان-لىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تامامەن قۇبلاي تەرەپكىمۇ ئۆتمىگەن ئىدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا، قۇبلاي لىيۇ تەيپىڭ، قۇلۇقايلارنى كەچۈرۈم قىلماقچى ئىكەن، دېگەن گەپ-سۆزلەر تارقالدى، ئەل-جامائەت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى، دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەيلا، يارلىقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا رەسمىي خەۋەر كەلدى. لىيەن شىشيەن يارلىقنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن لىيۇ تەيپىڭ، قۇلۇقاينى تۇرمىسىنىڭ ئۆزىدە قەتلى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىۋېتىپ، ئاندىن يارلىقنى قوبۇل قىلدى. بۇ ئىنتايىن ئاز ئۇچراي-دىغان قىلىق ئىدى. يارلىق ئوقۇلۇۋاتقاندا، ئەمەلىيەتتە، لىيۇ تەيپىڭ بىلەن قۇلۇقاينىڭ جەسەتلىرى كوچىدا راسا سازايى قىلىنماقتا ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئىككى لاگېردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە جاۋاپ تاپتى — دۈشمەنلەرنىڭ ئۈمىدى بەربات بولدى، خەلقلەرنىڭ تەشۋىشى تۈگىدى[30].

كېيىن قۇبلاي لىيەن شىشيەننىڭ ئىشىنى پۈتۈنلەي ماقۇل كۆردى ھەمدە ئۇنىڭغا يولۋاسنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن يارلىق دەستەك بېرىپ، تۈگگۈەننىڭ غەربىدىكى پۈتۈن قوشۇنلارنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تاپشۇردى. قۇبلاينىڭ لىيەن شىشيەنگە يازغان پەرماندا مۇنداق دېيىلگەن: "مەن ساڭا بىر تەرەپنىڭ ئىشىنى بىر ياقلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەردىم. شارائىتقا قاراپ ئىشلارنى

مۇۋاپىق بىر ياقلىق قىلغايسەن، قائىدە-يوسۇنلار بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.»
ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، لىيەن شىشيەن باش مىرزا ئوك قول ۋەزىرى دىگەن ئۇنۋان بىلەن شەنشى، سىچۈەنىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە تەيىنلەندى.
مۇشۇ ئارىلىقتا لىۇ تەيپىڭ قاتارلىقلار قەتلى قىلىنغانلىقتىن، شەنشىدىكى سىياسى بوران-چايقۇن بىرئاز تىنجىغان ئىدى. لېكىن لىۇپەنشەن تەرەپتە بولسا ئىككى لاگېرنىڭ قوشۇنلىرى يەنىلا سەپ تارتىپ تىركىشىش ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئارك بۇغا ئالامدارنى بىر تۈركۈم قوشۇننى باشلاپ، لىۇ پەنشەنگە بېرىپ، قۇندۇقاي بىلەن بىرلىشىپ شەنشىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇندۇقاينىڭ ھەربى قۇۋۋىتى بىردىنلا ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەخپىي ئەلچىلىرى سىچۈەن، شەنشىدىكى قوشۇنلار ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈپ، تەرەپ-تەرەپ بىلەن ئالاقە باغلاشتى. تۇڭگۈەنىنىڭ غەربىدىكى رايون يەنە ئېغىر قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالدى.
لىيەن شىشيەن بىر تەرەپتىن، جاي-جايلارغا ئۆز ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ خەلققە تەسەللى بېرىپ، ئۇلارنى خاتىرجەملەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، قوشۇنلارنى يۆتكەپ، باشقىدىن مۇداپىئە لىنىيىسىنى ھاسىل قىلدى. شۇنداقتىمۇ، قۇندۇقاي-ئالامدار قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتكەن ھامان، لىيەن شىشيەن سەرەمجانلاشتۇرغان قوشۇنلار ئارقا-ئارقىدىن مەغلۇپ بولۇپ، پۈتكۈل مۇداپىئە لىنىيىسى تەۋرىنىپ قالدى، لىۇپەنشەن تېغىنىڭ شەرقىدىكى نۇرغۇن زىمىنلار قۇندۇقاي، ئالامدارلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەغلۇبىيەت كەيپىياتى ھەتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتلىرىغىچە

كېڭىيىپ، بەزىلەر قۇبلايغا تۈڭگۈەنىڭ غەربىدىكى زېمىنلارنى تاشلاپ خېنەنگە چېكىنىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

ليەن شىشيەن بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى، ئۇ قۇبلاي تاپشۇرغان شارائىتقا قاراپ ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر ياقلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئىشقا سېلىپ، قوشۇنلارنى يىغىۋاشتىن توپلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن شەنشى رايونىدىكى مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ، يىمىرىلىش ئالدىدىكى پۈتكۈل مۇداپىئە لىنىيىسىنى مۇقىملاشتۇردى، ۋەزىيەت بىرئاز ئۆڭشالغاندىن كېيىن، ليەن شىشيەن دادىللىق بىلەن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتى. ليەن شىشيەن قوماندانلىقىدىكى قوشۇن ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ، بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، قۇندۇقاي، ئالامدار قوشۇنلىرىنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئۇ قانىتىغا سۈرۈپ بېرىپ، ئاندىن قوغلاپ يۈرۈپ خېشى رايونىدا بۇ توپىلاڭچى قوشۇنلارنى تامامەن يوقاتتى. توپىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ باشلىقلىرى قۇندۇقاي بىلەن ئالامدارنى شىئەنگە يالاپ كېلىپ قەتلى قىلدى. غەلىبە خەۋىرى كەيپىڭگە يېتىپ بارغاندا، قۇبلاي ليەن شىشيەننى: ”ھەقىقەتەن ئوغۇل بالا ئىكەن“ دەپ ماختىدى[31].

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، تەرەپ-تەرەپتىن بورانلار كۆتىرىلگەن ئاشۇ يىللاردا، مۇھىم مالىيە ۋە ھەربىي بازا بولغان تۈڭگۈەنىڭ غەربىدىكى رايونلاردا توپىلاڭچى قوشۇنلارنى بېسىقتۇرۇپ قىلىپ، توپىلاڭنى تىنجىتقان ليەن شىشيەن شۇ ۋاقىتتا ئاران 30 ياشتا ئىدى؛ كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، 1262-يىلى ليەن شىشيەن باش مىرزا مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى بولۇپ ئۆستۈرۈلۈپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتە ۋەزىرىدىن بىرى بولدى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا لىيەن شىشيەنىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتتىكى خىزمىتىگە باھا بېرىلىپ، مۇنداق دېيىلگەن: "(لىيەن) شىشيەن باش مىرزىلىقتا تۇرغاندا، قائىدە-تۈزۈملەرنى بېكىتىپ، ھەققەت بىلەن مۇغەمبەرلىكنى ئايرىپ، ئىقتىدارسىز، ئارتۇقچە ئەمەلدارلارنى ۋە خوشامەتچىلەرنى ھەيدەپ چىقىرىپ، پايدىلىق ئىشلارنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زىيانلىق ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئىشلارنى راۋانلاشتۇرغان، شۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىش ئۆز يولىدا باشقۇرۇلغان، قانۇن-تۈزۈم ۋە قائىدە-يوسۇن گۈللەنگەن."

لىيەن شىشيەنىنىڭ مەركىزىي مەمۇرى ئاپپاراتتا ئىشلىگەنىدە ياراتقان ئەڭ زور تۆھپىسى "ئەمەلدارلارنى نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش قانۇنى"نى يولغا قويغانلىقىدىن ئىبارەت. چىڭگىزخاندىن بۇيان، ئىمپېرىيە ئەمەلدارلارنى "ئەمەلدار ئەۋلادىدىن باشقىلار ئەمەلدار بولالمايدۇ" دىگەن پىرىنسىپ بويىچە بېكىتەتتى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بۇ قائىدە-يوسۇن "ئەمەلدارلىققا ۋارىسلىق قىلىش چارىسى" دەپ ئاتىلىپ، بىر خىل تۈزۈم بولۇپ شەكىللەنگەن. مۇشۇ قائىدە بويىچە تۆمەنبېشى دىگەن مەنسەپتىن تۆۋەن ھەربى مەنسەپ پۈتۈنلەي ۋارىسلىق قىلىنىدىغان مەنسەپكە ئايلىنىپ كەتكەن. مۇنداق بولغاندا، يېشى 20 گە يەتكەن تۇنجى ئوغۇل سۆزسىز ئۆز ئاتىسىنىڭ مەنسۈپگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. دەرىجىگە ئېلىنغان مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ يېشى 25 كە يەتكەن تۇنجى ئوغۇللىرىمۇ ئۆز ئاتىسىنىڭ مەنسۈپىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالايتتى. كېيىنكى يىللاردا، بۇ تۈزۈم ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردى. نەسەپلىك ئەمەلدارلار گۇرۇھ بولۇۋېلىپ مەلۇم بىر

دائىرىنى ئۆز ئالدىغا سوراپ، باشقۇرۇشقا بوي بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇ هال هوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىقتىدارسىز كىشىلەر ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ هىماتى بىلەن ئەمەلدارلار قاتارىغا كىرىۋېلىپ، تۈزۈكرەك ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالماي، هەر دەرىجىلىك هەربى مەمۇرى ئاپپاراتلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىگە ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلىپ تۇرغان ئىدى.

ليەن شىشيەن تەكلىپ قىلغان "ئەمەلدارلارنى نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش قانۇنى" "ئەمەلدارلىقتا ۋارىسلىق قىلىش چارىسى"دىن كېلىپ چىققان ئەنە شۇنداق ئىللەتلەرنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلغان.

"ئەمەلدارنى نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش قانۇنى"دا نوپۇس كۆپەيگەن، بوز يەرلەر ئېكىنزارلىققا ئايلاندۇرۇلغان، سوراق ئازايغان، قاراقچى-ئوغرىلار تۈگىتىلگەن، غەللە-سېلىق تەكشى بەلگىلەنگەن بولسۇن، دىگەن ئالتە ماددا ئۆلچەم قىلىنىپ، هەر 30، 60 ياكى 90 ئايدا هەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۈستىدىن بىر نۆۋەت تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، خىزمەت نەتىجىسىگە قاراپ ئۇلارنى ئۆستۈرۈش ياكى چۈشۈرۈش بەلگىلەنگەن. "ئەمەلدارنى نەتىجىسىگە قاراپ ئۆستۈرۈش قانۇنى" يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان مۇهىم سىياسى تەدبىرلەرنىڭ بىرى ئىدى، بۇ "قانۇن" يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، هەر دەرىجىلىك هەربى، مەمۇرى ئورگانلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى ئۆستى، هوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشكە توسقۇن بولۇۋاتقان پۈتلىكاشاڭلار تۈگىتىلدى㉜.

كېيىن، ليەن شىشيەن بېيجىڭ مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى

دىگەن ئۇنۋان بىلەن لياۋدۇڭدىكى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىنغان.

1275 - يىل ئارىق ھىيا غەربىي خۇبېيدا شاشى ۋە جياڭلىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا يۈرۈش قىلىۋاتقان يۈەن سۇلالىسى ئاساسىي قوشۇنىنىڭ بىمالال جەڭ قىلىشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن، قۇبلايغا سىچۈەندىكى سۇڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشتىكى دەرۋازىسى بولغان جياڭلىڭغا مەركەزدە مەنسەپ تۇتۇۋاتقان ئەمەلدارلاردىن بىرىنى تەيىنلەش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەندە، قۇبلاي لىيەن شىشيەنىنى جياڭلىڭنى قوغداشقا تەيىنلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەمەلداردىن تۆۋەن ئەمەلدارلارنى ئۆز ئالدىغا خىزمەتكە تەيىنلەش ئىمتىيازى بەرگەن.

13 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىغا كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسى ئاتلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت تارتىۋېلىشنىڭ خاتىمە ياسىقۇچىغا ئۆتۈپ، تەدرىجىي ھالدا قانۇن بىلەن تىزگىنلەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان. لىيەن شىشيەن كەسكىن ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ھەربىي ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا ئاجايىپ كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلار قازىنىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تەرتىپنى تۈزەش، خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇ شەنشى، سىچۈەندىكى ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ۋە جەمئىيەت تەرتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تۇزچىلارنىڭ ئالۋاڭ - سېلىقلىرىنى بىكار قىلدى، نوپۇسسىز ئاھالىلەرنى لىڭۋۇغا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە كۆچۈرۈش قانۇنىنى توختىتىپ قويدى، لىيەن شىشيەن جياڭلىڭدا خىزمەت ئۆتكۈزۈۋاتقان

كۆنىلا "بۇلاڭچىلىق قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، سودا-سېتىق ئىشلىرى راۋانلاشتۇرۇلىدۇ" دېگەن تۈزۈمنى بېكىتتى، ئاندىن ئۇ يەنە "ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگەن ھەربىلەر پۇقرالارنى ئۆلتۈرگەنلەر قاتارىدا جازالىنىدۇ" دېگەن بەلگىلىمىنى چىقاردى. ئۇ يەنە پۇقرالارنى تۇرغۇن سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، جىياڭلىڭ قەلئەسى يېنىدا بىرقانچە ئون مىڭ مو ئېتىز بىنا قىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنى بۇ يەردە تېرىقچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ مائارىپ ئىشلىرىغا ناھايىتى قىزىقاتتى، ئۇ جىياڭلىڭدىكى چېغىدا دائىم مەكتەپلەرگە بېرىپ بىۋاستە دەرس ئۆتەتتى.

لىيەن شىشيەن سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتە يۈكسەك ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپلا قالماي، ھوقۇقدارلاردىن قورقماسلىق شىجا-ئىتىگىمۇ ئىگە ئىدى، لىيەن شىشيەن باش مىرزا مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى بولۇپ تۇرغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەخمەت دېگەن ئادەم يۈەن سۇلالىسىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇراتتى. قۇبلاينىڭ ئىشەنچىگە نائىل بولغان ئەخمەتنىڭ ھوقۇقى ھەددىدىن زىيادە چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن زىتلاشقان كىشىلەرگە خالىغانچە سۇيىقەست ئىشلىتىپ تۇرغانلىقتىن، ھەرقانداق چوڭ ئەمەلدارمۇ ئۇنىڭغا چېقى-لىشقا پېتىنالمايتتى. كېيىن بەزىلەر ئەخمەتنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، قۇبلايغا ئەرز سۇنغاندا، قۇبلاي بۇ ئەرزنى باش مىرزا مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىشىغا تەستىقلاپ چۈشۈردى، بىراق يۈەن سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەتلىك مەمۇرى باش ئاپپاراتىدا بۇ ئەنزىنى سۈرۈشتە قىلىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ چاغدا لىيەن شىشيەن ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ، قۇبلايغا ئەخمەتنىڭ مالىيە باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بىكار قىلىش

توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ.

لىيەن شىشيەن لىياۋدۇڭدىكى ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغان ۋاقتتا، مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئېرى تۇۋقان يوقىلاش ئۈچۈن پايتەختكە كېتىۋېتىپ، يول بويى ئوۋ ئوۋلاش جەريانىدا پۇقرالارنىڭ زىرائەتلىرىنى دەسسەپ نابۇت قىلىۋەتكەندە، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان لىيەن شىشيەن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، پۇقرالارنىڭ زىرائەتلىرىنى نابۇت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. مەلىكە ھەم ئۇنىڭ ئېرى لىيەن شىشيەنىنىڭ ئىناۋىتىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناماقۇل بولغان ۋە 15 مىڭ تىزىق يارماق جەرىمانە تۆلىگەن.

1280 ـ يىلى، لىيەن شىشيەن ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغاندا، يۈەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا "ۋېي كىنەزلىگىنىڭ كىنىزى"، "خېگىياڭ ۋاڭى" دىگەن پەخرىي ئۇنۋانلارنى ئاتا قىلغان.

تونۇشتۇرۇلىدىغان ئۈچىنچى شەخس ئىل ئوقمىش.

1278 ـ يىل، قۇبلاي جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قاراتقان ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندا، ئىران ئىگىزلىگىدە ئىستىلا يۈرگۈزۋاتقان ھىلاكۇمۇ ئىككى دەريا ۋادىسى بىلەن پۈتكۈل ئىران ئىگىزلىگىنى بويسۇندۇرۇپ بولغان ئىدى. شۇ چاغدا ھىندىچىنى يېرىم ئارىلى بىلەن ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىن باشقا، پايانسىز ئاسىيا قۇرۇقلۇغىنىڭ ھەممىسى چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زىمىنغا ئايلانغان ئىدى. شۇڭا، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىگە قارىتىلغان ئۇرۇش ئاياقلاشقان ھامان، قۇبلاي ئۆزىگە ئۇلۇغ ئوكيانىنى نىشان قىلدى.

1280 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك

سۇ قوشۇنى چۇەنجۇ (فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ چۇەنجۇ شەھىرى) دىن يولغا چىقىپ، كورىيە ئارقىلىق ياپونىيىگە يۈرۈش قىلدى. بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى كەڭ كۆلەملىك ئوكيان ھەربى يۈرۈشى ئىدى. بىراق يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى ياپون دېڭىزىدا قاتتىق تەيفېڭ بورىنىغا دۇچكېلىپ، تامامەن غەرق بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىگە قارىتىلغان ھەربى يۈرۈش ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇپ بولۇش بىلەن ئاياقلاشتى. ئۇنىڭ مەغلۇپ بولۇش سىياسى ئۇنىڭ يۈرۈش قىلىش داغدۇغىسىغا ئوخشاشلا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بولدى.

1283-يىلى، قۇبىلاي ياپونىيىگە قايتا يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلغان ئىدى، لېكىن موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ توپىلاڭلىرى تۈپەيلىدىن، ئاخىر بۇ قارارىدىن ۋازكەچتى. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاتلىق ئەسكەرلىرى بىلەن دۇنيانى سۈرۈپ توقاي قىلىۋەتكەن موڭغۇل قوشۇنىدا بىر خىل يېڭى ۋە مۇقىم ئارمىيە تۈرى، يەنى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئوكيانغا يۈرۈش قىلغۇچى سۇ قوشۇنى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ يۈزلىنىشنىڭ قوشۇمچە نەتىجىسى سۈپىتىدە، ئېلىمىزدە دېڭىز ساياھىتىنى كەشىپ قىلغان بىر تۈركۈم مەخسۇس ئىختىساسلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. ئىل ئوقمىش ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلى ئىدى.

ئىل ئوقمىشنىڭ سىياسى ھاياتى ئۇنىڭ قۇبلايغا تۇرقاق بولغان ۋاقتىدىن باشلانغان㉝. بۇ ۋاقىت 1265-يىلى بولۇپ، قۇبلاينىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان ئىدى.

1272-يىلى قۇبلاي ئىل ئوقمىشنى باروبو دۆلىتىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئىككى يىلدىن كېيىن يەنى 1274-يىلى ئىل ئوقمىش

ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى، ئىككىنچى يىلى ئىل ئوقمىش يەنە شۇ دۆلەتكە ئەۋەتىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ساياھەتتە ئىل ئوقمىشقا مۇھىم سىياسى ۋەزىپە تاپشۇرۇلمىغان ئىدى. ئۇنىڭ قىلدىغان ئاساسىي ئىشى يات رايونلاردىكى ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرنى ۋە مەھسۇلاتلارنى يىغىپ، قۇبىلاينىڭ چەتئەللەردىكى بۇ ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەرگە بولغان ھەۋىسىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئىل ئوقمىش ئوكيانلارنى كېزىپ ئىككى قېتىم چەتئەللەرگە بارغانلىقى ۋە ئوكيان ئەللىرى توغرىسىدىكى بىلىمىنىڭ مولluغى ۋەجىدىن ھەربى ئىشلار ۋازارىتىنىڭ ئوتتۇرانچى ۋازىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، يۈەن سۇلالىسى باش ھەربى ئورگىنىنىڭ رەھبەرلىك تەركىۋىگە كىردى. تۆت يىلدىن كېيىن، ئۇ خۇبېي، خۇنەن، جەنچېڭ (بۈگۈنكى ۋېيتنامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى) مۇۋەققەت ۋەزىر مەھكىمىسىنىڭ مەمۇرى ئىشلار مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلىنىپ، جەنچېڭ رايونىدىكى ئىشلارغا مەسئۇل قىلىندى.

1284-يىلى، ئىل ئوقمىش نوقۇل بىر دىنىي ۋەزىپە بىلەن سىنگارۇ (بۈگۈنكى سىرىلانكا)غا بېرىپ، ساكيامونىنىڭ يالدامىلىرىغا سەجدە قىلدى، شۇ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ باش مىرزا مەمۇرى ئىشلار مەسلىھەتچىسى دېگەن ئۇنۋان بىلەن جەنۇپىي تىنجىتقۇچى تۆرە مەھكىمىسىنىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ۋاقىتتا، يۈەن سۇلالىسىدە ئەنەن (ھازىرقى ۋېيتنامنىڭ خانوي شەھىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي رايونلىرى)نى ئىستىلا قىلىشنىڭ ھەربى ھەركىتى ئۈستىدە غۇلغۇلا بولۇۋاتقان ئىدى. بۇ قېتىمقى ھەربى ھەركەتنى پىلانلاشقا جەنۇپىي تىنجىتقۇچى تۆرە مەھكىمىسى رەھبەرلىك قىلماقتا ئىدى.

1287 ـ يىلى، جەنۇپنى تىنجىتقۇچى تۆرە توغان باش قوماندانلىدىغىدىكى يۈەن سۇلالىسىنىڭ يىراقـقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنى ئەننەنگە يۈرۈش قىلدى، يۈەن سۇلالىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلغان سۇ قوشۇنىمۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتناشتۇرۇلدى، سۇ قوشۇنى ھەر بىر جەڭدە غەلىبىگە ئېرىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى قوشۇنلىرى جەڭدە مەغلۇپ بولدى.

ئىل ئۇقمىش توغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ، بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە قاتناشقان. مەغلۇپ بولۇش بىلەن ئاياقلاشقان بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ئىل ئۇقمىش توغرىسىدىكى بىردىن ـ بىر مەلۇمات ئۇنىڭ پىلانلىشى بىلەن توغان ۋە ئۇنىڭ باش لاگېرىنىڭ ئەننەن قوشۇنلىرىنىڭ قاتىمۇ ـ قات مۇھاسىرى ۋە توسۇپ زەربە بېرىشىدىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ چىققانلىغى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ㉞.

توغان ئەننەندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، تۆرىلىكتىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ، توغاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ئىل ئۇقمىش بولسا جازا ھىساۋىدا ماراپپا دۆلىتى (بۈگۈنكى ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى)گە ساكىيامۇنىنىڭ يالدامىلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىلىدۇ. ئىل ئۇقمىش ھىندى ئوكياندا نىمە ئۈچۈندۇ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت يۈرۈپ ئاندىن ماراپپا دۆلىتىگە يېتىپ بارىدۇ، ئىل ئۇقمىش ۋەتەنگە قايتقاندا ئۆزىگە يۈكلەنگەن كونكرېت بۇرچىنى ئورۇنلىغاندىن تاشقىرى، يەنە شەخسەن ئۆزى چىقىم قىلىپ سېتىۋالغان نۇرغۇن قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىياللارنى خۇسۇسى سوغات سۈپىتىدە قۇبلايغا تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق يوللار بىلەن خاتالىغىنى تۈزەتكەندىن كېيىن، ئۆز ۋەزىپىسىگە قايتا تەيىنلىنىپ، ئەخلاق تۆرىسى ئۇنۋانى بىلەن جياڭسۇ ـ ئەنخۈي ئۆلكىسىنىڭ سول قول

ئامبىلى، چۇەنجۇ ئامبىللىق ۋەزىپىلىرىگە قويۇلدۇ.

ئەنئەن ئۇرۇشىدىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى شىمالدا ئىككى قېتىم ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ بىرى، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىدا نويانىنىڭ كۆچىنى يوقاتتى، يەنە بىرى، قاڭغاي تېغى ئېتىكىدە قايدۇ قوشۇنىنى تارمار قىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق غەلىبە قۇبلاينى بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى پۇتلىكاشاڭدىن قۇتۇلدۇردى. چۈنكى 13 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن بۇيان قۇبلاينىڭ ھەممە ھەربى ھەركىتى نويان بىلەن قايدۇ تەرىپىدىن بەنت قىلىپ تۇرۇلغان ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا، ياۋا دۆلىتى (بۈگۈنكى ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلى)دە يۈەن سۇلالىسى ئەلچىسىنىڭ يۈزىگە خەت چېكىپ ھاقارەتلەش ۋەقەسى يۈز بەردى. قۇبلاي شىمالدىكى موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭ بەنت قىلىشىدىن قۇتۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوكيانىدا ئۇرۇش قىلغۇچى سۇ قوشۇنى تەربىيىلىنىپ تېخىمۇ مۇكەممەل قوراللانغان بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە قۇبلاينىڭ ھىندونېزىيە ئاراللىرىغا يۈرۈش قىلىشىغا ئۇبدان بانا بولدى.

1293 ـ يىل 1 ـ ئايدا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ 30 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىر يىل يەتكۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ، مىڭدىن ئارتۇق كېمە بىلەن چۇەنجۇدىن يولغا چىقىپ، جەنچېڭ ئارقىلىق جەنۇبىي دېڭىزغا كىرىپ، توپمۇ ـ توغرا ياۋا ئارىلىغا يۈرۈش قىلدى. ئىل ئۇقمىش يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى بۇ قوشۇننىڭ سۇ قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولدى.

1293 ـ يىل 10 ـ ئايدا، يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى ياۋا ئارىلىغا چىقىپ، ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ، نانئۇرى (بۈگۈنكى سۇماترا

ئارىلىنىڭ ئۇتتۇرا قىسمى)، سۇماترا (بۈگۈنكى سۇماترا ئارىلىنىڭ ئۇتتۇرا قىسمىدىن باشقا جايلار)، بۇدۇبۇرۇ ۋە بارا قاتارلىق ئارال دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇردى. لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە يۈەن سۇلالىسى قوشۇنى يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ قاتتىق قارشىلىقلىرىغا ئۇچراپ تۇردى. شۇڭا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى شى بى، پىيادە ئەسكەرلەر قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى گاۋ شىڭلار دەرھال چېكىنىپ چىقىپ كېتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىل ئۇقمىش بولسا قۇبلاينىڭ ماقۇللۇغىنى ئالغاندىن كېيىن چېكىنىش كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى. يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە قىيىنلاشقانلىقتىن، ئىل ئۇقمىشنىڭ بۇ تەكلىۋى ئەمەلگە ئاشمايلا يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ھىندونېزىيە ئاراللىرىدىن چېكىنىپ چىقىپ، ئۇكياندا 68 كۈن سەپەر قىلىپ، چۈەنجۇغا قايتىپ كەلدى.

يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن گەرچە نۇرغۇن غەنىمەت-ئولجىلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈگىدىن چېكىنگەنلىگى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باش قوماندانى شى بى بىلەن پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ سەركەردىسى گاۋ شىڭ جازالىنىپ 17 دەررە ئۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ھۆكۈمەت غەزنىسىگە مۇسادىرە قىلىندى. ئىل ئۇقمىش يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك قوماندانلىرىدىن بىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭمۇ مال-مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى مۇسادىرە قىلىندى. لېكىن ئۇ قۇبلاينىڭ ماقۇللۇغىنى ئالغاندىن كېيىن چېكىنىش كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرغانلىقتىن، 17

دەررە ئۇرۇلمىدى.

كېيىنكى يىللاردا ئىل ئوقمىش ئىناۋەتلىك تۆرە، مەمۇرى ئىشلار مۇپەتتىشى قاتارلىق ئۇنۋانلار بىلەن دانىشمەنلەر ھۇجرىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1312 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ۋۇكىـ نەزلىگىنىڭ كىنىزى دېگەن پەخرىي ئۇنۋان بېرىلدى.

ئىل ئوقمىشنىڭ ئۆز ئۆمرىدە ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقلىرى بىلەن قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى تەڭ باراۋەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ تارىختا ياراتقان تۆھپىسى يەنىلا ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىدىن چىققان تۇنجى دېڭىز ساياھەتچىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن دېڭىز ـ ئوكياندىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ بېرىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇشتا كونكرېت ھەسسە قوشتى، يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن ياۋا قاتارلىق ئاراللارغا يۈرۈش قىلغاندا، سۇ قوشۇنىنىڭ قوماندانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىل ئوقمىش ئۆز ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن زېمىن ئىستېلا قىلىپ بەردى.

13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى يەنى ئىل ئوقمىش سىياسى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئاشۇ يىللار ئۆتمۈش بولۇپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئوكيان ۋە ھىندى ئوكيان ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئارىغا سېلىنغان بۇ شەكىلسىز كۆۋرۈكنىڭ بىر بۆلىكىنى ئىل ئوقمىش

سالغانلىغىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. ئەلۋەتتە، يۈەن سۇلالىسىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرى ئەمەلدارى بولغان ئىل ئوقمىش مۇستەسنا ھالدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ سىرتقا تاجاۋۇز قىلىشىدا قورالمۇ بولغان.

ئىل ئوقمىش توغرىسىدا بىز دىمەكچى بولغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇ ئىلىمىز بويىچە ياۋا تىلى (ھىندونىپىزىيە تىلى)نى بىلىدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى.

13-ئەسىردىكى تارىخىي مۇھىت ئۇيغۇرلاردىن ھەربىي، سىياسىي جەھەتتىلا بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىپ قالماستىن، بەلكى مەدىنىيەت ۋە سەنئەت جەھەتتىمۇ بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۇرۇپ چىققان. گۈەن يۈنشى بىلەن ئارقۇن سارى ئەنە شۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

گۈەن يۈنشىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى كىچىك يۈنشى ھىيا بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى بويىچە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ئارىق ھىيانىڭ نەۋرىسى ئىدى، ئاتىسى گۈەن جىگارنىڭ ئىسمىدىكى باش ھەرپىنى ئۆزىگە پەملە قىلىپ، گۈەن يۈنشى دىگەن ئىسمىنى قوللانغان، شۇنىڭدەك ئۇ يەنە خەنزۇچە "سۈەنجەي" (غۇربەت ماكان) تەخەللۇسىنىمۇ ئىشلەتكەن.

گۈەن يۈنشى ناھايىتى ئۇستۇن ھەربىي ماھارەتكە ئىگە ۋە ئىنتايىن قاۋۇل-كۈچلۈك بولۇپ، تىپىك ھەربىگە لايىق كىشى ئىدى. لېكىن ئۇ ھەربىي بولۇشتىن ۋازكېچىپ، بىلىم ئېلىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەن. گۈەن يۈنشى ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاتىسىنىڭ مەنسۇبىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خۇەيخې دەرياسى ۋادىسى

تۆمەنبېشى مەھكىمىسىنىڭ دارغاچى بولۇپ، يۈگجۇ رايونىنى ئىدارە قىلغان. ئۇ بىر مەزگىل ئەمەلدار بولغاندىن كېيىن، مەنسۆپنى ئىنى-سىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، شۇ مەزگىلدىكى مەشھۇر ئالىم ياۋ سۈيدىن تەلىم ئالغان. مەنسەپتىن ۋازكېچىپ، بىلىم ئېلىشقا بېرىلىش گۆەن يۈنشىنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈرۈۋەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ خان ئوردى-سىغا تاللىنىپ، شاھزادىلارغا دەرس ئۆتىدىغان مەرىپەتچى بولۇپ تەيىنلەندى.

1312-يىلى گۆەن يۈنشى يېڭىدىن تەختكە چىققان پادىشا رېنزۇڭغا تۆمەن سۆزلۈك تەكلىپنامە سۇنۇپ، مۇنۇ ئالتە تۈرلۈك تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) چېگرا مۇداپىئەسىنى بوشاشتۇرۇپ، ئەخلاقنى نۇرلاندۇرۇش؛ 2) شاھزادىنى ئوبدان تەربىيىلەپ، دۆلەتنىڭ ئۇلىنى تۈزەش؛ 3) نەسىھەتچى ئەمەلدار تەسىس قىلىپ، پادىشا ئالىلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش؛ 4) نام-نەسەپنى توغرىلاپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى قايتا تىكلەش؛ 5) كىيىمنىڭ رەڭگى ۋە فورمىسىنى بەلگىلەپ، ئۆرپ-ئادەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ 6) دانىشمەنلەرنى ئىشقا سېلىش، توغرا يولنى قايتا تىكلەش[35].

گۆەن يۈنشى تەكلىپ قىلغان ئىشلارنىڭ بىرمۇنچىسى دەۋر تەرىپىدىن چەتكە چىقىرىۋېتىلگەن ئىشلار ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشكە پايدىسىز ئىدى. مەسىلەن، چېگرا مۇداپىئەسىنى بوشاشتۇرۇپ، خىزمەت كۆر-سەتكەنلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى قايتا تىكلەش، كىيىمنىڭ رەڭگى ۋە فورمىسىنى بەلگىلەش ۋاھاكازالار.

ئۇنىڭ تەكلىۋىني يۈەن سۇلالىسي ھۆكۈمرانلىرى قوبۇل قىلمى-

غان بولسمۇ، لېكىن ئۇ ھوقۇقـدارلارنىڭ دىققەت ئېتىۋارىـنى قوز-غىدى، شۇڭا ئۇنىڭ مەنسۆى بارغانسېرى ئۆرلەپ، پادىشا مەرىپەتـ-چىسى، ئوردا تۆرىسى، يارلىق پۈتۈكچى، سۇلالە تارىخىنى پۈتكۈچى بولۇپ تەيىنلەندى، لېكىن، گۇەن يۈنشى بۇنـداق يۇقۇرى مەنسەپ ۋە ھالاۋەتلىك تۇرمۇشتىن ۋازكەچتى. ئۇنىڭ مۇنـداق قىلىشى شۇ زاماندىكى ئەمەلـدارلىقنى كەمستـدىغان بىرمۇنـچە ھاكاۋۇر ئەدىپـ-لەرنىڭ قىلىقـلىرىغا ئوخـشاش ئىدى. گۇەن يۈنـشى مەنـسەپـتىن ۋازكەچكەندىن كېيىن، چيەنتاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدا دورا سېتىپ جاھاندارچىلىق قىلىپ، دۇنـيادىـكى ئىشـلارغا پەرۋا قىلـماي، ئۆز خاھىشى بويىچە رومانتىك ھايات كەچۈردى.

گۇەن يۈنشىنىڭ ھاياتى توغرىـسىدا «يۈەن سۇلالىـسى تارىـخى» نىڭ 143 ـ جىلدىدە مۇنداق مەلۇمات بار: ”ئۇ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ يۇرگەنـلىكـتىن، ئۇنى ئادەتـتە كـشـلەر تونۇمايتتى. بىر كۈنى ئۇ لياڭشەن كۆلى بويىـدا بىر بېلىقـچىـنىڭ قومۇشتا بورا توقۇۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى دۇردۇنغا ھـلىقى بورىنى تېگىشمەكچى بولدى. بېلىقچى بۇ ئەخـمەقـلىق قىلىۋاتىـدۇ دەپ ئويلاپ، قەستەن: تەخسىرنىڭ بورامىغا كۆزى چۈشكەن بولسا، شېئىر بىلەن تىلخەت يېزىپ بەرسە، دىگەندە، ئۇ دەرھال قەلىمىنى چىقىرىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا شېئىر يېزىپ بەردى ۋە دۇردۇنـنى تاشلاپ قويۇپ، بورىنى ئېلـىپ يولـغا راۋان بولـدى“. شۇنىڭـدىن باشلاپ، گۇەن يۈنشىنىڭ قومۇش بورا ھەقـقىدىكى شېئـىرى خەلق ئارىـسىغا تارقىلىپ، ئۇنىڭ رومانـتىـك تۇرمۇشىـنىڭ ئەڭ ئوبـدان تەسۋىرى بولۇپ قالغان.

گۇەن يۈنشى ئىلىمگە ناھايىتى ئەستايىـدىل مۇئامىلە قىـلاتتى،

كونا يوسۇن بىلەن ئۆزىنى چەكلەپ قويمىغان ئىدى. شۇڭا كېيىنكى يىللاردا ئۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، جەمئىيەتتە يۈكسەك شۆھرەت قازانغان. ئۇ بارغانسىرى يەردە ئەمەلدار، تۆرىلەر ئۇنىڭغا ئولىشىۋالاتتى، ئۇنىڭ بىرەر ئەسىرىگە ئېرىشىپ قالسا، گۆھەرگە ئېرىشىۋالغاندەك بولۇپ كېتەتتى. گوەن يۈنشى 1324 - يىلى 39 يېشىدا ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولىدى، يۈەن سۇلالىسى ئۇنىڭغا جىڭجاۋ ئايماق بېگى دەپ پەخرىي ئۇنۋان بەردى.

گوەن يۈنشى ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتتە يارىتقان تۆھپىسى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان. ئۇ خەنزۇچە تىل - يېزىقتا ناھايىتى پىششىق ئىدى، شېئىرىيەت ۋە خەتتاتلىقتا ماھىر بولۇپ، كىتاپ ۋە تارىخنى پىششىق ئۆگەنگەن، بىرقانچە جىلدلىق ئەسەر يازغان، «ۋاپانامە شەرھى» دىگەن كىتاپنى يازغان ئىدى، مۇزىكا - نەغمىگىمۇ ناھايىتى ماھىر ئىدى، ئۇ ئۆزى ئىجات قىلغان نەغمىلەرنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ گەنپۇ دىگەن يېرىدىكى ياڭ پەملىلىك كىشىگە ئۆگەتكەن. كېيىن گوەن يۈنشى ئۆگەتكەن بۇ نەغمىلەر "خەييەن نەغمىسى" دەپ ئاتىلىپ، "كېياڭ نەغمىسى"، "يۈياۋ نەغمىسى" بىلەن بىللە جەنۇپتىكى ئۈچ نەغمە دەپ نام ئالغان ۋە كېيىنكى كۈنلەردە تەرەققى قىلىپ، ھازىرقى كۈنچۈ تىياتىر مۇزىكىلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان.

ئەمدى ئارقۇن سارىنى تونۇشتۇرىمىز.

ئارقۇن سارىنىڭ دادىسى يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتىدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بۇددا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بۇددا دىنى باش مىرزىسى بولغان. ئارقۇن سارى ئەنە شۇنداق ئائىلىدە تەربىيىلىنىپ، كىچىك چېغىدىلا تۈرلۈك ئىلىم - بىلىم بىلەن ئۇچراشقان، ئارقۇن

سارىنىڭ ئەمەلدارلىق ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى دانىشمەنلەر يۇرتى ۋە تارىخ پۈتۈش ھۇجرىسىغا ئوخشاش ئىلىم ئورگانلىرىدا ئۆتكەن. بۇ ساھەدە ئۇنىڭ مەنسۇپ دانىشمەنلەر ھۇجرىسىنىڭ ئەلامىسى دەرىجىسىگە يەتكەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەمۇرى ئىشلار باش مىرزىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، يۈەن سۇلالىسى مەمۇرى باش ئاپپاراتىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

قۇبلاي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، يۈەن سۇلالىسى مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى يولغا قويدى، دانىشمەنلەر ھۇجرىسى ۋە خانلىق ئوقۇش يۇرتى تەسىس قىلىش قاتارلىقلار بۇ تەدبىرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇ تەدبىرلەرنىڭ تەشەببۇسچىسى ئەنە شۇ ئارقۇن سارى ئىدى.

يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللاردا، ئۇنىڭ خىللا بىر قىسىم ھەربى ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلىرى تېخىچە بۇلاڭ-تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىق قىلىش ئەسكى ئادىتىدىن خالى بولالمىغان. شۇڭا زىيالىلارغا سەل قاراش ھەتتا زىيالىلارنى كەمسىتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇراتتى. شۇ چاغدىكى بىر، تەمسىلدە جەمىيەتتىكى كىشىلەر دەرىجىگە ئايرىلغاندا زىيالىلار پەقەت تىلەمچىلەردىنلا ئۈستۈن بولغان توققۇزىنچى دەرىجىگە ئايرىلغان ئىكەن، مۇشۇ سەۋەپتىن، نۇرغۇن زىيالىلار جەمىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدا كۆمۈلۈپ قالغان، ياكى تاغ، ئورمانلارغا قېچىپ كەتكەن. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى يوقىتىلىپ، مەملىكەت مىزبىرلىككە كېلىپ، دۆلەت تۇرمۇشى پەيدىن-پەي قانۇن، يوسۇن بىلەن باشقۇرۇشقا قەدەم قويغاندا، تۈرلۈك مەخسۇس بىلىمگە ئىگە زىيالىلارغا بولغان ئېھتىياج كۈندىن-كۈنگە كۈچەيدى.

1284-يىلى، ئارغۇن سارى ئوردا تۆرىسى، خاننىڭ سول قول مەسلىھەتچىسى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇبىلاي بىلەن يېقىنلىشىش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ قۇبىلايغا دانىشمەنلەر ھۇجرىسىنى تەسىس قىلىپ، جايلاردىكى زىيالىلارنى يىغىپ، ئېھتىياجلىق ئورۇنغا قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، شۇ يىلى 9-ئايدا قۇبىلاي بۇ تەكلىپنى تەستىقلاپ، ئارغۇن سارىنى دانىشمەنلەر ھۇجرىسىنىڭ ئەللامىسى قوشۇمچە تارىخ پۈتۈش ھۇجرىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىن دانىشمەنلەر ھۇجرىسى دېگەن نام دانىشمەنلەر يۇرتى دەپ ئۆزگەرتىلىپ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىنىڭ دائىملىق ئورگانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىزمەت دائىرىسىمۇ زىيالىلارنى توپلاشتىن مائارىپ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكىچە كېڭىيىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئارماققا ئايلاندى[36].

خانلىق ئوقۇش يۇرتىنى تەسىس قىلىش ئارغۇن سارىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەكلىۋى ئىدى، ئارغۇن سارى ئۆزىنىڭ بۇ تەكلىۋىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: "ئىلىم-بىلىم ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ ئاساسى، خانلىق ئوقۇش يۇرتىنى قۇرۇپ بىلىمگە ئىنتىلىدىغانلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ئوبدان كۈتۈپ، ئالىملارنى كۈندىن-كۈنگە كۆپەيتىش كېرەك." دېمەك، ئوقۇش يۇرتىنى تەسىس قىلىشتا ھەر خىل ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان. ئارغۇن سارىنىڭ بۇ تەكلىۋى قوبۇل قىلىندى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. خانلىق ئوقۇش يۇرتىنى پۈتتۈرگەنلەرگە بىردەك مەنسەپ بېرىلەتتى. كېيىنكى يىللاردا خانلىق ئوقۇش يۇرتى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار تاللاشتىكى

ئاساسلىق مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدار تاللاشتىكى يەنە بىر مەنبەسى بىۋاستە ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق تاللاشتىن ئىبارەت ئىدى.

كېيىن خانلىق ئوقۇش يۇرتى "موڭغۇل خانلىق ئوقۇش يۇرتى"، "مۇسۇلمان (پارس) خانلىق ئوقۇش يۇرتى" دەپ ئايرىلىدى. بۇ ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تۈرلۈك تىللارنىڭ تەرجىمانلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىدى.

شۈبھىسىزكى، خانلىق ئوقۇش يۇرتى يۈەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئەمەلدار يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، بىلىم تارقىتىش ۋە مەدىنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىنى كۈچەيتىش رولىنىمۇ ئوينىدى. ئەھمىيىتىدىن قارىغاندا، كېيىنكىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

بىز ئارقۇن سارىنىڭ ئېلىمىز مەدىنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قوشقان تۆھپىسىگە باھا بەرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ شەخسى ئىقتىدارىنىمۇ سەل قارىيالمايمىز. ئارقۇن سارى موڭغۇلچە باسبا يېزىقىنى ئىجات قىلغان باسبا لامانىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. باسبا لاما گەرچە زاكزۇ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يېڭى بىر دەۋر موڭغۇل يېزىقىنى ئىجات قىلىپ داڭ چىقارغان، بۇ شاگىرت-ئۇستازلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزى ئارقۇن سارىنىڭ بىلىم ئاساسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئارقۇن سارى خەنزۇچىغا، موڭغۇلچىغا ۋە بەزى چەتئەل تىللىرىغا ناھايىتى پىششىق ئىدى.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دىكى مۇنۇ مەلۇمات بىزنىڭ ئارقۇن سارىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ: "جىيۈەننىڭ 20-يىلى غەربىي دىياردىن بىر راھىپ كېلىپ، ئۆزىنى مۇنەججىملىكنى بىلىمەن، دەپ تونۇشتۇردى، تەرجىمانلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ

تىلىنى چۈشىنەلمىدى. پادىشا ئاللىرى ئەتراپىتىكىلەردىن كىم بۇ
ئىشقا يارايدۇ، دەپ سورىغاندا، تۆرە ئىسىملىك ئەمەلدار: ئارقۇن
سارى يارايدۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئارقۇن سارى چاقىرىپ كېلى-
نىپ، مۇنازىرىگە چۈشۈش بىلەنلا غەربى دىياردىن كەلگەن راھىپ
ئۇنىڭغا تەن بەردى. ئاللىرى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئۇنى
ئوردا تۇرقاقلىغىغا (مۇھاپىزەتچىلىكىگە) ئالدى. بىر كۈنى بىر
جەنۇپلۇق ئادەم سۇك سۇلالىسىنىڭ پادىشا جەمەتىدىكىلەردىن
ئىسيان كۆتەرمەكچى بولغانلار بار، دەپ مەلۇمات بەرگەنىدە، ئالى-
لىرى سۇك سۇلالىسىنىڭ پادىشا جەمەتىدىكىلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە
دەرھال ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى يولغا چىققاندا، ئارقۇن سارى
ئۇلگۇرۇپ كېلىپ ئاللىرىغا: مەلۇمات بەرگۈچى مۇغەممبەرلىك
قىلدى، ئەلچى ئەۋەتىپ، ئادەم تۇتۇپ كېلىش مۇۋاپىق ئەمەس،
دېدى. ئاللىرى: سىز نېمىگە قاراپ شۇنداق دەيسىز؟ دەپ سورى-
غاندا، ئۇ: ئەگەر ھەقىقەتەن ئىسيان كۆتەرمەكچى بولغان بولسا،
نېمە ئۈچۈن ناھىيە، ئايماق بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولىدۇ. ئەجىبا،
مەلۇمات ناھىيە، ئايماقتىن كەلمەي، نېمىشقا ئوردىمىزنىڭ يېنىدىن
كېلىدىكەن؟ چوقۇم قىساس ئېلىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە جەنۇبىي ئۆلكىلەر يېڭىدىن تىنجىتىلدى. پۇقرالار دېلىغۇل
بولۇپ، پۈتۈنلەي بويسۇنۇپ كەتمىدى. چۈپرەندىلەرنىڭ ئۆسەك
سۆزلىرى بىلەن ئادەم تۇتقۇن قىلىنسا، ھەممە كىشى ساراسىمىگە
چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۆزىمىز پىتنە-پاساتچىلارنىڭ دامىغا
چۈشۈپ قالىمىز، دېدى. ئاللىرى بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپ، دەر-
ھال كىشى ئەۋەتىپ، ئەلچىنى قايتۇرۇپ كەلدى. مەلۇمات بەرگۈچى
زىندانغا تاشلىنىپ سوراقتا تارتىلغان ھامان ئىقرار قىلدى. دەر-

ۋەقە، ئۇ قەرز سورىغاندا بەرمىگەندىن كېيىن تۆھمەت چاپلىغان ئىكەن. پادىشا ئالىلىرى: «سىز گەپ قىلمىغان بولسىڭىز چاتاق چىقـقان بولاتتى، ئەپسۇسكى، سىزنى بالدۇرراق ئىشلەتمەپتىمەن، دېدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئارقۇن سارى پادىشا ئالىلىرىنىڭ يېنىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىدى.»

ئارقۇن سارىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى ئۆلچەپ كۆرگەندىن كېيىن، شۇنداق تونۇشقا كېلىش مۇمكىنكى، ئارقۇن سارىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى ئۇنىڭ شەخسى ئىجادىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ سىياسى ئورنىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن ئەھمىيەتـلىك تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا. ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىشتە، شۇنداقلا ۋەتىنىمىز مەدەنىيىتىنىڭ باغلىنىشلىق ھالدا راۋاجلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولدى. 13 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت تارىخىدا ئارقۇن سارىنىڭ ئورنى دەل مۇشۇ تۆھپىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

گوەن يۈنشى بىلەن ئارقۇن سارىدىن باشقا، شىنجاڭ سىيەتتە ماھىر ئەدىپلەردىن شى يۈلى، شى بەيلياۋ، ماھىر سەنئەتكارلاردىن راھىپ لولو، بايان بۇغا تېكىن، مەشھۇر تارىخچىلاردىن ليەن خۈيشەن ھىيا، سارابان، يۆجۇ، كاپىيان سارى قاتارلىقلارمۇ بار. ليەن خۈيشەن ھىيا «لياۋ سۇلالىسى تارىخى»نى تۈزۈشتە باش مۇھەررىر بولغان. سارابان «جىن سۇلالىسى تارىخى»نى تۈزۈشتە باش مۇھەررىر بولغان. يۆجۇ بىلەن كاپىيان سارى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشقان.

لۇ مىڭشەن مەشھۇر يېزا ئىگىلىك ئالىمى بولۇپ، ئۇنىڭ «تېرىقـ

چىلىق، يىپەكچىلىك، ئۈزۈق-تۈلۈك، كىيىم-كېچەك ئاساسلىرى» دىگەن ئەسىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتىقان، ئاي ھەم مەۋسۇم بويىچە يېزىلغان قەدىمقى يېزا ئىگىلىك قامۇسى ھىساپلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئالىملىرى يېتىشىپ چىققان، مەسىلەن، ئەن زاڭ، بېيلىن نازىلىگە ئوخشاشلار. ئەن زاڭ «كۆلپەت رىسالىسى»، «جېنىگۇەن يىللىرىدىكى مۇھىم تەدبىرلەر»، «دورىگەرلىك قامۇسى» قاتارلىق كىتاپلارنى، بېيلىن نازىلى خەنزۇچە، پىراخمىچە، زاڭزۇچە يېزىقتىكى ئالتە خىل كىتاپنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

13-ئەسىردىكى تارىخىي مۇھىتنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا سىياسى، ئىقتىسات، ھەربى، مەدىنىيەت، سەنئەت ساھەسىدە ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى ھەرگىز تاسادىپى ئەمەس. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي ئېقىمىدا تەرەققى تاپقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ئۇنىڭ مەنبە-سىنى يىراق ئۆتمۈشكىچە سۈرۈشتە قىلغىلى بولىدۇ. ئۇزاق تارىخىي يىللاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولغان ئۇيغۇرلار ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، ۋەتىنىمىزنىڭ زېمى-نىنى بەرپا قىلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدىنىيىتىنى يارىتىش يولىدا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىللە كۈرەش قىلغان، ئەمگەك قىلغان، تەر ئاققۇزغان. مانا بۇ 13-ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن تارىخىي ھادىسىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك ئىچكى سەۋەۋى.

13-ئەسىردىكى سىياسى ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەر بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىككە پۇرسەت ۋە سورۇن ھازىرلاپ بەردى، خالاس. ۋاھالەنكى، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلاردىن بارلىققا كەلگەن

زور بىر تۈركۈم سىياسى، ئىقتىسات، ھەربى، مەدىنىيەت، سەنئەت جەھەتتىكى ئىقتىساس ئىگىلىرى بۇ تارىخىي مۇقەررەرلىكنى گەۋدى- لەندۈردى. ئۇلار نىڭ ئاجايىپ ئۈنۈملۈك پائالىيەتلىرى ۋەجىدىن، ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ ئائىلىسىدىكى باشقا مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ خەنزۇ مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىشلەر كۆپەيدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشتا چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك تۆھپىلەرنى ياراتقان.

## پايدىلىنىلغان كىتابلار


① ② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 - جىلد.
③ «يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 50 - جىلد.
④ «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»، 256 - بەت.
⑤ سېن جۇڭمىيەن: «ياللۇغ شىلياڭ قەۋرە تېشىدا تىلغا ئېلىنغان جاي ۋە ئادەم ئىسىملىرى»، «جۇڭگو - چەتئەل تارىخى، جۇغراپىيىسى دەلىللىرى»، ئىككىنچى كىتاب.
⑥ ⑦ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 - جىلد.
⑧ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 1 -، 12 -، 14 -، 18 -، 63 - جىلدلەر.
⑨ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 14 -، 63 - جىلدلەر.
⑩ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122 - جىلد.
⑪ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 - جىلد.
⑫ ۋاڭ گوۋېي ئىزاھلىغان: "موڭغۇل - تاتار ھەققىدە».
⑬ ⑭ «ياللۇغ شىلياڭ قەۋرە تېشىدا تىلغا ئېلىنغان جاي ۋە ئادەم ئىسىملىرى».

⑮ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 10 ـ ، 11 ـ ، 13 ـ ، 63 ـ جىلدلەر.
⑯ «يۇەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى»، 55 ـ جىلد.
⑰ «شەجەرەئى تۈرك».
⑱ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 124 ـ جىلد.
⑲ «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»، 266 ـ بەت.
⑳ «رەۋزە تۇسساپا».
㉑ ۋېڭ دۇجيەن: «يۇەن سۇلالىسىنىڭ تۈزۈم ـ پەرمانلىرىدىكى تەرجىمە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، «يەنجىڭ ئىلمىي ژورنىلى»، 30 ـ سان.
㉒ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 1 ـ جىلد.
㉓ ㉔ ㉕ ㉖ ㉗ ㉘ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 128 ـ جىلد.
㉙ ㉚ ㉛ ㉜ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 126 ـ جىلد.
㉝ ㉞ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 131 ـ جىلد.
㉟ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 143 ـ جىلد.
㊱ «يۇەن سۇلالىسى تارىخى»، 130 ـ جىلد.

# توققۇزىنچى باب
# چاغاتاي خاندانلىغى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

## بىرىنچى بۆلۈم چاغاتاي خاندانلىغى

### 1. چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى

13-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مەلۇم بىر مەزگىلدىكى تارىخىي ۋەقەلەردە ئاساسلىق رولغا چىققان ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جۇجىنىڭ ئوغلى باتو ياۋروپاغا بولغان ھەربى يۈرۈشكە قوماندانلىق قىلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتۇن ئوردا خاندانلىغىنى قۇرغان؛ ئۈچىنچى ئوغلى ئوغوتاي خان بولۇپ، ئىمپىرىيىنىڭ باشلىغى بولغان؛ تۆتىنچى ئوغلى تولىنىڭ ئەۋلاتلىرى مونكە، قۇبلاي، ھىلاكۇ، ئارىك بۇغىلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىلىمىزنىڭ يۈەن سۇلالىسى ۋە ئىران ئىگىز-لىگىدىكى ئىلخان خاندانلىغىنى قۇرغان.

قاتتىق داۋالغۇش ۋە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا ئۇن-تىنسىز تۇرۇپ كەلگەن چاغاتاينىڭ ئەۋلاتلىرى 14-ئەسىرگە كەلگەندە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئاساسلىق كۈچكە ئايلىنىپ، چاغاتاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان چاغاتاي خاندانلىغىنى قۇردى.

بۇ خاندانلىقنىڭ پائالىيەت دائىرىسى تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە

شىمالى، ماۋۇرائۇننەھر رايونى، شۇنىڭدەك ئىران ئېگىزلىكىنىڭ قىسمەن جايلىرىغىچە كېڭەيگەنلىكتىن، شۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغان نىشان بولۇپ قالغان ئىدى. 13-ئەسىردە چىڭگىزخاننى باش پەردە قىلغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئويۇن چاغاتاي خانداىلىقى دەۋرى بىلەن ئاياقلاشتى.

چاغاتاي چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونى ۋە ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن ئىدى①. چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بۇ رايونلار چىڭگىزخان قۇرغان ئىمپېرىيە دائىرىسىدە ئەڭ باياشات رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ رايونلاردا دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىنىڭ يولغا قويۇلغىنىغا بىرقانچە مىڭ يىل بولغان. ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قۇرۇقلۇقتىكى قاتناش لىنىيىسى بولغان يىپەك يولىنىڭ ئاساسلىق قىسمى مۇشۇ رايونلاردىن ئۆتكەنلىكتىن، بۇ دائىرىدە ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتمۇ ئۇزاق تارىختا ۋە كەڭ مىقياستا ئىگە ئىدى.

شۈبھىسىزكى، بۇ رايونلارنىڭ باياشاتلىقى ۋە غايەت زور ئىقتىسادىي ئەھمىيىتى ئىمپېرىيە ھۆكۈمرانىنىڭ دىققەت-ئېتىۋارىنى قوزغىغان ئىدى. شۇڭا چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا مەسئۇت يالىۋاچ ئىسىملىك بىر كىشىنى بۇ رايونلارنىڭ مەمۇرى ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ رايونلارنى ئىمپېرىيە مەركىزىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىغا قويغان ئىدى. كېيىنكى يىللاردا، ئىمپېرىيە ھوقۇقىنى داۋاملىق ھالدا مەركەزلەشتۈرگەن چاغلاردا، چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن بۇ رايونلار، مەيلى قانۇنىي جەھەتتە بولسۇن،

ياكى ئەمەلىيەتتە بولسۇن، ئىزچىل تۇردە ئىمپېرىيىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ كەلگەن. ئاقىۋەتتە بۇ رايون ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ شەكىللەنمىگەن. مانا بۇ چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ ئاشۇ يىللاردا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمىغانلىقىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى ئىدى.

ئارك بۇغا توپىلىكى ئىمپېرىيىنىڭ چېت-توساقلىرىنى بۇزۇۋەتتى دەپ قارالسا، قايدۇنىڭ توپىلىكى، ئەمەلىيەتتە، ئىمپېرىيىنىڭ سىياسىي كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى تامامەن بۇزۇۋەتكەن ئىدى. تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونى ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونى قايدۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن.

چاغاتاي ئەۋلادى دۇئا قايدۇنىڭ قۇبلاي بىلەن خانلىق تالىشىش ھەركىتىنى قوللىدى ھەمدە قايدۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا قۇبلاي باشچىلىقىدىكى تولى ئەۋلاتلىرىغا قارشى جەڭ قىلىپ، يۈەن سۇلالىسىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ئورۇنلاشتۇرغان قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىشتا غايەت زور رول ئوينىدى. 1275-يىلى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن تۇرپان ۋادىسىدىكى قوجۇ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلغان ئەنە شۇ دۇئا ئىدى②.

بۇ مەزگىلدە. قۇبلايغا قارشى كۈرەش ئۇغۇتاي-چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ بىرلەشمە كۈرىشىگە ئايلانغان بولۇپ، جەڭ مەيدانلىرىدىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى بىرگە قارشى ئىككى ئىدى، يەنى چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى بىلەن ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئەۋلاتلىرى بىرلىشىپ، چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئەۋلاتلىرىغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان ئىدى. ۋولگا دەرياسى بويىدا ھاكىمىيەت تىكلەپ، ئاسىيانىڭ مەركىزىي قىسمىدىن يىراقتا تۇرغان

چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىنىڭ ئەۋلاتلىرى بولسا بۇ ئۇرۇش غوۋغالىرىدىن خالى بولغان.

تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قۇبىلايغا قارشى بۇ ئۇرۇش كۆز-لىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. قۇبىلاي ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئۇزۇل-كېسىل تىكلەپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر بىرلىككە كەلگەن فېئودال خاندانلىق — يۈەن سۇلالىسىنى قۇردى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتە ئىمپېرىيىسىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىمۇ مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت بولۇپ قالغان ئىدى. قايدۇ قۇبلايدىن خانلىقنى تارتىۋالالمىغان بولسىمۇ، لېكىن سابىق ئوگوتاي، چاغاتاي سۇيۇرغاللىرىدا ئۆزىنىڭ هاكىمىيەت گەۋدىسىنى قۇرۇپ، مۇشۇ دائىرىدە خان بولدى.

1301-يىلى قايدۇ ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى.

ئوگوتاي ئەۋلاتلىرىدىن ھېچكىممۇ ئابروي ۋە ئىقتىدار جەھەتتە قايدۇنىڭ ئورنىنى باسالمىدى. شۇنداقلا ئوگوتاي ئەۋلاتلىرىدىن ھېچكىممۇ چاغاتاي ئەۋلادى دۇئانىڭ تەسىرىگە تەڭ كېلەلمىدى. قۇبىلايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بىرقانچە ئون يىللىق ئۇرۇشتا قايدۇدىن قالسىلا دۇئا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى.

قايدۇدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى جەبار خان بولدى. جەبارنىڭ خانلىقتا چىققىشى تامامەن دۇئانىڭ قوللىشى بىلەن بولغان. بىراق ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا جەبار دۇئا بىلەن توقۇنۇشۇپ قالدى. جەبارنىڭ ھەركىتىنى موگغۇل ۋاڭلىرى ۋاپاسىزلىق، خىيانەتكارلىق دەپ قارىغانلىقتىن، جەبار مەنىۋى مەدەتلەردىن مەھرۇم قالدى. 1304-يىلى دۇئا قوشۇن تارتىپ جەبارنى مەغلۇپ قىلدى. جەبار ئۇستىدىن قازانغان غەلىبە دۇئانى قايدۇنىڭكىدىنمۇ كەڭ زېمىنغا

ئىگە قىلدى. ئۇ ئۆز ئەجدادى چاغاتايغا بېرىلگەن سۇيۇرغالنىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئوگوتايغا بېرىلگەن سۇيۇرغالنىمۇ ئىلكىگە ئالدى. بۇنىڭدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسىنىڭ كۈچى تىيان-شاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، دۇئا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى باشقۇرۇپ كەلگەن تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلارغىمۇ ئىگە بولدى. دۇئا مۇشۇ دائىرىگە خان بولۇپ، ھاكىمىيەت تىكلىدى. بىرقانچە ئەسىردىن كېيىن بۇ ھاكىمىيەت چاغاتاي خانىدانلىقى دەپ ئاتالدى③.

چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئەڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونلىرى، مەسىلەن، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ماۋەرائۇننەھر رايونى كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىۋى خەلقلەر پەيدا بولغان ھەم ياشاۋاتقان ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئوتلاقلار، ئىبىتايلۇق، جۇڭغار ئويمانلىقى، بالقاش كۆلىنىڭ ئەتراپى ھەممىدە يەتتە سۇ رايونىمۇ چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن.

1306-يىلى دۇئا ئالەمدىن ئۆتۈپ، خانىدانلىقتا قاتتىق قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى. پۈتكۈل ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى دۇئادىن قېپقالغان خانلىق تەختىگە ئېتىلدى، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر تالىقۇنى قوللاپ، خانلىق تەختكە چىقاردى. بىر قېتىملىق زىياپەتتە دۇئانىڭ كىچىك ئوغلى كەبەك تالىقۇنى ئۆلتۈرۈپ خانلىقنى تارتىۋالدى. ئومۇم ئېتىراپ قىلغان قائىدە-يوسۇن بويىچە بولغاندا، دۇئانىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئېسەن بۇقا ۋارىسلىق قىلىشى لازىم ئىدى. ئېھتىمال مۇشۇ قائىدە-يوسۇن تۈپەيلىدىن بولسا

كېرەك، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئېسەن بۇقا خان بولدى④. كەبەك خانلىق تەختتىن مەھرۇم قىلىندى. بۇ ئۆزگىرىش چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پات ئارىدا بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سىياسى سەۋەپ ھازىرلىدى.

13 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن كېيىن، ئۇغوتاي بىلەن چاغاتاي ئەۋلاتلىرى بۇ رايونلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى بولۇش سۈپىتىدە ئىزچىل ھالدا موڭغۇللارنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى كەچۈرۈپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارغا دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئەرزىمەس ئىش ئىدى. ئەگەر ئۇلاردىمۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىغا ھەۋەس بولغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ پەقەت دېھقانچىلىق رايونلىرىنى بايلىق تالان-تاراج قىلىدىغان مەنبە دەپ قاراشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

بۇ سەۋەپنى چۈشىنىش ئانچە تەس ئەمەس. چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرى بۆلۈشۈۋالغان رايونلارنىڭ خەرىتىسىگە كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، تولى ئەۋلاتلىرىدىن ھىلاكۇ ئىران ئېگىزلىكىدە، قۇبلاي خۇاڭخې بىلەن چاڭجياڭ دەريالىرى ۋادىلىرىدا دېھقانچىلىق بىلەن ئۇچراشقاندىن باشقا، قالغان موڭغۇل ۋاڭلىرى بۆلۈشۈۋالغان رايونلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئوتلاقلار ئىدى.

لېكىن شۇ مەزگىللەردە ھەممە موڭغۇل ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش شەكلىنى ساقلاپ تۇرىۋەرمىگەن. يەن سۇلالىسى بىلەن ئىلخان خاندانلىقى شۇ جايلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە مەدىنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تۇرمۇش شەكلىدىن تارتىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۇسۇلىغىچە بىر قاتار ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان.

چاغاتاي ئەۋلاتلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ

ئۆز رايونلىرىدا ئېرىشكەن كۆرۈنەرلىك سىياسى نەتىجىلىرى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى. ئۇلارنى بەكمۇ قىزىقتۇرغىنى يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئىلخان خاندانلىغىنىڭ قۇدرەتلىك قوراللىق كۈچى ئىدى. قۇبىلاي چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئوغوتاي-چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنى قايتا-قايتا مەغلۇپ قىلدى. غازان خان ھۆكۈمرانلىغىدىكى ئىلخان خاندانلىغى بولسا چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ قوشۇنلىرىنى خۇراساندىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن بىللە، يەنە شىمالدا ئەرمەنىستان ۋە گرۇزىيىنى بويسۇندۇردى، غەرپتە مىسىرغىچە ئۇرۇش قىلدى.

چاغاتاي ئەۋلاتلىرى يۈەن سۇلالىسى بىلەن ئىلخان خاندانلىغىنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن مۇكەممەل سىياسى ھۆكۈمرانلىق ئاستىدا جىددى تەرەققى قىلىۋاتقان ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ غايەت زور ھەربى قۇدرەتنى ھاسىل قىلالايدىغانلىغىنى كۆردى.

شۇنىڭدىن كېيىن چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدە بىر خىل يېڭى ئىنتىلىش ۋۇجۇتقا كېلىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى ئىنتىلىش ئاخىردا چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولدى. تەختتىن مەھرۇم قالغان ھىلىقى كەبەك ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى بىر بۆلۈك كىشىلەرنىڭ رايىغا ئۇيغۇنلىشىپ، پايتەختنى دىخانچىلىق رايونىغا كۆچۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوللىشى بىلەن، چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزى 14-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدا يەتتەسۇ رايونىدىن ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كۆچۈرۈلۈپ، قارشى قەلئەسىدە چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ يېڭى مەركىزى تىكلەندى.

پايتەختنى كۆچۈرۈش تەشەببۇسنى ئىشقا ئاشۇرغان بىر بۆلۈك كىشلەر يەنە قۇبىلاي ۋە غازاندىن ئۇدۇم ئېلىپ، ھوقۇقنى مەركەز تۇتۇپ تۇرىدىغان مۇقىم ھۆكۈمرانلىق تىكلەشنى ھەمدە يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى.

تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەتلەر تۈرلۈك قاراشنى ئاساس قىلىپ، كەبەكنىڭ پايتەختنى كۆچۈرۈشتىكى سەۋەپلىرىنى ھەر خىل چۈشەندۈرگەن، لېكىن مۇھىم بىر نۇقتىغا ئۇلار ئانچە دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەن. ئۇ بولسىمۇ، كەبەك بىر قىسىم ۋاڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن قۇتۇلۇپ كېتىشكە بەكمۇ تەقەززا ئىدى، چۈنكى، دەل مۇشۇ ۋاڭ ۋە ئاقسۆڭەكلەر كەبەكنى خانلىق تەختىدىن مەھرۇم قىلغان ئىدى.

بۇ مۇددىئا ئاشۇ ئاقسۆڭەكلەرگىمۇ چۈشىنىشلىك ئىدى، شۇڭا ئۇلار ئەنئەنىۋى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرۇشنى بانا قىلىپ، ئەمەلىيەتتە خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنىڭ ئۆزلىرىدىن يىراق جايغا كېتىپ قېلىپ، ئىلكىدىن چىقىپ كېتىشىگە قارشى چىقتى، ئۇلار يەنە دېخانچىلىق رايونلىرىدىكى فېئودال پومېششىكلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ قېلىشىغىمۇ قارشى چىققان ئىدى.

بۇ ئىختىلاپلار ئاخىرى بېرىپ خاندانلىقنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەپچى بولدى.

## 2. چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى

دەرۋەقە، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بىر قىسىم موغۇل ئاقسۆ-

گەكلىرىنىڭ ھىمايىسىدە، ئىسەن بۇقا ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىن ئايرىلىپ ئالمىلىق قەلئەسىدە (بۈگۈنكى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) بارگاھ تىكتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسەن بۇقا باشچىلىغىدىكى چاغاتاي خاندانلىغى ۋە كەبەك باشچىلىغىدىكى چاغاتاي خاندانلىغى دەپ ئىككى خاندانلىق بارلىققا كەلدى. ئۇلارنى بىر بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلەر كەبەك باشچىلىغىدىكى چاغاتاي خاندانلىغىنى غەربىي چاغاتاي خاندانلىغى، ئىسەن بۇقا باشچىلىغىدىكى چاغاتاي خاندانلىغىنى شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغى دەپ ئاتاشتى⑤.

بۈگۈنكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، قىرغىزىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى، قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىسمەن جايلىرى، شۇنىڭدەك ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسىم رايونى غەربىي چاغاتاي خاندانلىغىغا، بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەتتەسۇ رايونى ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى رايونلار شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغىغا تەۋە بولدى. شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغى موغۇلىستان دەپمۇ ئاتالدى.

چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان ئىدى. كەبەكنىڭ ئۆزىمۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە ئىسەن بۇقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن. لېكىن روشەن دەلىل شۇكى، شۇنىڭدىن تارتىپ ئىسەن بۇقىنىڭ كۈچى ھەر قېتىم ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا كىرمەكچى بولغاندا، ھامان كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ تۇرغان.

رايونلارغا ئايرىلىش ئەھۋالىدىن ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئول-

تۇراقلاشقان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى بولغانلىغى ئايان.

شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىغىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈرۈش قىيىن. بەزى پارچە-پۇرات ماتېرىياللاردىن بىز شۇنىچىلىكلا ئەھۋالنى بىلدۇقكى، ئىسەن بۇقا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئالمىلىقتا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، دوغلات دەپ ئاتالغان بىر جەمەت ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىق قىلغان⑥.

ئىسەن بۇقا ئالمىلىقتا ئۆز بارگاھىنى تىككەن چېغىدا، دوغلات جەمەتى ئىككى تارماققا بۆلۈنۈپ كەتكەن بولۇپ، بىرىگە بۇلاجى باشچىلىق قىلغان، يەنە بىرىگە تۇلەك باشچىلىق قىلدى.

بۇ ئىككى تارماق كۈچ تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىگىلىگەن ئايرىغان. ئاقسۇ — 14-ئەسىردە بۇ رايون ئەردىۋىل دەپ ئاتالغان — نى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقىي شىمالدا تۇرپان ئويمانلىغى، غەربىي جەنۇپتا مارالۋېشى، غەرپتە ئىسسىق كۆلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايوننى بۇلاجى باشقۇراتتى، قەشقەرنى مەركەز قىلغان ھالدا خوتەن بىلەن قەشقەر ئارىلىغىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىسىم رايونى ھەمدە بەدەخشان رايوننى تۇلەك باشقۇراتتى.

ئىسەن بۇقا ئالمىلىققا بارگاھ تىككەندىن كېيىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسىم رايوننى مۇشۇ جەمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا داۋاملىق ھاۋالە قىلدى.

دوغلات جەمەتى تىلغا ئېلىنغاندا، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتىمىزكى، «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەر كۇراگان ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەمەتتىن كېلىپ چىققانلىغىنى ئېيتقان. مۇشۇ جەمەتنىڭ

تارىخىي ئۇستىدە توختىلىپ، «دوغلات جەمەتى موگغۇللارنىڭ بىر تارمىغى» دىگەن. ئەگەر مىرزا ھەيدەر كۆراگانىنىڭ بۇ دىگىنى پۈتۈنلەي دەلىللىك بولسا، ئۇ ۋاقىتتا، دوغلات جەمەتىنىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن موگغۇللار ئىكەنلىگىدە شەك يوق.

بىزگە دوغلات جەمەتىنىڭ تىيانشانىنىڭ جەنۇبىدىكى پائالىيەتلىرى ئايان بولغاندىن تاشقىرى، يەنە شۇ نەرسىمۇ مەلۇمكى، شۇ ۋاقىتلاردا تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىغا غەللە، ئالۋاڭ تاپشۇرۇپ تۇراتتى. بۇ غەللە، ئالۋاڭلار ئاۋال ئاقسۇ رايونىغا توپلىنىپ، ئاندىن تىيانشان يولى ئارقىلىق ئىلى ۋادىسىدىكى ئالمىلىققا توشۇلغان. بۇنىڭدىن بىز شۇنى بىلدۇقكى، ناھايىتى ئۇزاقىچە داۋام قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىگى تۈپەيلىدىن، تۇرپان، خوتەن، قەشقەر، كۇچار قاتارلىق جايلارنىڭ بۇ رايوندىكى ئىجتىمائى تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى زور دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كەتكەن. ئەكسىچە، ئاقسۇ رايونى تىيانشانىنىڭ جەنۇبىدا مۇھىم مەركەزگە ئايلانغان⑦.

شەرقىي چاغاتاي خاندانلىغى مۇقىم تۇراقلىق ئامىللاردىن خالى ھاكىمىيەت ئىدى. بۇ خاندانلىقتىكى پۇقرالار ئوتتۇرىسىدا ئورتاق ئىقتىسادىي ئاساس كەم بولغاندىن تاشقىرى، چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا خۇشتار بولۇپ كەتكەن ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى بىلەن دىخانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى پۇقرالار — ئاساسەن ئۇيغۇرلار — ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە چىقىشالمايدىغان نۇرغۇن جەھەتلەر مەۋجۇت ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، چاغاتاي خاندانلىغىدا ھۆكۈمرانلار سىنىپى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

بىر خىل تالان-تاراچ قىلىش ۋە تالان-تاراچ قىلىنىش مۇناسىۋىتى بولۇپ قالغان. بۇ خىلدىكى تالان-تاراچ باج سېلىق، سوغا-سالام، ھەربى مەجبۇرىيەت ۋە باشقا يوللار بىلەن ئەمەس، بەلكى خاندانلىقنىڭ قوراللىق قوشۇنى ئارقىلىق ئورۇنلىناتتى. شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ بۇنداق ئۇسۇلنى قوللىنىشى ناھايىتى تەبىئى ئىدى. چۈنكى قانۇن-نىزامدىن خالى تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۆز ۋاقتىدا ئىسەن بۇقىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىن ئايرىلىپ چىقىشىدا ئاساسلىق بانا بولغان ئىدى. قانۇن-نىزاملارنىڭ بىر ياقىغا قايرىپ قويۇلغانلىقى جەمىيەتتە تۇراقسىزلىق ۋە زىددىيەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرگەن ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

جەمىيەتتە تۇراقسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان يەنە بىر ئامىل خانلىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىشنى دەۋر قىلغان ئىچكى جىدەل-غوۋغالار ئىدى. بۇ جىدەل-غوۋغالار خانلىقتا ئەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن تۇراقسىزلىق ئامىللىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئىسەن بۇقا ھايات چېغىدىلا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى مەسىلىسىدە ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غۇلغۇلا پەيدا بولغان ئىدى. بۇ مەسىلىنىڭ بۇنداق بالدۇر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئىسەن بۇقا چوڭ خوتۇنىدىن پەرزەنت كۆرمىگەنلىكى سەۋەب بولغان. موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دىگەن ئەسىرىدە، رىۋايەتلەرگە ئاساسەن بۇ ۋەقەنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن: "چىڭگىزخاننىڭ 6-ئەۋرىسى ئىسەن بۇقا خان خانلىق تەختىدە ئىدى. ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى تۇغماس ئىدى، كىچىك خوتۇنى خانىدىن ئېغىرىبوي بولۇپ قالدى. خان شۇ كۈنلەردە ئوۋغا ئاتلاندى. بۇ ۋاقىتتا دوختۇي قەۋمىدىن شىراۋۇل دەپ بىر

ئوغۇل ئىمىر بار ئىدى. توقسان تارتۇق ئېلىپ كۆرۈنۈشكە كەلدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن تۇردى. خان كەلمىدى. ئەمما خاننىڭ چوڭ خوتۇنى كىچىك خوتۇنىنىڭ خاندىن ئېغىربوي بولغىنىنى بىلىپ كۆندەشلىك قىلىپ، ئۇنى مەزكۇر شىراۋۇلغا ئىنئام قىلىپ بەردى*. موغۇلنىڭ رەسمىدە چوڭ خوتۇن كىچىك خوتۇننى خالىسا ساقلاپ، خالىمىسا باشقا بىر ئەرگە بىرەر ئىدى. كاتتا مەقاملىق خان ئوۋدىن قايتىپ كەلدى. كىچىك خوتۇنىنىڭ ئىسمى مەگىلىك ئىدى. خان: "قايان كەتتى" دەپ سورىدى. دوختۇي شىراۋۇل تارتۇق ئېلىپ كەلگەن ئىكەن، مەگىلىكنى ئىنئام قىلىپ بەردىم، دېدى. خان: "يامان بولۇپتۇ، ئۇ مەندىن ئېغىربوي ئىدى، دېدى."

مەگىلىك چاغاتاي خاندانلىغىنى قايتا گۈللەندۈرگەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئاپىسى ئىدى.

ئىسەن بۇقىنىڭ پەرزەنتى بولمىغاچقا، ئۇ ۋاپات بولۇش بىلەنلا، خانلىققا كۆز تىككەن كۈچلەر تەگلا ئېتىلىپ چىقتى، نەتىجىدە خانلىق تالىشىش كۈرىشى قانلىق ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتتى.

خانلىقنى نىشان قىلغان ئۇرۇش ۋە جېدەل-غوۋغالار شۇ دەۋرلەردە ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ جەريانى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى ئۈستىدە تەپسىلى توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن بۇ مەزگىلدە يۈز بەرگەن باشقا بىر ئىش ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئاقسۇدىكى بولاجى جەمەتىنىڭ گۈللىنىشىدۇر.

---

* بەزى مەلۇماتلاردا، بۇ كىچىك خوتۇن شىراۋۇل قەبىلىسىگە ئىنئام قىلىنغان، دەپ يېزىلغان.

بۇلاجى جەمەتىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ شەۋكەتلىك نەسەبنامىسى بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ شەكىللەنگەن. بۇلاجى تۇغلۇق تۆمۈردىن ئىبارەت تۇۋرۇككە تايىنىپ، ھەممە رەقىبلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرنى خانلىق تەختىگە چىقاردى[8].

شۇ چاغدا تۇغلۇق تۆمۈر 15 ياشتا ئىدى. ئايانكى، خانداىلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى بۇلاجىنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەڭ دەسلەپتە غەلىبە قىلغان تۇغلۇق تۆمۈر بولماستىن، بەلكى بۇلاجى ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئىدى.

## 3. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ چاغاتاي خانداىلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ۋە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى

كېيىنكى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانداىلىقىدا ئەڭ قابىلىيەتلىك خاقان ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھاياتىدا قىلغان ئىشلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇ مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلدى: 1) ماۋرائۇننەھر رايونى ۋە ئافغانىستاننىڭ شىمالىي رايونلىرىنى قايتا بويسۇندۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن بىرلىككە كەلگەن چاغاتاي خانداىلىقىنى قۇردى. 2) ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدى ۋە ئۇنى ئۆز قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشتۇردى.

ئىسەن بۇقا ۋاپات بولۇشتىن سەل ئىلگىرى چاغاتاينىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ئەۋلاتلىرى رەسمىي تۇغ تىكلەپ، ئالمىلىقتىن مۇستەقىل تۇرىدىغان ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئىسمى-جىسمىغا لايىق غەربىي چاغاتاي خانداىلىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئۇنىڭ روشەن ئالامىتى كەبەكنىڭ ئۆزىنى خاقان دەپ ئاتىغانلىقىدۇر.

شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىچكى ماجىرالارغا پېتىپ قېلىپ، ھوقۇق باشقىلارنىڭ قولىغا قالغان چاغلاردا، غەربىي چاغاتاي خاندانلىقىمۇ ئوخشاش دەرت-ئەلەم تارتماقتا ئىدى. كەبەك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى غازان خانلىق تەختىگە چىققان ئىدى. غازاننىڭ ئىقتىدارسىزلىقى، زالىملىقى، بەتخەجلىكى، تامامەن ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىشتەك مىجەز-خۇلقى ئۇنىڭ ئىلخان خاندانلىقىنىڭ ئۆزى بىلەن ئىسىمداش خانى غازاندىن پەرقلىنىدىغان روشەن بەلگىسى بولۇپ قالغان.

بۇ چاغدا غەربىي چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى خازخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. 1345-يىلى غازان ۋاپات بولدى. خازخان جەمەتىدىكىلەرنىڭ تىزگىنلىشى ئارقىسىدا، غەربىي چاغاتاي خاندانلىقىدا خانلار قايتا-قايتا ئالماشتى. غەربىي چاغاتاي خاندانلىقى كۈندىن-كۈنگە زەئىپلەشتى.

تۇغلۇق تۆمۈر 1360-يىلدىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئۆزلۈكسىز قوشۇن تارتىپ، ئىككى يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە غەربىي چاغاتاي خاندانلىقى بىلەن 20 نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى. غەربىي چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكى ئىچكى جېدەل-غوۋغا ۋە پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلانغان تۇغلۇق تۆمۈر ئاخىر 1362-يىلى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئاندىن يەنە ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىچە كېڭەيتتى. بەلخ رايونى چاغاتاي خاندانلىقى ئۈچۈن ئىران ئېگىزلىكىدىكى تۇنجى تايانچ نۇقتا بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خاندانلىقىنى قايتا قۇرۇپ چىققان بولدى. تۇغلۇق تۆمۈر

ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياسنى ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەپ، سەمەرقەنتتە تۇرغۇزدى. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزى بىلەن ئىسىمداش يەنە بىر تۆمۈرنى ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەلخ رايونىنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى⑨.

بۇ تۆمۈر كېيىنكى يىللاردا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئىگىزلىكى ۋە كاپكاز رايونىنى يەنە بىر نۆۋەت ئوت ۋە قانلىق كۆلپەت ئىچىگە سۆرەپ كىرىپ، پامىردىن تارتىپ قارا دېڭىزغىچە بولغان ئارىلىقتا يېڭى بىر خاندانلىق قۇرغان تۆمۈر لەڭ ياكى ئاقساق تۆمۈرنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى توغرىسىدا كېيىنكى ئالاقىدار قىسىمدا ئايرىم توختىلىمىز.

تۆمۈر بەلخ رايونىنى باشقۇرۇش مەزگىلىدە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىقلىقى ۋە باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىشەنچىگە نائىل بولدى. شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈر ئۇنى سەمەرقەنتكە يۆتكەپ ئىلياسنىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەمما ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا تۆمۈر دەپ ئاتالغان بۇ كىشى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ئاساسلىق رەقىبىگە ئايلاندى.

تۇغلۇق تۆمۈر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلار ئۇنىڭ ئەجدادى چىڭگىزخاننىڭ ئىمپېرىيە قۇرغىنىغا بىر ئەسىردىن ئاشقان چاغ ئىدى، بۇ جەرياندا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى قۇرغان بىر قاتار خانلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى ئىمپېرىيە مەزگىلىدىكىدەك ئۇنداق ئۈستۈن ھەربىي كۈچكە ئەسلا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇ يېتىشسىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ روھىي ۋاستىگە ئىلتىجا قىلىپ، ئۆزلىرى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان رايونلاردىكى تۈرلۈك دىنلاردىن مەدەت

تىلەشكە مەجبۇر بولدى.

ئىمپېرىيىنىڭ تۆت چوڭ سۇيۇرغالى ئىچىدە چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايوندا مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى. سىياسى ئېھتىياجغا ئاساسەن موڭغۇل ھۆكۈمرانلار بۇ رايوندىكى ئىسلام دىنىغا قارىتا، بەزىدە پايدىلىنىش، بەزىدە يىراقلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. لېكىن يىراقلاشقان چاغلاردىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق توقۇنۇش بولمىغان. لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە موڭغۇل ۋاڭلىرىدىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلارمۇ بولمىغان، بۇلارنىڭ قاتارىدا بىزگە تونۇش بولغان دۇئا، كەبەك، ئىسەن بۇقا قاتارلىقلار بار. بۇ ھال تاكى تۇغلۇق تۆمۈر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلگىچە داۋام قىلغان.

چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، پەقەت ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر يەنى ئاساسەن موڭغۇل ۋاڭلىرىنىڭلا غەيرى مۇسۇلمان بولۇپ، گويا ئوكياندىكى بىر پارچە ئارالدەك يېگانە ھالەتتە تۇرغانلىقى كۆزدە-مىزگە چېلىقىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمران-لىقىدىكى چاغاتاي خاندانلىقى پۈتكۈل پۇقرالارغا يېتەرلىك تەھدىت بولغۇدەك مۇتلەق ئۈستۈن قوراللىق كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا، روھىي ۋاستىگە مۇراجىئەت قىلىش بۇ خاندانلىق ئۈچۈن بىر خىل ئەمەلىي ئېھتىياج بولۇپ قالدى. تارىخ قايتا-قايتا دەلىللەپ بەرگەندەك، بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئەجداتلىرى ئەقىدە باغلاپ كەلگەن دىنىدىن ۋازكېچىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ تەختكە چىقىش جەريانىدىن تۇغلۇق

تۆمۈرنىڭ بۇلاجى جەمەتىدىكىلەرنىڭ كۆچىگە سۆيۈنۈپ، بىر ھاكىمىيەتنىڭ سەركەردىسى بولالىغانلىقى ئايان بولدى. شۇڭا، تۇغلۇق تۆمۈر بۇلاجىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ شەپقەتچىسى دەپ قارىغان. تۇغلۇق تۆمۈر خان بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ھەربى-مەمۇرى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاجىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە بىر ياقلىق قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا ئەقىدە باغلىغاندا، سىياسى ئېھتىياج بىلەن تەشەككۇر ئېيتىش ئىدىيىسى تەڭلا روشەن رول ئوينىغان.

1322-يىلى، تۇغلۇق تۆمۈر ئالمىلىقتىن يولغا چىقىپ ئىسسىق كۆل ئارقىلىق ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆل دېگەن يەردە ئىمام جالالىددىننىڭ ئالدىدا ئىمان ئېيتقان[10].

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېلان قىلىنمىغان، چۈنكى ئۇ موڭغۇل ئورۇق-تۇققانلىرىنىڭ قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ئەندىشە قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدىن ئالمىلىققا قايتىپ بېرىپ بىر مەھەل تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ يېڭى دىنىي ئېتىقادىنى جاكالىغان ھەمدە باشقا موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ۋە موڭغۇل پۇقرالىرىنى دىنىي ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىغان. بۇ مەسىلىدە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى شۇنداق ئۇزۇل-كېسىل بولغانكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان موڭغۇللارنى — تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە — ياش بەلگىلىمىسىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ خەتنە قىلدۇرغان.

1363-يىلى تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ جەسىدى ئالمىلىققا دەپنە قىلىندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ قورغاس ناھىيىسىدە ھازىرغىچە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ مازىرى ساقلانماقتا.

تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا سىياسىي ۋەزىيەت بىرقەدەر مۇقىملاشقان مەزگىل ئىدى. ئۇرۇش يالقۇنلىرى بىرقانچە ئون يىل قاپلاپ كەتكەن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىدا مۇنداق مۇقىم ۋەزىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەقىقەتەن ياخشى پۇرسەت ئىدى. بۇ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ پۈتكۈل ئىش-پائالىيىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدىغان بىر تەرەپ، ئەلۋەتتە.

## 4. چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ قايتا پارچىلىنىشى

تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئىلياس سەمەرقەنتتىن ئالمىلىققا قايتىپ كېلىپ، خانلىق تەختىگە چىقتى. تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن قايتا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن چاغاتاي خاندانلىغى مۇشۇ ئىلياس ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلگە كەلگەندە يەنە پارچىلىنىپ كەتتى. چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدە يۇقۇرىدا ئىسمى ئاتالغان ھىلىقى تۆمۈر (ئاقساق تۆمۈر ياكى تۆمۈرلەڭ) ئاساسىي رول ئوينىدى.

تۇغلۇق تۆمۈر ھايات چېغىدىلا تۆمۈر لەڭ ئۆز خىزمەتداشلىرى بىلەن چىقىشالماي، قوشۇنىنى باشلاپ سەمەرقەنتتىن ئايرىلىپ، ئافغانىستان، پاكىستان، ئىران قاتارلىق جايلاردا قاراقچىلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان شۇملۇقلارنى قىلىشقا كىرىشكەن ئىدى. بىر قېتىملىق جەڭدە ئۇنىڭ سول پۇتىغا ئوقيا تېگىپ، يارىلىنىپ ئاقساق بولۇپ قالغان. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئۇ ئاقساق تۆمۈر ۋە ياكى

تۆمۇر لەڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

ئىلياس تەختكە چىقىش ئۈچۈن سەمەرقەنتتىن ئايرىلغاندا، تۆمۇرلەڭ خوتۇنىنىڭ ئاكىسى ھۆسەيىن بىلەن بىرلىشىپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، بەلخنى ئىشغال قىلىۋالىدۇ. ئاندىن ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سەمەرقەنتنى ئىستىلا قىلىپ، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

1365 ـ يىلى، تۆمۇر لەڭ تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلغاندا، چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قېلىپ، كۆپ چىقىم تارتقاندىن كېيىن سەمەرقەنتكە چېكىنىپ كېتىدۇ. لېكىن چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ قايتا ـ قايتا زەربە بېرىشى ئارقىسىدا تۆمۇر لەڭ ئاخىر سەمەرقەنتنىمۇ تاشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ رايونىغا چېكىنىپ كېتىدۇ، چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنى سەمەرقەنت قەلئەسىنى قايتا ئالىدۇ.

چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئېرىشكەن بۇ قېتىمقى ھەربى مۇۋەپپەقىيىتى چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ماۋرائۇننەھر رايونىدا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلىشىدە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىش ئىدى. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى ئاھالىلەر چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىغا ئومۇمى يۈزلۈك قاتتىق نارازى ئىدى ۋە دۈشمەنلىك قىلاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقىلىپ، چاغاتاي خاندانلىقى قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ئېغىر ئاجىزلاپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ تۆمۇر لەڭ قوشۇنىنىڭ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇمىغا

ئۇچراپ چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىغا كىرگەن قوشۇنلىرىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. بىر يىلدىن كېيىن چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ قوشۇنلىرى نائىلاج ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىن چېكىنىپ چىقتى. چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىغى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. چاغاتاي خاندانلىغى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ بوشلۇقنى تۆمۈرلەڭ دەرھال تولدۇردى.

چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل زەئىپلىشىشى ئىلياسنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن باشلاندى. شۇ ۋاقىتتا بۇلاجىنىڭ ئىنىسى قەمەرۇددىن قوشۇن تارتىپ بىر كۈندىلا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 18 ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، خانلىقنى تارتىۋالدى[11].

قەمەرۇددىننىڭ ھۆكۈمرانلىغى 12 يىل داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى تۆمۈرلەڭدىن ماۋۇرائۇننەھر رايونىنى تالىشىش بىلەن ئۆتتى. ماۋۇرائۇننەھر رايونىنى تالىشىش كۈرىشىدە قەمەرۇددىننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋاقتى ناھايىتى ئاز بولدى. ئەگەر قەمەرۇددىننىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيىتى بار دېيىلسە، تۆمۈرلەڭ كۈچىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا كىرىشىنى توسۇپ قويغانلىغىنى قەمەرۇددىننىڭ بىر مۇۋەپپەقىيىتى ھېساپلىسا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆمۈرلەڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ئىگىزلىگى ھەم قارا دېڭىز بويىدا بىر قاتار غايەت زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان شارائىتتا قەمەرۇددىن قازانغان مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئەھمىيىتى تېخىمۇ ھەسسىلەپ ئاشتى.

چاغاتاي ئەۋلاتلىرىنىڭ قايتا تەختكە چىقىشى قەمەرۇددىن ئۆلگەندىن كېيىن ئىشقا ئاشتى. يېڭى خاقاننىڭ ئىسمى خىزىرخوجا

ئىدى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا ئۇ خىيىدى خوجا دەپ ئاتالغان. خىزىرخوجا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى كۆپ جەھەتتىن ئاتىسىنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

قەمەرۇددىن قوزغىلاڭ كۆتىرىپ ھوقۇق تارتىۋالغاندا، خىزىرخوجىنى بۇلاجىنىڭ چوڭ ئوغلى خۇدايىدات يوشۇرۇپ قويغان. كېيىن خىزىرخوجا خۇدايداتنىڭ ياردىمىدە پامىر ئېگىزلىكى، تاشقورغان ۋە خوتەن قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ ياشىدى. قەمەرۇددىن ئۆلگەندىن كېيىن، خىزىرخوجا خۇدايىداتنىڭ قوللىشى بىلەن خانلىق تەختىگە چىقتى⑫.

خىزىرخوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، داۋاملىق ھالدا تۆمۈرلەڭدىن ماۋەرائۇننەھر رايونىنى تالاشتى. شۇ مەزگىلدە تۆمۈرلەڭ كىچىك ئاسىيا ۋە دەريا ۋادىسىدا ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. شۇڭا چاغاتاي خانىدانلىقى قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈرلەڭ قوشۇنلىرى ئۈستىدىن بىرقانچە قېتىم غەلىبە قىلالىغان. بۇ غەلىبىلەر خىزىرخوجىنىڭ ئىرادىسىگە ئىلھام بەخش ئەتكەن. ئۇ چاغاتاي خانىدانلىغىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى زېمىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تەمشەلدى. ئۇ ھەتتا ئۆز پايتەختىنى ئالمىلىقتىن ئالمۇتىغا كۆچۈردى.

كېيىنكى بىر مەزگىلدە چاغاتاي خانىدانلىغىنىڭ قوشۇنى دەرۋەقە خېلى زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلىدى. بىر ۋاقىتتا خىزىرخوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغىچە بېرىپ يەتتى، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى يەنە ماۋەرائۇننەھر رايونىغا بىرقانچە قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، سەمەرقەنت، بۇخارا، خارەزىملارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى.

ئەمما بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ۋەزىيەتتە قاتتىق ئۆزگىرىشلەر بولدى. تۆمۈرلەڭ غەربىي ئاسىياغا قاراتقان ھەربىي يۈرۈشىنى ئورۇنلاپ بولۇپ، ماۋرائۇننەھر رايونىغا قوشۇن تارتىپ كېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن خىزىرخوجىغا تاقابىل تۇرۇشقا كىرىشتى. ئىككى تەرەپنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئېلىشىشى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ئېلىشىش خىزىرخوجىنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى بىلەن تاماملاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈرلەڭ ئۆز قوشۇنىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، بىر تۈركۈمىنى ئالمىلىققا، بىر تۈركۈمىنى قەشقەر قەلئەسىگە ماڭدۇردى. ئالمىلىق قەلئەسىدە خىزىرخوجا تېخىمۇ قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. تۆمۈر لەڭ قوشۇنى ئالمىلىقنى ئىستىلا قىلدى ھەمدە بۇ قەلئەنى قاراملىق بىلەن ۋەيران قىلدۇەتتى. 100 نەچچە يىلدىن بۇيان تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بويىچە مۇھىم سىياسى مەركەز بولۇپ كەلگەن ئالمىلىق قەلئەسى شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتتى. تۆمۈرلەڭنىڭ قەشقەر قەلئەسىگە يۈرۈش قىلغان يەنە بىر تۈركۈم قوشۇنىمۇ قەشقەرنى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى.

ئالمىلىقتا ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان خىزىرخوجا تىيانشان يولىنى بويلاپ يۇلتۇز داۋىنى ئارقىلىق كۇچارغا قېچىپ كەلدى. ئۇ يەردىن يەنە قاراشەھەرگە، ئاخىرىدا بېشبالىققا كۆچۈپ كېلىپ، بېشبالىقنى ئۆزىنىڭ يېڭى پايتەختى قىلدى. خىزىرخوجا رەھبەرلىكىدىكى چاغاتاي خاندانلىقى «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دا بېشبالىق ھاكىمىيىتى دەپ ئاتالدى.

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتىن كېيىن خىزىرخوجا تۆمۈرلەڭنىڭ

ماۋۇرائۇننەھر رايونىدىكى ئورنىنى ئېتىراپ قىلىدى ھەمدە قۇدا- باجا بولۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق تۆمۈر لەڭ بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ياراشتى. بۇ، تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋەقە ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ماۋۇرائۇننەھر رايونى مەيلى زېمىن دائىرىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، ياكى مىللى تەركىۋىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بولسۇن، پەيدىن-پەي مۇستەقىل ئەملىي گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

خىزىرخوجىدىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلاتلىرىدىن يەنە بىرقانچە كىشى، مەسىلەن، مۇھەممەت خان، شىر ئەلى خان، ئۆۋەيس خان، يۇنۇس خان قاتارلىقلار ئاتىغا بالا ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن خانلىق تەختىدە ئولتۇردى.

## ئىككىنچى بۆلۈم چاغاتاي خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار

### 1. ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سىياسى ۋەزىيەتنى بەلگىلىگۈچى بۇلاجى جەمەتى ۋە ئەرشىدىن جەمەتى

مۇشۇ مەزگىلدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى قاراخانىلارنىڭ بۇغرا خان جەمەتىدىكىلەر غەربىي لياۋ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلغان، 13-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گاۋچاڭ ئىدىقۇتى يۇڭچەڭگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار رايونىنى "يىراقتا تۇرۇپ" باشقۇرغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىككى ئاساسلىق كۈچ قاراخانىلار خان جەمەتى بىلەن ئىدىقۇت جەمەتىدىكىلەر بۇ رايوندىكى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقتى، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۇلاجى جەمەتى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتى چىقتى. ئالدىنقىسى مۇلكى

كۆچ، كېيىنكىسى دىنىي كۆچ ئىدى. بۇ ئىككى جەمەت تۇغلۇق تۆمۈر دەۋرىدىن باشلاپ مۇشۇ رايوندىكى سىياسى ۋەزىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. ۋاھالەنكى، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ پائالىيىتى ھەتتا 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغىچە سوزۇلدى.

دوغلاتتىن كېيىن چاغاتاي خانىدانلىقىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى مەيلى كەبەك بولسۇن، ياكى ئىسەن بۇقا بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ قورچىقىدىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، خاقانىنىڭ سىياسى تەقدىرى بۇ گۇرۇھلارنىڭ رايىغا باغلىق ئىدى، ھەتتا چاغاتاي خانىدانلىقىنى قايتا گۈللەندۈرگەن تۇغلۇق تۆمۈرمۇ باشقىلارنىڭ قوللىشى بىلەن تەختكە چىققان ئىدى.

يېڭى خاقانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ شەپقەتچىلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ھەمىشە زور ئىنئام ۋە ئىمتىيازلار ئاتا قىلىپ تۇردى. ھەر قېتىم خاقان ئالماشقاندا، بۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىمتىياز-لىرىمۇ كۆپىيىپ تۇردى. قالايمىقانچىلىق ۋە قان تۆكۈشلەر ئاقسۆڭەكلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا نەپ ئالىدىغان پۇرسەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا جېدەل-ماجىرا قوزغاش ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى بولۇپ قالدى. غەربىي چاغاتاي خاندان-لىقىدىكى خازخان جەمەتى بىلەن بارلاس جەمەتى، شەرقىي چاغاتاي خاندانلىقىدىكى بۇلاجى جەمەتى بىلەن ئەرشىدىن جەمەتى ئەنە شۇنداق يول بىلەن روناق تاپقان.

ئاۋال بۇلاجى جەمەتىنىڭ روناق تېپىش جەريانى بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.

ئىسەن بۇقا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خانلىقتا كۆز تىككەن كۈچلەرنىڭ ئىچىدە بۇلاجى جەمەتىمۇ بار ئىدى. موڭغۇل دالاسىدىن تۇغلۇق تۆمۈرنى تېپىپ كېلىپ تەختكە چىقارغان ئەنە شۇ بۇلاجى ئىدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى موڭغۇل دالاسىدا كىشىلەر كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ باقمايدىغان پادىچى بالا تۇغلۇق تۆمۈر بۇلاجىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ، بىراقلا نۇرغۇن ئاھالىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان ھۆكۈمرانغا ئايلاندى.

بۇلاجىنىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، تۇغلۇق تۆمۈر ئۇنىڭغا بىر قاتار ئىمتىيازلارنى بەردى. بۇ ئىمتىيازلارنىڭ ئىچىدە مۇنۇلار بار: 1. ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە جايسان (ئەمىرلەرنىڭ ئەمىرى) دېگەن ئالىي ھەربىي ئەمەلدار بولۇش؛ 2. ماڭلەي سۈيە رايونى — باغراش كۆلىدىن تارتىپ خوتەن بوستانلىقىغىچە بولغان تارىم ۋادىسىنىڭ غەربىي، جەنۇبىي رايونلىرى بىلەن بەدەخشان رايونلىرى — نىڭ مىراسخور ھۆكۈمرانى بولۇش، 3. خاقاننىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىغا بۇلاجىنىڭ مۆھۈرىنى بېسىش، بۇلاجىنىڭ مۆھۈرى بېسىلمىغان ئەمىر-پەرمانلارنى ئىجرا قىلماسلىق⑬. بولۇپمۇ ئۈچىنچى ماددىدا بۇلاجى خاقاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇنغا ئېنىق قويۇلغان. تۇغلۇق تۆمۈر تەختكە چىققاندا ئارانلا 15 ياشتا بولغانلىقتىن، خاندانلىقنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقى بۇلاجىدا ئىدى.

ئىلياستىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈر تىكىپ ئۆستۈرگەن بۇ جىرىمنىڭ قانداق مېۋە بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىر كۈن ئىچىدىلا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ 18 بالىسىنى قىرىپ تاشلىغان كىشى بۇلاجى جەمەتىنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى، بۇلاجىنىڭ بىر تۇققان ئىنىسى قەمەرۇدىن ئىدى.

بۇلاجى تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىن ۋاپات بولغان، بۇ چاغدا ئىلياس ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتاتتى. قەمەرۇدىن ئۆز ئاكىسى بۇلاجىدىن قالغان ھەممە ئىمتىيازلارغا ۋارىسلىق قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئىلياس ئىمتىياز ئاتىدىن بالىغا قالىدۇ، دىگەن بانا بىلەن قەمەرۇدىننىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ، بۇ ئىمتىيازلارنى بۇلاجىنىڭ ئوغلى خۇدايداتقا بەرمەكچى بولدى، ئىلياسنىڭ ئىمتىيازنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى رەت قىلغانلىغى قەمەرۇدىننىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا جىدەل چىقىرىشىغا سەۋەپ بولدى.

شۇ ۋاقىتتىكى قىرغىنچىلىقتا خۇدايدات يىراقنى كۆزدە تۇتۇپ، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كەنجى ئوغلى خىزىرخوجىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تۆھپىگە سۆيۈنۈپ قايتا باش كۆتىرىش بولسا كېرەك. خۇدايدات خىزىرخوجىنى 12 يىل يوشۇرۇن ساقلاپ يۈرۈپ ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن خىزىرخوجا خانلىق تەختكە چىقتى.

تۆھپىنى سېلىشتۇرغاندا، خۇدايداتنىڭ تۆھپىسى ھەقىقەتەنمۇ دادىسى بۇلاجىنىڭكىدىن زور بولدى. شۇڭا، خۇدايدات بۇلاجىغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىمتىيازغا ئىگە بولدى.

«تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتاپتا خۇدايداتقا بېرىلگەن 12 خىل ئىمتىياز ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق مەلۇمات بېرىلىدۇ: "1. جايسان (ئەمىرلەر ئەمىرى)، 2. ماڭلەي سۈيەنىڭ ھۆكۈمرانى، 3. يارلىقلاردا خاننىڭ تامغىسى بىلەن خۇدايداتنىڭ تامغىسى بىللە بولمىسا ئىناۋەتكە ئېلىنماسلىق، 4. خۇدايدات خانغا بىر يا مىقدارى يېقىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇش، 5. خاننىڭ ئالدىدا ئىككى مەھرەم چاي-قېمىز قۇيۇشقا مەسئۇل بولسا، ئەمىر خۇدايدات ئالدىدا بىر مەھرەم

چاي ـ قېمىز قويۇشقا تەييار تۇرۇش، 6. خۇدايداتتىن توققۇز گۇنا ئۆتمىگىچە گۇناغا لايىق قىلماسلىق، 7. توققۇز گۇنا سادىر بولۇپ ئۆزى ئىقرار قىلسا، قىزىل كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ سوراقلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، 8. تاياق سوقماققا لايىق بولغاندا، قىزىل كىگىز ئۈستىگە ياتقۇزۇپ تاياق سوقۇش، 9. توققۇز گۇنا ئۆتمىگىچە ئۆلۈمگە لايىق قىلماسلىق، 10. ئۆلۈمگە لايىق بولغاندا، ئۇنى باشقىلارغا ئوخشاش قىلىچ، تاياق بىلەن ئۇرۇپ ياكى ئېسىپ ئۆلـ تۈرمەسلىك، 11. ئۆلۈمگە لايىق بولغاندا، كىشى يوق يەرگە ئېلىپ بېرىپ ئاختا قىلىنمىغان ئاتقا سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈش، 12. ئۆلتۈ- رۈلگەندىن كېيىن خان باشلىق ھەممە مەنسەپدارلار چىقىپ ماتەم بىلدۈرۈپ ئاندىن كۆمۈش.»

بۇلاجى جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ مۇنداق ئۆزلۈكسىز كېڭەيگەنلىكى چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلىشىپ كېتىۋاتقانلىغىدىن ئىبارەت پاكىتنى يەنە بىر جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەرشىدىن جەمەتىمۇ تۇغلۇق تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە روناق تاپقان.

1322 ـ يىلى، تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇنىڭ ئايكۆل دىگەن يېرىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندا، ئەرشىدىننىڭ ئاتىسى جالالىدىن شۇ يەرنىڭ ئىمامى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىمان ئېيتىشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشى تارىخىي مۇقەر- رەرلىك ئىدى. لېكىن جالالىدىننىڭ تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچرىـ شىپ قېلىشى تاسادىپىي ھادىسە ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ جەمەت چاغاتاي خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانى بىلەن بىۋاستە ئالاقە ئورناتتى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەنىدەك، تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغانلىقىنى دەرھال ئېلان قىلماي، ئالمىلىققا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، جالالىددىننى ئالمىلىققا تەكلىپ قىلغان. ئەمما جالالىددىن يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەرشىدىن ئالمىلىققا بارغان⑭. تۇغلۇق تۆمۈر ئىنتايىن قاتتىق تەدبىرلەر بىلەن خان جەمەتىدىكىلەر ۋە موغۇل پۇقرالىرىنى زورمۇ-زور ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلدۇرغان ۋاقىتتىكى دىنىي مۇراسىملارغا ئەرشىدىن رىياسەتچىلىك قىلغان.

بۇ دەل تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا راسا ھەۋەس-ئىشتىياق باغلىغان ۋاقتى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەرشىدىننىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇ غايەت زور ئىشنى ئورۇنلىغانلىقىنى تەقدىرلەش ۋە ئۆزىنى ساداقەتمەن مۇسۇلمان قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەرشىدىنگە مۇنۇ ئىمتىيازلارنى بەرگەن:

1. تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى نەسەپلىك ئىمام.

2. كۇچارغا ئەرشىدىننىڭ باشقۇرۇشىدا خانىقا سېلىش⑮.

بۇنىڭدىن باشقا، ئۆشرە-زاكاتنىڭ بىر قىسمىنى ئەرشىدىننىڭ ئىشلىتىشىگە ئاجرىتىپ بېرىش ۋاھاكازالار.

ئىماملىق سالاھىيىتى بۇ جەمەتنى مۇشۇ رايوندىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كۇچكە ئايلاندۇردى. چۈنكى شۇ چاغدا ئىسلام دىنى زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ روھىي تۇرمۇشىدىلا تىزگىنلەپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغىمۇ كەڭ تۈردە سىڭىپ كىرگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر ئۆزلىرىگە ئاتاپ سېلىنغان خانىقا ئارقىلىق نۇرغۇن ئېتىز ۋە سۇ ئىنشائاتلىرىنى ئىگەللىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن

ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر ھەم سىياسىي ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولدى، ھەم ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشتى.

تۆۋەندىكى پاكىتلار بۇ جەمەتنىڭ چاغاتاي خاندانلىقى ۋاقتىدىكى مۇھىم رولى ۋە تەسىرىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

خىزىرخوجا تەختكە چىققاندا، ھەممىدىن ئاۋال خۇدايدات باشچىلىقىدا 30 كىشىلىك ئەلچىنى 100 ئات، 500 كالا، 1000 قوي، 50 تۆگە، 15 قۇل بىلەن كۇچارغا ئەرشىدىننى زىيارەت قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. خىزىرخوجىنىڭ خاقان بولۇشىدىكى ئاخىرقى قانۇنىي تەرتىپ ئەنە شۇنداق ئورۇنلانغان. بۇلاردىن باشقا، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلار، ھاكىمبەگلەرنىڭ نامزاتلىرىنى ھەتتا خۇدايداتنى ئاتا بەگلىككە (باش ۋەزىرلىككە) كۆرسىتىش تەكلىۋىنىمۇ ئەرشىدىن ئوتتۇرىغا قويغان⑯.

روشەنكى ئەرشىدىن جەمەتى شۇ چاغدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچكە ئايلىنىپ، يۇقۇرىدا خاقاننى، تۆۋەندە يەرلىك ئەمەلدارلارنى بېكىتىش ئىمتىيازىدىن بەھرىمەن بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن.

ئەرشىدىن جەمەتى بىلەن بۇلاجى جەمەتىنىڭ پائالىيەتلىرى شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم بىر جەھەت بولۇپ قالغان ئىدى.

## 2. ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادى

چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ئاساسىي جەھەتتىن چۈشۈپ كېتىش ھالىتىدە تۇرغان.

بۇنداق ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەر ناھايىتى كۆپ. چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ بۇ رايوندىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا سۇس پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئىگىلىكنىڭ زەئىپلىشىشىدىكى بىرىنچى سەۋەپ ئىدى. چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ پۈتكۈل دۆلەت پائالىيىتىنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا بۇ خاندانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، بولۇپمۇ دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىدە بىرەر تەدبىر قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايتتى. ئەكسىچە، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلار تەبىقىسى ئىچىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەرنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا بولغان مېھرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ئۇلار چارۋىچىلىقتىن باشقا ھەممە كەسىپنى يولدىن چەتنىگەنلىك دەپ قارايتتى. بۇنداق ھېسسىيات شۇ قەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانكى، ئاخىر بېرىپ ئۇ ئوچۇق-ئاشكارا ئىختىلاپقا ئايلىنىپ، ئىسەن بۇقىنىڭ شەرققە كۆچۈشى ۋە چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە سەۋەپ بولغان ئىدى.

توختىماي داۋام قىلغان ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكلىرى ۋە داۋالغۇشلارمۇ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ ئېغىر دەرىجىدە زەئىپلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىدى. مۇنداق ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى بىرىنچى بولۇپ تيانشاننىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ئېلىپ كەلگەن كىشى ئالغۇ ئىدى. ئۇ ئەسلىدە ئارىك بۇغىنىڭ ھەمشىرىسىگى بولۇپ، ئارىك بۇغىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن چاغاتاي ۋە ئوغۇتاينىڭ سۇيۇرغاللىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بېشبالىققا ئەۋەتىلگەن ئىدى. ئارىك بۇغا سەددىچىن سېپىلىنىڭ يېنىدا قۇبلاي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندا، ئالغۇ ئارىك بۇغىدىن

يۈز ئۆرۈگەن. ئارك بۇغا موڭغۇل دالاسىدىن تىيانشاننىڭ شىمالىغا چېكىنىپ چىقىپ ئالغۇغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىغاندا، ئالغۇ بېشبالىقتىن ئىلى ۋادىسىغا، ئاندىن تىيانشان يولى ئارقىلىق ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا قېچىپ بارغان. ئارك بۇغا قوشۇنلىرى ئالغۇنى ئىزىدىن قوغلاپ يۈرگەنلىكتىن، ئالغۇ گويا ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىنى تارقىتىدىغان ۋابا ئىلاھىدەك بولۇپ قالغان، ئۇ بېسىپ ئۆتكەنلىكى جايلار قىرغىنچىلىقتا تولغان جەڭ مەيدانلىرىغا ئايلانغان ئىدى. نەتىجىدە ئىككى يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە تىيانشاننىڭ جەنۇبى رايونى تامامەن ئۇرۇش كۆلپىتى ئىچىگە چۈشۈپ قالدى⑰. ئارك بۇغىنىڭ ئالغۇغا قاراتقان ئۇرۇشى ئىنتايىن ئېنىق قىساس ئېلىش خاراكتېرىدا بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋەيرانچىلىقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە يەتكەن ئىدى.

ئارك بۇغا توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، يۈەن سۇلالىسى ئىجتىمائى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىدىدە بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، بىراق ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىغا بۇ تەدبىرلەر گويا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يالقۇننى قاچىدىكى سۇ بىلەن ئۇچۇرۇشكە ئۇرۇنغاندەك ھېچقانداق كار قىلمىدى. كار قىلدى دېگەندىمۇ، يۈەن سۇلالىسى قولغا كەلتۈرگەن ئازغىنا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ناھايىتى تېزلا قايدۇ-دۇئا توپىلاڭلىرى يوققا چىقىرىۋەتتى.

ئەگەر چاغاتاي خاندانلىقىدىن ئىلگىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدا پاراكەندىچىلىكلەر جىمىقىپ قالغان ۋاقىتلارمۇ بولغان دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلىگە كەلگەندە بۇنداق ئەھۋال بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. ئىسەن بۇقا مەزگىلىدىن تارتىپ

خىزىرخوجا مەزگىلىگىچە بولغان 70 يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خاقان ئون نەچچە مەرتەم ئالماشتى. ھالبۇكى، خىزىرخوجىدىن كېيىن خاقان ئالمىشىش ئەھۋالى تېخىمۇ كۆپەيدى، پەقەت خۇدايدات بېك بولۇپ تۇرغان چاغدىلا بىرقانچە خاقان ئۆتتى. ھەر قېتىم خاقان ئالماشقاندا، ئېغىر قىرغىنچىلىقلار بولۇپ تۇردى. بۇنداق ھادىسىلەر ئىسەن بۇقادىن كېيىن، بولۇپمۇ تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىن تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. ئىلياستىن كېيىن بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولدى.

سىياسىي ۋەزىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق ھەممىدىن بۇرۇن قاتناش ترانسپورت ئىشلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ھەممىلا يەرنى چېرىكلەر قاپلاپ كەتكەن، مۇنتىزىم قوشۇنلارنىڭ باندىتلار بىلەن ھېچقانداق پەرقى بولمىغان ئىدى. خانلىقنىڭ قوراللىق كۈچلىرى قاراقچى-باندىتلارغا ئوخشاش شەھەر-بازار، يېزا-قىشلاقلارنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، يولۇچى سودىگەرلەرنى قاقتى-سوقتى قىلدى. بۇ مەزگىلدە تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ خوشنا رايونلار ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىلا ئۈزۈلۈش بىلەن قالماي، ھەتتا تيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلەرمۇ ئۈزۈلۈپ قالغان، يولۇچى سودىگەرلەرنىڭ ئەقەللىي بىخەتەرلىكىمۇ كاپالەتسىز قالغان، خاقاننىڭ ئەلچىلىرى ياكى خاقان تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئەمەلدارلارمۇ نۇرغۇن مۇھاپىزەتچى قوشۇننىڭ ھىمايىسىدا ئۆز مەنزىلىگە بارالايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى.

قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ئالدى بىلەن سودا ئىشلىرىنى ئېغىر زىيانغا دۇچار قىلدى. چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە تيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى ئىقتىسا-

دىي مەركەزلەر ئارقا-ئارقىدىن خاراپلاشتى، ئاقسۇ رايونى بۇنىڭغا ئەڭ گەۋدىلىك مىسال بولالايدۇ. چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئاقسۇ رايونى تيانشاننىڭ جەنۇبى قىسمى بويىچە مۇھىم سىياسى مەركەزلەرنىڭ بىرى ئىدى، چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىگە كەلگەندە ئاقسۇ رايونى ئاھالىلىرى سەرسان - بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كەتكەن، ھەممىلا يەردە ۋابا كېسىلى يامراپ كەتكەن خارابىلىق بولۇپ قالغان⑱.

جەمىيەتنىڭ داۋالغۇشى، سودا ئىشلىرىنىڭ كاساتلىششى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى كۆچمە مۈلۈكنىڭ ئەمدىلىكتە ئىشەنچلىك بايلىق بولالمايۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر ھىس قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ رەقىپ كۈچلەر گىرەلىششىپ كەتكەن جايلاردا، كۆچمە مۈلۈك غالىپلارنىڭمۇ، مەغلۇپ بولغۇچىلارنىڭمۇ تالان-تاراج قىلىدىغان نىشان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇيغۇر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپى مۇندىن بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرىكى ئەھۋالغا قايتىپ، ئېتىز-ئېرىققا كۈچلۈك ھەۋەس باغلاشقا كىرىشتى. چۈنكى، ئېتىز-ئېرىقلار كۆچۈرۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىردىن-بىر نەرسىلەر ئىدى.

ئەھۋالدا يامان خاراكتېرلىق ئايلانما دەۋر قىلماقتا ئىدى. پۇل كاساتلاشقان، كۆچمە مۈلۈك كاپالەتسىز قالغان ئىدى، بۇنىڭ بىلەن كەڭ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ئەمگەك بىلەن تۆلىنىدىغان ئىجارە ھەققى بەلگە قىلىنغان يانچىلىق تۈزۈمى مۇشۇ دەۋرنىڭ مەنتىقىغە ئۇيغۇن مەھسۇلى بولۇپ ۋۇجۇتقا كەلدى.

### 3. ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى تامامەن ئىگىلىشى

چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلى ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارد-

سىغا تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم مەزگىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ باشقا دىنلارنى ئاخىرقى ھېساپتا چەتكە قېقىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىي تۇرمۇش ساھەسىنى ئۆز ئالدىغا ئومۇمى يۈزلۈك تىزگىنلەپ تۇرۇشى دەل مۇشۇ دەۋردە باشلانغان.

مۇنۇ ئىككى خىل شارائىت ئىسلام دىنىنىڭ ئاخىرقى ھېساپتىكى غەلىبىسىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۇنىڭ بىرى، 14-ئەسىردىن كېيىن يۈەن سۇلالىسى كۈچىنىڭ تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلاردىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەنلىكى، يەنە بىرى، چاغاتاي خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ، بولۇپمۇ تۇغلۇق تۆمۈردىن كېيىنكى خانلارنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن ئىبارەت. خىزىر خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا، خاندانلىقنىڭ پۈتكۈل دۆلەت پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن ھەربىي ۋە مەمۇرى ئورگانلار بىردەكلا قويۇق دىنىي تۈس ئالدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ ئەۋلاتلىرى قاراخانىلار دەۋرىدىكى بۇغرا جەمەتىدىكىلەر ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان قىزغىنلىق بىلەن ئورۇنلىدى. ئۇلار سىياسى ۋە ھەربى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، تۇرپان ئويمانلىقىدىن غەيرىي دىنلارنى تامامەن چەكلەپ، ئىسلام دىنىنى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بۇ بوشلۇققا ئومۇملاشتۇردى.

14-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن كېيىن، چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرى قۇرغان خاندانلىقلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى جىددى يوسۇندا تارىيىپ كەتتى. ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا جۇڭگو زايونىدا يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى مىڭ سۇلالىسى دەسسىگەن ئىدى، چىڭگىزخان ئەۋلادى قۇرغان ئالتۇن ئوردا خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى زور دەرىجىدە كىچىكلەپ كەتكەن ئىدى. ئىران ئىگىزلىكىدە ئىلخان

خاندانلىغىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلغاندىن كېيىن، سىياسى جەھەتتىكى سەۋەپلەردىن باشقا، ئېتىقات ۋە مىجەز-خۇلق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن چوڭقۇر ئايرىمچىلىق پەيدا بولغان.

## 4. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى

سىياسى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى بوران-چاپقۇندەك بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ مەزگىل دولقۇنلار پەسەيگەن، شاۋقۇنلار جىمىققان مەزگىل ئىدى.

بۇ جەرياندىكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىمۇ روشەن دەۋر خاراكتېرىنى ئالدى. ئۇنىڭ تىركىشىۋاتقان ساھەسىدە ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىلغان؛ داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان ساھەسىدە مۇقىملىق ۋۇجۇتقا كەلگەن؛ زىددىيەتلەر پەسىيىۋاتقان ساھەسىدە نەتىجىلەر كۆرۈلگەن ئىدى.

يېزىق:

چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە يېزىق ھەل قىلغۇچ جەڭ جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى.

يېزىق جەھەتتىكى تىركىشىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا خېلى ئۇزاق ھەمدە ئەگرى-توقاي دەۋرنى باشتىن كەچۈردى. بۇ دەۋرنى قاراخانىلار دەۋرىدىن باشلانغان دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ، شۇ مەزگىلدىن باشلاپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئەرەب يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان، بۇددىست ئۇيغۇرلار بولسا داۋاملىق ھالدا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىۋەرگەن ئىدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيىسى مەزگىلىدە ئۇيغۇر يېزىقى گەرچە يۇكسەك

سىياسى ئورۇنغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەرەب يېزىقىنى سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىدى. ئەكسىچە، ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەرەب يېزىقىنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ باردى. بۇ ئىككى يېزىقنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى پەرقلىرىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ كەسكىن تىركىشىشى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىسىز ئىدى.

ئۇيغۇر يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدىكى ئاخىرقى ئىش خىزىرخوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەرگە كەلگەندە ئاندىن تاماملاندى. بۇ مۇسۇلمان موغۇل ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئەرەب يېزىقىنىمۇ تۇرپان ئويمانلىقىغىچە تارقىتىپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك يېزىقلار تەڭ قوللىنىلىدىغان دەۋرگە خاتىمە بەردى.

بۇ ئېلىپبەدە جەمئىي 32 ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتى سوزۇق تاۋۇش، يىگىرمە سەككىزى ئۈزۈك تاۋۇش، ئاساسلىق ھەرپ 17، قالغان ھەرپلەر ئاساسلىق ھەرپلەرنىڭ ئۈستى، ئاستى ۋە باشقا ئورۇنلىرىغا قوشۇمچە بەلگە قويۇش بىلەن ھاسىل بولغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەرپلەر ئايرىم يېزىلغاندىن تاشقىرى، يەنە سۆزنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ھەم ئايىغىدا يېزىلىدىغان شەكىللەر بار ئىدى.

بۇ ئېلىپبەدىكى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە يېزىلىش ئۇسۇلى ئەرەبچىگە ئوخشاش، پەقەت ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن N گە G نى قوشۇش بىلەن ئەرەب ئېلىپبەسىدە بولمىغان NG ھەرپىنى كۆپەيتكەن.

يېزىق — مەدەنىيەت قورالى، تىلنىڭ زامان ۋە ماكاندىكى

ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | مۇفرەد | باشقى | ئوتتۇرا | ئاخىرقى | ئوقۇلۇشى | № | مۇفرەد | باشقى | ئوتتۇرا | ئاخىرقى | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | ا | | ـا | ئەلىپ | 17 | ص | صـ | ـصـ | ـص | سات |
| 2 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بە | 18 | ض | ضـ | ـضـ | ـض | زات |
| 3 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پە | 19 | ط | طـ | ـطـ | ـط | ئىتقى |
| 4 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تە | 20 | ظ | ظـ | ـظـ | ـظ | ئىزغى |
| 5 | ث | ثـ | ـثـ | ـث | سە | 21 | ع | عـ | ـعـ | ـع | ئەيىن |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جىم | 22 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غەيىن |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چىم | 23 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فە |
| 8 | ح | حـ | ـحـ | ـح | ھە | 24 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قاپ |
| 9 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خە | 25 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كاپ |
| 10 | د | د | | ـد | دال | 26 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گى |
| 11 | ذ | ذ | | ـذ | زال | 27 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لام |
| 12 | ر | ر | | ـر | رە | 28 | م | مـ | ـمـ | ـم | مىم |
| 13 | ز | ز | | ـز | زە | 29 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نۇن |
| 14 | ژ | ژ | | ـژ | ژە | 30 | و | و | . | ـو | ۋاۋ |
| 15 | س | سـ | ـسـ | ـس | سىن | 31 | ه | هـ | ـهـ | ـه | ھە |
| 16 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شىن | 32 | ى | يـ | ـيـ | ـى | يا |

ئالاقە باغلاش رولى يېزىق بىلەن خاتىرىلەش- تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلەشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ قارىساق، يېزىق ساھەسىدە ھاسىل بولغان بىرلىكنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشىمىز زۆرۈر بولىدۇ.

خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، يېزىق جەھەتتىكى تىركىشىش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىدا ئۆزىگە خاس رولىدىن زور دەرىجىدە

ئېشىپ كەتكەن. ئۇ دىننىي قورغان بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ، ئىككى بۆلەك ئۇيغۇرلارنىڭ تىركىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئېنىق دېرەك بېرىدىغان بەلگە بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ دىندىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئىجتىمائى تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلغانلىقتىن، كۆپىنچە، ئىنتايىن ئېنىق قىياپەت بىلەن بۇ ئىككى بۆلەك ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى نامايان قىلىپ تۇرغان.

سۆزسىزكى، يېزىقنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى شۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئېرىشكەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرىنى كۈچەيتىشتىمۇ غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىدا تېخىمۇ شەك يوق.

ئەرەب يېزىغى ئاساسىدىكى بۇ بىر يۈرۈش يېزىق قايتا-قايتا ئۆزگەرتىشلەر ئارقىسىدا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن يېزىغى سۈپىتىدە بىرقانچە يۈز يىللار قوللىنىلدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مىراسلىرى ھەم سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرى خاتىرىلەندى، شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلار بۇ يېزىق ئارقىلىق باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ باردى.

تىل:

چاغاتاي خاندانلىغى مەزگىلىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگىنى پەقەت ئۇيغۇر تىلى ئىدى. بۇ ئۇيغۇر تىلى تارىخىدا مۇھىم بىر بۇرۇلۇش باسقۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، بۇنىڭ-

دىن ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلى ئىككى مۇھىم باسقۇچنى بېشىدىن كەچۈر-
گەن ئىدى. بىرىنچى باسقۇچنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدىنى
يادىكارلىقلار ئورخون دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلار
ئىدى. ئىككىنچى باسقۇچنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەدىنى يادىكار-
لىقلار «قۇتادغۇ بىلىك»، قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر ۋە ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىنغان باشقا ھەر خىل دىنىي كىلاسسىك ئەسەرلەر ئىدى.

ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ ئۈچىنچى باسقۇچى بىز مەزكۇر
بۆلۈمدە بايان قىلىۋاتقان دەۋردۇر. بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ
ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشقانلىقى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ
پۈتكۈل تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا، بۇ بىر تارىخىي سەكرەش
ئىدى. بۇ تارىخىي سەكرەشنىڭ ۋۇجۇتقا كېلەلىشىدىكى تۈپ سەۋەپ،
ئۇيغۇرتىلىنىڭ چاغاتاي خانلىقى ۋاقتىغىچە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي
ۋە شىمالىي رايونلىرى، شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇزاق
ۋاقىت ئەمەلىيەتنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى
ساقلاپ قالغانلىقىدا. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئۇيغۇنلىشىش ئىقتىدارى
تېخىمۇ تولۇقلانغان، نامۇۋاپىق قىسىملىرى شاللاپ چىقىرىۋېتىلگەن،
بۇ سان جەھەتتىكى ئۆزگىرىش جەريانى ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى-
دىن، تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ چاغاتاي خانلىقى مەزگى-
لىدە ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ئازىيىپ كەتتى،
ئۇيغۇرلار جەمىيىتى ئاساسەن يېپىق ھالەتتە تۇرغان ئىدى، بۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ تەرەققىياتىدا ئىچكى قىسىمغا يۈزلىنىش خاھىشى
كۆرۈلدى. چاغاتاي ئەۋلاتلىرى تىل، ئۆرپ-ئادەت، دىنىي جەھەتتە

يەرلىك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى تىل مۇھىتى تېخىمۇ ساپلاشتى. بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر باشقا تىللارنىڭ مۇداخىلىسىدىن خالى بولۇپ، نوقۇل ئۇيغۇر تىلىنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى قىلىشقا يۈزلەندى.

مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئۇيغۇر تىلى بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان قوبۇل قىلغان نۇرغۇن يېڭى تەركىپنى جىمجىملا ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بۇ سۈپەت ئۆزگىرىشى جەريانى ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تاۋۇش جەھەتتىكى ئىنكاسى مۇنداق بولغان:

1. قەدىمقى "د" تاۋۇشى "ي"گە ئۆزگەرگەن.
2. قەدىمقى "ب" تاۋۇشى "ي" گە ئۆزگەرگەن ياكى چۈشۈپ قالغان.
3. ئۇزۇن تاۋۇش ئالدىدىكى ئا، ئە ھەرپلىرى ئۇ، ئو ھەرپلىرىگە ئۆزگەرگەن.
4. قەدىمقى قىستۇرما تاۋۇش "ن" چۈشۈپ قالغان.

قەدىمقى "د" تاۋۇشىنىڭ "ي" گە ئۆزگەرگەنلىكىگە مىسال:

ئاداق — ئاياق

بادۇك — بويۇك

قود — قوي

كىدىم — كىيىم

كىدىن — كېيىن

قەدىمقى "ب" تاۋۇشىنىڭ "ي"گە ئۆزگەرگەنلىكىگە مىسال:

سەبىن ـ سەۋىن ـ سۆيۈن

ئەب ـ ئەۋ ـ ئۆي

ئۆزلۈك تاۋۇش ئالدىدىكى "ئا، ئە" ھەرپلىرىنىڭ "ئۇ، ئو، ئۆ" غا ئۆزگەرگەنلىكىگە مىسال:

ياروُق ــ يوروُق

تامىر ــ تومۇر

قاموُل ــ قوُموُل

قەدىمقى قىستۇرما تاۋۇش "ن"نىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىغا مىسال:

ئىچىندە ــ ئىچىدە

گراماتىكا جەھەتتە، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

1. "نى" چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى قىلىنغان.

2. يۆنۈلۈش كېلىش قوشۇمچىسى "گە، كە، قا، غا" بولۇپ مۇقىملاشقان.

3. ھەركەت نامى قوشۇمچىسى "ماق، مەك" ئومۇمى يۈزلۈك قوللىنىلغان.

4. رەۋىشداشنىڭ "غاچ، گەچ" شەكلى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

5. بىرىنچى شەخسنىڭ ئۆتكەن زامان پېئىل قوشۇمچىسى "دۇق، دۈك" قوللىنىلىشقا باشلىغان.

6. "پ"نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ھال پېئىل قوللىنىلغان.

7. شەرت پېئىل قوشۇمچىسى "سا، سە" مۇقىملاشقان⑲.

ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى ئاستا بولغان، ئەتراپتا بولۇۋاتقان سىياسى جەھەتتىكى ئالمىشىشلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشى تېز بولمىغان. ئەمما، لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر روشەن بولغان. ئەتراپتا بولۇۋاتقان سىياسى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشى

تېز بولغان، ھەتتا بەزىدە ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىنىڭ چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى شۇ ئەتراپتىكى سىياسى ۋەقەلەرنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپ قالغان.

چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلىدە، خاندانلىق دائىرىسىدە چاغاتاي تىلى دەپ ئاتالغان بىر خىل ئومۇمى تىلنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ھوسۇل ئېلىش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

چاغاتاي تىلى 14-ئەسىردىن كېيىن تىيانشاننىڭ جەنۇبىي رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىدا قوللىنىلغان بىر خىل ئومۇمى تىل. بۇ تىلنى قوللانغۇچىلار ئىچىدە يەرلىك ئاھالىلەردىن باشقا موڭغۇللار كاتېگورىيىسىدىن چىققىپ كەتكەن چاغاتاي ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ تىلنىڭ بىر ھاكىمىيەتنىڭ ۋە بىر شەخسنىڭ ئىسمى بولغان چاغاتاي بىلەن باغلىنىپ قالغانلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب بۇ تىل قوللىنىلغان رايون چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ زېمىن دائىرىسىدە بولغانلىقىدۇر. شۇڭا كىشىلەر بۇ تىل قوللىنىلغان زېمىن دائىرىسىگە قاراپ، ئۇنى چاغاتاي تىلى دەپ ئاتىغان.

چاغاتاي خاندانلىقى بىر ھاكىمىيەت سۈپىتىدە تارىخ ئېقىمىدا غايىپ بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ھاسىل بولغان بۇ ئومۇمى تىل ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى خاتىرە مۇنارىسى بولۇپ ئۇنىڭ نامىنى دۇنيادا ساقلاپ قالغان.

چاغاتاي تىلىنىڭ غوللۇق قىسمى — فونېتىكا، گرامماتىكا ۋە تۈپ لېكسىكا — ئۇيغۇر تىلى ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇڭا، بۇ تىلنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۇنى تۈرك تىلى ياكى قەشقەر تىلى دەپمۇ ئاتىغان.

ئېسىمىزدە ناھايىتى ئېنىق باركى، «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۇەن-زاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نى تەرجىمە قىلغان بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ ئۆز تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى تۈرك تىلى ياكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتىغان، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نىڭ ئاپتورى ئەخمەت يۈكنەكى بولسا ئۆز تىلى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى قەشقەر تىلى دەپ ئاتىغان. چاغاتاي تىلىنىڭ ئەنە شۇنداق باشقىچە ئاتالغانلىقى، ئەمەلىيەتتە، بۇ تىلنىڭ تارىخىي مەنبەسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى نېمە ئۈچۈن چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي غولى بولغان؟ ئالدى بىلەن بۇ تىلنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئىگىزلىكىگە قىيان سۇدەك كېلىۋاتقان چاغدا، ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇقرالىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەھەتتە ئۇيغۇرلاردىن ئېشىپ كېتىدىغانلار يوق ئىدى. شۇڭا، يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋە ئىران ئىگىزلىكىدە تەسىس قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ كاتىپلىقىغا ۋە ھېساب-كىتاب خىزمەتلىرىگە كۆپىنچە ئۇيغۇرلار قويۇلغان. ئەگەر بىز بۇ ئورگانلارنىڭ مىليونلىغان يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى بىلەن بولغان قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئۇ ۋاقىتتا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ شۇ مەزگىللەردە بۇ رايونلاردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نەقەدەر كەڭ ئارىلاشقانلىقىنى ئاسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. ئەگەردە، بۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنىراق تارىخىي ئۆتمۈشنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بىز يەنە 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا سامانىلار سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن، قاراخانىلارنىڭ

ئۇيغۇر تىلىنى ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قىلچە مۇرەسسەسىز ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغىچە ئومۇملاشتۇرغانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ نۇرغۇن جەھەتلەردە تاجىك تىلىنىڭ ئورنىنى باسقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. غەربىي لياۋ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىللار دائىرىسىدە ئاساسەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى ھالەت ساقلاپ قېلىنغان. بۇ ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە كەلگۈسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇرۇقى ئەمەلىيەتتە سېلىنىپ بولغان. ئۇيغۇر تىلى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ كۈچىگە سۆيۈنۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا قايتا ئومۇملاشقاندا، بۇ ئومۇمى تىلنىڭ تەرەققىياتى يەنىمۇ تېزلىتىلدى.

چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇنداق بىر ئوخشىتىش بىلەن چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. بۇ تىل بىناسىنىڭ جاھازلىرى (فونېتىكا، گراممatىكا) ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ، تاملىرىنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن خىش-كېسەكلەر (لېكسىكا) ھەر جەھەتتىن كەلگەن، بۇلار ئۇيغۇر تىلى، تاجىك تىلى، ئەرەب تىلى، پارس تىلى ۋە موڭغۇل تىلىدىن ئىبارەت.

ئەدەبىي ئەسەرلەر:

چاغاتاي تىلىنىڭ ئاساسىي تۆھپىسى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا سانىسىزلىغان كۆركەم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مۇشۇ تىلدا يېزىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. لۇتفى، سەككاكى، ناۋايىلارنىڭ ئەسەرلىرى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەنە شۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ۋەكىللىرىدۇر.

لۇتفىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبەيدۇللا لۇتفى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانا يۇرتى قەشقەر. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يىللىرى ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ ھېرات شەھىرىدە ئۆتكەن. لۇتفىنىڭ كۆچۈپ يۈرۈش جەريانى مەلۇم مەنىدە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالى-

يەت دائىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

لۇتفى 1366 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1465 ـ يىلى 99 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ كىشلەرگە مول ۋە زور مەنىۋى مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ مەنىۋى مىراسلارنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن جامى ــ مەشھۇر تاجىك شائىرى، مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ ــ ۋە ناۋايىغا ئوخشاش ئەدىبىيات سەركەردىلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ.

بۇ مەنىۋى مىراسلارنىڭ يەنە بىر قىسمى ئۇنىڭ چاغاتاي تىلىدا ناھايىتى مول ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتى راسا يامراپ كېتىۋاتقان ئاشۇ زاماندا ۋە ئاشۇ رايوندا چاغاتاي تىلىدا ئەسەر يېزىشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

لۇتفىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىن توپلام قىلىنغان ئەسەرلىرى 20 نەچچە خىلغا يەتكەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى 24 مىڭ مىسرالىق داستان «گۈل ۋە نەۋرۇز»دىن ئىبارەت.

لۇتفىنىڭ ھاياتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ كېيىنكى يىللاردا ھېرات ئەتراپىدىكى دېھكانۇر دەپ ئاتالغان بىر سەھرا مەھەللىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قېلىپ، كەمبەغەلچىلىكنىڭ دەردىنى خېلى تارتقان. شۇنداقتىمۇ كەمبەغەللىك لۇتفىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتىنى يۇتۇپ كېتەلمىگەن. ئاشۇنداق مۇھىتتا لۇتفى داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىشلەرنىڭ ئاجايىپ زوقىنى كەلتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان.

ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتى كەڭ ئىجتىمائى قاتلامنىڭ چۆشە-

نىشى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. لۇتفىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھېرات شەھىرى ئەتراپىدىكى بۇ كىچىككىنە سەھرا مەھەللىسى ھەمىشە لۇتفىنى زىيارەت قىلغۇچىلار بىلەن ئىنتايىن ئاۋاتلاشقان. لۇتفى بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان بۇ كىشىلەر ئارىسىدا پەقەت ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغانلارلا يوق ئىدى. لۇتفىدەك مۇشۇنداق مىجەز-خۇلۇقلۇق ئادەمگە بۇ ھالەت ناھايىتى تەبىئىي ئىدى.

لۇتفى ئۆزى يات يۇرتتا تۇرسىمۇ، ئانا يۇرتىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان. ئۇ بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

قاش-كۆزۈڭ غارايىتىدە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل،
ئاقىبەت تاپتىم سوراغىن چىن تۈركىستان سارى.

يەنە بىر شېئىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:

ساچىڭدىن چۇن ئۇغۇرلار مۇشك خۇش بۇي،
قىلۇرلەر بەند-بەند ئانى خوتەندە.

شاگىرتى ناۋايى لۇتفىغا "مولكولكالام"، "پەسىخ ۋە بەلىغ (ئۆتكۈر ۋە گۈزەل) ئەدىپ"، "ئەزىز ۋە تەۋەررۇك كىشىمىز" دەپ باھا بەرگەن.

سەككاكى چاغاتاي خاندانلىقى ماۋەرائۇننەھر رايونىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان دەۋردە ياشىغان. بۇ چاغدا ماۋەرائۇننەھر رايونى تامامەن تۆمۈرلەڭنىڭ زىمنىغا ئايلىنىش بىلەنلا قالماي، تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ چاك-چېكىدىن بوسۇلۇشى تۈپەيلىدىن كەلگەن كۆلپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، ئۇزاق ئۆتمەي تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ھېراتتا شاھرۇخ سۇلتانلىقىدىكى ھاكىمىيەت، سەمەرقەنتتە بولسا ئۇلۇغبەگ سولتانلىقىدىكى ھاكىمىيەت ۋۇجۇتقا كەلگەن. سەككاكىنىڭ پائالى-

يېتى كۆپرەك ئەنە شۇ ۋاقىتتىكى سەمەرقەنتتە ئۆتكەن. شۇڭا، سەككاكىنىڭ شەخسىي تارىخىي تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى سىياسىي ۋەقەلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى سەمەرقەنت ھاكىمىيىتىنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق.

سەككاكىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ياقۇپ ئابابەكرى سەككاكى، ئۇ 1393-يىلى تۇغۇلۇپ، 1449-يىلى 56 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ خان جەمەتىدىن دۇنياغا كەلگەن، شۇڭا ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مەنسەپدارلىق بىلەن ئۆتكەن. ئۇ ئاسترونومىيىگە بولغان ئىشتىياقى ۋە بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى تۈپەيلىدىن نامى ئىنسانىيەت تارىخىدا يېزىلغان ئۇلۇغبەگكە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە مەسلىھەتچى بولغان.

سەككاكىنىڭ تۇرمۇش يولى لۇتفىدىن باشقىچە بولغان ئىدى. شۇڭا بۇ ئىككى شەخسنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىدا روشەن پەرقلەر كۆرۈلگەن. ئەگەردە، لۇتفىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكىنى مۇئەللىپقا پىششىق تونۇش بولغان خەلقنىڭ ھېسسىياتى، مۇھەببىتى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە بولغان ساددا ئارزۇ-ئۈمىدى، مەدھىيىلەنگىنى خەلقنىڭ يۈكسەك پەزىلىتى دېيىلىدىغان بولسا، سەككاكىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكىنى ئۆزىگە پىششىق تونۇش بولغان ھۆكۈمرانلار ئىچىدىكى قىرغىنچىلىق، تالان-تاراج ۋە چەكسىز ھاكىمىيەت تاماسى، مەدھىيىلەنگىنى ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ، بولۇپمۇ تۆمۈرلەڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىبارەت.

سەككاكى ئەسەرلىرى، مەيلى لىرىكا ياكى مەدھىيىلىرى بولسۇن، سىياسىي مەزمۇندىكى ياكى تارىخىي مەزمۇندىكىلىرى

بولسۇن، ھەممىسى نەزم بىلەن يېزىلغان. چۈنكى سەككاكى ياشىغان دەۋر ۋە رايوندا نەزم بىلەن ئەسەر يېزىش يېزىقچىلىق ئۇقتىدارىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسى دەپ ھىساپلىناتتى.

سەككاكىنىڭ ئەسەرلىرى «دىۋان سەككاكى» دىگەن نام بىلەن توپلام قىلىنغان. «دىۋان سەككاكى» ئون پارچە قەسىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلاردىن بىرى خوجا مۇھەممەت پارسى نامىغا، بىرى خېلىل سۇلتان نامىغا، تۆتى مىرزا ئۇلۇغبەگ نامىغا، تۆتى ئارسلانخوجا تارخان نامىغا بېغىشلانغان.

سەككاكىنىڭ بۇ شەخسلەرگە ئايرىم-ئايرىم تەرجىمىھال تۇرغۇز-غانلىغى شۇ دەۋردە تۆمۈرلەڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەركىم ئۆز ئالدىغا تۇتۇپ ئىش كۆرگەنلىگىدىن ئىبارەت تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن ئىدى.

سەككاكىنىڭ ئىقتىدارىغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ مەشھۇر نەغمىچىسى نىمىتۇللا ئىسمىتۇللا سەككاكى توغرىسىدا ”سەككاكى شېئىرىيەتتە، پاساھەت ئىلمى ھەمدە لوگىكا، پەلسەپە جەھەتتە ئۇتۇق قازانغان سەنئەت ئالىمى ۋە شائىر“ دەپ ئېيتقان. «ئوق ۋە يا» دىگەن ئەسىرى بىلەن مەشھۇر بولغان يەقىنى بولسا ”سەككاكى تۈرك شائىرلىرىنىڭ مۇژتەھىدىدۇر“ دەپ يازغان.

تۆمۈرلەڭ ئىمپېرىيىسى بىلەن چاغاتاي خاندانلىغى كەسكىن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ يىللاردا سەككاكىنىڭ ئانا يۇرتى تىيانشاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا كېلەلىشى ناتايىن ئىدى. لېكىن يات يۇرتتا تۇرۇپ قالغان باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، سەككاكىدىمۇ ئانا يۇرتنى سېغىنىش ھىسسىياتى كۈچلۈك بولغان. سەككاكى ئۆزىنىڭ بۇ ھىسسىياتىنى شېئىر بىلەن مۇنداق ئىزھار قىلغان:

يۈزۈڭنى كۆرسە قىلۇر گۈل ئۆزىنى يۈز پارە،
خوتەن يازىسىدا ئاھۇكۆزۈڭدىن ئاۋارە.

ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازغان:

كىم كۆردى ئانىڭ ئەرىنىنى، مىڭ باشمە مىڭ زارە،
بىرى لەئىل بەدەخشاندە ئۇ، بىرىدۇر ئەدەن* ئىچرە.

چاغاتاي تىلىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ناۋايى دەۋرىگە كەلگەندە ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىلدى.

ناۋايى 1441 ـ يىلىدىن 1501 ـ يىلىغىچە ياشىغان. ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ بىر قىسمى مەزكۇر بابىمىزنىڭ بايان قىلىش دائىرىسىگە مەنسۇپ.

ناۋايى بېسىپ ئۆتكەن تۇرمۇش يولى لۇتفىنىڭمۇ، سەككاكىنىڭمۇ تۇرمۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ناۋايى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئوردىسىدا ئۆتكەن. ناۋايى بالا ۋاقتىدا ھۇسەيىن بايقارا بىلەن ساۋاقداش بولغانلىغى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە سۇلتاننىڭ مۇھىم مەسلىھەتچىسى بولۇپ، باش ۋەزىرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن.

ناۋايىنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاقكۆڭۈللۈگى ۋە ساددا مىجەز-خۇلقى سۇلتان ھۇسەيىن بايقارانىڭ تەكەببۇرلۇغى ۋە ھەشەمەتچىلىگى بىلەن زادى چىقىشالمىغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى خوشامەتچى لوللارنىڭ ئاھانەت قىلىشى ئاقىۋىتىدە، ناۋايى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا سۇلتاننىڭ نەزىرىدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالغان. نەتىجىدە ئۇ مەنسەپتىن ئىستىپا بېرىپ، زاھىتلىق تۇرمۇش كەچۈرگەن. ناۋايى ئۆمرىدە ئۆيلەنمىگەنلىكتىن، بالا-چاقىسىز تۇرمۇش ئۇنىڭ

* ئەدەن ــ خوتەننىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى.

يىگانىلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن.

ناۋايى گەرچە سەككاكىنىڭمۇ، لۇتفىنىمۇ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە ئوخشاش سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولىسىمۇ، لېكىن مىجەز-خۇلقى ۋە ئىجادىيەت ئىدىيىسى جەھەتتە ئۆزىنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازى لۇتفىغا تامامەن مايىل بولغان.

ناۋايى ھاكىمدارلارنى مەنسىتمىگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھاكىمدارلارنى مەدھىيىلەيدىغان ئىبارىلەرنى تېپىش قىيىن. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تەبىئى ئەركىنلىك ۋە ئىدىيە ئازاتلىقىغا بولغان ئىنتىلىش جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەقىقەتكە، مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇغان. دىنىي ئىدىيە كىشىلەرنىڭ روھىي تۇرمۇش ساھەسىنى قاتتىق تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقان، ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار دېگەن شاۋقۇن-سۈرەن ئەۋج ئېلىۋاتقان ئاشۇ دەۋردە، ناۋايى ئۆز ئەسەرلىرىدە لەتاپەتلىك، ئاقكۆڭۈل، ساپ مۇھەببەتلىك، ئالىجاناپ ۋە ۋىجدانلىق خوتۇن-قىزلارنىڭ نۇرغۇن نەپىس، گۈزەل ئوبرازىنى ياراتقان.

ناۋايىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆزى ياشىغان دەۋردە جەمىيەتنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇڭا، ناۋايى شۇ زاماندا ئۇلۇغ شائىر دەپ مەدھىيىلەنگەن. ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ بىلىمى مول، تەپەككۇرى ئۆتكۈر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، چاغاتاي تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ۋە ئالىملار ئىچىدە ناۋايى ئەڭ كۆپ ھوسۇللۇق يازغۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. «خەمسە»

2. «چاهار دىۋان»
3. «مەھبۇبۇلقۇلىپ»
4. «مەجالىسۇن نەفائىس»
5. «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»
6. «مىزانۇل ئەۋزان»

ناۋايى ياشىغان ئاشۇ دەۋردە، ھىرات رايونىدا چاغاتاي تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا پىكىر يۈرگۈزۈش ھەمدە ئىجادىيەتتە جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈش بىلەن بىللە، ئىدىيە ساھەسىدە جىددى كۈرەشلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرۈش لازىم ئىدى. گەرچە لۇتفى، سەككاكى، قەشقىرىگە* ئوخشاش ئەدىبىيات سەركەردىلىرى ۋە ئالىملار چاغاتاي تىلىدا نۇرغۇن نەپىس ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، لېكىن چاغاتاي تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش يەنىلا تەرەپ-تەرەپتىن ئەيىپلەنگەن ۋە يەكلەنگەن. ئاقىۋەتتە چاغاتاي تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىدىيە ساھەسىدە قاتتىق ئېلىشىشقا ئايلانغان.

ناۋايىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇ دادىللىق بىلەن بوران-

---

* سەددىدىن قەشقىرى شۇ چاغدىكى مەشھۇر ئالىم ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى توغرىسىدا بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز. لېكىن تۆۋەندىكى پاكىت سەددىدىن قەشقىرىنىڭ بىلىمى ۋە ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئابرويىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ: ناۋايىنىڭ يەنە بىر ئۇستازى جامى سەددىدىن قەشقىرىنىڭ قولىدا ئوقۇغان. سەددىدىن قەشقىرىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى ئىلمىي پائالىيىتى ھىرات شەھىرىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ شەھەرنىڭ ھىيابان دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان.

چاپقۇنلارغا يۈزلىنىپ، چاغاتاي تىلى بىلەن شۇنچىۋالا كۆپ بۈيۈك ۋە شانلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇردى. ئۇنىڭ ئەدىبىي ئەسەرلىرىنىڭ چاغاتاي تىلىنىڭ تەۋەررۇكى بولۇشىدا شەك-شۈبھە يوق. ئۇنىڭ قەيسەر، ئېغىشماس ئىرادىسى تېخىمۇ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ.

ناۋائىينىڭ تولۇق ئىسمى مىر ئەلىشىر غىياسىددىن ناۋائىي بولۇپ، ناۋائىي ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ناۋائىي دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى ئاھاڭلىق، جاراڭلىق دېگەن بولىدۇ.

ھەيكەلتاراشلىق ۋە رەسساملىق:

چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ساھەسىگە نەزەر تاشلىساق، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان سەھىپىنى كۆرىمىز. ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار رايونىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىل چىقىرىش (ھەيكەل تاراشلىق) سەنئىتى ۋە رەسساملىق سەنئىتىنى تامامەن بوغۇپ تاشلىغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۇ بوشلۇق توپ-توغرا 500 يىل داۋام قىلىپ، ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىل چىقىرىش ۋە رەسساملىق سەنئىتى ئاندىن ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاج تاپتى.

مۇزىكا ۋە ئۇسۇل:

شەكىل چىقىرىش ۋە رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئەكسىچە، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا سەنئىتى مىۋە بېرىش مەۋسۇمىگە كىردى. مەشھۇر «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بىر قىسمى مۇقىملىشىپ، ئۇزھال، راك، ئۇشاق، چۆل ئىراق، ئەجەم، ناۋا قاتارلىقلار ۋۇجۇتقا كەلدى.

ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جەۋلان قىلدۇرىدىغان بۇ ئۇلۇغ نەغمىلەر ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق مەزمۇنى بىلەن

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشچان، قەيسەرلىكىنى مەدھىيىلىگەن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىغان پاجىئەلىك تۇرمۇشىنى ئىزهار قىلغان، كەلگۈسىگە بولغان ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئىپادىلىگەن.

تەخمىنەن مۇشۇ مەزگىللەردە، چوڭ تىپتىكى ناخشىلىق كوللېكتىپ ئۇسۇل — مەشرەپ ۋۇجۇتقا كەلگەن. مەشرەپ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، نەغمە-ناۋا قىلىش دېگەن مەنىدە ئىدى. ئەرەب ئاتالغۇسى بىلەن ئۇيغۇر ئۇسۇلىغا نام بېرىش ئاشۇ مەزگىلدىمۇ ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇر لېكسىكىسىغا كىرىۋاتقانلىقىنىڭ يەنە بىر شاھىدى.

مەشرەپ دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ ئۇسۇلىغا نام بېرىشتە تەتبىقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى مۇقاملارنىڭ خاتىمە بۆلۈكى قىسمىمۇ مەشرەپ دەپ ئاتالغان، مۇقامغا تەتبىقلانغان مەشرەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ئۇسۇلغا تەتبىقلانغان مەشرەپ دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىگە تامامەن ئوخشاش بولۇپ، خوشال-خورام دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەشرەپكە ئوخشاش مۇنداق كەيپىياتتىكى ئۇسۇلنىڭ چاغاتاي خانىدانلىقى مەزگىلىدە پەيدا بولۇشى قارىماققا زامان شارائىتىغا ئۇيغۇن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن كۆلەم ۋە ھېسسىيات داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان شۇ دەۋردىكى سىياسى ھالەت بىلەن تامامەن زىت ئىدى. شۇنداقلا دەل مۇشۇنداق سىياسى ھالەت مەشرەپ ئۇسۇلىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ سەھنىلىشىشكە قاراپ يۈكسىلىشىگە پۈتلىكاشاڭ بولغان.

چاغاتاي خانىدانلىقى مەزگىلىدە ھاكىمىيەتلەرنىڭ توختىماي ئالمىشىشى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر

ھەددى-ھېساپسىز ئىدى. لېكىن تۇرمۇش ھامان كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ئۇرغىتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن، ئاشۇنداق مۇشەققەتلىك يىللاردىمۇ ئەمگەكچىلەر ئۆز ھېسسىياتىنى ئىزھار قىلىدىغان مەيدان ھەم سورۇنغا يەنىلا ئېھتىياج چۈشۈپ تۇرغان.

مەشرەپ ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ بۇ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، بارا-بارا خەلق ئارىسىدىكى كۆڭۈل ئېچىش شەكلى بولۇپ مۇقىملاشقان، مەشرەپتە ئالاھىدە سورۇن ۋە جابدۇقلار شەرت قىلىنمايتتى. شۇ سەۋەپتىن مەشرەپ ناھايىتى كەڭ ئاممىۋى خاراكتېر ئالغان پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغان. مەشرەپ ئۇسۇلى كۆركەم، تېتىك بولۇپ، ئۇنىڭغا رىتىملىق نەغمە قوشۇلۇپ داغدۇغىلىق كەيپىيات ھاسىل قىلىش بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل ئىستىقبالغا ئىنتىلىشتىكى قەيسەرلىكى ۋە شىجائىتىنى ئىپادىلىگەچكە، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مەشرەپ ھىلىھەم ئۇيغۇر ئۇسۇلى ئاساسىنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇرلار ناخشا-ئۇسۇل بىلەن مەشھۇر، ۋاھالەنكى، مەشرەپ ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسۇل ماھارىتىنى يېتىشتۈرگەن ئاساسلىق سورۇن بولغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، چاغاتاي خاندانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن بۇ شەيئىنىڭ چوڭقۇر ۋە يىراق ئەھمىيەتكە شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

مەيلى مۇقاملار بولسۇن، مەيلى مەشرەپلەر بولسۇن، ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىت ئېقىمىدا روشەن ۋە چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرى ۋۇجۇتقا كەلگەن ئاشۇ يىللارنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن كەڭ ۋە چوڭقۇر ئالاقىدا

بولغان.

14 ـ ئەسىردىن كېيىن تارىم ئەتراپىدىكى شەھەر ـ بازارلاردا ۋە يېزا ـ قىشلاقلاردا تاشقى كۆرۈنۈشى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان مەسچىتلەر ئومۇمىي يۈزلۈك بارلىققا كەلگەن. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن تارتىپ تاكى ئەل ياتقۇغىچە ۋاقتى ـ سائىتى يەتكەندە، بۇ مەسچىتلەرنىڭ ئۈستىدە تەكلا نامازغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ئىسلام دىنى تەرىپىدىن تىزگىنلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى يېگانە ۋە جانسىز ئىدى. مۇنداق شارائىتتا، مۇقام نەغمىسى ۋە مەشرەپ ئۇسۇلى تەبىئىي ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي يۆلەنچۈكى بولۇپ قالغان.

بۇ بابىمىزدا بايان قىلىنىۋاتقىنى ۋەقەلەر بىر بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن دەۋر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۆرۈنۈشى يەنىلا جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، چاغاتاي خاندانلىقى چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسىنىڭ خاتىمىسى بولغان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي ئىلگىرىلىشى جەريانىدا بۇ ئىنتايىن مۇھىم باسقۇچ ئىدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلاردا يېزىق ۋە دىن بىرلىككە كەلدى.

ھالبۇكى، ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ھەم تارقاتقان.

چاغاتاي خاندانلىقىنى قۇرغان چىڭگىزخان ئەۋلاتلىرىغا كەلسەك، ئۇلار بۇ مەزگىلنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، تىل، دىنىي

ئېتىقاد ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتە پەيدىن-پەي يەرلىك ئاھالى-لەرگە يېقىنلىشىپ، ئاخىرى ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

## پايدىلىنىلغان كىتاپلار


① «تارىخى جاھانگۇشاي»، بىرىنچى كىتاپ؛
«رەۋزە تۇسساپا»، 3-توم.
② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 122-جىلد.
③ «دوسسوننىڭ موڭغۇل تارىخى»، 340-بەت.
④ پازىل ئابدۇللا: «ۋاسافنامە».
⑤ سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى: «دۇنيانىڭ ئومۇمى تارىخى»، 37-باپ.
⑥ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمنىيە».
⑦ «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە».
⑧ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى».
⑨ «ئافغانىستان تارىخى»، 19-باپ.
⑩ «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە».
⑪ «تارىخى ھەمىدى».
⑫ «ئافغانىستان تارىخى»، 423—424-بەتلەر.
⑬ «تارىخى ھەمىدى».
⑭ ⑮ ⑯ «جالالىدىن كېتكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە».
⑰ «ياللۇغ شىلياڭنىڭ قەۋرە تېشىدا تىلغا ئېلىنغان جاي ۋە ئادەم ئىسىملىرى».
⑱ «تارىخى ئەمنىيە».
⑲ گېڭ شىمىن: «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە».